# كيف ندعو الناس ؟

# كىشىلەرنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىمىز

مۇھەممەد قۇتۇب

(مىسىر)

2-نەشرى

# كيف ندعو الناس ؟

**الأستاذ الشيخ محمد قطب**

**رحمه الله**

**موقع كتب محمد قطب على الانترنت**

**الدّال على الخير كفاعله**

http://www.tawhed.ws
http://www.almaqdese.net
http://www.alsunnah.info
http://www.abu-qatada.com
http://www.mtj.tw

**بسم الله الرحمن الرحيم**

**( وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ**

**وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ )**

**[ آل عمران : 104 ]**

(سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا

دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ،

يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان

بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار

مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر)

(سۈرە ئال ئىمران 104-ئايەت)

مۇندەرىجە


تەرجىماندىن ئىككى كەلىمە ........................................................5

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى...........................11

تۇغۇلۇش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش.......................................................12

ئىككى قېرىنداشنىڭ جاپا-مۇشەققىتى.............................................14

سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھىجرەت قىلىش ..........................................22

ئۇستازىمىزنىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە ...................................................25

سەيىد قۇتۇبنىڭ مۇھەممەد قۇتۇبقا كۆرسەتكەن تەسىرى:.......................27

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ئىدىيەۋى پىرىنسىپى ...............................30

مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كىتاب ۋە ئەسەرلىرى.........................................32

ھەيران قالارلىق سۈكۈت.............................................................38

ئىسلامى ھەرىكەت يەنىمۇ بەكرەك تەربىيەگە موھتاج .........................41

ئاپتورنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى .............49

مۇقەددىمە ...............................................................................50

تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تەربىيەلىنىشى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر.........68

تەڭداشسىز ئەۋلادلار ئىچىدىكى ئۆلگىلىك ئورۇنلار ..........................119

ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتىدىكى ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىپ چىققان نەتىجىلەر .................................211

تايانچ بازا.............................................................................304

بازىنى كېڭەيتىش......................................................................580

رېئاللىق ۋە ئۆلگە .....................................................................704

كەلگۈسىگە نەزەر .....................................................................737

# تەرجىماندىن ئىككى كەلىمە

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، الله **( سبحانه وتعالى )** مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ ئۈممىتىنى، يەنى، بىز مۇسۇلمانلارنى الله غا ئىمان ئېيتىدىغان، كىشىلەرنى الله بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ. الله چەكلىگەن يامان ئىشلاردىن توسىدىغان .. ئەڭ ياخشى ئۈممەت دەپ سۈپەتلىدى.

( **كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ** ) [ آل عمران : 110 ] .

((ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتىنى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىقىقا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اﷲ قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.)

( **وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ** ) **[** آل عمران : **104 ]**

(سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يـــــــــامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولـــــــــــسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر) (سۈرە ئال ئىمران 104-ئايەت)

( **إِنَّ اللَّهَ لا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ** ) [ الرعد : 11 ] .

(ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى اﷲ نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە)

ﷲ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى ﷲ ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ))

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ ئۈممىتى، يەنى: **«لا إله إلا الله ، محمد رسول الله»** دەپ ئىمان ئېيتقان ھەر بىر مۇسۇلمان الله نىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغان دەۋەتچىلەردۇر، ھەرگىزمۇ -بىر قىسىم كىشىلەر ئويلىغاندەك- دەۋەت ۋەزىپىسى پەقەتلا ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ئۈستىگىلا يۈكلەنگەن ئەمەس، چۈنكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋرىدە پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** كىشىلەرگە دەۋەت قىلغان، ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەربىر ئېغىز گەپنى شۇ زامان باشقىلارغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆز ئۈستىدىكى دەۋەت ۋەزىپىسنى ئادا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللــەرنى قىلغان..

دېمەك ، ھەر بىر مۇسۇلمان الله نىڭ دىنىغا باشقىلارنى دەۋەت قىلىدىغان دەۋەتچىدۇر.

مانا بۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ ئەرەب تىلىنى بىلمەيدىغان مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ ئىسلامى دەۋەت ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيتىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتۇق.

قولىڭىزدىكى مانا بۇ « كىشىلەرنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىمىز؟ » ناملىق كىتاب ئىسلامى دەۋەت خىزمىتىنى ئادا قىلىۋاتقان، بولۇپمۇ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى تونۇپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە بىلگىنىگە ئەمەل قىلىپ ئۇنى ھاياتىغا تەتبىقلاپ، اللەنىڭ دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ غۇبارسىز پاك يولىنى بىلىشى ۋە شۇ يولغا ئەگىشىشى ۋە شۇ يولغا كىشىلەرنى دەۋەت قىلىشى ھەمدە دەۋەت قەدىمىنى تېخىمۇ تىزلىتىش ۋە دەۋەتنىڭ مەقسەت-نىشانلىرى ۋە ئۇسۇللىرى.. قاتارلىقلارنى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن

توغرا تونۇتۇش مەقسىتىدە ھازىرقى زامان ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان ، ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسى بويىچە، ئىسلامنىڭ توغرا يولىنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھالدا كىشىلەرگە كۆرسىتىپ بېرىۋاتقان، ئۇستازىمىز مۇھەممەد قۇتۇپ (الله ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن ۋە بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلسۇن)نىڭ **«كيف ندعو الناس؟»** ناملىق كىتابىنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى. الله ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قۇدرەت دائىرىسىدىن سوئال - سوراق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بىز مەزكۇر خىزمەتنى قولىمىزدىن كېلىشىچە ۋايىغا يەتكۈزۈشكە تىرىشتۇق.

ئەمما، ئىنسان ھەرقانچە قىلسىمۇ خاتالىقلاردىن خالى ئەمەس، شۇڭا كەمچىل تەرەپلەرگە الله دىن ئەپۇ سورىدۇق. بۇ كىتابنى قولىغا ئالغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزى ئوقۇپ ئىسلامنىڭ پاك غۇبارسىز يولىنى ۋە نىشانىنى توغرا تونۇپ رېئال تۇرمۇشىغا تەتبىقلىشنى ھەمدە باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلارغىمۇ

يەتكۈزۈشنى شۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىسلام ئالدىدىكى ئىمانى مەسئۇلىيىتىگە تاپشۇردۇق. الله ھەقكە ئەگەشكەن ۋە ھەقنى يەتكۈزۈش يولىدا جەبرى-جاپا، ئازاب كۈلپەتلەرگە ئۇچراۋاتقان بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلغاي. (ئامىين)

بۇ كىتاب بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن خالىس تەرجىمە قىلىندى، شۇڭا ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ بۇ كىتابنى خالىس نەشىر قىلىپ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز..

بىر كىشىگە ياخشىلىق يولىنى كۆرسىتىپ قويغان كىشىگە الله شۇ ياخشىلىقنى قىلغان كىشى بىلەن ئوخشاش مۇكاپات بىرىدۇ..

( **إِنْ أُرِيدُ إِلَّا الْإِصْـــلاحَ مَا اسْـــتَطَعْتُ وَمَا تَوْفِيقِي إِلَّا بِاللَّهِ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ** ) [ هود : 88 ] .

(مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنى خالايمەن، مەن پەقەت الله نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) الله قا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن [88].

# ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى



**ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى بايلىقى**

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب گەچە ئاكىسى، «يول بەلگىسى» ۋە «قۇرئان سايىسىدا» ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى، بۈيۈك ئىسلامي مۇتەپەككۇر، ئەدىب سەيىد قۇتۇبقا ئوخشاش دۇنياغا مەشھۇر

بولمىسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىسلامى ھەرىكەتتىكى تەسىرىنى ھەرگىزمۇ ئاكىسى سەيىد قۇتۇبنىڭ تەسىرىدىن تۆۋەن ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىتابلىرى، ئەسەرلىرى، لېكسىيەلىرىنى، يولىيورۇقلىرى ۋە ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن، زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئۇنىۋېرسىتېت رىساللىرى بىلەن مۇكەممەل بىر ئىدىيەۋى «مەكتەپ»نى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، شەرق ۋە غەربتە ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تەسىرى كۆنسېرى كۆچەيمەكتە.

## تۇغۇلۇش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش

مۇھەممەد قۇتۇپ 1919- يىلى 26- ئاپرېل مىسىر تۈزلەڭلىكىدىكى ئاسيۇت ۋىلايىتىگە قاراشلىق مۇشا يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى قۇتۇپ ئىبراھىم شازىلى يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ بىرى ئىدى. قۇتۇپ ئىبراھىم گەرچە ئارانلا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇ يېزىدىكى ئومۇمنىڭ

ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان دېھقان زىيالىيلارنىڭ قاتارىدىن سانىلاتتى.

ئانىسى پاتىمە ئوسمان خانىم دىنىي ئائىلىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ئىلىمخۇمار ئايال ئىدى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئەزھەر ئۇنىۋېرستېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەھمەد ھۇسەيىن مۇشا ئەدەبىي تالانتى ۋە يېزىقچىلىق ئىقتىدارى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق ئەدىب ۋە شائىر ئىدى. ئۇ مۇخبىرلىق ۋە سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. مۇھەممەد قۇتۇپ ئۇنى سەيىد قۇتۇپ ۋە ئاباس مەھمۇد ئۇقاد بىلەن بىر قاتاردىكى داڭلىق ئۈچ ئەدىبنىڭ بىرى دەپ قارايتتى.

قۇتۇپ ئىبراھىم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن پاتىمە خانىم ئوغۇللىرى مۇھەممەد بىلەن سەيىدنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنى قاھىرەگە ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. مۇھەممەد قېرىندىشى سەيىد، ھەمشىرىلىرى ئەمىنە ۋە ھەمىدە بىلەن بىللە قاھىرەگە كەلدى. ئۇ قاھىرەگە كېلىپ، شۇ يەردىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى

پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، ئىنگلىز تىلى ئەدەبىياتىدا ئوقۇدى. ئۇ 1940- يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇدى ھەمدە مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە پەنلىرى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى ئالدى.

مۇھەممەد قۇتۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تۆت يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى تەرجىمە ئىدارىسىدە بەش يىل ئىشلىدى. كېيىن يەنە ئىككى يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ كىتاب تۈزۈش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

## ئىككى قېرىنداشنىڭ جاپا-مۇشەققىتى

ئۇستاز سەيىد قۇتۇپ ئىككى يىل (1949-1950) ئامېرىكىدا تۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇتۇپ ئائىلىسى مىسىردا پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ بىۋاستە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشقا باشلىدى. چۈنكى، سەيىد قۇتۇپ قەلەم كۆرىشىگە ئاتلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ھەر ۋاقىت دۈشمەن ئۈچۈن ئېغىر

تەھدىت بولغاچقا، ئۇنىڭ قاماققا ئېلىنىشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان ئىدى.



(ئۇستاز سەيىد قۇتۇپ )

1952- يىلى ئىيۇلدا ئىنقىلاب پارتىلىدى. ئىنقىلابچىلار ئىسلامى يۆزلىنىشتىكى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» ۋە ئامېرىكىدىن قايتىپ كېلىپلا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقان «جامائەت» مۇتەپەككۇرى سەيىد قۇتۇپ بىلەن توقۇنۇشتى.

توقۇنۇش تاكى 1953- يىلىنىڭ باشلىرىدا سەيىد قۇتۇپ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن چاقىرىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ، 1954- يىلى ئۆكتەبىردە يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىلغان مەشھۇر «زوڭتۇڭغا قەست قىلىش ۋەقەسى» يۈز بەردى (چۈنكى، جامال ئابدۇناسىر «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»غا ئۆزىگە سۇيىقەست قىلىش جىنايىتى بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ئىدى). ۋەقە يۈز بېرىپ، ئارقىدىنلا سەيىد قۇتۇپ، مۇھەممەد قۇتۇپ ۋە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ باشقا رەھبەر ۋە ئاساسلىق ئەزالىرى قاماققا ئېلىندى. ھەربىي تۈرمىدە ئىككى ئاكا-ئۇكا بىر-بىرىدىن يىراق بولغان ئايرىم-ئايرىم كامېرغا قامالدى. ئۇلار بىر-بىرى ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. بىر-بىرىنىڭ قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغىنىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى. ئۇلار ھەربىي تۈرمىدە ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان دەھشەتلىك ئازاب ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردى.... ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، مۇھەممەد قۇتۇپ تۈرمىدىن چىقتى. ئەمما، سەيىد قۇتۇپ بولسا، جالاللاتنىڭ چاڭگىلىدا ئون نەچچە يىل قېلىپ قالدى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ھەربىي تۈرمىدىكى ئازاب ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەربىي تۈرمىدىكى ئازاب مېنىڭ روھى دۇنيايىمغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. چۈنكى، ئۇ تەجرىبە خاراكتېرلىك قىيناش ئىدى. ئۇ شۇ قەدەر قاباھەت ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن قىلىنغان ئازاب ئىدىكى، ئۇ ھەقتە مەن، پەقەت ‹ئۇ مېنىڭ روھى دۇنيارىمنى ھەر قايسى تەرەپتىن بىر پۈتۈن ئۆزگەرتتى› دېيەلىشىم مۇمكىن... مەن ئىلگىرى ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ۋە مەۋھۇم ھېس-تۇيغۇلار ئىچىدە ياشايتتىم. چوڭقۇر بىر گاڭگىراش مېنى قىينىماقتا ئىدى. مەن ئۇنى ‹زالالەت› ناملىق قەسىدەمنىڭ تۆۋەندىكى قۇرلىرىدا مۇنداق تەسۋىرلىگەن ئىدىم:

ئۆتمەكتە ھەر كېچە، ئاقماقتا راۋان،

چېچىلدى خىيالىم، يوقالدى ئامان.

كائىنات ئۈستىدە كۆرۈنسە بىر ھەق،

زالالەت ئىـــــــــلكىدە ئادەملەر قايان؟.

بۇ پانىي دۇنيادىن ئىزدىشەر نىمــــــــــە؟

(يەتمىدى مەقسەتكە، تاپمىدى هايان).

مەن ۋە ھەم كۆڭلۈمنى چىرمىغان ئويلار،

بارىمىز ئاخىرقى شۇ مەنزىل تامام .

تۈگەيدۇ بىر-بىرلەپ، تۈگەيدۇ ھەممە،

قۇملۇقلار قېتىغا كۆمۈلۈپ ھامــــــان.

نامەلۇم چۆللــــەردە يۈرەر ھاياتلىق،

پەرۋاسىز ئايلىنار، ئايلىنار جاھان.

بۇ خىل گاڭگىراش ھاياتىمدا ماھىيەتلىك كىرىزىس پەيدا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىمغا بولغان كۈچلۈك تەسىرى تاكى مەن تۈرمىگە تاشلانغانغا قەدەر بىر قانچە يىل داۋاملاشتى. مەن ھەربىي تۈرمىگە قامالغان ئاشۇ دەقىقىلەردىكى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت ئاخىرى مېنىڭ گاڭگىراشلىرىمنى تۈگىتىپ، ھاياتىمغا مەنە ئېلىپ كەلدى.... مەن بۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ھېس قىلدىم، بەلكى، مەن ئۆزۈمنى قايتىدىن تاپتىم. روھىمدىكى ‹ئويلار›نىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ ھەقىقەت الله يولىدا مېڭىش، الله تەرەپكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدى. بۇ يولدا ماڭغۇچى ئازغۇن ئەمەس، بەلكى، توغرا يول تاپقۇچى ئىدى. ئۇ ئەجەل تەقدىر قىلىنغان دەقىقىلەردە ئاشۇ قۇملۇقلارنىڭ قېتىغا كۆمۈلگەندە، ئۇنىڭ قىلغانلىرى ھەرگىزمۇ بىكارغا كەتمەيتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇن – تىنسىز يوقۇلۇپ كەتمەيتتى، بەلكى، الله نىڭ قېشىغا باراتتى ۋە ھەممىنى شۇ يەردە تاپاتتى.

تۆت كوچا ئېغىزى دەل ئاشۇ قۇملۇقلارنىڭ قېتىغا كۆمۈلگەن دەقىقىلەر ئىدى... زالالەت كوچىسىدىكى تېڭىرقاشلىرىم ئاخىرى تۈگىدى. ئۆزۈمنى قايتىدىن توغرا يول ئۈستىدە تاپتىم.

مەن تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئائىلىنىڭ يۈكى مېنىڭ زىممەمگە چۈشتى. ئىلگىرى ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئاكام كۆتۈرەتتى. ھەممىمىز شۇنىڭغا ئادەتلەنگەن ئىدۇق. مانا ئەمدى ھاياتنىڭ بىر تالاي مۇشەققەتلىرى مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق ئىشلىرىدا خىلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان ئىدىم... ئاردىن ئون يىل ئۆتۈپ، 1964- يىلى مايدا ئاكام سەيد – الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! – كېسەللىك سەۋەبىدىن كەچۈرۈم قىلىندى دېگەن نام بىلەن تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. مەن بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشنىڭ ئەكسىچە ئىچ-ئىچىمدىن بىئاراملىق ھېس قىلاتتىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاكامنى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىش ئارقىلىق تۇرمىدىنمۇ يامانراق بىر سۇيىقەستنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى. مەن ئويلىغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. ئاكام ھەربىي تۇرمىدىن

ئايرىلىپ بىر يىل بولا-بولمايلا ئىشلار يەنە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بىز سۆيىقەستچىلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپتىن بىزنى قورشاپ بولغانلىقىنى بىلدۇق. 1965-يىلى تۇتقۇن قىلىش باشلىنىپ كەتتى. مەن ۋە ئاكام سەيد يەنە تۈرمىگە تاشلاندۇق. 1966-يىلى 29- ئاۋغۇست (دۈشەنبە) تاڭ سەھەردە ئاكام سەيد «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ ئالتە رەھبىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. مەن تۈرمىدە (1965- يىلى 30- ئىيۇلدىن 1971- يىلى 17- ئۆكتەبىرگىچە) ئالتە يىلنى ئۆتكۈزدۈم. ئاكام سوت قىلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن باشقا، چوڭ ئاچامنىڭ ئوغلى رەفئەت سوراق جەريانىدا قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئاچام نەپىسە، ئەمىنە ۋە سىڭلىم ھەمدەمۇ بىز بىلەن بىللە تۈرمىگە تاشلانغان بولۇپ، سىڭلىم ھەمدە دەھشەتلىك سوراقنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى كۆڭۈلگە كەچمىگەن ئېغىر ئازاب ۋە قىيىن-قىستاقنى بېشىمىزدىن

ئۆتكۈزدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنياۋى خىرىستىيانلار ۋە خەلقئارالىق يەھۇدىيلارغا ۋاكالەتەن دۆلەت باشقۇرۇۋاتقان ‹مۇسۇلمان› دېگەن نامنى كۆتۈرۈۋالغان مەخلۇقلارنىڭ ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى ئىدى.

بىراق، تۈرلۈك ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە تولغان بۇ ئالتە يىل شۇ قەدەر ئۇزاققا سوزۇلغان يىللار دەۋىسىنى ھاسىل قىلدى».

دېمەك، قۇتۇپ ئائىلىسى مىسىردا ناسىرچىلار تۈزۈمىنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە يەتكۈدەك ئۇچرىدى. ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئازاب -ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردى.

## سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھىجرەت قىلىش

1971- يىلى ئۆكتەبىردە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» ئەزالىرى جامال ئابدۇناسىرنىڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن كوللېكتىپ ھالەتتە سەئۇدى ئەرەبىستانغا كۆچتى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ

جامائەت شەكلىدە مىسىردىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكىنىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ 70- يىللارنىڭ بېشىدا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» بىلەن بىرلىكتە سەئۇدى ئەرەبىستان مەملىكىتىگە سەپەر قىلىپ، ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە بۇ مۇبارەك دىياردا ياشىدى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ دەسلەپتە مەككىدىكى «ئۇممۇل قۇرا» ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن جىددىدىكى پادىشاھ «ئابدۇلئەزىز» ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلدى. سەئۇدى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەرىكەت خاراكتېرلىك ئىسلامى مەكتەپ تەسىس قىلىشتىكى بارلىق پەزىلەت ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبقا مەنسۇپ!. ئۇ شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل ۋاھھاب مەكتىپى بىلەن بۈگۈنكى زاماندىكى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت قىينىچىلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا زىچ ئالاقە ئورناتقان بىر قانچە ئۇنىۋېرستېت رىساللىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ رىساللەر كىتاب ھالىتىدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەسىرى

سەئۇدى-ئەرەب مەملىكىتىدىن ھالقىپ باشقا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يېتىپ باردى. دوكتۇر سەپەر ھاۋالىنىڭ «ئىلمانىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىسلامى ھاياتتىكى تەسىرلىرى» ناملىق ئەسىرى بىلەن شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سەئىد قەھتانىينىڭ «دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك چېگرىسى» ناملىق ئەسىرى بۇ رىسالىلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكراقى ھېسابلىنىدۇ.... ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ 1988-يىلى دۇنياۋى ئىسلام تەتقىقاتچىلىرىغا تارقىتىلغان پادىشاھ فايسال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ مىسىرلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى يىللاردىن بىرى مەككە-مۇكەررەمدە ياشاپ كەلدى. ئۇ 2009-يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنى مېڭە پەردە ياللۇغى كېسەللىكى بىلەن سەئۇدى مەملىكىتى جىددە خەلقئارالىق داۋالاش مەركىزى دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇ ئۇزۇندىن بىرى ئاشۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئاخىرى الله نىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن، ھازىرقى زامان

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ غوللۇق بايراقدارلىرىدىن بىرى، سىپلىكىش خاراكتېرىگە ئىگە بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى ۋە لېكسىيەلىرى بىلەن ئىسلامىي دەۋەت ساھەسىدە زور بۇرۇلۇش ياسىغان مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى، مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ ئۇستازى، ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ 2014-يىلى 4-ئاينىڭ 4-كۈنى جۈمە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە جىددە شەھىرىدىكى دۆلەتلىك مەركىزىي دوختۇرخانىدا 95 يېشىدا ۋاپات بولدى.

الله ئۇستازىمىزغا رەھمەت قىلسۇن، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن، جەننەتنىڭ ئالى ماقاملىرىغا ئېرىشتۈرسۇن، ئۇنىڭدىنمۇ ئالى مۇكاپات بولغان ئۆزىنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلسۇن...

## ئۇستازىمىزنىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە

**تۆكۈلدى بىر يۇلتۇز بۈگۈن، دىنىمىز ئاسمىنىدىن،**

**ئايرىلىپ قالدى ئۈممەت، يەنە بىر يولباشچىسىدىن.**

**ۋادەرىخ، قەلبىم شۇئان چوغ ئۈستىدە قىل ئىــــــرۇر،**

ئەجەل ئوقى بىمەھەل سىنى نەق ئاتقانـــــــــدىن.

ئۈمىدۋار، مەغرۇرلۇقۇڭ ۋەزنى گويا تاغ ئىـــــــــدى،

ھېچ خەۋپلەنمەس ئىدىڭ، ياۋنىڭ قىلىچ ئاسقانىدىن.

مەشئەل بوپ ئۈممەت ئۈچۈن جاھالەت تۈمانــــــــدا،

نۇر بېرىپ كەلگەن ئىدىڭ، ئاستى ـ ئۈستى ھەريانىدىن.

ياشىدىڭ ھەق يولىدا، بىر ئۆمۈر دادىل تــــــــــۇرۇپ،

تايمىغانتىڭ، قايمىغان، رەببىمىز پەرمانــــــــــدىن.

جاھالەت ئالەم ئارا مەۋج ئۇرۇپ دولقۇنلـــــــــــسا،

دەس تۇرۇپ «يوقال!» دېدىڭ، قورقمىدىڭ سۈر ھالىدىن.

تۈلكىلەر ھەر تەرەپتىن سالسا كۆپ رەنجۇ ـ ئـــــــــەلەم،

سۈس كۈلۈپ قويدۇڭ ئاڭا، دىلدا يوق ئەپغانــــــــدىن.

ئىمانغا قويۇپ سوئال «بىز مۇسۇلمانمۇ؟» دــــــــدىڭ،

تەئەججۇپلەر ئەيلىدىڭ، «مۇسۇلمانلار ئەھۋالى»دىــــن.

«باياۋاندىن چىقايلى» دەپ، ئەجەب ياڭراق نــدا قىلدىڭ،

قۇتۇلسۇن دەپ مۇسۇلمانلار، خارۇ ـ زارلىق پەگاھـــــدىن.

**«مۇسۇلمانلار چۈشەنچىنى قايتىدىن تۈزەت» دېــــــدىڭ،**

**ئۆتكۈز دېدىڭ ھەر ئىشنى «قۇرئان»، «ھەدىس» گۇۋاھىدىن.**

**بىر ئۆمۈر ئۈممەت دېدىڭ، ئۈممەت ئۈچۈن تۈتتۈڭ قــــەلەم،**

**ئۈممەت غېمى غېمىڭ ئىدى، غەم يوق پانىي نىگارىــــدىن.**

**يازغانلىرىم ئەمەس يالغان، ئىش-ئىزلىرىڭ پاكىت ئاڭــــا،**

**ھامان بىر كۈن بىلگەي خەلق، نەتىجە ئىزھارىــــــــدىن.**

**كۆرمىدى پانىي ساڭا ئەركىن نەپەسنى ھېـــــــــچ راۋا،**

**ئىلاھىم قاندۇرغۇسى مۇبارەك دىدارىـــــــــــــــدىن.**

**رەھمىتى كەڭ رەببىمىزنىڭ، يوق ئاڭا چېگـــــرا-تۇساق،**

**بەرگۈسى ئالىي ماقام، جەننىتى رىزۋانىدىـــــــــــــن.**

سەيىد قۇتۇبنىڭ مۇھەممەد قۇتۇبقا كۆرسەتكەن تەسىرى:

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدا جامال ئابدۇناسىر تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ مۇتەپەككۇرى ئۇستاز سەيىد قۇتۇپ مۇھەممەد قۇتۇبدىن 12 ياش چوڭ ئىدى. ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن،

ئۇ مۇھەممەد قۇتۇبقا نىسبەتەن ئائىلە باشلىقى، دادا ۋە دوستىنىڭ ئورنىدا ئىدى.



ئۇستاز سەيىد قۇتۇپ سوتتا

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋى ۋە ئەقلىي قۇرۇلمىسىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەر ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەلىم تەربىيە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان كىشىنىڭ ئاكىسى سەيىد قۇتۇپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تەربىيە تەرەپتىن ئېيتقاندا، مەن بىلەن ئاكام ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك بىر مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مېھرىبانلىق بىلەن كەسكىنلىك بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت ئىدى. ئەمما، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇزغۇنچى يۇمشاقلىق ۋە نەپرەتلەندۈرگۈچى قاتتىقلىق ئەمەس ئىدى. ئاكام مېنى ھەر قايسى

ساھەلەردە ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئۆزىمۇ ئوقۇشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىلھامى مەندە باللىق چاغلىرىمدىن باشلاپلا دەرسلەرنى مۇھاكىمە قىلىشنى ياخشى كۆرۈدىغان روھنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولغان ئىدى».

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ئىككى قېرىنداش ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيەۋى بىرلىك ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن زېھنىم ئېچىلىپ، ئاڭغا ئىگە بولغىنىمدىن بىرى ئاكام سەيدنىڭ ئىدىيەۋى يۆزلىنىشلىرى بىلەن ياشاپ كەلدىم. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدىن باشلاپ، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ساھەلىرىگە قاتناشتۇراتتى. ماڭا ئوخشىمىغان تېمىلارغا قارىتا مۇنازىرە قىلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرەتتى. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ ئىدىيىلىرىمىز، پىكىرلىرىمىز ۋە روھلىرىمىز ئۆز-ئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قېرىنداشلىق ۋە بىر ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلىشمۇ ئارىمىزدا زور دەرىجىدە يېقىنلىق ۋە ھەمكارلىقنى ھاسىل قىلدى.

## ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ئىدىيەۋى پىرىنسىپى

بۇ مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى غەرب، غەربنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيەۋى كۆز-قاراشلىرىغا قارىتا ئۆزىنىڭ ئاچچىق تەنقىدى بىلەن ھەممىگە تونۇلدى. ئەينى چاغدا لىبېرالىزم، كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزم ئىدىيەلىرى ئىسلام ئەللىرىنى قاپلىغان، كۆپلىگەن ئاخبارات ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ خىل نەزەرىيەلەر 50- 60- يىللاردا ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئىلمىي ئىنىستىتۇتلاردا ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك قىلىنىپ ئۆگىتىلەتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ خىل نەزەرىيەلەرنى تەنقىد قىلىدىغان، ئۇنىڭ خاتالىقىنى ۋە مائارىپ سىيپىتىدە ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىغا تەتبىقلاشقا يارىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدىغان بىر بۆلۈك باشلامچى خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى يازدى.

ئۇ غەربنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى تەنقىد قىلىش دائىرىسىدە بارلىق پەنلەرنى ۋە ئۇنى تەتبىقلاشنى ئىسلامى

قىممەت ۋە ئىسلامى ئەخلاق ئارقىلىق ئىسلاملاشتۇرۇشقا چاقىرغان دەۋەت مەشئىلىنى كۆتۈردى. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ياۋروپادا ئومۇمەن ئىجتىمائىي پەنلەر، خۇسۇسەن پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق دەپ ئاتالغان پەنلەر پىرىنسىپ نۇقتىسىدىن ئوبيېكتىپ هالدا مۇسۇلمانلار مەسىلىسىنى چىقىش قىلغان پەنلەر ئەمەس. ئۇنىڭدىكى مەنبە «الله» ئەمەس، بەلكى، ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىلىرىنى هەل قىلالمايدۇ... بۇ پەنلەر گۈللىنىش دەۋرىدىن باشلاپ، ياۋروپادا شۇ جايدىكى يەرلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دىننى دۈشمەن بىلىدىغان مۇهىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. بىز ئۇنى شۇ پېتى نەقلى قىلدۇق. بىلىپ-بىلمەي ئۇنىڭ شۇ خىل دىنغا قارشى روهى بىلەن مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىمىزدا دەرسلىك قىلدۇق».

ئۇستاز مۇهەممەد قۇتۇپ بۇ قىينچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىدىيەۋى هۇجۇمنىڭ ئەقىل ۋە روهىمىزنى قاپلىۋالغان بېسىمىدىن قۇتۇلۇش

پەيتى يېتىپ كەلدى. بىز بۇ پەنلەرنى دىن بىلەن ئىلىم، دىن بىلەن هايات ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلمايدىغان ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە قايتا قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم».

مانا بۇ ئۇستازنىڭ هاياتى ئۇنىڭغا باغلانغان تۈپ ئىدىيە.

## مۇهەممەد قۇتۇبنىڭ كىتاب ۋە ئەسەرلىرى



ئۇستاز مۇهەممەد قۇتۇپ لۋىيىلىك دەۋەتچى شەيخ سالىم بىلەن بىللە

ئۇستاز مۇهەممەد قۇتۇبنىڭ هاياتىنىڭ كۆپ قىسمى لېكسىيە سۆزلەش، كىتاب يېزىش ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئىدىيە، تەربىيە ۋە

ئەدەبىيات... قاتارلىق كۆپ خىل تېمىدا بولۇپ، سانى 30 پارچىدىن ئاشىدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. ئۇستاز 90 يىللىق ئۆمرىنى رېئاللىقنى ئىسلامى كۆزنەك ۋە «غەربنىڭ مائارىپ نەزەرىيەسى»گە قارشى بولغان مائارىپ قارشى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە سەرپ قىلدى.

ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتە بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، ئەمما، روشەن تېما خاسلىقىغا ئىگە بولغان بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە:

1. 20-ئەسىردىكى جاھىلىيەت.

2. بىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىمىز (ئۇيغۇرچىغا «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان).

3. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى («مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى»نىڭ داۋامى).

4. «لا إله إلا الله» ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھايات پىرىنسىپى .

5. بىز ئىسلام تارىخىنى قانداق يازىمىز؟.

6. ئىلمانىيلار ۋە ئىسلام.

7. خاتا چۈشەندۈرۈلگەن ئىسلام.

8. ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە قايتا قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە.

9. ئىنسانىيەتنىڭ روھىيتى ھەققىدە تەتقىقاتلار.

10. ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىدىكى تەرەققىيات ۋە ئىزچىللىق.

11. ئىسلامنىڭ تەربىيە يولى (1-2- قىسىم).

12. ئىسلام سەنئىتىنىڭ پرىنسىپى .

13. ماتېرىيالىزم بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسان.

14. قۇرئان تەتقىقاتى.

15. بىز مۇسۇلمانمۇ؟.

16. روھىيەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدە.

17. پەيغەمبەردىن تامچىلار (تاللانمىلار).

18. ئەنئەنە كۈرىشى.

19. ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيەۋى ئېقىملار.

20. تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر.

21. ئافغانىستان جىھادى ۋە ئۇنىڭ ئۇقۇملىرى.

22. قۇرئان كەرىمدىن ئېلىنغان تەربىيەۋى دەرسلەر.

23. ھازىرقى دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى ئىسلامى نۇقتىدىن كۆزىتىش.

24. شەرىئەتنى يولغا قويۇش ھەققىدە.

25. بوسنىيە-گېرېتسېگوۋىنانىڭ جاپا-مۇشەققىتى ھەققىدە خاتىرىلەر.

26. شەرقشۇناسلار ۋە ئىسلام.

27. مۇسۇلمانلار ۋە يەر شارىلىشىش.

28. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ!.

29. ئاقارتىش مەسىلىسى.

30. ئاياللار ئازادلىقىنى مەسىلىسى.

31. كېلىڭلار! باياۋان زۇلمەتلىرىدىن چىقىپ كېتەيلى!.

32. كىشىلەرنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىمىز؟.

33. ئىماننىڭ ئاساسلىرى.

34. تارىخنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە چۈشەندۈرۈش ھەققىدە..

ئاپتورنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن بىرى «20-ئەسىردىكى جاھىلىيەت» بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا غەرب ۋە غەرب يېتەكچىلىكىدىكى دۇنيا ئىنسانىيىتىنىڭ تەسەۋۋۇر، ھەرىكەت، سىياسەت، ئىقتىساد، ئىجتىمائىيەت، ئەخلاق، جىنسىيەت ۋە سەنئەت... قاتارلىق ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە بۇزۇلۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى دۇنيانىڭ ئىنسانلىرىغا ئوخشاش جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقان ھالىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئاپتورنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن يەنە بىرى «ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيەۋى ئېقىملار» بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا «ھەر قايسى ئېقىملار»غا قارىتا تەنقىدى مەيداندا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ نەزەرىيەلىرىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئاستا-ئاستا

پارچىلىنىۋاتقانلىقىنى روشەن سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇ ئەسەر ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆپلىگەن شەرىئەت فاكۇلتېتلىرىدا ئاساسلىق مەنبەگە ئايلانغان.

ئاپتورنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «تارىخنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە چۈشەندۈرۈش ھەققىدە» بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا مۇسۇلمان تارىخچىلارنى ئۇممەتنىڭ ئەقىدىسى بىلەن ئۇلارنىڭ تارىخى تەتقىقاتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىسلامى ئەندىزە بويىچە ئىنسانىيەتنىڭ تارىخنى قايتىدىن يېزىپ چىقىشقا چاقىرغان.

سۆھبەت جەريانىدا ئاپتورغا «سىز قايسى ئەسىرىڭىزنى ئەڭ بەك ياخشى كۆرىسىز؟» دېگەن سوئال قويۇلغاندا، ئاپتور بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «ئادەتتە ئاپتورلار: ‹مېنىڭ ئەسەرلىرىم گويا مېنىڭ بالىلىرىمغا ئوخشايدۇ. مەن ھەممە بالىلىرىمنى ياخشى كۆرگىنىمگە ئوخشاشلا، بارلىق ئەسەرلىرىمنى ياخشى كۆرىمەن› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئەمما،

مېنىڭ تۇنجى ئەسرىم ‹ماتېرىيالىزم بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسان› بولۇپ، بۇ ئەسەر مېنىڭ باشقا ئەسەرلىرىمگە قارىغاندا قەلبىمدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. چۈنكى، ئۇ ئاساسلىق يۆنىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە تەربىيە ۋە پسىخولوگىيە ھەققىدە يازغان بىر قانچە ئەسرىم ئاشۇ خىل يۆنىلىش بويىچە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ‹20-ئەسىردىكى جاھىلىيەت›مۇ ئەسەرلىرىم ئىچىدە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ جاھىلىيەتنىڭ ماھىيىتىگە بولغان ھەقىقىي قارىشىمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. جاھىلىيەت مۇئەييەن زامان ياكى دەۋرگە قارىتىلمايدۇ، بەلكى، ئۇ ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا مەۋجۇت بولىدىغان ھالەت. بۈگۈن ئىنسانىيەت تارىختىن بۇيانقى ئەڭ رەزىل جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ».

## ھەيران قالارلىق سۈكۈت

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ئاكىسى سەيد قۇتۇبنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلگەن «ئىدىيەسى»نى ۋە سەيد قۇتۇبقا

يۈكلەنگەن «ھەممىنى كاپىر دەيدىغان كۆز-قاراش»لىرىنى قوبۇل قىلمىغىنى ئۈچۈن زور تەنقىد ۋە تاپا-تەنىلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ سەيىد قۇتۇبنىڭ ئىدىيىسىگە نىسبەتەن سادىقلىق بىلەن ئۇنىڭ كىتابلىرىنى نەشر قىلدى ۋە كىتابلارنىڭ بېسىلىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

بىر قىسىم كىشىلەر: سەيىد قۇتۇپ ۋە مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كىتابلىرى ئۇلارنىڭ ئىدىيەلىرىگە باغلانغان جامائەتلەرنىڭ «ئوزۇق» مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ جامائەتلەرنىڭ ئاشۇ ئەسەرلەر بىلەن بولغان باغلىنىشچانلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار گاھىدا سەيىد قۇتۇپ ئاندىن كېيىن مۇھەممەد قۇتۇپ جاھىلىيەت ۋە ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىگە ئالاقىدار تەرەپلەردە ئىشلەتكەن سۆز ۋە ئاتالغۇلارنىڭ ئۆزىنى ئەينەن ئىشلىتىدۇ دەپ قارايدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، «بازا تەشكىلاتى»نىڭ داھىيسى ئۇساما بىن لادىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن بولۇپ، مۇھەممەد قۇتۇپ ئۇنىڭ ھاياتىغا

تەسىر كۆرسەتكەن ئازغىنە شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇساما بىن لادىنىنىڭ «بىن لادىنىنىڭ ئەقلى-ئىقتىدارى قانداق شەكىللەندى؟» ناملىق تەرجىمىھالىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇنىۋېرسىتېتتا بىن لادىنىنىڭ ھاياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئىككى شەخس بولۇپ، ئۇلار ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ۋە شەيخ ئابدۇللا ئەززام ئىدى».

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ 20-ئەسىردىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەيدانىغا كېلىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن بۈيۈك يەتتە مۇتەپەككۇر ۋە ئالىمنىڭ[1] بىرى. ئۇ دۇنيا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى، ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ مەنىۋى داھىيسى. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىنى الله نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ۋە يەر شارىدا الله نىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش يولىدىكى كۆرەشكە بېغىشلىدى. شۇنداقتىمۇ، 50-60 يىلدىن بىرى ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدا ھاكىمىيەت بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ

1 سەئىد نۇرەسى، ھەسەنۇلبەننا، ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى، ئەبۇلھەسەن نەدەۋى، سەيىد قۇتۇب، مۇھەممەد قۇتۇب ۋە ئابدۇللا ئەززام.

ئادەتلەنگەن ئۆلىمالار مۇھەممەد قۇتۇبنى ئىزچىل تۈردە تەنقىدلەپ ۋە ئەيىبلەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ پەرۋاسىز هالدا ئۆزىنىڭ ئىسلامى مەيداندا مۇستەھكەم تۇرۇپ، جاھىلىيەت بىلەن بولغان كۈرەشنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.... مۇھەممەد قۇتۇپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوخشىمىغان تىلدا سۆزلىشىدىغان ياش ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ياشلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ۋە تەرجىمە قىلىپ بىر-بىرىگە يەتكۈزىدىغان ئەسەرگە ئايلاندى.

## ئىسلامى ھەرىكەت يەنىمۇ بەكرەك تەربىيەگە موھتاج

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كامال ھەبىب بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتى

كامال ھەبىبنىڭ بايانى: ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ مېنى مەككە-مۇكەررەمىدىكى ئۆيىدە كۈتۈۋالدى. بىز ئامېرىكىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قىلغان قاباھەتلىك ھۇجۇمىدىن كېيىن ئىسلام دۇنياسى ۋە

ئىسلام ھەرىكىتى دۇچ كەلگەن يېڭى قىيىنچىلىقلار ھەققىدە خىلى ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. مۇشۇ خىل ئەھۋالدىمۇ مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ مەسىلىنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاۋاتقانلىقى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ قارىشىچە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يامان دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىر يامانلىق بىلەن بىر ياخشىلىق بىللە كېلىدۇ. ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان ھۇجۇمدا بۇ يامانلىققا ياندىشىپ كەلگەن ئەڭ چوڭ ياخشىلىق ئامېرىكىنىڭ نىقابىنىڭ يىرتىپ تاشلىنىشى بولۇپ، ئەمدى ئامېرىكا دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن «ئادالەتنىڭ ھامىيسى» دەپ قارالمايدۇ. ھەممە نەرسە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ئۇرۇش مەخپىي، يوشۇرۇن ھالەتتە ئەمەس، بەلكى، گۇۋاھچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا ھالەتتە داۋاملىشىدۇ.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان بۇ ئۇرۇشتا ئامېرىكىغا يەھۇدىيلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، 11-سېنتەبىر ۋەقەسىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ «ئويۇنى» ئىكەنلىكىنى ئېچىپ

تاشلىدى. ھەمدە بۇنىڭدىن «خەلقئارالىق ئوپېرا»نىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىدىغانلىقىنى، ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ ئاك ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ئۇستاز بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىمىز ئىككى سائەتتىن كۆپرەك داۋاملاشتى. ئەمما، ئۇ ئۆزى ھەققىدە ھېچنەرسە دېمىدى. ھەتتا، ئۇنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇش تەلىۋىمىزنىمۇ پۈتۈنلەي رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز باشقا تېمىلاردا سۆزلەشتۇق.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ مىسىردىكى ئىسلامى جامائەت سادىر قىلغان كەمچىلىكلەر ھەققىدە توختىلىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە يازغان ئەسەرلىرىدە يېتەرلىك كۈچ توپلاشتىن ئىلگىرى ئەرەب دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سىياسي تۈزۈملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خەلقلەر تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى ۋە الله نىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى

چۈشىنىشتىن ئىلگىرى بۇ خىل تۈزۈملەر بىلەن تىركىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىزچىل تۈردە تەكىتلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىپتتى ھەمدە اللەنىڭ:

**{وَكَذَلِكَ نُفَصِّلُ الآَيَاتِ وَلِتَسْتَبِينَ سَبِيلُ الْمُجْرِمِينَ}**

«گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى ئەنە شۇنداق روشەن بايان قىلىمىز[2]» دېگەن سۆزنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى.

ئۇستاز سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «ئىسلامى جامائەت رەھبەرلىكى سىياسىي تۈزۈملەر بىلەن تىركىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ھېس قىلدۇرىدىغان ئاق ۋە تەجرىبىنى يوقىتىپ قويغان».

ئۇ سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «بۈگۈن خەلقئارالىق مەيداندا ۋە پەلەستىندە يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر

2 سۈرە ئەنئام: 55- ئايەت.

مېنىڭ قارىشىمدا قىيامەتنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا، بىر يەھۇدىي تاش ياكى دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالسا ئاشۇ تاش ياكى دەرەخ: ئى مۇسۇلمان! ئى اللەنىڭ بەندىسى! بۇ يەھۇدى مېنىڭ ئارقامدا، كەل، ئۇنى ئۆلتۈر! دەيدۇ› دېگەن ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرستىدۇ».

ئۇ بۇنىڭغا اللەنىڭ سۈرە ئىسرادىكى:

**{فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ لِيَسُوءُوا وُجُوهَكُمْ وَلِيَدْخُلُوا الْمَسْجِدَ كَمَا دَخَلُوهُ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَلِيُتَبِّرُوا مَا عَلَوْا تَتْبِيراً}**

«ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق (جازاسىنىڭ) ۋەدە قىلىنغان ۋاقتى كەلگەندە، (دۈشمەنلەرنىڭ خار قىلىشى بىلەن) يۈزۈڭلاردا قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىپ (ئۇنى

خاراب قىلىشى) ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن (ئۇلارنى بىز ئەۋەتتۇق) [3]».

**{فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ جِئْنَا بِكُمْ لَفِيفاً}**

«ئاخىرەت ۋەدىسى (يەنى قىيامەت) كەلگەن چاغدا سىلەرنى (قەبرەڭلاردىن مەھشەرگاھقا) (كاپىرلار بىلەن مۆئمىنلەرنى) ئارىلاش ئېلىپ كېلىمىز [4]»

دېگەن سۆزنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ تەپسىرشۇناسلارنىڭ يۇقىرىقى ئايەت ھەققىدىكى: «ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن يەر شارىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن پەلەستىنگە كەلدى» دېگەن سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ غەربىنىڭ ئىسلامغا تۇتقان مەيدانىنىڭ ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئەھلىسەلىپ مەيدانى ئىكەنلىكىنى،

3 سۈرە ئىسرا: 7- ئايەت.

4 سۈرە ئىسرا: 104- ئايەت.

غەربلىكلەرنىڭ: «بىز ئىسلام بىلەن چىقىشىپ ئۆتىمىز ياكى ئىسلامغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز» دېگەن گەپلىرىنىڭ پۈتۈنلەي قۇرۇق شوئار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى ھەمدە غەربتىكى، بولۇپمۇ ئامېرىكىدىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۈنسېرى ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە خەتەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان تېخىمۇ ئېغىر خەتەر ئۈچۈن تەييارلىنىش لازىملىقىنى ئەسكەرتتى.

ئاخىرقى بىر سوئال:

بىز ئۇستازدىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا كەڭرى تارقالغان: «سەيىد قۇتۇپ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنى مائارىپ مىنىستىرلىق ۋەزىپىسگە تەيىنلەش تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق ئېغىر جاپا-مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولغان» دېگەن گەپنىڭ راست-يالغانلىقىنى سورىدۇق.

مۇھەممەد قۇتۇپ بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «ئاكامنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بۇ تەكلىپىنى رەت قىلىشى ساقچىلار بىلەن ئىسلام

پائالىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان ئاشۇ قاباھەتلىك كۆرەشنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغان كۆپلىگەن ھەقىقەتلەرنىڭ بىرى. ئەمما، ئۇ بۇ يەردىكى ئاساسلىق سەۋەب ئەمەس. چۈنكى، سەۋەب «يول»نىڭ ئوخشىماسلىقى ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە ئاكامنى بويسۇندۇرىمىز دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق، ئاكامنىڭ ھەق ئۈستىدە ۋە اللەنىڭ دىنىدا ئىزچىل تۇردە مۇستەھكەم تۇرۇشى دۈشمەننىڭ «تاما»سىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن 1966- يىلى ئاكامغا ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاكامغا جامال ئابدۇناسىردىن كەچۈرۈم سوراش ۋە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىش تەكلىپىنى قويدى. ئەگەر ئاكام ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلسا، ھۆكۈمەت ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قاماقتىكى بارلىق ئەزالارنى قاماقتىن بوشىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، ئاكام بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ، شەھىد قىلىنىش ئارقىلىق ئاخىرقى «پارلاق مەنزىل»گە يەتتى.

الله ئىككى ئۇستازنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەي! ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلغاي! ئۇلارغا جەننەتتىن ئورۇن بەرگەي! (ئامىن) - تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

## ئاپتورنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى

1. 20- ئەسىردىكى جاھىلىيەت.
2. مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى (1-قىسىم).
3. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى (2-قىسىم).
4. تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر.
5. كېلىڭلار باياۋان زۇلمەتلىرىدىن چىقىپ كېتەيلى!
6. «لا إله إلا الله» ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھايات پرىنسىپى .
7. ئىماننىڭ ئاساسلىرى (1-2-قىسىم).
8. كىشىلەرنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىمىز.
9. بوسنىيە-گىرسگوۋىنا قىرغىنچىلىقى

# مۇقەددىمە

**بسم الله الرحمن الرحيم**

**الحمد لله رب العالمين، إيّاه نعبد وإيّاه نستعين، والصلاة والسلام على سيدنا محمد خاتم النبيين، المنزل عليه القرآن، فيه شفاء وهدى ورحمة وذكرى للعالمين. وبعد:**

كىشىلەرنى الله ( **سبحانه وتعالى** ) غا بويسۇنۇشقا دەۋەت قىلىش بۇ ئۈممەتنىڭ دائىملىق ۋەزىپىسىدۇر.

**( وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ) [ آل عمران : 104 ]**

(سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر) بۇنداق بولىشىدىكى سەۋەب، بۇ ئۈممەت ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ( **صلى الله عليه وسلم** ) نىڭ ئۈممىتى بولۇپ، بۇ ئۈممەت ئاخىرقى پەيغەمبەردىن كېيىن ئۇنىڭ رىسالىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ( **صلى الله عليه وسلم** )نىڭ رىسالىتى بولسا، ئۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن باشلاپ قىيامەتكىچە بارلىق ئىنسانىيەت ۋە پۈتكۈل زامانغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

بۇ رىسالەت ئىككى تەرەپكە : يەنى تىخى ئىمان ئېيتمىغان كىشىلەرنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشقا، ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ ئىماننى تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

( **وَذَكِّرْ فَإِنَّ الذِّكْرَى تَنْفَعُ الْمُؤْمِنِينَ** ) [ الذاريات : 55 ] .

(ۋەز ـــ نەسىھەت قىلغىن، ۋەز ـــ نەسىھەت مۆمىنلەرگە پايدىلىق [55].)

( يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي أَنْزَلَ مِنْ قَبْلُ ) [ النساء : 136 ] .

(ئى مۆمىنلەر! الله قا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە الله ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار.)

بىراق، بۈگۈن ئىسلام ئۈممىتى بۇندىن بۇرۇن دۇچ كېلىپ باقمىغان شارائىتلارغا دۇچ كەلمەكتە.. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىسلامنى چۈشىنىشى تارىختىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى. ئەمما، بۇ ئۈممەتنىڭ ئىسلام پىرىنسىپى بويىچە ئەمەل قىلىشى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالماقتا..

شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى دەۋەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپ ئېغىردۇر. چۈنكى، بۈگۈنكى دەۋەتنىڭ مۇھىم

ۋەزىيىتى پەقەتلا ۋەز-نەسىھەت قىلىشلا بولماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ ئول -ئەسلىھەلىرى ۋەيران بولۇپ يوقۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان، بارلىق ئۇممەتلەر ئىسلامى ئۇممەتكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن مۇشۇ ۋاقىتتا، ئىسلام بىناسىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق خەۋەرنى بەرگەن:

**حدثنا عبد الرحمن بن إبراهيم الدمشــقي حدثنا بشــر بن بكر حدثنا ابن جابر حدثني أبو عبد الســلام عن ثوبان قال قال رســول الله صلى الله عليه وسلم " يُوشكُ أن تَدَاعى عليكم الأُمم كما تَدَاعى الأَكَلَةُ عَلَى قَصْعَتِها "** . قالوا : أمن قِلَّة نحن يومئذ يا رسولَ الله ؟ قال : " **بل أنتم يومئذ كثير ، ولكنكم غُثاءٌ كغُثاء السَيل ، ولَيَنْزَعَنَّ الله المَهابَةَ من صُدور أعدائكم ، ولَيَقْذفن في قلوبكم الوَهْن "** . قالوا : وما الوَهْن يا رسول الله ؟ قال : " **حُبُّ الدنيا وكراهية الموت** " [5] .

---

[5] **أخرجه أحمد وأبو داود .**

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** : «سىلەرگە قارشى بارلىق ئۇممەتلەر(يەنى پۈتكۈل كاپىرلار ۋە ئازغۇن مىللەتلەر) خۇددى تاماق يىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى قاچىسىغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ ( يەنى : پۈتكۈل كاپىرلار ۋە ئازغۇن مىللەتلەر سىلەرگە ئۇرۇش قىلىش ۋە شانۇ-شەۋكىتىڭلارنى سۇندۇرۇش ھەمدە سىلەر ئىگە بولغان يۇرت-ماكان ۋە مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاش ئۈچۈن بىر-بىرىنى چاقىرىشىپ سىلەرنى باستۇرۇپ كېلىدۇ )»دېدى -ساھابىلەر: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ كۈندە بىزنىڭ سانىمىز ئازبولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىزگە يوپۇرۇلۇپ كىلەمدۇ؟ دىيىشتى.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « بۇ كۈندە سىلەرنىڭ سانىڭلار بەك كۆپ، لېكىن سىلەر سەلنىڭ كۆپىكىگە ئوخشاپ قالىسىلەر( يەنى سىلەرنىڭ شىجائىتىڭلار يوق، ئۇلارغا قارشى تۇرغىدەك قۇدرىتىڭلار يوق)، الله دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەردىن قورقۇش ئەندىشىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ، قەلبىڭلارغا ۋەھنىنى تاشلايدۇ » دېدى .

-ساھابىلەر: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ۋەھنى دېگەن نېمە ؟ دېيىشتى.

-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ۋەھنى دېگەن ھاياتى دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، ئۆلۈمدىن قورقۇش »دېدى .

ھەممىمىز پات يېقىندا اللەنىڭ ئىزنى بىلەن ئىسلام بىناسىنىڭ قايتا قۇرۇلىدىغانلىقىغا ھەمدە بۇ بىنانىڭ بۇرۇنقىدەك ھەيۋەتلىك ھالەتتە قايتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. گەرچە جاھىلىيەت پۈتكۈل زېمىندا ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش قوزغاۋاتقان بولسىمۇ، بارلىق بېشارەتلەر زېمىندا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىسلامنىڭ يېڭى مەيدانىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بىراق، بۇ پارلاق كەلگۈسىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئىسلامنىڭ ئىككىنچى غەرىبلىك دەۋرگە نىسبەتەن تولىمۇ مۇشەققەتلىك ئىشتۇر. بۇ ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىققا ، يۈكسەك بەسىرەتكە موھتاج ئىشتۇر.

**" بدأ الإسلامُ غريباً ، وسيعود غريباً كما بدأ "** [6] ..

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئىسلام غەرىيب ھالەتتە باشلانغان يەنە غەرىيب ھالىتىگە قايتىدۇ..»دېگەن .

ئىسلامنىڭ تۇنجى غەرىيبلىك ھالىتىدە ئەڭ ئاددىيسى ئىسلام كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا يېگانە اللەغا ئىمان ئېيتىش ۋە ۋەھيىگە، پەيغەمبەرلىككە، ئۆلگەندىن كيىن تىرىلىشكە ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت ئومومى ئاساسىدا ئېنىق بولغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا مەيلى يېڭى دىنغا كىرگەن كىشى بولسۇن ياكى بۇ دىنغا قاتتىق قارشى تۇرۇۋاتقان ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەۋاتقان كىشى بولسۇن ئىسلام بۇلارنىڭ كاللىسىدا ئېنىق ئىدى.

بۇ غەرىيبلىكنىڭ سەۋەبى پەقەت بۇ دىنغا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئاز بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە كىشىلەر ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئەرزىمەس كىشىلەر ئىكەنلىكى، دىننى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ

---

[6] **أخرجه مسلم .**

كۆپلۈكى ۋە ئۇلارنىڭ زېمىندا ھەددىدىن ئاشقانلىقى سەۋەب بولغان ئىدى.

قال وَرَقَةُ بنُ نَوْفَل لرسـول الله صـلى الله عليه وسـلم ، حين أخبرته خديجة رضي الله عنها بقصة الوحي : ليتني أكون فيها جَذَعاً حين يخرجك قومُك ! قال : " **أو مُخْرِجيَّ هُم** ؟ " قال : ما جاء أحد بمثل ما جئت به إلا عُودي ! [7] .

خەدىچە **(رضي الله عنها)** ۋەرەقە (وَرَقَةُ بنُ نَوْفَل)گە ۋەھيي قىسسىسىنى خەۋەر قىلغان ۋاقىتتا، ۋەرەقە (وَرَقَةُ بنُ نَوْفَل) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا : مەن قەۋمىڭ سىنى يۇرتۇڭدىن قوغلاپ چىقارغاندا ياش يىگىت بولسامچۇ! دېدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«قەۋمىم مېنى يۇرتۇمدىن قوغلاپ چىقىرارمۇ؟»دېدى .

---

[7] **انظر كتب السيرة .**

ۋەرەقە: سەن ئىلىپ كەلگەن نەرسىنى ئىلىپ كەلگەن بىرەر كىشى بولسىلا ئۇ قەۋمى تەرىپىدىن دۈشمەنلىك قىلىشقا ئۇچۇرغان -دېدى .

وسأل رجل رسول الله صلى الله عليه وسلم : إلى أي شيء تدعو الناس ؟ قال : " **أدْعُوهم للا إله إلا الله** " . قال : هذا أمر لا تتركه لك العرب !

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن سەن كىشىلەرنى نىمگە دەۋەت قىلىسەن؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «مەن ئۇلارنى **(لا إله إلا الله)** دېگەن ئىمان كەلىمىسىگە دەۋەت قىلىمەن » دېگەن .

ھېلىقى كىشى: ئەرەبلەر سىنىڭ بۇنداق قىلىشىڭغا يول قويمايدۇ- دېگەن .

ئەمما ئىسلامنىڭ ئىككىنچى غەرىبلىك دەۋرىگە كەلسەك، بۇ دەۋردە ئىسلام گەرچە ھەممە تەرەپتىن غەرىبلىشىپ قالغان بولسىمۇ ئاۋۋالقىسىغا ئوخشىمايدۇ.

بۈگۈن ئىسلام مۇسۇلمانلاردىن باشقا بارلىق كىشىلەرگە غەرب بولۇشتىن سىرت، ئۆز ئەھلى بولغان مۇسۇلمانلارغىمۇ غەرىبتۇر.

سەن كىشىلەرگە ئىسلامنى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا قويساڭ، كىشىلەر ئىسلامدىن بىزار بولىدۇ ۋە ئۇلار ساڭا: سەن بۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭ؟ بۇ بىز تونۇغان ئىسلام ئەمەس-دېيىشىدۇ!

سەن نۇرغۇن يىللار ياكى ئەسىرلەردىن بىرى ئۆلۈپ كەتكەن قەبرىستانلىقتىكى ھەمراھىدىن ياردەم ۋە بەرىكەت تەلەپ قىلىۋاتقان قەبرىستانلىقتىكى بىر توپ كىشىلەرگە بۇ ئىشلىرىڭلار شېرىك بولىدۇ، دۇرۇس ئەمەس دېسەڭ، ئۇلار ساڭا سەن بۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭ؟ ھەقىقەتەن سەن ئىسلامنى ئۆز روھىدىن ئايرىۋەتمەكچى ئىكەنسەن.. دەيدۇ!

سەن الله چۈشۈرگەن قانۇندىن باشقا قانۇننى قانۇن قىلىدىغان، اللەنىڭ قانۇنىدىن باشقا قانۇنغا رازى بولىدىغان كىشىگە بۇ قىلغىنىڭ اللەغا شېرىك كەلتۈرۈش بولىدۇ دېسەڭ، ئۇ ساڭا سەن بۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭ؟ بۇ دېگەن مۇتەسسىپلىك،قاتاللىق، قالاقلىق. دۇنيا

تەرەققىي قىلدى! دەيدۇ، ياكى ئۇ ساڭا ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ، بۇ شىرىكتىن تۆۋەن تۇرىدىغان شېرىك ! بۇ شېرىك دىندىن چىقىرىۋەتمەيدۇ-دەيدۇ.

سەن ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتقۇچىسىغا، پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىسىغا، تەلىم —تەربىيە ئوقۇتقۇچىسىغا، تارىخ ئوقۇتقۇچىسىغا .. ھەقىقەتەن سىلەر ئوقۇتۇۋاتقان غەربنىڭ ئىلىملىرى ۋە سىلەر ئوقوغۇچىلىرىڭلارغا دەرسلىك قىلىۋاتقان دەرسلەر ئىسلام چۈشەنچىلىرىگە قارشى كېلىدۇ ، بەزىدە ئەقىدىگە ئوچۇق ئاشكارا ھۇجۇم قىلىدۇ دېگىنىڭدەك، ئۇ —رەببىڭ رەھىم قىلغان كىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا- ساڭا ئىسلامنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ سىلەر ھەممە نەرسىدە ئىسلامنى پەش قىلىشنى خالامسىلەر؟ بۇ دېگەن ئىلىم-پەن، ئىسلام دېگەن دىن! ئىسلامنىڭ ئىلىم —پەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق! دەيدۇ.

نەچچە يۈزلىگەن ئىشلاردا كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويساڭ ئۇلار بىزار بولىدۇ. ئەك تۆۋەن بولغاندىمۇ ئۇلار ھەقىقىي ئىسلامنى يات سانايدۇ.

سەن ئۇلارنى بۇ الله تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت، سىلەر تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقان نەرسىلەر ئىسلام ئەمەس دېگەن چۈشەندۈرۈشكە قايىل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان تىرىشچانلىقلارنى سەرپ قىلىشقا موھتاج بولىسەن!

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلىم مەرىپەت مەيداندىكى ئەھۋاللار.. ئەمما، ئەمەلى مەيداندىكى مەشغۇلاتلارغا كەلسەك، بۇنى ئەمىللەشتۈرۈش ئۈچۈن كېتىدىغان تىرىشچانلىقلار بەك كۆپ بولۇشى مۇمكىن !

گەرچە ئىلىم-مەرىپەت ھەممىدىن بۇرۇن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن بولسىمۇ ھەمدە تۇنجى ۋەھيي ( اقْرَأْ ) [ العلق : 1 ]«ئوقوغىن!»دەپ باشلانغان بولسىمۇ، ئاندىن پەيغەمبەر **(صلى**

**الله عليه وسلم)** گە ئوقوغىن دېگەن سۆزدىن كېيىن تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولغان بولسىمۇ:

( **فَاعْلَمْ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ** ) [ محمد : 19 ]

(بىلگىنكى، الله تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر)

ھەقىقەتەن ئىلىم مەرىپەتنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس. –سەلەپ سالىھلار **(رضوان الله عليهم)** چۈشەندۈرگەندەك- ئىلىم پەقەت بىلىشلا بولماستىن، بەلكى، ئەمەل قىلىشقا ئىلىپ بارىدىغان مەرىپەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم مەرىپەت ھەقىقەتنى تونۇش باسقۇچىدىن، ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ئەمەل قىلىش باسقۇچىغا يۆتكىلىدۇ.

ئەگەر **(لا إله إلا الله)** چۈشەنچىسىنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى چۈشۈندۈرۈش تۈنجى غەرىبلىك دەۋرىدە پەيغەمبەر **(صلى الله عليه وسلم)**نىڭ نۇرغۇنلىغان تىرىشچانلىقلىرىنى مەشغۇل قىلغان

بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام –بولۇپمۇ مەككە دەۋرىدە - ھەقنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى **(لا إله إلا الله)**نىڭ تەقەززاسى بويىچە باسقۇچمۇ-باسقۇچ، ئۇلار مۇكەممەللىشكىچە تەربىيەلەش ، دەسلەپتە ئىسلام بىناسىنىڭ تايانچ بازىسىنى تەربىيەلەش ، ئاندىن باشقا كىشىلەرنى تەربىيەلەشكە تىرىشچانلىقنى سەرپ قىلغان.

بۈگۈن –ئىسلامنىڭ ئىككىنچى غەرىبلىك دەۋرىدە- ئىسلامى دەۋەت ھەر ئىككى ئىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ.. يەنى **(لا إله إلا الله)** نى چۈشەندۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە تەربىيەلەشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ...

ئىسلامنىڭ بەزىسىنى بىلىدىغان ۋە بەزىسىنى بىلمەيدىغان، شۇنداق تۇرۇپ ئۆزىنى ئىسلامنى بىر پۈتۈن چۈشىنىمىز دەپ ئويلايدىغان كىشىلەرگە ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش، بەك كۆپ تىرىشچانلىق سەرپ قىلىشقا موھتاج بولىدىغان مەسىلىدۇر.

ئەمما -بازىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا– تەربىيەلەش ئىشى ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب كىشىلەر ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىشلىرىدىن يېنىپ ئىسلامنىڭ ئۆزىدىن تەلەپ قىلىۋاتقان تەكلىپلىرىنى دەرھال ئورۇندىغىلى ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن، تەربىيەلەشكە تىگىشلىك تەرەپلەر بەك كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەلىم-تەربىيەنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان كىشىلەرنىلا بىنا قىلىش بولماستىن، بەلكى، چوڭ ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالالايدىغان ئىرادىلىك شەخسلەر تەييارلاشتۇر.

مۇھىمى شۇكى بىز –يۇكسەك دەرىجىدە- كىشىلەرنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىشنى بىلىشىمىز كېرەك .. چۈنكى، بۈگۈن ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان كىرىزىس (ئاپەت)بەك ئېغىر !!! ئېھتىمال ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان كىرىزىس تارىختىكى ئەڭ ئېغىر كىرىزىس بولۇشى مۇمكىن .. ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسلامغا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن توپلانماقتا.. ئېھتىمال ، بۇندىن بۇرۇن ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسلامغا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بۇنداق ھەجىمدە ۋە

قەتئىيلىك بىلەن توپلانغانلىقى تارىختا ئۆتمىگەن بولۇشى مۇمكىن . بۈگۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئىسلامغا بولغان ئېھتىياجى ، ئىسلام پەيغەمبەر **(صلى الله عليه وسلم)**گە نازىل قىلىنغان كۈندىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئىسلامغا بولغان ئېھتىياجىدىن قىلىشمايدۇ.

بىز دەۋەت يولىدا تەمكىن، بەسىرەتلىك (پاراسەتلىك) قەدەملەر بىلەن ماڭمايدىغان بولساق، نىشانىمىزغا ھەرگىزمۇ يېتەلمەيمىز، نۇرغۇنلىغان تىرىشچانلىقلىرىمىز بىھۇدە زايا بولۇپ كېتىدۇ .

ئۇزۇندىن بىرى مىنىڭ تەپەككۇرۇمنى «دەۋەت »دېگەن بۇ تېما قورشىۋالغان ئىدى. مىنىڭ خىيالىمدا «كىشىلەرنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىمىز؟ دەۋەتنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسلۇبى قايسى؟ »دېگەن سوئال ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ، مەن -بەزى ۋاقىتلاردا- دەۋەت يولىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان بەزى تەرەپلەردىكى كەمچىلىكلەرنى ياكى ئالدۇراڭغۇلۇقلارنى ۋە ياكى بەزى تەرەپلەردىكى توغرا لىنىيەدىن ئېغىپ كېتىشنى كۆرگىنىمدە بۇ سوئاللار مېنى تېخىمۇ چىرمىۋالاتتى.

مەن كۆڭلۈمدە شۇنداق دەيتتىمكى، بىز دەۋەت يولىمىزدىكى كەمچىلىكلەرنى تولۇقلىشىمىز؛ دەۋەت يولىدا چۈشۈپ قالغان خاتالىقلارنى تەكرار سادىر قىلماسلىقىمىز؛ ھازىرقى ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، كەلگۈسىدىكى ھەرىكەتنى توغرىلاپ ئۆتمۈشتىكى ئىبرەتلىك ئىشلاردىن پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن چوقۇم يىرىم ئەسىردىن بۇيانقى دەۋەت يولىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش چىقىش كېرەك . مانا بۇلار دەۋەتچىلەر ھەربىر باسقۇچتا قىلىشقا تېگىشلىك ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىدۇر.

مانا، مەن تۆۋەندىكى سەھىپىلەردە خىيالىمنى چىرمىۋالغان دەۋەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن، بۇ باشتىن ئاخىرى توغرا بولىشىمۇ ھەم خاتالىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن بولىدىغان ئىجتىھاتتۇر، مەن اللەدىن بۇ ئىجتىھاتىمدا مېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن.

**( إِنْ أُرِيدُ إِلَّا الْإِصْلَاحَ مَا اسْتَطَعْتُ وَمَا تَوْفِيقِي إِلَّا بِاللَّهِ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ )** [ ھود : 88 ] .

(مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنى خالايمەن، مەن پەقەت اﷲ نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) اﷲ قا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن)

-مۇھەممەد قۇتۇب

# تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تەربىيەلىنىشى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر

بىز تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تەربىيەلىنىشى ھەققىدە ئۇزۇن مۇلاھىزە قىلىشقا موھتاجمىز ، چۈنكى، تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تەربىيەلىنىشىدە رېئال دۇنيادا بۇ دىنغا دەۋەت قىلماقچى بولغان ياكى بۇ دىن بىلەن ھەرىكەت قىلماقچى بولغان كىشىلەر ئۈچۈن يېتەرلىك ئوزۇق بار. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار الله **(سبحانه وتعالى)** نىڭ ياردىمىدە تەربىيەلەندى. الله **(سبحانه وتعالى)** مۇسا **(عليه السلام)** غا مۇنداق دەيدۇ:

قال سبحانه لموسى عليه السلام : ( **وَلِتُصْنَعَ عَلَى عَيْنِي** ) [ طه : 39 ]

**(مېنىڭ قوغدىشىم ئاستىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن..)**

تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ تەربىيەچى پەيغەمبەر **(صلى الله عليه وسلم)** نىڭ قولىدا تەربىيەلىنىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مىسلىسىز ئەۋلاد بولۇپ قالدى. الله **(سبحانه وتعالى)** پەيغەمبەر **(صلى الله عليه وسلم)**گە ۋەھيي قىلىدۇ، پەيغەمبەر **(صلى الله عليه وسلم)** بۇ ئەۋلادنى تەربىيەلەشتە ۋە ئۇلارغا يوليورۇق بېرىشتە ۋەھيىگە ئەگىشىدۇ. بۇ ئەۋلادلاردا بارلىق تەلىم-تەربىيە ئەڭ مۇكەممەل سۈرئەتتە مۇكەممەللــەشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەۋلادنى تەربىيەلەشتىكى تەلىم تەربىيە، ئۇستاز ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئۇلار تەلىم-تەربىيە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغاندا قانداق ئوقۇتۇشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۆتتۈرىغا قويىدىغان ئۆلگىلىك دەرسكە ئايلاندى.

الله **(سبحانه وتعالى)** نىڭ ئىرادىسى بۇ دىنىنىڭ ئىشلىرىنى – خارىقى ئادەت(يەنى ئادەتتىن تاشقىرى ۋەقەلەر) بىلەن ئەمەس- الله **(سبحانه وتعالى)** ئىرادە قىلغان ھېكمەت سەۋەبىدىن سۈننىتى جارىيە (يەنى الله **(سبحانه وتعالى)** -نىڭ جارى بولغۇچى قانۇنى)

بويىچە داۋام قىلىشنى ئىرادە قىلدى. الله **(سبحانه وتعالى)**نىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار خارىقى ئادەت(يەنى ئادەتتىن تاشقىرى ۋەقەلەر) بىلەن غەلىبە قىلغان، پەيغەمبەر **(صلى الله عليه وسلم)**دىن كېيىن خارىقى ئادەت ئۈزۈلدى دەپ ئولتۇرىۋالماسلىقى ئۈچۈندۇر.

بۇ دىنىنىڭ ئاساسلىق ماددىسى الله **(سبحانه وتعالى)** تەرىپىدىن نازىل بولغان ۋەھىيدۇر. شۇڭا بۇ دىن الله **(سبحانه وتعالى)** نىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن قىيامەتكىچە مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ ۋە باقىيدۇر.

( **إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ** ) [ الحجر : 9 ] .

(قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز)

قۇرئان ئاۋۋالقى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئوخشاشتۇر. قۇرئان الله **(سبحانه وتعالى)** نىڭ مۇشۇ ئۇممەتكە ۋە بارلىق ئىنسانىيەتكە قىلغان سۆزىدۇر. قۇرئان بۇ دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرئان الله **(سبحانه وتعالى)** ئىنسانىيەتتىن قىيامەتكىچە ھاياتىنى

ئۇنىڭ ئۇستىدە ئۆتكۈزۈشنى، ۋە بىناسىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە بەرپا قىلىشنى ئىرادە قىلىدىغان ئىلاھى پىرىنسىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەيلى الله **(سبحانه وتعالى)** تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئان بولسۇن ياكى پەيغەمبەر **(صلى الله عليه وسلم)**نىڭ قۇرئاننى شەرھلەپ قىلغان سۆزى ياكى ئىش-ھەرىكىتى بولسۇن ھەممىسى باراۋەردۇر.

( **وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ** ) [ النحل : 44 ]

(بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق)

( **وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى ، إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى** ) [ النجم : 3 – 4 ]

((ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.)

ئەمما پەرىشتىلەرنىڭ بەدىر ئۇرۇشىدا مۇئمىنلەر بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلغانلىقىغا كەلسەك ئۇ ئەسلى خارىقى ئادەت ئەمەس:

**( إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى الْمَلائِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُوا الَّذِينَ آمَنُوا سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُوا الرُّعْبَ فَاضْرِبُوا فَوْقَ الْأَعْنَاقِ وَاضْرِبُوا مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ )**

[ الأنفال : 12 ]

(ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن» دەپ ۋەھيى قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا چېپىڭلار)

پەرىشتىلەرنىڭ چۈشىشى، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ساباتلىق قىلىشى بەدىر ئۇرۇشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى بۇ اللەنىڭ ئەمرى پەرمانى بىلەن ھەرۋاقىت يۈز بېرىشى مۇمكىن .

( **إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنْتُمْ تُوعَدُونَ ، نَحْنُ أَوْلِيَاؤُكُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ** ... ) [ فصلت : 30 – 31 ] .

(شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز الله دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز.)

شەك-شۈبھىسىزكى، خارىقى ئادەت بولسا مۇئمىنلەرنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىشىدۇر.

( **وَمَا جَعَلَهُ اللَّهُ إِلَّا بُشْـرَى لَكُمْ وَلِتَطْمَئِنَّ قُلُوبُكُمْ بِهِ وَمَا النَّصْرُ إِلَّا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ** ) [ آل عمران : 126 ] .

(الله ئۇنى (يەنى پەرىشتىلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىشنى) پەقەت سىلەرگە خۇش خەۋەر بولسۇن ۋە دىلىڭلار شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولسۇن (شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىك سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن قورقمىسۇن) دەپ قىلدى. ياردەم پەقەت غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله تەرىپىدىندۇر)

ئەگەر الله بۇ خارىقى ئادەتنى بارلىق مۇئمىنلەرگە ئەمەس، پەقەت بەدرى ئەھلىگە خاس قىلغان بولسا، ئۇنداقتا بەدرى ۋەقەلىكى ھەر كۈنى تەكرارلىنىپ تۇرمايدىغان كائىنات ھادىسىسىدۇر.

( **يَوْمَ الْفُرْقَانِ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ** ) [ الأنفال : 41 ]

(سىلەر الله قا، ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈندە)..)

مانا بۇ تارىخنى يازغان نەرسىدۇر، تارىخ ھەركۈنى يېزىلمايدۇ.. بەلكى تارىخ بىر قۇر-بىر قۇردىن يېزىلىدۇ.

بەدىر ئەھلى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس بولغان خارىقى ئادەتتىن باشقا ئىشلاردا، ئىسلامنىڭ بارلىق ئىشلىرى يەنى دەسلەپتىكى ئاجىزلىق، سىناق، سەبىر قىلىش، تاۋلىنىش، قورقۇنچ ئالدىدا تەمكىن بولۇش، زىمىنغا تارقىلىش.. قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى سۈننىتى جارىيە بويىچە جارى بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تەربىيەلىنىشىدىن ئېرىشكەن دەرسلەر دائىملىق دەرس بولۇپ، بۇ پەقەت تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تەربىيەلىنىشىگىلا ئالاقىدار بولماستىن، بەلكى، ئۇ

ھەرۋاقىت تەتبىقلىنىدۇ. چۈنكى بۇ سۈننەتتى جارىيەدۇر، ھەرگىزمۇ تەكرارلانمايدىغان ۋاقىتلىق يەككە ھادىسە ئەمەس.

ئەگەر الله بىزگە رېئال دۇنيادا جارى بولۇۋاتقان ئىلاھى قانۇننى ۋە تارىخ دەرسلىكىنى ئۆيلىنىشىمىز ئۈچۈن يولىيورۇق بەرگە بولسا، بىز ئۇنىڭدىن تەجرىبە -ساۋاق ۋە ئىبرەتلەرنى خۇلاسىلەپ چىقىشىمىز ۋە بۇ دەرسلەرنىڭ بىزگە ھەربىر ھەركىتىمىزدە يېتەكچى بولىشى ئۈچۈن، تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تەربىيلىنىش دەرسلىكگە پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن بېرىلىشىمىز لازىم.

تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تەربىيلىنىش ئىشىدا مېنى نۇرغۇن مەسىللەر ئۆيلىنىشقا ئۈندىدى، مەن بىزنىڭ ھازىرقى يولىمىزدىكى تەربىيلىنىشنىڭ تەقەززالىرىغا قارشى كېلىدىغان ئەھۋاللار ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان دەۋەت يولىدا تۇسالغۇ بولىدىغان نەتىجىلەرنى كۆرگىنىمدە، تەربىيە ئىشلىرى ھەققىدە ئۆيلىنىش ۋە مۇلاھىزە قىزغىنلىقىم تېخىمۇ ئاشتى. مەن بۇ سەھىپىلەردە بۇ ئىشلارنىڭ بىر قىسمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى توغرا تاپتىم، مەن اللەنىڭ بىزنى

هالاكەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، توغرا يولغا هىدايەت قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن.

**********

مەككىدىكى تەربىيە باسقۇچىدا اللەنىڭ مۇئمىنلەرنى قولىنى يىغىشقا، ئەرزىيەتلەرگە سەبىر قىلىشقا بۇيرۇشى تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىكى مىنى ئويلىنىشقا ئۈندىگەن ئەڭ چوڭ ئىشتۇر. الله بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئايەتتە ئىشارەت قىلغان:

**( أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ قِيلَ لَهُمْ كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُوا الصَّـــلاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ )** [ النساء : 77 ] .

((ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى مەككىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلغانلارغا): «(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار» دېيىلگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (يەنى ئۇلاردىن ئەجەبلەنمەمسەن؟))

**وكان بعض الصحابة رضوان الله عليهم قد سأل الرسول صلى الله عليه وسلم حين اشتد الأذى بالمؤمنين : ألا نقاتل القوم ؟ فقال عليه الصلاة والسلام : " ما أُمرنا بقتالهم "** (8)

مۆئمىنلەرگە قاتتىق ئەرزىيەتلەر كەلگەندە بىر قىسىم ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: كاپىرلارغا ئۇرۇش قىلمايمىزمۇ؟-دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلمىدىم»دېدى .

قۇرئان ۋە ھەدىستە اللەنىڭ بۇ بۇيرۇقى (يەنى مەككىدىكى تەربىيە باسقۇچىدا، اللەنىڭ مۆئمىنلەرنى قولىنى يىغىشقا، ئەرزىيەتلەرگە سەبىر قىلىشقا بۇيرۇشى)نىڭ ھېكمىتى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات كەلمىدى. شۇڭا بۇ ئىشنىڭ ھېكمىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئىجتىھات قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . ئېھتىمال، اللەنىڭ بۇ بۇيرۇقى (يەنى مەككىدىكى تەربىيە باسقۇچىدا اللەنىڭ مۆئمىنلەرنى قولىنى

---

(8) **انظر كتب السيرة .**

يېغىشقا، ئەرزىيەتلەرگە سەبىر قىلىشقا بۇيرۇشى)نىڭ ھېكمىتىنى بىلىشنىڭ ئەڭ ئاسان يولى شۇ بولىشى مۇمكىنكى، بىز ئاشۇ ۋاقىتتا مۇئمىنلەر قۇرەيشلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدى-دەپ پەرەز قىلىپ باقايلى! بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

ئاندىن بىز مەككىدىكى تەربىيە باسقۇچىدا اللەنىڭ مۇئمىنلەرنى قولىنى يېغىشقا، ئەرزىيەتلەرگە سەبىر قىلىشقا بۇيرۇغان ۋاقىتتا قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى ئويلىنىپ باقايلى!

ئىككى تەرەپ باراۋەر بولمىغان بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، قۇرەيشلەر مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز ۋە ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى يوقىتىشقا قادىر بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن دەۋەتنىڭ نىشانى ئەمەلگە ئاشماستىن، كىشىلەر دەۋەتنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ، دەۋەت تارقالماي تۇرۇپ، يېڭى دەۋەت ئىشى بىر ياكى بىر قانچە ئۇرۇشتا يوقالغان بولاتتى.

بىز - ئىككى تەرەپ باراۋەر بولمىغانلىقىغا قارىماستىن – بۇ ئۇرۇش بارلىق مۇئمىنلەرنى يوقۇلۇش گىردابىغا ئىلىپ بارالمايتتى، - دەپ پەرەز قىلالايلى!

ئۇنداقتا مەككىدە ئاشۇ باسقۇچتا قانۇن كىمنىڭ قولىدا ئىدى؟

ئەلۋەتتە. كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسىدا قانۇن قۇرەيشلەرنىڭ قولىدا ئىدى...

بۇ ۋاقىتتا (مۇئمىنلەر قۇرەيشلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلسا) مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولاتتى؟

ئەلۋەتتە. (مۇئمىنلەر قۇرەيشلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلسا) مۇئمىنلەر قۇرەيشلەرنىڭ قانۇنىغا قارشى چىققان بولاتتى..

بۇ ۋاقىتتا قانۇن ئىگىسى بولغان قۇرەيشلەرنىڭ قانۇنغا قارشى چىققۇچىلارنى جازالاش ھەققى بار ئىدى.

قۇرەيشلەرنىڭ قانۇنغا قارشى چىققۇچىلارنى قاتتىق جازالىشى ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئازابلانغان ئاجىز كىشىلەرنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئەرزىيەتلەرگە ئۈچرىشى توغرا بولاتتى، لىكىن ، بۇ

ۋاقىتتىكى ئەھۋالدا -دەسلەپتىن باشلاپ- كىشىلەر قۇرەيشلەر قانۇن ئىگىسى، مۇئمىنلەر بولسا قانۇنغا قارشى چىقتى، قانۇن ئىگىسىنىڭ قانۇنغا قارشى چىققۇچىلارنى جازالاش ھەققى بار -دەپ ئويلايتتى.

كىشىلەر مۇشۇنداق تەسەۋۋۇردا بولۇۋاتقان بۇنداق ئەھۋالدا مۇئمىنلەرنىڭ قۇرەيشلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى دەۋەت ئۈچۈن پايدىلىقمۇ؟

ياق، ئەلۋەتتە مۇئمىنلەرنىڭ قۇرەيشلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى دەۋەتكە پايدىلىق ئەمەس.

ئەمدى بىز مۇئمىنلەر اللەنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئۇرۇشتىن قوللىرىنى يىغقان ۋاقىتتا قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە قاراپ باقايلى!

ھەقىقەتەن، مۇئمىنلەر اللەنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئۇرۇشتىن قوللىرىنى يىغقان ۋاقىتتا نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

زۇلۇمنى يوقىتىش ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر ئۆرۈپ –ئادىتىدىن ئىدى. ئەرەبلەر ئىچىدە يۈز بەرگەن ئۇزۇن يىل داۋاملاشقان نۇرغۇن

ئۇرۇشلار ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ ھەمدە بىر تامچە قان تۆكۈشكىمۇ لايىق ئەمەس.

بۇ ئۇرۇشلاردا نۇرغۇن كىشىلەر قەتلى قىلىندى.. داھىس ۋە غۇبەرا ( **داحس والغبراء** [9] )ئۇرۇشلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر ئۇرۇپ –ئادىتىدە بىركىشى ئادەتتىكى بىر ئاھانەت ئۈچۈنمۇ ئۆتكۈر قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتى.

بۇ ھەقتە شائىر ئەنتەرە مۇنداق دەيدۇ:

**ولقد خشـــيتُ بأن أموت ولم تـدر للحرب دائرة على ابني ضمضم**

---

[9] **بۇ ئۇرۇش جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئاخىرىقى مەزگىلىدە (عبس وذبيان) دىن ئىبارەت ئىككى قەبىلە ئوتتۇرسىدا يۈز بەرگەن بولۇپ بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق : ئىككى قەبىلە داھىس ۋە غۇبەرا ( داحس والغبراء ) ناملىق ئىككى ئاتنى مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى. ئاخىرىدا ئىككى قەبىلە مۇسابىقە نەتىجىسىدە بىرلىككە كىلەلمەي ئىككى قەبىلە ئوتتۇرسىدا ئۇرۇش پارتىلىدى. ئۇرۇش ئۇزۇن داۋام قىلدى. ھەربىر قەبىلىنىڭ ئىتىپاقداشلىرى ئۆز سېپىگە قوشۇلدى. بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن كىشىلەر قەتلى قىلىندى..**

**الشاتمي عرضي ولم أشتمهما والناذرين إذا لم ألقهما دمي !**

ئۇنىڭدىن باشقا شائىرمۇ مۇنداق دېگەن :

**ألا لا يجهلَنْ أحد علينا فنجهلَ فوق جهل الجاهلينا !**

دېمەك ، شائىرلار بۇ شېئىردا ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان.

بۇ خىل مۇھىتتا مەرتىۋىلىك، يۈز ئابرۇيلۇق كىشىلەرمۇ ئەزىيەتكە ئۇچرىغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇرەيشلەرنىڭ ئىسلزادىلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ھېچقانداق قارشىلىق بۇلدۇرەلمەيتتى.

ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر ئىش بار، ئۇ ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر ئۆرۈپ –ئادىتىدىگە تامامەن قارشى كېلىدۇ .

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىش ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر ئۆرۈپ –ئادىتىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان ئەمەس.. شۇڭا بۇ ئەكسىچە باشقا بىر ئىشنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولۇشى كېرەك. بۇ ۋاقىتتا ئەرزىيەت كۆچىيىدۇ، مۇئمىنلەر بولسا سەبىر قىلىدۇ.

بۇ يەردە يېڭى بىر ئۇقۇم بولۇپ ئۇ شارائىتنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان ئەمەس.

مۆئمىنلەر نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان ئەرزىيەتلەرنى بەرداشلىق بېرىدۇ؟

مۆئمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىگە ئەرزىيەت ئىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىشقا چىڭ ئېسىلىۋالىدۇ؟

مۆئمىنلەر قەبىلىسىنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟

مۆئمىنلەر زېمىنىنىڭ غەنيمەتلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟

مۆئمىنلەر زېمىنىنىڭ شەھۋەتلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟

مۆئمىنلەر بۇلارنى ئاشۇ ئىشلار ئۈچۈن قىلمايدۇ.. بەلكى ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان ئەقىدە ئۈچۈن ئەرزىيەتلەرگە سەبىر قىلىدۇ ھەم ئۆزلىرىگە ئەرزىيەت ئىلىپ كېلىۋاتقان ئەقىدىسىگە چىڭ ئېسىلىدۇ.

بۇنداق شارائىتتا سىز ئەقىدىنى كىشىلەر ئېسىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغان ئۆرۈپ-ئادەت، ئەنئەنە دەپ چۈشىنەمسىز؟

مۇئمىنلەرنىڭ ئەقىدە يولىدا ئەرزىيەتلەرنى كۆتۈرۈشى بۇ خىل ۋەزىيەتكە نىسبەتەن بارلىق ئۆرۈپ –ئادەت ۋە ئەنئەنىلەرگە پۈتۈنلەي قارشى كېلىدىغان يېڭىچە بىر ئىش ئىدى.

بىز بۇيەردە بۇ يېڭى ئىشنىڭ روشەن بولۇشى ئۈچۈن يەنە بىر يولغا ماڭىمىز.

ھەقىقەتەن، ئەرزىيەتلەر قاتتىق كۈچىيىپ، مۇئمىنلەردىن ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ھەمدە مۇئمىنلەرنى ئاچ قويۇش ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىش دەرىجىسىگە يېتىپ باردى. لېكىن مۇئمىنلەر ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمىدى!

-ئەرەبلەر ۋە بارلىق  كىشىلەرنىڭ ئۆرۈپ ئادىتىدە-كىشىلەرنىڭ باتىل ئۈچۈن بۇنداق ئەرزىيەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشى مۇمكىن بولمايدۇ.. بەلكى، كىشىنىڭ بۇنداق ئەرزىيەتلەرگە بەرداشلىق

بېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشى ئۆز ئىگىسى ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئەرزىيەتلەرگە بەرداشلىق بېرىدىغان ھەمدە ئەقىدىسى ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىدىغان بولۇشى كېرەك .

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىشىگە ئۆزى ئېتىقاد قىلغان ھەق ئۇنىڭغا ئەمىنلىكى، خاتىرجەملىكى، مەرتىۋىسى، ئىززەت ھۆرمىتىدىن ھەتتاكى ئۆزى ۋە ھاياتىدىن ئۈستىن بولۇشى كېرەك .

[( **كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ** ) قولۇڭلارنى يىغىڭلار] دېگەن بۇ بۇيرۇق ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بۇ نەتىجىلەر گەرچە مەككىدە ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ، مەدىنىدىن ئەنسارلارنى ئېلىپ كەلدى.

بىز قىسقىچە قىلىپ شۇنداق دەيمىزكى: مەككە ئەھلى ئوت ياقتى، لېكىن مەدىنە ئەھلى بۇ ئوت بىلەن يىراقتا تۇرۇپ نۇرلاندى. مەدىنە ئەھلىدىن الله خالىغان كىشىلەر ھەق يولنى تاپتى.

* * *

[( **كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ** ) قولۇڭلارنى يىغىڭلار] دېگەن بۇ بۇيرۇق ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بۇ نەتىجىلەرنىڭ پەقەت ئەنسارلارغىلار پايدىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، دەۋەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بولۇپمۇ، بۇنىڭ شەرئەت مەسىلىسىدە ئەھمىيىتى زور.

الله مەككىدە نازىل بولغان سۈرە ئەنئامدا مۇنداق دەيدۇ:

يقول سبحانه وتعالى في سورة الأنعام ، وهي سورة مكية : ( **وَكَذَلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ وَلِتَسْتَبِينَ سَبِيلُ الْمُجْرِمِينَ** ) [ الأنعام : 55 ] .

((بۇ سۈرىدە مۇشرىكلارنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى بايان قىلغىنىمىزدەك) گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى روشەن بايان قىلىمىز.)

(گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى روشەن بايان قىلىمىز) دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ مەككىيە سۈرىسىدە

كىلىشىنىڭ روشەن دەلىلى بار، ھەمدە بۇ ئايەت روشەن بولۇشى كېرەك ، چۈنكى گۇناھكارلار يولىنىڭ ئاشكارا بولۇشى ئاساسلىق نىشان بولۇپ بۇنى ئايەتتىكى اللەنىڭ [(وَلِتَسْتَبِينَ) گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن] دېگەن سۆزىدىكى لام (لام التعليل) بايان قىلىپ بېرىدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ مەككىيە دەۋردە نازىل بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، گۇناھكارلارنىڭ يولىنىڭ ئاشكارا بولۇشى دەۋەتنىڭ ئاساسلىق نىشانى ۋە مۇسۇلمان جامائەت تەربىيلىنىۋاتقان تۈنجى مەزگىلدىكى دەۋەتنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىدىن بىرى ئىدى.

گۇناھكارلار يولىنىڭ ئاشكارا بولۇشىنىڭ قانداق ئەھمىيتى بار؟

گۇناھكارلار يولىنىڭ ئاشكارا بولۇشى مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى : گۇناھكارلارنىڭ زادى قايسى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش؛

ئىككىنچى : گۇناھكارلار مېڭىۋاتقان يولنىڭ قانداق يول ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇلار بۇ يولدا مېڭىش ئارقىلىق گۇناھكارلارغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بايان قىلىش؛

گۇناھكارلار زادى قايسى كىشىلەر؟ ئۇلارنىڭ يولى قايسى؟ ئايەتنىڭ ئۇلارنىڭ يولىنى بايان قىلىش بىلەن قانداق ئالاقىسى بار؟

ھەقىقەتەن ئايەت ئۇلۇھىيەت مەسىلىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدى، ئۇلۇھىيەت مەسىلىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسىدىكى، بولۇپمۇ مەككىيە سۈرىسىدىكى تۈنجى ۋە ئەڭ چوڭ مەسىلىدۇر.

ئايەتلەر اللەنىڭ شېرىكى يوق يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتا، ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى پىلانلاشتا ھەمدە ھەرقانداق ئىشتا اللەنىڭ شېرىكىنىڭ يوقلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلدى.

ئايەتلەر ئاشۇ يېگانە ئىلاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ نازىل بولماقتا ئىدى.. ئايەتلەر تاكى مەيلى مۇئمىنلەر بولسۇن ياكى كاپىرلار

بولسۇن ھەممىسىگە روشەن بولغانغا قەدەر اللەدىن شېرىكلەرنى يىراقلاشتۇرماقتا ئىدى..

كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىپ كەلگەن پاكىتلارغا قارشى چىقتى. ئۇلار الله كاپىرلار توغرىسىدا بايان قىلغان مۇنۇ سۆزلەرنى قىلدى:

( أَجَعَلَ الْآلِهَةَ إِلَهاً وَاحِداً إِنَّ هَذَا لَشَيْءٌ عُجَابٌ ) [ صّ : 5 ]

(ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش») 

اللەنىڭ شېرىكى يوق يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى ئاشكارا بولغان ۋاقىتتا، كىشىلەردىن شېرىكى يوق يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىش تەلەپ قىلىندى؛ چۈنكى، شېرىكى يوق يېگانە الله كىشىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا، ئاتالمىش ساختا ئىلاھلارنى تاشلىۋېتىشكە،

رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان نەرسىلەرگە ئەگىشىشكە، اللەدىن باشقا ئەۋلىيالارغا ئەگەشمەسلىككە ئەك لايىقتۇر.

( **اتَّبِعُوا مَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ قَلِيلاً مَا تَذَكَّرُونَ** ) [ الأعراف : 3 ]

((ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، الله نى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرۇدىغان ) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز ـ نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر)

بۇنىڭغا ئاساسەن كىشىلەر ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ :

ئۇنىڭ بىرى: مۇئمىنلەر گۇرۇھى بولۇپ، ئۇلار اللەنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىدۇ-دە شېرىكى يوق يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىدۇ، رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان نەرسىلەرگە ئەگىشىدۇ؛

يەنە بىرى: گۇناھكارلار گۇرۇھى بولۇپ ئۇلار اللەنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشتىن، شېرىكى يوق يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن، رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان نەرسىلەرگە ئەگىشىشتىن باش تارتىدۇ.

ئۇنداقتا قۇرەيشلەر بۇ ئىككى تەبىقىنىڭ قايسىسىغا كىرىدۇ؟

ئايەتلەر تەپسىلىي بايان قىلىشتىن بۇرۇن قۇرەيشلەر قانۇن ئىگىسى ئىدى. مۇئمىنلەر بولسا قۇرەيشلەر ۋە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قانۇنغا قارشى چىققۇچىلار ئىدى.

ئايەتلەر تەپسىلىي بايان قىلىغاندىن كېيىنكى ئەھۋال قانداق بولدى؟

قۇرەيشلەر اللەنىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشتىن، شېرىكى يوق يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن، رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان نەرسىلەرگە ئەگىشىشتىن باش تارتقاندىن كېيىن ئۇلار يەنە قانۇن ئىگىسىمۇ؟

مۇئمىنلەر بولسا يەنىلا قۇرەيشلەر ۋە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قانۇنغا

قارشى چىققۇچىلارمۇ؟ ياكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەھۋال ئۆزگىرىپ قۇرەيشلەر ۋە ئۇلار بىلەن بىر سەپتىكى كىشىلەر گۇناھكارلار، مۇئمىنلەر بولسا قانۇن ئىگىسىگە ئايلاندىمۇ؟

كىشىلەرگە گۇناھكارلارنىڭ زادى كىملەر ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ يولىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ھەمدە ئەكسىچە كىملەرنىڭ ھەق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى، ھەق يولنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش دەۋەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ بۇرۇلۇشتۇر.

قۇرەيشلەرگە نىسبەتەن قىيىن مەسىلە شۇ ئىدىكى، قۇرەيشلەر باي، يۈز-ئابرۇيلۇق ، مەرتىۋىلىك بولۇشتىن باشقا يەنە بارلىق ئەرەبلەر ئۇلۇغلايدىغان بەيتۇللانىڭ خىزمەتچىلىرى ئىدى.

قۇرەيشلەردە جاھىلىيەت ئۆلچىمى بويىچە ئىيتقاندا، ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارغا نىسبەت بېرىدىغان توغرا يولدىن چەتنەپ كەتكەن دىنىنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن قانۇن ۋاستىلىرى تولۇق تېپىلاتتى.

بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنىغا قارىشى چىققۇچى مۇئمىنلەر ئاجىز، نامرات، كۈچى يوق، مال دۇنياسى يوق، ھۆكۈمالاردىن ھېچقانداق تايانچىسى يوق ھالەتتە ھاكىمىيەت ساھەسىدىن يىراقلىشىشى تولىمۇ قىيىن ئىش ئىدى.

توغرا ئەقىدە قۇرەيشلەرگە ئۇلارنىڭ ئاتالمىش قانۇنىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرەتتى ۋە قۇرەيشلەرگە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەتتى.

ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى شۇكى، قۇرەيشلەر يېگانە ئاللەغا ئىمان ئېيتىشنى ۋە ئىبادەت قىلىشنى ۋە ئاللە چۈشۈرگەن نەرسىلەرگە ئەگىشىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھېچقانداق قانۇنى يوق گۇناھكارلار ئىدى.

بۇيەردە بىز سورايمىزكى: ئەگەر مۇئمىنلەر مەككىدە قۇرەيشلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسا گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولارمىدى؟

قۇرەيشلەر قانۇن ئىگىسى، مۇئمىنلەر بولسا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قانۇنغا قارشى چىققۇچىلار بولغان مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە

ئەگەر مۆئمىنلەر مەككىدە قۇرەيشلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسا مەسىلىنىڭ بەيتۇللانىڭ خىزمىتىنى قىلىش، يۈز-ئابرۇي ، ئۆرپ-ئادەت بايلىقى ۋە تارىخ بايلىقىدىن باشقا ئۆلچەيدىغان يەنە بىر ئۆلچىمى بارلىقى ۋە بۇ ئۆلچەمنىڭ **«لاالە الا اللە»** ئىكەنلىكى، **«لاالە الا اللە»** دېگەن شېرىكى يوق يېگانە اللەنىڭ ئۇلۇھىيىتىگە ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن اللە چۈشۈرگەن نەرسىلەرگە ئەگىشىشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە بۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكى ۋە بۇ ئۆلچەمنىڭ ھەرقانداق نەرسىنى ئۆلچەيدىغان تارازا ئىكەنلىكى، بىرەر كىشىنىڭ قەلبىدە — ئەنسارلارنىڭ قەلبىدە روشەن بولغاندەك- روشەن بولارمىدى؟

ئەگەر مۆئمىنلەر مەككىدە قۇرەيشلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسا، مۆئمىنلەر ئۈستىگە ئالغان بۇ ھەقنىڭ ئەنسارلارنىڭ قەلبلىرىگە يەتكەندەك بارلىق كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگە يېتىشى مۇمكىن بولارمىدى؟ ياكى قۇرەيشلەرنىڭ تۇمانلىرى ھەقىقەتنى يېپىۋېلىپ ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن مەسىلە ئۇرۇش ۋە ئۇرۇلۇش،

غەلىبە قىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇش مەسىلىسىگە ئۆزگىرىپ كېتىشى ھەمدە **«لااله الا الله»** مەسىلىسى كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسىدا مەۋجۇت بولغان تەقدىردىمۇ سۈرىتى بار، روھىيىتى يوق مەسىلىگە ئايلىنىپ قالارمىدى؟!

مەن سۈرەت ناھايىتى ئېنىق دەپ ئويلايمەن..

[(**كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ** ) قولۇڭلارنى يىغىڭلار] دېگەن بۇ بۇيرۇق بارلىق مەيداننىڭ سىرىدۇر!

[(**كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ** ) قولۇڭلارنى يىغىڭلار] دېگەن بۇ بۇيرۇق ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسىلىسى بولغان **«لا اله الا الله»** مەسىلىسىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. شۇڭا **«لا اله الا الله»** مەسىلىسى پاك، سۈزۈك، روشەن ھالدا باشقا مەسىلىلەرگە ئارىلىشىپ كەتمەستىن ئاشكارا بولدى ھەمدە الله ساپ ھىدايەتنى ئىرادە قىلغان قەلبلەرگە كىردى ۋە بۇ قەلبتە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. شۇنىڭ بىلەن «لا اله الا الله» غا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر شەك

قىلماستىن، ئۆزىنى ئاقلىماستىن، مېلىنى قوغدىماستىن، تىنچ تۇرمۇشىنى قوغدىماستىن كۈپرىلىقنى ئىنكار قىلدى. بۇ اللەنىڭ جارى بولۇۋاتقان قانۇنىدۇر.

( **لِيَهْلِكَ مَنْ هَلَكَ عَنْ بَيِّنَةٍ وَيَحْيَى مَنْ حَيَّ عَنْ بَيِّنَةٍ** ) [ الأنفال : 42 ] .

(الله نىڭ مۇنداق قىلىشى ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى، ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى.)

[( **كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ** ) قولۇڭلارنى يىغىڭلار] دېگەن بۇ بۇيرۇق پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بۇ روشەن ئىشلار دەۋەتنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىدىندۇر. «**لا اله الا الله** » بويىچە گۇناھكارلار ۋە مۇئمىنلەرنىڭ يولى ئاشكارا بولماي تۇرۇپ، گەرچە دەۋەتكە مەلۇم سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ھالاكەت

يەتمىگەن تەقدىردىمۇ، بازىنىڭ كىڭىيىشى ۋە دەۋەتنىڭ ئۆز ئورنىدا داۋام قىلىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

مەسىلە [( كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ ) قولۇڭلارنى يىغىڭلار] دېگەن بۇ بۇيرۇق يولى بىلەن روشەن بولغان ۋاقىتتا ئەنسارىلار كەلدى.

ئەنسارىلار كەلگەندە بازا كېڭىيىپ تارىختا ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

* * *

بىز بۇ يەردە بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئەنسارىلار كىملەر؟

ئەنسارىلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئوبرازىدىن ئەجەبلىنىش ۋە مۇسىبەتلەرگە ئۇزۇن زامان چىرايلىقچە سەبىر قىلغان ھەمدە قاتتىق بالايى ئاپەتلەر ئالدىدا تەۋرەنمەي مۇستەھكەم تۇرغان مىسلىسىز جامائەتكە ھېسداشلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن قىزىققان

جامائەتمۇ؟! ياكى ئەنساربلار ئۆزىنى قوماندانغا تولۇق تاپشۇرۇش ۋە مۇجاھىدلار سېپىگە كىرىش ئۈچۈن كەلگەن ئەسكەرلەرمۇ؟

دەۋەت تارىخىدا بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى ئارىلىق نېمىدېگەن يىراق ھە!

شۈبھىسىزكى، ئەنسارلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىدىن ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇلارنىڭ قەلبىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەت ئىچىدە تەڭداشسىز ئۈلگە ئىدى.

شۈبھىسىزكى، ئەنسارلارنىڭ ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن تۈرلۈك ئازابلاش ۋە ئۇنىڭغا سەبىر قىلىشلارنىڭ كۆپلىكىدىن زېمىندىكى ئازابلانغۇچىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئۇلارنىڭ قەلبىدە بار ئىدى.

لېكىن ، بۇلار ئەنساربلارنى ھەركەتلەندۈرگەن بىردىن-بىر سەۋەب بولماستىن، بەلكى، دەسلەپتە بۇلارنى ھەركەتلەندۈرگىنى ئۇلارنىڭ اللەدىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ اللەنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشىدۇ. ئۇلار اللەنىڭ رەببى ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللەنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، ئىسلامنىڭ دىنى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتتى، شۇڭا بۇيرۇقنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىشقا، اللە ئۈچۈن ياشاپ، اللە ئۈچۈن ئۆلۈشكە بەيئەت بېرىش ئۈچۈن كەلدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلارغا «مېنى قوغدامسىلەر؟» دېگەندە ئۇلار: ‹بىز سىنى ئاياللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىزدىنمۇ بەكراق قوغدايمىز، ئەگەر سەن بىزنى چۆلنى كېسىپ ئۆتۈشكە بۇيرۇساڭ چۆلنى كېسىپ ئۆتىمىز. ئەگەر دېڭىزغا كىرىشكە بۇيرۇساڭ دېڭىزغا كىرىمىز دېيىشتى.›

ئەنسارىلار يېڭى دەۋەتنىڭ مۇكەممەل قوشۇنىدۇر.

شۇنداق بولسىمۇ، بۇ جامائەت ئۇزۇن ۋاقىت كەلمىدى، بەلكى، ئۇلار اللەنىڭ دەرگاھىدا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كەلدى.

لېكىن ، ئەنسارىلار راستتىنلا قىزىققانلىق، ياخشى كۆرۈش، ھېسداشلىق قىلىش سەۋەبى بىلەنلا كەلگەن قىزىققان جامائەت بولغان بولسا ئەھۋال قانداق بولار ئىدى؟

ئەنسارىلارنىڭ قىزىققانلىقى دەۋەت يولىنىڭ بالايى ئاپەتلىرىگە سەبىر قىلالامتى. ئەنسارىلارنىڭ قىزىققانلىقى اللەنىڭ دۈشمەنلىكنى چىكىندۈرۈشتىكى تەقدىرى كەلگەنگە قەدەر قارشىلىقلارغا سەبىر قىلالامتى؟!

ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنسارىلارنىڭ دەۋەت سېپىگە ۋە ئىسلامغا كىرگەنلىكىدىن خۇشال بولۇشىغا كەلسەك بۇ شەك يوق بىر ئىشتۇر.

ئەمما، مەككە ئەھلىدىن بولغان مۇئمىنلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشنى كۆرگەنلىكىدىن خۇشال بولۇشىغا كەلسەك، بۇ شەك يوق بىر ئىشتۇر.

ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنسارىلار بىلەن دەۋەت سېپىدە ھەركەتلىنىشىگە كەلسەك، بۇ نۇرغۇنلىغان شەك-شۈبھىلىك

بىر ئىشتۇر. بۇنىڭ دەلىلى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنسارىلاردىن «مېنى قوغدامسىلەر؟» دەپ سورىشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سوئالى ئەنسارىلارنىڭ ئىمانى توغرىسىدا بولمىدى، بەلكى، ئىماندىن كېيىنكى يەنە بىر باسقۇچ توغرىسىدا بولدى. ئۇ باسقۇچ بولسىمۇ ئەنسارىلارنىڭ ئۆزى ئىمان ئېيتقان ۋە ھەق ئىكەنلىكىنى تونۇغان نەرسە ئۈچۈن ئۆزىنى ئەسكەر قىلىشىدۇر.

ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئۇلارنىڭ قىزىققان جامائەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تېخى ئۆزىنى دەۋەت ئۈچۈن ئەسكەر قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۇلار بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلمايتتى. بازا ئىمان ئېيتقان لېكىن ، ئۆزىنى دەۋەتنىڭ تەكلىپلىرىنى كۆتۈرىدىغان ئەسكەر قىلمىغان قىزىققان جامائەت بىلەن ھەرگىز كىڭەيمەيتتى.

* * *

ئەنسارىلار قاچان ئۆزىنى دەۋەتنىڭ ئەسكىرى قىلدۇ ؟

بىز بۇندىن بۇرۇن شۇنداق دىگەنكى: مەككىدە مۇئمىنلەر ياققان ئوت بىلەن مەدىنىدىكى ئەنسارلار نۇرلاندى. شۇڭا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە يېڭى دىنىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلغىلى كەلدى.

ئەنسارىلار اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن كەلدى، -شۇنداق- لېكىن ، اللەنىڭ قانۇنى بويىچە كەلدى.

يېڭى دەۋەتكە شاھىت بولىدىغان رېئال ئۇلگىلەرنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۆزلۈكىدىن توپلىشىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن كىيىن كېڭىيىدىغان باش مەركەزنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدۇر. بۇ مەركەزنىڭ ھەجمى اللەنىڭ ماددىي كائىنات ۋە ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى قانۇنى بويىچە كىڭيىدۇ.

باش مەركەز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا مەككىدە شەكىللەنگەن ۋە الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ۋەھيى شەكىللەندۇرگەن ۋە ئۇنى ئۇلۇغ تەربىيچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز روھىدىن قوشۇپ تاۋلاپ چىققان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن

ئۆزىنىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىقىنى سەرپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان .. ئاندىن كېيىن سىناقلار كېلىپ ئۇنى مۇستەھكەم تاۋلاپ اللەغا يېقىنلاشتۇرغان مۇئمىنلەر جامائىتىدۇر.

[( كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ ) قولۇڭلارنى يىغىڭلار] دېگەن بۇ بۇيرۇق ئارقىلىق تارىخنى بارلىققا كەلتۈرگەن باش قوماندانلىق مەركىزى تەشكىللەندى.

ئەگەر مۇئمىنلەر مەككىدە قۇرەيشلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسا باش مەركەزنىڭ شەكىللىنىشى كۆپ كېچىككەن ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا مەسىلە ئۇرۇش ۋە ئۇرۇلۇش، غەلىبە قىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇش مەسىلىسىگە ئۆزگىرىپ كەتكەندە **«لا اله الا الله»** مەسىلىسىنى تۇمانلار قاپلىۋالغان بولاتتى. شۇنىڭدەك، مۇستەھكەم تاۋلانغان مەركەز ئەتراپىغا تاۋلانغان جامائەتلەرنىڭ توپلىنىشىمۇ كېچىككەن بولاتتى.

بىز هازىر [(**كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ** ) قولۇڭلارنى يىغىڭلار] دېگەن بۇ بۇيرۇق ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

ھەقىقەتەنمۇ [(**كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ** ) قولۇڭلارنى يىغىڭلار] دېگەن بۇ بۇيرۇق ئارقىلىق دەۋەت يولىدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك نۇرغۇنلىغان ئىشلار بارلىققا كەلدى.

ئەگەر ئىپادىلەش توغرا بولسا قارشىلىشىش ئورنى ئۆزگەردى... قارشىلىشىش ئورنى «**لا اله الا الله**» مەسىلىسى توغرىسىدا بولدى.

قۇرەيشلەر بىلەن مۇئمىنلەر ئارىسىدىكى داۋاملىشىۋاتقان كۈرەش زېمىنغا ئىگە بولۇش ۋە سىياسىي ھۆكۈمرانلىق توغرىسىدىكى كۈرەش بولمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بېرىلدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەتلا «**لا اله الا الله**» مەسىلىسىدە چىڭ تۇردى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇئمىنلەر ھۆكۈمرانلىققا ئېرىشىش مەقسىتىدە بىرەر قېتىممۇ ھەرىكەت قىلمىدى.

قۇرەيشلەر بىلەن مۆئمىنلەر ئارىسىدىكى داۋاملىشىۋاتقان كۆرەش بەيتۇللانىڭ خىزمىتىنى قىلىش شەرىپى ۋە ھاجىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش شەرىپىگە ئېرىشىش ئۈچۈن  بولمىدى.

قۇرەيشلەر بىلەن مۆئمىنلەر ئارىسىدىكى داۋاملىشىۋاتقان كۆرەش پەقەت قۇرەيشلەر ئىگە بولغان، مۆئمىنلەر ئىگە بولالمىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن مۆئمىنلەرگە ئاچ قويۇش، ئېمبارگو يۈرگۈزۈش (قامال قىلىش) ئارقىلىش ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىقتىسادى كۈچكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بولمىدى.

بەلكى، قۇرەيشلەر بىلەن مۆئمىنلەر ئارىسىدىكى داۋاملىشىۋاتقان كۆرەش ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە ئۈچۈن بولغان ئىدى.

ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە: مەئبۇد(ئىبادەت قىلىنىدىغان) كىم؟ ئىش ئىگىسى كىم؟ قانۇن چىقارغۇچى كىم؟ ھايات يولىنى بەلگىلەپ بەرگۈچى كىم؟ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت.

قۇرەيشلەر بۇ مەسىلىلەرنى ھاۋايى-ھەۋەسلىرى، خىياللىرى، ئاتا بوۋىسىدىن قالغان مىراسلىرى، ئۆرۈپ-ئادەتلىرى ئۈچۈن قىلىشنى ئىرادە قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكى مۇئمىنلەر بولسا ئۇنى پەقەت الله ئۈچۈن قىلىشنى ئىرادە قىلىدۇ.

بىنانى كۆتىرەيدىغان تايانچ بازىنى تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئۇنى تولۇقلاش ئەمەلگە ئاشتى[10] ..

ئايەتلەرنىڭ تەپسىلىي بايان قىلىشى ۋە گۇناھكارلار يولىنىڭ ئاشكارا بولۇشى بىلەن شەرىئەت (قانۇن) مەسىلىسى ھەل بولدى.

ئاخىرىدا باش مەركەزدىكى كىشىلەر ياققان ئوتتىن نۇرلانغان ئەسكەرلەر بىلەن بازا تېخىمۇ كېڭەيدى. ئەنسارىلار اللهنىڭ تەقدىرى ۋە اللهنىڭ قانۇنى بويىچە ئاشۇ مەركەزنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى، ئۇلار بۇ كۆرەشكە ھەقىقىي كۈچ قوشتى.

---

[10] ستتكلم عن عملية التربية في فصل قادم .

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر ئەھمىيەتلىك ئىش ئەمەلگە ئاشتى، ئۇ ئىش بولسىمۇ الله ئۈچۈن خالىس بولۇشتىن ئىبارەت.

الله ئۈچۈن خالىس بولۇش بازىغا نىسبەتەن ۋە بارلىق مۆئمىنلەرگە نىسبەتەن ئىيتقاندا دەۋەت موھتاج بولىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

الله ئۈچۈن خالىس بولۇش مەككىدىكى تەربىيە مەزگىلىدە الله تەرەپتىن نازىل بولغان ئىبادەتنى اللهغا خالىس قىلىشقا چاقىرىدىغان ئايەتلەر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆبرازىدىكى بىۋاستە ئۈلگىلەر ئارقىلىق ساپ تاللانغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇنلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىبادەتنى اللهغا قانداق خالىس قىلىشنى ئەملى يوللار ئارقىلىق ئۆگەتتى .

ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى الله  ئەڭ گۈزەل شەكىلدە تەربىيەلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن قاتتىق بىئارام بولغان

ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا قاتتىق ھېرىسمەن بولۇپ ئۇلارنىڭ اللەنىڭ توغرا يولىدىن يۈز ئۆرىگەنلىكىدىن قاتتىق قايغۇراتتى، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خاراكتېرىدىكى ياخشىلىقنى بارلىق كىشىلەرگە ياخشى كۆرۈش پېتىرتىدىن بولغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بىرىش ئۈچۈن ۋەھيى نازىل بولدى.

**﴿ قَدْ نَعْلَمُ إِنَّهُ لَيَحْزُنُكَ الَّذِي يَقُولُــونَ فَإِنَّهُمْ لا يُكَذِّبُونَكَ وَلَكِــنَّ الظَّالِمِينَ بِآيَاتِ اللَّهِ يَجْحَدُونَ ﴾** [ الأنعام : 33 ] .

(ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ)، (ھەقىقەتتە) زالىملار اﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.)

( **وَاصْـبِرْ وَمَا صَـبْرُكَ إِلَّا بِاللَّهِ وَلا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَلا تَكُ فِي ضَـيْقٍ مِمَّا يَمْكُرُونَ** ) [ النحل : 127 ] .

((ئى مۇھەممەد!) (الله نىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەرزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، سەۋرەڭ پەقەت الله نىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتمىغانلىقى) غا قايغۇرمىغىن. ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرىسىدىن يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن.)

ۋەھيى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن غەم قايغۇنى كەتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭ الله تەرەپتىن نازىل بولغان ئايەتلەرگە تەشنا بولۇشى ئۈچۈن نازىل بولىدۇ.

( **فَلَعَلَّكَ بَاخِعٌ نَفْسَــــكَ عَلَى آثَارِهِمْ إِنْ لَمْ يُؤْمِنُوا بِهَذَا الْحَدِيثِ أَسَفاً ، إِنَّا جَعَلْنَا مَا عَلَى الْأَرْضِ زِينَةً لَهَا لِنَبْلُوَهُمْ أَيُّهُمْ أَحْسَنُ عَمَلاً ، وَإِنَّا لَجَاعِلُونَ مَا عَلَيْهَا صَعِيداً جُرُزاً** ) [ الكهف : 6 - 8 ] .

(ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا، ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزۈڭنى هالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن. ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق. بىز چوقۇم يەر يۈزىدىكى (دەل ـ دەرەخ، تاغ ۋە بىنا قاتارلىق) نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىپ، يەر يۈزىنى تۈپتۈز باياۋانغا ئايلاندۇرىمىز.)

**( وَإِنْ كَانَ كَبُرَ عَلَيْكَ إِعْرَاضُهُمْ فَإِنِ اسْتَطَعْتَ أَنْ تَبْتَغِيَ نَفَقاً فِي الْأَرْضِ أَوْ سُلَّماً فِي السَّمَاءِ فَتَأْتِيَهُمْ بِآيَةٍ وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَجَمَعَهُمْ عَلَى الْهُدَى فَلا تَكُونَنَّ مِنَ الْجَاهِلِينَ ، إِنَّمَا يَسْتَجِيبُ الَّذِينَ يَسْمَعُونَ وَالْمَوْتَى يَبْعَثُهُمُ اللَّهُ ثُمَّ إِلَيْهِ يُرْجَعُونَ )** [ الأنعام : 35 – 36 ] .

((ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا يەر ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ بىر مۆجىزە كەلتۈرەلىسەڭ

(كەلتۈرگىن)، ئەگەر اﷲ خالىسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھىدايەتكە بىرلەشتۈرەتتى، سەن ھەرگىز (اﷲ نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدىغانلاردىن بولمىغىن.)

ۋەھيى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنىڭ پەقەتلا ھەقنى يەتكۈزۈش ئىكەنلىكى، نەتىجىنى الله ئۆزى بارلىققا كەلتۈرىدىغانلىقىنى دېيىش ئۈچۈن نازىل بولىدۇ.

( **إِنَّكَ لا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ** ) [ القصص : 56 ] .

(شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن الله ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، اﷲ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.)

دىققەتنى تارتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىش شۇكى، مەككىدىكى تەربىيە مەزگىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا غەلىبە توغرىسىدا بىرەر ۋەدە نازىل بولغان ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلگەن:

( **وَإِنْ مَا نُرِيَنَّكَ بَعْضَ الَّذِي نَعِدُهُمْ أَوْ نَتَوَفَّيَنَّكَ فَإِنَّمَا عَلَيْكَ الْبَلاغُ وَعَلَيْنَا الْحِسَابُ** ) [ الرعد : 40 ]

(ئۇلارغا بىز ۋەدە قىلغان ئازابنىڭ بەزىسىنى ساڭا كۆرسەتسەكمۇ (يەنى سېنىڭ هايات ۋاقتىڭدا نازىل قىلساقمۇ) ياكى سېنى (مۇشرىكلارغا ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن) قەبزى روھ قىلساقمۇ، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز هېساب ئېلىشتۇر.)

لېكىن ، بۇ دىنىنىڭ غەلىبە قىلىپ پۈتكۈل ئالەملەرگە يېتەكچىلىك قىلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدە جەزمىيەتكە ئايلانغان.

**يقول خباب بن الأرت رضـي الله عنه : شـكونا إلى رسـول الله صـلى الله عليه وسـلم وهو متوسـد بُردة له في ظل الكعبة ، فقلنا ألا تستنصر لنا ؟ ألا تدعو لنا ؟ ( وذلك لما اشتد إيذاء المشركين للمؤمنين في مكة ) فقال صلى الله عليه وسلم : " قد كان من قبلكم يؤخذ الرجل ، فيُحفر له في الأرض ، فيجعل فيها ، ثم يؤتى بالمنشار ، فيُوضع على رأسه فيُجعل نصفين ، ويُمشط بأمشاط الحديد ما دون لحمه وعظمه ، ما يصدّه عن ذلك دينه . والله ليتمنّ الله هذا الأمر ، حتى يسير الراكب من صنعاء إلى حضرموت ، لا يخاف إلا الله والذئب على غنمه ، ولكنكم تستعجلون " [11] .**

خەبباب **(خباب بن الأرت رضي الله عنه)** مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلدۇق، ئۇ كەئبىنىڭ سايىسىدە تونىنى بېشىغا قويۇپ ئۇخلاۋاتتى، بىز ئۇنىڭغا سەن بىز ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلمامسەن؟ بىز ئۈچۈن دۇئا قىلمامسەن؟-

---

[11] **رواه البخاري .**

دېدۇق. (بۇ ۋاقىتتا مەككىدە مۇشرىكلارنىڭ مۇئمىنلەرگە بولغان ئەرزىيەتلىرى قاتتىق كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەردىن بىر كىشى كاپىرلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئۆرەك كولاپ، ئۇنىڭغا تاشلىنىپ ھەرە ئېلىپ كېلىنىپ ئۇنىڭ بېشىغا قويۇلۇپ ئىككى پارچە قىلىنغان ھەمدە تۆمۈر تارغاقلار بىلەن تارالغان ئىدى، لېكىن ، بۇ ئازاپلار ئۇنى دىنىدىن ياندۇرالمىغان ئىدى.

الله بىلەن قەسەمكى، الله چوقۇم بۇ ئىشىمىزغا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ، ھەتتاكى بىر كىشى الله ۋە قويلىرىغا ھۇجۇم قىلىدىغان بۆرىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىدىن قورۇقماي تۆگىسىگە مىنىپ سەنئادىن ھەزەرەلمەۋتكە ماڭىدۇ، لېكىن ، سىلەر بەكلا ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر» -دېدى .

ۋەھيىنىڭ يوليورۇقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبى خالىس بولدى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دىنىنىڭ ھايات

ۋاقتىدا ئۈستۈنلۈككە ئېرىششكە بولغان قىزغىنلىقتىن قەلبى خالى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقنى خالىس يەتكۈزدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى اللهغا خالىس بولۇش ئاساسى بىلەن تەربىيلىدىكى تارىخ كىتابلىرى بايان قىلغاندەك ئۇلار ئۆز نىسىۋىسىدىنمۇ خالى بولدى.

ئۇلارنىڭ بارلىق مەقستى ئىبادەتنى اللهغا خالىس قىلىش بولدى.

الله مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىدىن ئىبادەتنى اللهغا خالىس قىلغانلىقىنى بىلگەن ۋاقتتا، ئۇلارنى زىمىندا ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلەرگە قارشىلىق كۆرستىشكە رۇخسەت قىلدى.

**( أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ ، الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ بِغَيْرِ حَقٍّ إِلَّا أَنْ يَقُولُوا رَبُّنَا اللَّهُ وَلَوْلا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيراً وَلَيَنْصُرَنَّ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ، الَّذِينَ إِنْ**

**مَكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ** ) [ الحج : 39 – 41 ] .

(هۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى ، اﷲ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. (ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز اﷲ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئەگەر اﷲ ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە اﷲ نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسچىتلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى اﷲ نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە اﷲ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، اﷲ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر. اﷲ نىڭ ياردىمىگە ئېرىششكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئىشلارنىڭ

ئاقىۋىتى الله قا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە الله قا قايتىدۇ).)

# تەخىداشسىز ئەۋلادلار ئىچىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇنلار

نۇرغۇن كىشىلەر مەككىدىكى تەربىيە باسقۇچىدا تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇناسىپ ۋە تەبئي بولغان ئىشلارنى هازىرقى رئاللىقىمىزغا تەتبىقلىغىلى بولمايدۇ، بىز بۇ ئىشلارنى ئىبرەت ئىلىش ۋە ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تارىخنى بىلىش ئۈچۈن دەرسلىك قىلىمىز دەپ قارايدۇ.

بۇ ئىشلار ئېنىق روشەنلەشتۈرۈشكە موهتاجدۇر، چۈنكى، بۇ ئىشلار هازىرقى ۋاقىتتا ئىسلامى هەرىكەتنىڭ يولىنىڭ دوقمۇشىدۇر. ئىشلارنىڭ سۈرىتى ئېنىق ئايدىڭلاشمىسا ئىسلامى هەرىكەتلەر بىر-بىرىگە قارشىلىشىپ، بىرلىككە كەلەلمەيدۇ. بىراق، دىن دۈشمەنلىرى ئىسلام ئۈممىتىنى يوقىتىشتا هەممە تەرەپتىن بىرلىككە كېلىدۇ . ئۇلار ئىسلام ئۈممىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن هەمكارلىشىپ بىرلىكتە ئورۇش قىلىدۇ. خۇددى بوسنىيە

گىرىسگوۋنادا، كەشمىردە، شىشان شەھىردە .. ۋە ئۇنىڭدىن باشقا زېمىنلاردا بولۇۋاتقان ئىشلار بۇنىڭ ئەمىلى مىسالىدۇر.

بىز، پۈتكۈل جەمئىيەت شەك-شۈبھىسىز ھالدا اللهغا شېرىك كەلتۈرىۋاتقان، يېڭى دىنغا ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەرنىڭ سانى ئاز، ئاجىز، جەمئىيەت تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ھەمدە ئۇلار ئاشۇ ۋەزىيەتنىڭ تەلەپلىرى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان دەرىجىدىكى مەككە باسقۇچىدا ياشاۋاتىمىزمۇ؟ ياكى بىز ئىسلامدىن ئېغىپ كەتكەن، ئۇنىڭدىكى ۋەزىيەتلەرنى تۈزىتىش ۋە ئۇنى توغرا بولغان ئىسلامى سۈرەتكە قايتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىمىز زۆرۈر بولغان مۇسۇلمان جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىزمۇ؟ ياكى بىز قانداق جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز؟

بۇ مەسىلە ۋە ئۇ ھەقتە پەيدا بولغان جەڭگى-جېدەل ۋە بۇ جەڭگى-جېدەلگە ئەگىشىپ كېلىدىغان بۆلۈنۈشلەر ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى ۋە ئۇنى ھېس -تۇيغۇلىرىمىزنىڭ ياكى ياخشى كۆرىدىغان ياكى يامان كۆرىدىغان مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە

ئۆچرىماستىن، بۇ تەتقىقاتلارنى ئېنىق تەسەۋۋۇرغا يەتكۈزۈشنى توغرا تاپتۇق.

بىز پۈتۈنلەي مەككە باسقۇچىدا ئەمەس، چۈنكى بىز دەۋەت مەيدانلىرىدا دەۋەت ئىلىپ بېرىۋاتىمىز ۋە دەۋەتكە ئاۋاز قوشىۋاتىمىز، روزا تۇتىۋاتىمىز، ھەج قىلىۋاتىمىز، ھالبۇكى روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش مەدىنىدە پەرز بولغان!

بىز ھارام قىلىش ۋە ھالال قىلىش مەدىنىدە نازىل بولغان دېگەن ھۆكۈمگە چىڭ ئېسىلىۋالماستىن، الله ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام ساناپ، ھالال سانىغان نەرسىلەر ھالال ساناۋاتىمىز، الله ۋاجىپ قىلغان نەرسىلەرنى ۋاجىپ ساناۋاتىمىز.

بىز پۈتۈنلەي مەدىنە باسقۇچىدىمۇ ئەمەس، چۈنكى دەۋەت ئىشلىرىمىز ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمىدى، اللەنىڭ شەرىئىتى ئىسلام دۇنياسىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ھاكىم بولالمىدى. دەۋەتچىلەر تۈرمىلەردە يوقىتىلدى ياكى دارغا ئېسىلدى ياكى ئۇلار تۈرلۈك ۋاستىلار بىلەن سىقىلىشقا ئۇچرىدى.

ئۇنداقتا بىز زادى قايسى باسقۇچتا ؟ قايسى يول بىزگە ئەڭ مۇناسىپ كېلىدۇ ؟

بىزگە ئەڭ مۇناسىپ كېلىدىغان يول پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە اللەنىڭ ئەمرى بويىچە ئەگىشىپ ماڭغان يولمۇ؟ ياكى بۇ يول پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە اللەنىڭ ئەمرى بويىچە ئەگىشىپ ماڭغان يولمۇ؟ ياكى بىزگە ئەڭ مۇناسىپ كېلىدىغان يول بۇ ئىككى يولغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر يولمۇ؟

بىز بۇ ھەقتە مۇئەييەن بىر قائىدە پىرىنسىپقا ئېرىشەلمەي ئۆز كۆز قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز؟!

-سىز كۆرۈپ ئۆتكىنىڭىزدەك- بۇ مەسىلىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيىتى بولۇپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە موھتاجدۇر.

ھەقىقەتەن بۇ يەردە بىز بىلەن مەككە جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەر بار بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ بىز بىلەن مەككە جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرىدۇ.

ھەقىقەتەن مەككە جەمئىيىتىدە كىشىلەر بىرلا ئىلاھ ئىدىيەسىنى مۇتلەق ئىنكار قىلاتتى، قۇرئان كەرىم ئۇلار توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىپ كەلگەن تەۋھىد ئەقىدىسىدىن ھەيران قالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

( **أَجَعَلَ الْآلِهَةَ إِلَهاً وَاحِداً إِنَّ هَذَا لَشَيْءٌ عُجَابٌ** ) [ صّ : 5 ]

(ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش» [5].)

لېكىن ، بىز پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا اللەنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىمىز ۋە الله بىلەن باشقا ئىلاھلار بار دەپ ئېتىقاد قىلمايمىز.

مەككە جەمئىيىتىدە كىشىلەر ئۆلگەندىن كىيىن قايتا تىرىلىش ئىدىيەسىنى مۇتلەق ئىنكار قىلاتتى، قۇرئان كەرىم ئۇلار توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىپ كەلگەن ئۆلگەندىن

كيىن قايتا تىرىلىش ئەقىدىسىدىن ھەيران قالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

( وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا هَلْ نَدُلُّكُمْ عَلَى رَجُلٍ يُنَبِّئُكُمْ إِذَا مُزِّقْتُمْ كُلَّ مُمَزَّقٍ إِنَّكُمْ لَفِي خَلْقٍ جَدِيد ، أَفْتَرَى عَلَى اللَّهِ كَذِباً أَمْ بِهِ جِنَّةٌ ) [ سبأ : 7 - 8 ]

(كاپىرلار (بىر ـ بىرىگە) ئېيتىدۇ: «سىلەرگە سىلەر (قەبرىلەردە چىرىپ) تىتما ـ تالاڭ بولۇپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم يېڭىدىن يارىتىلىسىلەر دەپ خەۋەر بېرىدىغان بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ قويايلىمۇ؟ ئۇ الله قا يالغاننى توقۇدىمۇ؟ يا ئۇ ئېلىشىپ قالدىمۇ؟»)

لېكىن ، بىز ئومومى جەھەتتىن بىر قىسىم ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا قايتا تىرىلىش، ھېساب بېرىش، جەننەت، دوزاخ .. قاتارلىقلارغا ئىمان ئېيتىمىز.

مەككە جەمئىيىتىدە كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشى ۋە ئۇنىڭ اللهنىڭ ئەلچىسى

ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلاتتى. قۇرئان كەرىم ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

( **وَعَجِبُوا أَنْ جَاءَهُمْ مُنْذِرٌ مِنْهُمْ وَقَالَ الْكَافِرُونَ هَذَا سَاحِرٌ كَذَّابٌ** ) [ صٓ : 4 ]

(ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلگەنلىكىگە ئۇلار ھەيران قېلىشتى، كاپىرلار ئېيتتى: «بۇ بىر يالغانچى سېھىرگەردۇر.)

( **أَأُنْزِلَ عَلَيْهِ الذِّكْرُ مِنْ بَيْنِنَا** ) [ صٓ : 8 ]

(قۇرئان بىزگە نازىل بولماي ئۇنىڭغا نازىل بولدىمۇ؟»)

بىز بولساق بىر قىسىم ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ اللەنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، قۇرئان

ئىنسانىنىڭ سۆزى ۋە قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدىن بولماستىن، بەلكى، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان كالامى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىمىز.

شۈبھىسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتتۇر..

لېكىن ، بۇياققا كېلىك قېرىندىشىم بىز مەسىلىنى يەنە بىر تەرەپتىن تەھلىل قىلىپ باقايلى!

ئىسلام بەندە بىلەن الله ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ۋاسىتىلارنى يوقۇتۇپ، بەندە بىلەن الله ئوتتۇرىسىنى بىۋاستە باغلاش ئۈچۈن كەلدى.

( **وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ** ) [ البقرة : 186 ]

(مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا

قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن).)

سوپىزم كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسىدە نېمىلەرنى پەيدا قىلدى؟

شەيخ مۇرد(شەيخنىڭ ئەگەشكۈچىسى)نىڭ نەزىرىدە ئۇلۇغلىنىپ ھەتتاكى بەندە بىلەن الله ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىگە ئايلاندى. مۇرد شەيخنىڭ رۇخستىسىز اللەغا ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىم سۈپەتلىرىدىن بىرەر سۈپەت بىلەن دۇئا قىلالمايدۇ، چۈنكى، شەيخ قەلبلەرنى كۆرۈپ، ھەربىر قەلبكە مۇناسىپ كېلىدىغان ئىسىملارنى ۋە بۇ ئىسىملار ئىشلىتىلىدىغان ۋاقىتنى بېكىتىپ بېرىدۇ، شەيخنىڭ نوپۇزى مۇردلارنىڭ نەزىرىدە شەيخ ئۆلۈپ مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۆلۈم ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى شەيخنىڭ نۇپۇزىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. قەبرىدىن بەرىكەت تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ يېنىدا دۇئا قىلىش، قەبرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش ۋە

ئىلتىجا قىلىش ۋە قان قىلىش قاتارلىقلار مۇردىنىڭ شەيخ ئۈچۈن بولغان ئىخلاسىنىڭ بەلگىسىدۇر. بۇلار سوپىزمنىڭ نەزىرىدە اللەغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستىلاردۇر.

بۇ تۆۋەندىكى سۆزنى قىلغان مۇشرىكلاردىن پەرقلىنەمدۇ؟

( **مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى** ) [ الزمر : 3 ]

(اللە نى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: «بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى اللە قا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر» (دەيدۇ).)

مانا بۇ ئوچۇق-ئاشكارا شېرىك ئەمەسمۇ؟

ئىسلام ئىنسانلار پەيدا قىلىۋالغان قانۇنلارنى يوقىتىپ، اللەنىڭ شەرئىتىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى ئەقىدىگە باغلاش ئۈچۈن كەلدى.

( **وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ**) [ المائدة : 44 ]

(كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر .)

الله ئۆزىنىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرۈشنى ئىماننى يوقىتىدىغان مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى قىلدى.

**( وَيَقُولُونَ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالرَّسُولِ وَأَطَعْنَا ثُمَّ يَتَوَلَّى فَرِيقٌ مِنْهُمْ مِنْ بَعْدِ ذَلِكَ وَمَا أُولَئِكَ بِالْمُؤْمِنِينَ ، وَإِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ إِذَا فَرِيقٌ مِنْهُمْ مُعْرِضُونَ ، وَإِنْ يَكُنْ لَهُمُ الْحَقُّ يَأْتُوا إِلَيْهِ مُذْعِنِينَ ، أَفِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ أَمِ ارْتَابُوا أَمْ يَخَافُونَ أَنْ يَحِيفَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ وَرَسُولُهُ بَلْ أُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ ، إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَنْ يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ )** [ النور : 47 - 51 ] .

((مۇناپىقلار) «الله قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائە شۇنىڭدىن (يەنى

ئىمانىنى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن، (شەرىئەت ھۆكمىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۆمىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەيغەمبەر) ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اﷲ نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ (ھۆكمىگە) چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر جامائە (پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ. ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ تەرىپىدە بولىدىغان بولسا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن)، پەيغەمبەرگە بويسۇنغان ھالدا كېلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) ئىللىتى بارمۇ؟ يا) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن) گۇمانلىنامدۇ؟ يا اﷲ نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىدىن قورقامدۇ؟ ياق، ئۇلار (رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىدىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن) زالىمدۇر. (پەيغەمبەر) مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اﷲ قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار:

«ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.)

الله ئىنسانلارنىڭ الله نازىل قىلغان قانۇن پەرمانلارنى قويۇپ ئىنسانلار ئۆز خاھىشى بويىچە قانۇن قىلىۋالغان نەرسىلەرگە ئەگىششىنى اللەنىڭ غەيرىنى ئىلاھ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغانلىق بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويدى.

**( اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَاباً مِنْ دُونِ اللَّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا إِلَهاً وَاحِداً لا إِلَهَ إِلَّا هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ )** [ التوبة : 31 ] .

(ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى ، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى،

ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اﷲ تىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، اﷲ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىدىن پاكتۇر.)

ئىلمانىزىم كىشىلەر ھاياتىدا نېمىلەرنى پەيدا قىلدى؟ ئىسلام زېمىنىدىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر الله نازىل قىلغان قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلامدۇ؟ ئىلمانىزىم ئىدىيەسىدىكى كىشلەر اللەنىڭ شەرئىتى توغرىسىدا نېمىلەرنى دېدى ؟ مانا بۇ ئوچۇق-ئاشكارا شېرىك ئەمەسمۇ؟

ئۇنداقتا بىز بۇ ۋەزىيەتكە قانداق ھۆكۈم قىلىمىز ؟

ئىسلام دۇنياسىدا بۈگۈن مەۋجۇت بولۇۋاتقان ۋەزىيەتكە ھۆكۈم قىلىشتىكى مەسىلە كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسى بىلەن ئۇلارنىڭ رېئاللىقى ئوتتۇرسىدىكى قارمۇ-قارشىلىقلار ئىچىگە يوشۇرۇنغان.

بۇ يەردە بۇ قارمۇ-قارشىلىقلار بىلەن ھۆكۈم قىلىشتا: ئۇ دىنىدىن چىقامدۇ؟ ياكى دىنىدىن چىقىشتىن تۆۋەنرەك ئورۇندا تۇرامدۇ؟.. دېگەنگە ئوخشاش ئوخشىماسلىقلار بار

باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى مەسىلە كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسىدۇر.

-ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى- مىنىڭ قارىشىم شۇكى، كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسى دەۋەت يولىدا بىزنى مەشغۇل قىلىۋالماسلىقى، بۇ مەسىلىگە ئىسلىۋالماسلىقىمىز، بۇ مەسىلە ھەققىدە بۆلۈنمەسلىكىمىز ۋە تالاش –تارتىش قىلماسلىقىمىز، گۇرۇھلارغا بۆلۈنمەسلىكىمىز ۋە ھەربىر گۇرۇھ بىردىن يولغا كېتىپ قالماسلىقىمىز لازىم.

مەيلى ئېتىقادى شېرىك بولسۇن ياكى ئىبادەتتىكى شېرىك بولسۇن ياكى ھاكىمىيەتتىكى شېرىك بولسۇن-رەببىڭ رەھىم قىلغان كىشىلەردىن باشقا –كىشىلەر شىرىككە چۈشۈپ قالدى.. لېكىن ، ئۇلارنى مۇشرىك دەپ ھۆكۈم قىلىش بۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان باشقا

مەسىلىدۇر. شىرىككە چۈشۈپ قالغان ھەر بىر كىشىگە مۇشرىك دەپ ھۆكۈم قىلىشتا پەقەت مۇئەييەن شارائىت تولۇق تېپىلىشى ھەمدە ئۇنىڭدىن شىرىك ھۆكۈمىنى توسىدىغان سەۋەبلەر تېپىلماسلىقى كېرەك .

ئىبنى تەيمىيە (رحمه الله) مۇنداق دەيدۇ:

**" وكنتُ أبين لهم أن ما نُقل عن السـلف والأئمة ، من إطلاق القول بتكفير من يقول كذا وكذا ، فهو أيضـاً حق ، ولكن يجب التفريق بين الإطلاق والتعيين ، وهذه أول مسـألة تنازعت فيها الأمة من مسـائل الأصـول الكبار ، وهي مسـألة الوعيد ، فإن نصـوص القرآن في الوعيد مطلقة ، كقوله : ( إِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامَى ظُلْماً ) الآية .. وكذلك سـائر ما ورد : مَن فعل كذا فله كذا ، فإن هذه مطلقة عامة ، وهي بمنزلة قول من قال من السـلف : مَن قال كذا فهو كذا . ثم الشـخص المعين يلتغي حكم الوعيد فيه بتوبة أو حسـنات ماحية أو مصـائب مكفرة أو شفاعة مقبولة .. والتكفير هو من الوعيد ، فإنه وإن كان القول تكذيباً لما قاله الرسـول صـلى الله عليه وسـلم ، لكن قد يكون الرجل حديث عهد بإسلام ، أو نشأ ببادية بعيدة ، ومثل هذا لا يكفر بجحد ما يجحده حتى**

**تقوم عليه الحجّة . وقد يكون الرجل لم يسمع تلك النصوص ، أو سمعها ولم تثبت عنده ، أو عارضها عنده معارض آخر أوجب تأويلها ، وإن كان مخطئاً "** [12] .

«مەن ئۇلارغا تەلەپلەردىن ۋە ئىماملاردىن نەقلى قىلىنغان (كىمكى مۇنداق، مۇنداق دېسە، ئۇ ھەق، لېكىن ، مۇتلەق بىلەن مۇئەييەنلىكنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك ) دېگەن كىشى كاپىر بولىدۇ دېگەن مۇتلەق سۆزنى بايان قىلغان ئىدىم.

بۇ ئۇممەت تالاش-تارتىش قىلغان ئەڭ چوڭ ئۇسۇل مەسىلىلەردىن تۇنجى مەسىلە بولۇپ بۇ ۋەئىيد (تەھدىت سۆزى)دۇر.

قۇرئاننىڭ ۋەئىيد (تەھدىت ) توغرىسىدىكى تېكىستلىرى مۇتلەقتۇر:

---

[12] **مجموع الفتاوى ـ المجلد الثالث ـ ص 230 ـ 231 .**

**مەسىلەن( إِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامَى ظُلْماً )** دېگەن ئايەتكە ئوخشاش..ۋەھاكازالار.

(كىمكى مۇنداق ئىش قىلسا ئۇ مۇنداق بولىدۇ) بۇ مۇتلەق ھۆكۈم بولۇپ سەلەپلەردىن نەقلى قىلىنغان (كىمكى مۇنداق دېسە ئۇ مۇنداق بولىدۇ) دېگەن سۆزگە چۈشىدۇ.

بۇ يەردە مۇئەييەن شەخس بولۇپ ئۇنىڭدىن ۋەئىد (تەھدىت ) ھۆكۈمى تەۋبە قىلىش ياكى گۇناھنى ئۆچۈرىدىغان ياخشى ئىشلار ياكى گۇناھنى ئۆچۈرىدىغان مۇسىبەتلەر ياكى قوبۇل قىلىنىدىغان شاپائەت قاتارلىقلار بىلەن يوقايدۇ.

كاپىر دېيىش ۋەئىدنىڭ قاتارىدىندۇر، بىر كىشى گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن سۆزلەرنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ، ئۇ ئىسلامغا يېڭى كىرگەن ياكى يىراق سەھرادا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ،گەرچە ئۇ خاتالاشقان بولسىمۇ، بۇنداق كىشىنى پاكىت بولمىسا ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبىدىن كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ. ئېھتىمال ، ئۇ كىشى ئاشۇ تېكىستلەرنى

ئاڭلىمىغان بولۇشى ياكى ئاڭلىسىمۇ يادىدا قالمىغان بولۇشى مۇمكىن ..»

**وقال رحمه الله في مكان آخر** [13] : " **فإن نصــوص الوعيد التي في الكتاب والسنة ، ونصوص الأئمة بالتكفير والتفسيق ونحو ذلك ، لا يســتلزم ثبوت موجبها في حق المعين ، إلا إذا وجدت الشــروط وانتفت الموانع ، لا فرق في ذلك بين الأصول والفروع** " .

ئىبنى تەيمىيە (رحمه الله) يەنە بىر ئورۇندا مۇنداق دەيدۇ:

قۇرئان ۋە ھەدىستىكى ۋەئىيدنىڭ تېكىستلىرى ۋە ئىماملارنىڭ كاپىرغا نىسبەت بېرىش ۋە پاسىققا نىسبەت بېرىش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا نىسبەت بېرىشتىكى تېكىستلىرى شەرتلەر تولۇق تېپىلمىغان، ئۇنى چەكلىگۈچى ئامىللار بولغان ئەھۋالدا مۇئەييەن بىر كىشى ھەققىدە ئىسپاتلانمايدۇ(يەنى شەرتلەر تولۇق

[13] **مجموع الفتاوى ــ المجلد العاشر ــ ص 372 .**

تېپىلمىسا بىر كىشىنى كاپىرغا نىسبەت بېرىش ۋە پاسىققا نىسبەت بېرىش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا نىسبەت بېرىشكە بولمايدۇ.)

**وقال في موضع ثالث [14] : " وأما تكفيرهم وتخليدهم ففيه أيضاً للعلماء قولان مشهوران ، وهما روايتان عن أحمد ، والقولان في الخوارج والمارقين من الحرورية والرافضة ونحوهم . والصحيح أن هذه الأقوال التي يقولونها ، التي يعلم أنها مخالفة لما جاء به الرسول كفر ، وكذلك أفعالهم التي هي من جنس أفعال الكفار بالمسلمين هي كفر أيضاً . وقد ذكرت دلائل ذلك في غير هذا الموضع ، ولكن تكفير الواحد المعين منهم ، والحكم بتخليده في النار موقوف على ثبوت شروط التكفير وانتفاء موانعه . فإنما نطلق القول بنصوص الوعد والوعيد والتكفيروالتفسيق ، ولا نحكم للمعين بدخوله في ذلك العام ، حتى يقوم فيه المقتضى الذي لا معارض له ، وقد بسطت هذه القاعدة في قاعدة التكفير " .**

---

(14) مجموع الفتاوى ـ المجلد الثامن والعشرون ـ ص **500 ـ 501 .**

ئىبنى تەيمىيە (رحمه الله) ئۆچىنچى بىر ئورۇندا مۇنداق دەيدۇ: ئەمما، ئۇلارنى كاپىرلىققا نىسبەت بىرىش ۋە ئۇلارنىڭ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆلىمالارنىڭ مەشھۇر بولغان ئىككى خىل قارىشى بار. بۇ ئىككى خىل قاراش ئەھمەدتىن نەقلى قىلىنغان. بۇ ئىككى خىل قاراش ھەرۇرىيە (الحرورية) ۋە رافىزە (الرافضة) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دىندىن چىققۇچىلار ۋە خەۋارىجلار توغرىسىدىكى قاراشتۇر. سەھىھ قاراش شۇكى، بۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە قارشى دېگەن سۆزلىرى كۇپىرلىقتۇر. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىمۇ كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ئىش ھەرىكەتلىرىگە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن كۇپىرلىقتۇر. بۇنىڭ دەلىللىرى باشقا ئورۇندا سۆزلەندى. لېكىن ، ئۇلاردىن مۇئەييەن بىر كىشىنى كاپىر دېيىش ۋە ئۇلارنى جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىشتا كاپىرلىققا نىسبەت بىرىش شەرتلىرى ئىسپاتلىنىشى ۋە ئۇنى چەكلەيدىغان ئامىللار يوق بولىشى كېرەك . بەلكى، بىز بۇ سۆزگە ۋەدە، ۋەئىد، كاپىرغا نىسبەت

بىرىش، پاسقىلىقتا نىسبەت بىرىش تىكىستلىرىنى ئىشلىتىمىز، بىز مۇئەييەن بىر شەخسنى تولۇق پاكىت تېپىلمىغىچە ئاشۇ ئومومى هۆكۈم دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ هۆكۈم قىلمايمىز، مەن بۇ قائىدىنى كاپىرلىقتا نىسبەت بىرىش قائىدىرىدە تەپسىلىي بايان قىلدىم.»

گەرچە ئۇلارنىڭ هەممىسى مۇشرىك هۆكمىگە چۈشىدىغان كىشىلەر بولمىسىمۇ-رەببىڭ رەهىم قىلغان كىشىلەردىن باشقا — كىشىلەر جاهىلىيەت شېرىكىگە ئوخشايدىغان شىرىككە چۈشۈپ قالدى.

دەۋەتتە بىزگە مۇهىم بولىدىغان نەرسە ئىماننىڭ هەقىقىتىنى ۋە ئىماننى بۇزىدىغان ئامىللارنى بايان قىلىش ۋە كىشىلەرنى -ئۇلارنىڭ اللەنىڭ هۆكۈمدىكى مۇشرىك بولىشى ياكى مۇشرىك بولماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر- ئۇلار چۈشۈپ قالغان شىرىكنى تەرك ئېتىشكە دەۋەت قىلىش ۋە ئۇلارنى هەقىقىي ئىسلامغا بويسۇنۇشقا، ئارزۇ –ئارمان ۋە خىيال دۇنياسىدا ئەمەس، بەلكى، رېئال دۇنيادا ئىسلامغا بويسۇنۇپ ياشاشقا دەۋەت قىلىشتۇر.

بىزگە ئەڭ مۇھىم بولغىنى كىشىلەرگە: سەن مۇشرىك دىيىشىمىز بولماستىن، بەلكى، ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز سەن قىلىۋاتقان ئىشلار شېرىك ئىشلار دېيىشىمىز ۋە ئۇنى –ھېكمەت ۋە چىرايلىق ۋەز نەسىھەتلەر بىلەن – ئاشۇ شېرىكتىن چىقىشقا ھەمدە ئىسلامغا ھەقىقىي كىرىشكە دەۋەت قىلىشتۇر.

مانا بۇ كىشىلەر ياشاۋاتقان رېئاللىق ۋە بىزنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىمىز نۇقتىسىدىن ئىلىپ بېرىلغان تەھلىلدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن ئىيتقاندا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيىتى - رەببىڭ رەھىم قىلغانلار بۇنىڭ سىرتىدا– دەۋەتكە قارشى تۇرىدۇ ۋە دەۋەتچىلەرنى ئىماننى ۋە ئىماننى بۇزغۇچى ئامىللارنى تولۇق بايان قىلىشتىن توسىدۇ. بولۇپمۇ، الله نازىل قىلغاننىڭ غەيرىدىكى قانۇنغا ئالاقىدە بولغان ئىشلاردا دەۋەتچىلەرنى تېخىمۇ توسىدۇ؛ تۈرمىلەرگە سولاش، قاماش، دارغا ئېسىش .. قاتارلىقلار دەۋەت يولىدا دۇۋىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، **«لا اله الا الله»**نىڭ

ھەقىقەتنى الله نازىل قىلغاندەك بايان قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشىلەرنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

ئۇنداقتا، دەۋەتكە ئەڭ مۇناسىپ يول قايسى؟ بىز نېمىگە دەۋەت قىلىمىز؟ قايسى نۇقتىغا مەركەزلىشىمىز؟ قايسى ۋاستىلار بىزنى مەقسەت قىلغان نىشانىمىزغا يەتكۈزىدۇ ياكى يېقىنلاشتۇرىدۇ؟

ئەگەر بىز ۋەزىيەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلساق ۋە ھېكمەت ۋە چىرايلىق ۋەز نەسىھەتلەر بىلەن كىشىلەرگە ھۆججەت كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن ھازىرقى ئەۋلادلارغا ھۆكۈم قىلىشتىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەردىن قۇتۇلساق، گەرچە تامامەن ئوخشاپ كەتمىسىمۇ بىرقىسىم پەرقلەر سەۋەبىدىن، بىز دەۋەتنىڭ مەككە باسقۇچىغا يېقىن ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىمىز. ئۇ كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئوخشىماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان پەرىقلەردۇر. لېكىن ، بۇ پەرقلەر ۋەزىيەتكە ھۆكۈم قىلىشنى ۋە دەۋەت يولىنى ۋە نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ۋاستىلارنىڭ ئەڭ يىقىننى بېكىتىپ بېرىدىغان ۋەزىيەتكە ھۆكۈم قىلىشنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

بۇ يەردىن تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنى ئۈلگە قىلىش ئورنىنىڭ بەكمۇ كەڭرى ئىكەنلىكىنى، بىزگە زۆرۈر بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەردە تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋرىگە مۇراجىئەت قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى، بۇ دەۋرنى ئوچۇق كۆزىمىز بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭدىن دەۋەتتىكى يولىمىزنى تونۇۋېلىشىمىز، اللەنىڭ بىزگە توغرا يولنى ئىلھام قىلىشىغا تەلمۈرۈشىمىز لازىملىقىنى بىلىۋالالايمىز.

* * *

ئەگەر بىز ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلساق، ئون تۆت ئەسىر جەريانىدا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ يولىدا پەيدا بولغان نۇرغۇنلىغان ئازغۇنلۇقلارنى ئۇچرىتىمىز، بۇ ئازغۇنلۇقلار ئىسلام ئۈممىتىنى ئاستا-ئاستا ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىدىن يىراقلاشتۇردى، ھەتتاكى، ئىسلام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن ئىككىنچى غۇربەتچىلىككە قايتتى.

" **بدأ الإسلامُ غريباً ، وسيعود غريباً كما بدأ** " [15] ..

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئىسلام غەرىيب ھالەتتە باشلانغان يەنە غەرىيب ھالىتىگە قايتىدۇ..»دېگەن .

ئەگەر بىز بۇ ئازغۇنلۇقلارنى تەكشۈرىدىغان بولساق –يەنى بىز شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك ، چۈنكى كېسەلگە داۋالاش تۈرىنى بېكىتىش ئۈچۈن دىئاگۇنۇز قويۇشىمىز لازىم- بىز ئازغۇنلۇقنىڭ پەقەتلا ھەرىكەتتىلا بولماستىن، بەلكى، چۈشەنچىلەرگىمۇ سىڭىپ كىرگەنلىكىنى، ھەرقانداق ئىسلامى چۈشەنچىلەرگە ئازغۇنلۇقنىڭ يەتكەنلىكىنى، ئىبادەت چۈشەنچىسى، قازايى-قەدەر چۈشەنچىسى، دۇنيا-ئاخىرەت چۈشەنچىسى، مەدەنىيەت چۈشەنچىسى، تەلىم-تەربىيە چۈشەنچىسى، جىھاد چۈشەنچىسى.. قاتارلىقلار تەرەپلەرگە ئازغۇنلۇق يېتىشتىن باشقا «**لا اله الا الله** » چۈشەنچىسىگىمۇ ئازغۇنلۇقنىڭ يەتكەنلىكىنى،

---

**(15) أخرجه مسلم .**

بەلكى تېخى تۈنجى قەدەمدە **«لا اله الا الله »** چۈشەنچىسىگە ئازغۇنلۇقنىڭ يەتكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. [16]

ئەگەر ئىش شۇنداق بولىدىغان بولسا، بىز ئىشنى نەدىن باشلايمىز؟ دەسلەپتە «لا اله الا الله » چۈشەنچىسىنى تۈزىتىشتىن باشقا ئامال بارمۇ؟ ئەگەر كىشىلەر ئارىسىدا ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدە «لا اله الا الله » چۈشەنچىسى تۈزەلمىسە، كىشىلەرنىڭ هاياتىنى ئىسلامى بازىدا تىكلەش مۇمكىن بولامدۇ؟

ئەقلىنىڭ ۋەزىپىسى هەقنى بىلىشتۇر، قەلبىنىڭ ۋەزىپىسى بولسا زېهنىي چۈشەنچىلەرنى رېئال دۇنيادا ئەمەلى هەرىكەتكە ئۆندەشتۇر. مانا بۇ ئىسلاهات يولىدۇر.

هازىر بىز كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسىدىكى «لا اله الا الله » چۈشەنچىسىگە نېمىلەرنىڭ يەتكەنلىكىگە قاراپ باقايلى؟

هەقىقەتەن كىشىلەر كەينىگە چېكىندى، هەتتاكى، «لا اله الا الله » —رەببىڭ رەهىم قىلغان كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا- نۇرغۇنلىغان

---

**[16] خالىسىڭىز تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر دىگەن كىتابنى ئوقۇپ چىقىڭ .**

كىشىلەرنىڭ رېئاللىقىدا تەسىرى يوق پەقەتلا تىل بىلەن سۆزلىنىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالدى. بەلكى، «لا اله الا الله » نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ -مەيلى ئېتىقادى شېرىك بولسۇن ياكى ئىبادەتتىكى شېرىك بولسۇن ياكى قانۇن چىقىرىشتىكى شېرىك بولسۇن -شىرىككە چۈشۈپ قىلىشىدىن چەكلەپ قالالمىدى.

هازىرقى رېئاللىقىمىز بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئەۋەتىلگەن ۋاقىتتىكى جاهىلىيەت جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، ئەينى ۋاقىتتا مۇشرىكلار ئاشكارا شېرىك ئەمەللــەرنى قىلاتتى ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىرگە «لا اله الا الله » دېيىشنى رەت قىلاتتى..

ئەمما هازىرقى رېئاللىقىمىزدا كىشىلەر –رەببىڭ رەھىم قىلغان كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا- ئېغىزىدا «لا اله الا الله » دەيدۇ ئاندىن ھەرخىل ياكى پۈتۈنلەي شېرىك ئەمەللــەرنى قىلىدۇ.

شۇڭا بىز «لا اله الا الله »نىڭ ماھىيىتىنى بايان قىلىش، ئاندىن «لا اله الا الله »نى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ رېئال

تۇرمۇشىغا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى دەۋەت يولىغا ئوخشايدىغان يول تۇتۇپ مېڭىشقا موھتاجمىز .

مېنىڭچە بۇ تولىمۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپە بولۇپ تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئىسلامنىڭ تۇنجى غۇربەتچىلىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان تىرىشچانلىقلاردىنمۇ كۆپرەك تىرىشچانلىق سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ، چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى غۇربەتچىلىك دەۋرىدە كىشىلەرگە ئەمىلى ئۈلگە ۋە ئىلھام مەنبەسى بولۇپ ياشىغان ئىدى.

ئىسلامنىڭ تۇنجى غۇربەتچىلىك دەۋرىدىكى قىيىنچىلىق ئاتا – ئانىسى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ ئۆرۈپ-ئادەتلىرىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىش بىلەن بىرگە دۈشمەنلىشىشتىن پەيدا بولغان ئىدى.

( **فَإِنَّمَا يَسَّرْنَاهُ بِلِسَانِكَ لِتُبَشِّرَ بِهِ الْمُتَّقِينَ وَتُنْذِرَ بِهِ قَوْماً لُدّاً** ) [ مريم : 97 ] .

((ئى مۇھەممەد!) تەقۋادارلارغا خۇش ـ خەۋەر بېرىشىڭ ۋە سەركەش قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بىز قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ نازىل قىلدۇق)

( وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ اتَّبِعُوا مَا أَنْزَلَ اللَّهُ قَالُوا بَلْ نَتَّبِعُ مَا أَلْفَيْنَا عَلَيْهِ آبَاءَنَا أَوَلَوْ كَانَ آبَاؤُهُمْ لا يَعْقِلُونَ شَيْئاً وَلا يَهْتَدُونَ ) [ البقرة : 170 ] .

(ھەرقاچان ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «الله نازىل قىلغان نەرسىگە (يەنى الله پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ۋەھيىگە، قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟.)

ئەمما ئىسلامنىڭ ئىككىنچى غۇربەتچىلىك دەۋرىدە بىز كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا «لا اله الا الله »نى سۆزلەيدىغان قىلىشتا ھەرگىزمۇ مۇشەققەت تارتمايمىز، چۈنكى، ئۇلار ئەتىگەن –ئاخشامدا ئېغىزىدا «لا اله الا الله»نى سۆزلەۋاتىدۇ!

لېكىن ، مۇشەققەت شۇكى، ئۇلار ئېغىزىدا «لا اله الا الله»نى سۆزلەش بىلەنلا ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانغا ئايلاندى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەركىتىنىڭ قانداق بولۇشى ۋە «لا اله الا الله »نىڭ تەلەپلىرىنى قانچىلىك بۇزۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۆزلىرىگە ئىسلام سۈپىتى چاپلاشتى دەپ ئويلاۋاتىدۇ.

سەن ئۇلارغا «لا اله الا الله»نىڭ نۇرغۇنلىغان تەلەپلىرى بار، بۇلار تېپىلمىسا بىر ئىنسان مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ، بەلكى، ئۇنىڭ تىلىدا قىلغان ئىقرارى («لا اله الا الله»نى سۆزلىگەنلىكى) ئېتىبارغا ئېلىنىپ مۇرتەد ھېسابلىنىدۇ دېسەڭ، ئۇلار سىنى ئىنكار قىلىدۇ!

ئۇلار: بىز ئاۋۋالقى ئاتا بوۋىلىرىمىزدىن بۇنى ئاڭلىمىغان دەيدۇ!

شۈبھىسىزكى، كىشىلەر ئىرجائىزىم ئىدىيىسى **(الفكر الإرجائي)** نىڭ مەينەت پاتقىقىغا چۈشۈپ قالدى.

ئىرجائىزىم كىشىلەرگە «كىمكى لا اله الا الله دېسە ئۇ ھېچقانداق ئىسلامى ئەمەللەرنى قىلمىسىمۇ ئۇ مۇئمىن بولىدۇ، ئىمان دېگەن قەلبتە تەستىقلاش ياكى قەلبتە تەستىقلاش ۋە تىلدا ئىقرار قىلىشتۇر، ئىسلامنىڭ قانۇن پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىش ئىمان دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، ئىمان ئېيتسا گۇناھى- مەئسىيەتلەرنى قىلسىمۇ ئىمانغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ » دەيدۇ.

كىشىلەرنى ئىرجائىزىم ئىدىيىسى (الفكر ال إرجائي) نىڭ مەينەت پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئۇلارنى سەلەپ سالىھلار ئۇنىڭ ئۈستىدە ماڭغان ۋە ئىمان تىلدا سۆزلەش، قەلبدە ئېتىقاد قىلىش ھاياتىدا ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىش دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ئىماننىڭ توغرا چۈشەنچىسىگە قايتۇرۇش غەرىبىلەرنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ غەرىبىلەرگە نۇرغۇنلىغان مۇكاپاتلارنى بېشارەت بەرگەن:

« " **طوبى للغرباء** "  غەرىبلەرگە خوش بىشارەتلەر بولسۇن»

وقال عليه الصلاة والسلام : " **فطوبى للغرباء يصلحون ما أفسد الناس من سنتي** " [17] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ غەرىبلەر توغرىسىدا يەنە مۇنداق دېگەن : « غەرىبلەرگە خوش بىشارەتلەر بولسۇن، ئۇلار كىشىلەر بۇزغان سۈننىتىمنى ئىسلاھ قىلىدۇ»

بىز تەلىم -تەربىيە توغرىسىدا ئايرىم توختىلىمىز، لېكىن ، بۇيەردە دەۋەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا «لا اله الا الله»نى چۈشەندۈرۈشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز، چۈنكى، «لا اله الا الله» نىڭ ماھىيىتى ئىسلامنىڭ ئىككىنچى غۇربەتچىلىك دەۋرىدە كىشىلەرگە ئېنىق بولمىدى، شۇڭا ئۇلارغا «لا اله الا الله» نىڭ ماھىيىتى ئوتتۇرىغا قويۇلسا كىشىلەر ئۇنىڭدىن بىزار بولىدۇ.

---

(17) **رواه الترمذي وقال حديث حسن .**

شۇنىڭدەك، بىز شۇنى ئوتتۇرىغا قويىمىزكى ـ«لا اله الا الله»نىڭ تەلەپلىرى بويىچە تەربىيەلەشتىن سىرت –«لا اله الا الله»نى چۈشەندۈرۈش پەقەتلا قوبۇل قىلىنىدىغان مەلۇمات ياكى خۇتبە ياكى دەرس ياكى ۋەز-نەسىھەت بولماستىن، بەلكى، دائىملىق تىرىشچانلىق بولۇپ، «لا اله الا الله»نى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويماي داۋاملاشتۇرۇشقا موھتاج ھەمدە ئىنسان روھىنى ئىرجائىزىم ئىددىيىسى (الفكر ال إرجائي) ۋە ھازىرقى زامان ئىلمانىزىم ئىدىيەسى (الفكر العلماني المستحدث) پەيدا قىلغان تۇمانلاردىن پاكلاش ئۈچۈن ئىنسان روھىنى ۋە ئۇنىڭغا كىرىدىغان ئىشكىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا موھتاجدۇر. بۇ ئىككى خىل گۇرۇھنىڭ ھەر ئىككىسى ئەقىدە بىناسىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ۋە ئەقىدىنى ئۇنىڭ جانلىق مەزمۇنىدىن ئايرىيدىغان ۋە ئەقىدىنىڭ ھەقىقىي كۈچىنى يوقىتىدىغان تويماس مەددە قۇرتىدۇر.

ئاخىردا بىز شۇنى ئوتتۇرىغا قويىمىزكى، ـ«لا اله الا الله» ئاشكارا ئىش، ئۇنىڭغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، «لا اله الا

اللە» نى چۈشەندۈرۈشكە سەرپ قىلغان تىرىشچانلىقلىرىمىز يېتەرلىك بولدى، بىزنىڭ يەنە نۇرغۇن ئىشلىرىمىز بار، «لا الە الا اللە»نى چۈشەندۈرۈشكە سەرپ قىلىدىغان كۆپ ۋاقتىمىز يوق - دەپ ئويلاپ بۇ ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، دەۋەتكە خىزمەت قىلمايدۇ، ئاخىردا دەۋەتكە ھېچقانداق نەتىجە ئېلىپ كەلمەيدۇ.

بۇ يەردە مىسلىسىز ئەۋلادلارنى ئۈلگە قىلىش ئورنى شۇكى، بىز قۇرئان كەرىمنىڭ «لا الە الا اللە»مەسىلىسىگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «لا الە الا اللە»مەسىلىسىنى بايان قىلىشقا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ۋە «لا الە الا اللە»مەسىلىسىنى بايان قىلىش دەۋەت يولىدا كۆپ ۋاقىتنى ۋە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ھەققىدە ئويلىنىشىمىز لازىم.

ئەگەر بىز قۇرئان كەرىمنىڭ مەككە سۈرىلىرىدە «لا الە الا اللە» مەسىلىسىگە مەركەزلىشىشىنىڭ سەۋەبى تۈنجى قېتىم قۇرئان

بىلەن خىتاب قىلىنغان كىشىلەر مۇشرىك ئىدى دەپ ئويلىساق بىز بۇگۈنمۇ -گەرچە ھەممىسى مۇشرىك بولمىسىمۇ – شىرىككە چۈشۈپ قالغان كىشىلەرگە دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ھەمدە بۇگۈنكى كىشىلەر چۈشۈپ قالغان شېرىك ئەينى ۋاقىتتا ئەرەب مۇشرىكلىرى چۈشۈپ قالغان شېرىك (يەنى ئېتىقادى شېرىك ، ئىبادەتتىكى شېرىك ، ھاكىميەتتىكى شېرىك ) ئىكەنلىكىنى ئەسلىشىمىز كېرەك .

شۇنىڭدەك، بىز شۇنى ئەسلىشىمىز كىرەككى، «لا اله الا الله» مەسىلىسىگە مەركەزلىشىشىنىڭ سەۋەبى قۇرئان بىلەن خىتاب قىلىنغان كىشىلەر مۇشرىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، چۈنكى، مۇئمىنلەرمۇ «لا اله الا الله»ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىدىن ۋەز -نەسىھەت قوبۇل قىلىشقا موھتاج ئىدى. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، قۇرئان كەرىمدە ھەتتاكى مۇسۇلمان جامائەت شەكىللەنگەن ۋە بۇ جامائەت زېمىندا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن ، «لا اله الا الله» ئۈچۈن ئۇرۇشقا

كىرگەندىن كېيىنمۇ «لا اله الا الله»نى چۈشەندۈرۈش توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئۈزۈلۈپ قالمىغان.

الله سۈرە نىسادا مۇنداق دەيدۇ:

**( يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُـولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي أَنْزَلَ مِنْ قَبْلُ وَمَنْ يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلالا بَعِيداً )** [ النساء : 136 ] .

(ئى مۆمىنلەر! الله قا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە الله ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى الله نى، الله نىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ.)

الله مەدىنە سۈرىلىرىدە سىياسىي ، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي يولىيورۇقلارنى «لا اله الا الله» ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە باغلايدىغان نۇرغۇنلىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلدى:

﴿ قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَنْ تَشَاءُ وَتَنْزِعُ الْمُلْكَ مِمَّنْ تَشَاءُ وَتُعِزُّ مَنْ تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَنْ تَشَاءُ بِيَدِكَ الْخَيْرُ إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ، تُولِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَتُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَتُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَتُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَتَرْزُقُ مَنْ تَشَاءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ لا يَتَّخِذِ الْمُؤْمِنُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ الْمُؤْمِنِينَ ﴾ [ آل عمران : 26 – 28 ] .

(ئېيتقىنكى، «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى اﷲ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن (شۇنىڭ بىلەن، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ)؛ جانلىقنى (يەنى تىرىك بولغان ئىنساننى، ھايۋاننى) جانسىزدىن (يەنى جانلىق بولغان ئابىمەنىيدىن) چىقىرىسەن، جانسىزنى (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىينى) جانلىقتىن (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن، ھايۋاندىن)

چىقىرىسەن؛ ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن» .

مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن)

( يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلاً ) [ النساء : 59 ]

(ئى مۆمىنلەر! الله قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله قا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر.)

بۇنىڭ مىساللىرى بەك كۆپتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، «لا اله الا الله» پەقەت تىلاۋەت قىلىنىدىغان ئاندىن ئۇنىڭدىن باشقىلارغا نەقلى قىلىنىدىغان دەرسلا بولماستىن،

بەلكى، «لا اله الا الله» تىلاۋەت قىلىنىدىغان ئاندىن ئۇنىڭدىن باشقىلارغا نەقلى قىلىنىدىغان دەرس ھەمدە قىيامەتكىچە بولغان مۇسۇلمان ئۇممەتىنىڭ سۆزىدۇر.

«لا اله الا الله»نى چۈشەندۈرۈش يولى قايسى؟

«لا اله الا الله»نى چۈشەندۈرۈش يولى الله بەلگىلىگەندەك ھېكمەت ، چىرايلىق ۋەز نەسىھەت بىلەن بولىدۇ:

**( ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنْ ضَلَّ عَنْ سَبِيلِهِ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ )** [ النحل : 125 ] .

(پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكەن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن

ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.)

بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ھىكمەت ۋە چىرايلىق ۋەز نەسىھەت قىلىش دېگەنلىك كىشىلەرنىڭ بىزدىن رازى بولۇشى ۋە قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى خاتالىقلىرى ھەم ئازغۇنلۇقلىرى ئۈستىدە ھېس - تۇيغۇلىرىنى غىدىقلىماستىن ئۈخلىتىش دېگەنلىك ئەمەس!

كىشىلەر ئىچىدە رەببىنىڭ بۇيرۇقىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ۋە بۇ بۇيرۇقنى رەببىدىن بىۋاستە قوبۇل قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى قانداق قىلغان؟ ئۇ كىشىلەرگە شېرىك ئەمەللىرىنى بۇلدۇرگەنمۇ؟ ئۇلارغا ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بايان قىلىشتىن ئۆزىنى چەتكە تارتقانمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەببىدىن ھەقنى ئاشكارا جاكارلاش بۇيرۇقىنى تاپشۇرىۋالغان.

**( فَاصْدَعْ بِمَا تُؤْمَرُ )** [ الحجر : 94 ] .

(ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن)

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاغىسى ئەبۇ تالىپقا شىكايەت قىلغان. ئۇلار ئەبۇ تالىپقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە: ئۇ بىزنىڭ شېرىن چۈشلىرىمىزنى بۇزدى، ئىلاھلىرىمىزنى تىللىدى، ئاتا-ئانىلىرىمىزنى كاپىرغا نىسبەت بەردى- دېيىشتى. ئەرەبلەرگە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىجرا قىلغان ھېكمەتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

شۇبھىسىزكى، ھېكمەت ۋە چىرايلىق ۋەز نەسىھەت قىلىش دېگەنلىك كىشىلەردىن قولنى يىغىش ۋە مۇشرىكلارنىڭ دۈشمەنلىك قىلىشىغا باھانە تېپىپ بەرمەستىن، بارلىق ھەقىقەتلەرنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە ئاشۇ ۋاقىتتا مەككىدىكى مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىق دېگەنلىك بولىدۇ.

بىز بۇيەردە ئەڭ مۇھىم مەسىلىگە يەتتۇقمۇ؟ بىز بۇ مەسىلىدە ئۆزىمىزنى مىسلىسىز ئەۋلادلارغا سىپلىشتۇرۇپ باقايلى! ھازىرقى ۋاقىتتا ھاكىمىيەت بىلەن قوراللىق توقۇنۇش بىزگە لايىقمۇ؟

ئەمما، الله نازىل قىلغان قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان ھەرقانداق ھاكىمىيەت تەرىپىدىن كەلگەن دۈشمەنلىككە كەلسە، بىز ئۇنىڭغا پۇرسەت كۈتۈشىمىز كېرەك ، چۈنكى، ئۇ اللەنىڭ قانۇنىدۇر. تارىختا «لا اله الا الله»غا دەۋەت قىلىشقا رازى بولغان ياكى سۇلھى تۈزۈش تەلەپ قىلىنغاندا سۇلھى تۈزگەن جاھىلىيەت ھاكىمىيتى بولغان ئەمەس.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەمىگە:

قال شعيب عليه السلام لقومه : ( **وَإِنْ كَانَ طَائِفَةٌ مِنْكُمْ آمَنُوا بِالَّذِي أُرْسِلْتُ بِهِ وَطَائِفَةٌ لَمْ يُؤْمِنُوا فَاصْبِرُوا حَتَّى يَحْكُمَ اللَّهُ بَيْنَنَا وَهُوَ خَيْرُ الْحَاكِمِينَ** ) [ الأعراف : 87 ]

(ئەگەر سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنگەن، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم ئىشەنمىگەن بولسا، االله بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارغۇچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار. االله ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر»)

دېگەن ۋاقىتتا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى بۇ سۆلھىنى تۈزۈشنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار مۇئمىنلەرنى قوغلاپ چىقىرىش ۋە ئۇلارنى دىنىنى تەرك ئىتىشكە مەجبۇرلاشتا چىڭ تۇردى.

( **قَالَ الْمَلَأُ الَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا مِنْ قَوْمِهِ لَنُخْرِجَنَّكَ يَا شُعَيْبُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَكَ مِنْ قَرْيَتِنَا أَوْ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَا قَالَ أَوَلَوْ كُنَّا كَارِهِينَ** ) [ لأعراف : 88 ] .

(شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان

ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. شۇئەيب: «بىز (بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى يامان كۆرۈدىغان تۇرساق (بىزنى يەنىلا شۇنىڭغا مەجبۇر قىلامسىلەر؟)» دېدى.)

ئۆزىنى "دىمكراتىيە" دەپ ئاتىۋالغان ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە بارلىق گۇرۇھلار ۋە ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئەركىنلىك بېرىلىدۇ ، لېكىن ، «لا اله الا الله»غا دەۋەت قىلىدىغان گۇرۇھلارغا ئەركىنلىك بېرىلمەيدۇ. بۇ سۆزىمىزگە ئالجىرىيەدە يۈزبەرگەن ئىشلار شاھىت بولالايدۇ. ئالجىرىيەدە ئىسلام پارتىيەسى –توغرا ياكى خاتالىقىغا نەزەر سالماستىن[18] – جاھىلىيەت پىرىنسىپلىرى ۋە جاھىلىيەت يولىغا ئېسىلدى، ئۇلار جاھىلىيەتنىڭ شەرتى بويىچە سايلام يولى ئارقىلىق غەلىبە قىلدى. بىراق، ئاشۇ جاھىلىيەت بارلىق گۇرۇھلار ۋە ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئەركىنلىك بېرىدىغان قائىدە-

(18) **سنتحدث عن هذه القضية فيما بعد .**

پرىنسىپلىرىنى ئىنكار قىلىپ ئۇلارغا قاتتىقلىق بىلەن : بىز سىلەرنى شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك!» دېدى.

جاھىلىيەت ھاكىمىيىتىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويماستىن دەۋەت قىلىنىشى مۇمكىن بولىدىغان ۋاستە بارمۇ دەپ سوراشنىڭ ئورنى يوق، بەلكى، بىز سورايدىغان سوئال بولسا ھازىرقى ۋاقىتتا ھاكىمىيەت بىلەن قوراللىق توقۇنۇش بىزگە لايىقمۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بىز ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تەربىيەلىنىش تارىخىدىن قوبۇل قىلغان دەرسلەرگە مۇراجىئەت قىلىمىز. بىز دەسلەپتە شۇنداق سوئال قىلىمىزكى، الله مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە تۆۋەندىكى ئايەتلەر بىلەن قاچان رۇخسەت قىلغان:

( **أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ** ) [ الحج : 39 ] ؟

(ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى ، ﷲ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر].)

«لا اله الا الله» مەسىلىسى ھەل بولغان.. قانۇن مەسىلىسى ھەل بولغان.. بازا پۇختا بىنا قىلىنغان.. ئەنسارلارنىڭ كېلىشى بىلەن بازا كېڭەيگەن .. بازا الله ئۈچۈن خالىس بولۇش ئاساسىدا تەربىيەلەنگەندىن كىيىن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى .

ھازىر بىز نەزەر سىلكىپ باقايلى! ھازىرقى دەۋەت يولىدا بۇ ئىشلاردىن قايسى ئىشلار ئەمەللەشتى؟ قانچىلىك دەرىجىدە ئەمەللەشتى؟

«لا اله الا الله» مەسىلىسى ھەل بولدىمۇ؟ بىز ئومومى كىشىلەرنى قويۇپ تۇرايلى، «لا اله الا الله» مەسىلىسى دەۋەتچىلەرنىڭ ئىچىدە ھەل بولدىمۇ؟

دەۋەتچىلەرنىڭ ئېڭىدا الله نازىل قىلغان نەرسىنىڭ غەيرى بىلەن قانۇن چىقىرىش شېرىك بولۇپ ئىماندىن چىقىرىدۇ ۋە بۇنىڭغا رازى بولۇشمۇ شېرىك بولۇپ ئىماندىن چىقىرىدۇ دېگەن مەسىلە ئېنىق بولدىمۇ ياكى ئۇلار بۇ مەسىلىدە (شەك قىلغۇچى بىلەن جەزم قىلغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى) تالاش - تارتىش قىلىۋاتامدۇ؟

سەن كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسىنى قويۇپ تۇر! بىز بۇ يەردە ئۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويمايمىز . كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسى بىزنى «لا اله الا الله»نى بايان قىلىشتىن ئىبارەت دەۋەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدىن مەھرۇم قىلماسلىققا چاقىرىمىز.

بۇ ئىككىسى («لا اله الا الله» مەسىلىسى ۋە قانۇن چىقىرىش مەسىلىسى) ئايرىم ئىككى مەسىلىدۇر.

«لا اله الا الله» مەسىلىسى تەلىم-تەربىيە مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ ئىسلامنىڭ ئىككىنچى غۇربەتچىلىك سەۋەبىدىن نۇرغۇن كىشىلەر خەۋەرسىز قالغان ئاشۇ ھەقىقەتلەرنى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدۇ.`

«لا اله الا الله» كىشىلەرگە بايان قىلىنغاندا كىشىلەر ئۇنى يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ چوقۇم اللەنىڭ ئامانىتىنى ئادا قىلىش ۋە ئۇنى يوشۇرماسلىق كېرەك.

قانۇن چىقىرىش بولسا تەتبىقلاش مەسىلىسىدۇر، تەتبىقلاشتىن بۇرۇن «لا اله الا الله»نى يېپىۋالىدىغان ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن كىشىلەرنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتىدىغان باشقا مەسىلىلەر بىلەن ئارلاشتۇرىۋەتمەستىن كىشىلەرگە پاكىت تۇرغۇزۇش كېرەك.

بىز يەنە سۇئاللىمىزغا قايتىمىز: -سەن ھازىر ئۇمومى كىشىلەرنى قويۇپ تۇر!- دەۋەتچىلەرنىڭ ئىگىدا الله نازىل قىلغان نەرسىنىڭ غەيرى بىلەن قانۇن چىقىرىش مەسىلىسى ئېنىق بولدىمۇ؟ ياكى ئۇلارغا ئىبنى ئابباس **(رضي الله عنهما) نىڭ [(كفر دون كفر)** دىندىن چىقىرىۋەتمەيدىغان كۇپرى]دىگەن سۆزى ئارىلىشىپ كەتتىمۇ؟

ئىبنى ئابباس **(رضي الله عنهما) نىڭ [(كفر دون كفر)** دىندىن چىقىرىۋەتمەيدىغان كۇپرى] دىگەن سۆزى الله نازىل قىلغان

نەرسىنىڭ غەيرىنى قانۇن قىلىۋېلىش دېگەن بولماستىن، بەلكى، بىلمەستىن ياكى تەۋىل قىلغانلىقتىن ياكى ھاۋايى ھەۋىسى سەۋەبىدىن ياكى پارە ئالغانلىقتىن بۇ ھۆكۈمنى اللەنىڭ ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىدىغان ھۆكۈم قىلماستىن، الله نازىل قىلغان نەرسىنىڭ غەيرىدىكى مۇئەييەن مەسىلىدە ھۆكۈم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ھاراق ئىچكەنلىكى ئىسپاتلانغان ۋە ئېغىزىدىن ھاراقنىڭ پۇرىقى پۇراپ تۇرىدىغان بىر كىشى كەلتۈرۈلگەندە قازى ئۇنىڭ ئەھلىدىن پارە ئالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا ھەد ئىجرا قىلمايدۇ. (يەنى ئۇنى جازالىمايدۇ) بىرەر پاكىت بىلەن اللەنىڭ ھۆكۈمنى بۇرمىلايدۇ، بۇ قازى پاسىقتۇر، لېكىن ، ئۇ پاسىقلىقى سەۋەبىدىن كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ..

ئەمما، قازى ھاراق ئىچىش جىنايەت ئەمەس، ياكى ھەد تۇرغۇزۇلغىدەك جىنايەت ئەمەس، ئۇنىڭغا باشقا جازا بېرىش كېرەك دېگەن كۈندە، قازى اللەنىڭ ھۆكۈمگە قارشى ھۆكۈمنى پەيدا

قىلغانلىقى ئۈچۈن كاپىر بولۇپ دىندىن چىقىپ كېتىدۇ ، بۇنىڭدا بارلىق ئۆلىمالارنىڭ پىكرى بىردەك.

تاتارلار ياسىق – ياسىق ئىبنى كەسىر (الحافظ ابن كثير رحمه الله) دېگەندەك بىر قىسمى قۇرئاندىن، بىر قىسمى ئىنجىلدىن، بىر قىسمى تەۋراتتىن، بىر قىسمى چىڭگىزخاننىڭ هاۋايى هەۋىسىدىن ئېلىنغان تاتارلارنىڭ قانۇن توپلىمىدىن ئىبارەت - بىلەن هۆكۈم قىلغاندا، ئىبنى كەسىر (الحافظ ابن كثير رحمه الله) ئايەت كەرىمىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

( **أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْماً لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ** ) [ المائدة : 50 ]

(ئۇلار جاهىلىيەت دەۋرىنىڭ هۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (الله قا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە هۆكۈمدە الله تىنمۇ ئادىل كىم بار.)

" الله بارلىق ياخشىلىقلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان، بارلىق يامان ئىشلارنى چەكلەيدىغان، اللەنىڭ ھۆكۈمىدىن چىقىپ كەتكەن ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر اللەنىڭ شەرىئىتىگە ئاساسلانماي تۈزۈپ چىققان پىكىرلەر ۋە ئىستىلاھلارغا قايتىپ كەتكەن كىشىلەرنى ئىنكار قىلىدۇ، ھازىرقى زامان جاھىلىيتى ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىۋاتقان ھاۋايى ھەۋەسى ۋە كۆز-قارىشى بويىچە تۈزۈپ چىققان ئازغۇنلۇقلار ۋە جاھالەتلەرگە ئوخشاش، تاتارلار ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان، ئۇلارغا ياسۇقنى تۈزۈپ بەرگەن پادىشاھى چىڭگىزخاندىن قوبۇل قىلىنغان پادىشاھلىق سىياسەتلىرىگە ئوخشاش، ياسۇق بولسا يەھۇدى دىنى، ناسارا دىنى، ئىسلام دىنى ۋە باشقا دىنلاردىن ئىبارەت تۈرلۈك قانۇنلاردىن قوبۇل قىلىنغان ئەھكاملار توپلىمىدىن ئىبارەت. ياسۇقتا چىڭگىزخاننىڭ ھاۋايى ھەۋەسى ۋە كۆز-قارىشى بويىچە تۈزۈلگەن نۇرغۇنلىغان ئەھكاملار بولۇپ ياسۇق بارلىق كىشىلەر ئەگىشىدىغان قانۇنغا ئايلاندى.. ئۇلار ياسۇقنى اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى

بويىچە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئورنىغا قويىدى. ئۇلاردىن كىمكى ئاشۇ ئىشلارنى قىلىدىكەن ئۇ كاپىردۇر، اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە ھۆكۈم قىلمىغىچە ئۇنى ئۆلتۈرۈش ۋاجىبتۇر، اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن باشقىسى بىلەن (مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن) ھېچقانداق ئىشقا ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. " (19)

ئىبنى كەسىر **(الحافظ ابن كثير رحمه الله)** ئىبنى ئابباس **(رضي الله عنهما) نىڭ [(كفر دون كفر)** دىندىن چىقىرىۋەتمەيدىغان كۇفرى] دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلەتتى، لېكىن ، بۇ سۆز ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ كەتمىدى؛ ئىبنى كەسىر **(الحافظ ابن كثير رحمه الله)** ئىلمى ۋە ھۆكۈمى بىلەن بىرەر مەسىلىدە الله نازىل قىلغان قانۇننىڭ غەيرى بىلەن بىرەر قېتىم ھۆكۈم قىلىش بىلەن الله نازىل قىلغان قانۇننىڭ غەيرىنى قانۇن قىلىش ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرەلەيتتى.

(19) **تفسير ابن كثير جـ 2 ص 68 .**

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم **(الشيخ محمد بن إبراهيم بن عبد اللطيف آل الشيخ** [20]**)** – بۇ شەيخ بولسا ئىلمى مول، ھەقتە چىڭ تۇرىدىغان مەشھۇر كىشى- "يەرلىك قانۇنلارغا ھۆكۈم قىلدۇرۇش **" تحكيم القوانين الوضعية "** ناملىق رىسالىسىدە ئىبنى كەسىر **(الحافظ ابن كثير رحمه الله)** نىڭ سۆزىنى كەلتۈرگەندىن كېيىن بۇ مەسىلىنى تەپسىلي ئىزاھلىدى:

« اللەنىڭ ئۆزى نازىل قىلغان شەرئەت ھۆكۈمىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشىنى كاپىر، زالىم، پاسىق دەپ قانداق خاتىرلىگەنلىكىگە قاراپ بېقىڭ ! اللەنىڭ ئۆزى نازىل قىلغان شەرئەت ھۆكۈمىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشىنى كاپىر بولىدۇ ياكى كاپىر بولمايدۇ دەپ ئاتىشنى چەكلەيدىغان ئامىل يوق، بەلكى، ئۇ مۇتلەق كاپىردۇر، ئۇنىڭ ئەملى كاپىر ياكى ئېتىقادى كاپىردۇر.

---

**[20] المفتي الأسبق للمملكة العربيسة السعودية ، ومن أكابر علمائها .**

ئىبنى ئابباس **(رضي الله عنهما)**دىن بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا كەلگەن تاۋۇس ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ رىۋايىتى شۇنى ئۇقتۇرۇدىكى، الله نازىل قىلغان شەرىئەت ھۆكۈمىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشى كاپىردۇر، ئۇ ياكى ئېتىقادى كاپىر بولۇپ ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ ، ياكى ئەمىلى كاپىر بولۇپ ئىسلامدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

بىرىنچىسى بولسا ئېتىقادى كاپىرلىق بولۇپ، ئۇ بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ:

1- الله نازىل قىلغان شەرىئەت ھۆكۈمىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكۈمىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. (ئۇ ئىبنى ئابباس (رضي الله عنهما)دىن نەقلى قىلىنغان ۋە ئىبنى جەرىر تاللىغان رىۋايەتلەرنىڭ مەنىسىدۇر.)

الله نازىل قىلغان شەرىئەت ھۆكۈمىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشىنىڭ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكۈمىنىڭ ھەق

ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشى، الله نازىل قىلغان شەرىئەت ھۆكۈمىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ، بۇ ھەقتە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق. چۈنكى، ئۆلىمالار ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن ئەسلى قائىدە شۇكى، كىمكى دىنىنىڭ ئەسلىسىنى ياكى ئۇنىڭغا بىرلىككە كەلگەن پەرئىسىنى ئىنكار قىلغان ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەردىن بىر ھەرپىنى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولۇپ، ئۇ دىندىن چىقىپ كېتىدۇ .

2- الله نازىل قىلغان شەرىئەت ھۆكۈمىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكۈمىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. لېكىن ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈمىدىن باشقا ھۆكۈمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈمىدىن ياخشى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ ھەمدە تالاش – تارتىش بولغاندا كىشىلەر ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ھۆكۈم ياكى مۇتلەق بولىدۇ ياكى زامانىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان يېڭى ھادىسىلەرگە نىسبەتەن بولىدۇ

دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ كىشىمۇ مەخلۇقلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى اللەنىڭ ھۆكۈملىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوخشاشلا شەكسىز كاپىر بولىدۇ. الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكۈمى ئەسلىدە زامانلارنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ئەھۋاللارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە يېڭى ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى .. قاتارلىقلارغا قارشى كەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈمى پەقەتلا اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە ئاشكارا تېكىستلەر ياكى يەكۈنلەش ياكى باشقا يوللار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بولۇپ، الله بۇنى بۇلدۇرگەن كىشىلەر بۇنى بىلىدۇ، الله بۇنى بىلدۈرمىگەن كىشىلەر بۇنى بىلمەيدۇ.

3- بىر كىشى مەخلۇقلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكۈمىدىن ياخشى دەپ ئېتىقاد قىلمايدۇ، لېكىن ، بۇ كىشى مەخلۇقلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئوخشاش دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، بۇ كىشىمۇ مەخلۇقنى

خالىق (ياراتقۇچى) بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويغانلىقى ھەمدە ئاللەنىڭ:

( لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ )

(ئاللەغا ئوخشايدىغان ھېچقانداق شەيئى يوق)

دېگەن سۆزىگە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان ئاللەنىڭ زاتىدا، ئىسىم-سۈپەتتە، ئىش- ھەرىكەتكە يېگانە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان ئايەتلەرگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئىلگىرىكى ئىككى كىشىگە ئوخشاشلا كاپىر بولۇپ دىندىن چىقىپ كېتىدۇ .

4-بىر كىشى ئاللە نازىل قىلغان شەرىئەت ھۆكۈمىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى ئاللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكۈمىدىن ياخشى دەپ ئېتىقاد قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئاللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكۈمىگە ئوخشايدۇ دەپمۇ ئېتىقاد قىلمايدۇ، لېكىن ، ئاللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكۈمىگە قارشى كېلىدىغان قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلىش دۇرۇس دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ كىشىمۇ ئۇنىڭ ھاراملىقى

قەتئىي بولغان، ئوچۇق-ئاشكارا قۇرئان ئايەتلىرىگە قارشى هالەتتە، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ هۆكۈمىگە قارشى كېلىدىغان قانۇن بىلەن هۆكۈم قىلىش دۇرۇس دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوخشاشلا كاپىر بولۇپ دىنىدىن چىقىدۇ.

5-بۇ كىشى اللهنىڭ قانۇنىغا ئەڭ قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن قارشى تۇرىدۇ، اللهنىڭ ئەهكاملىرىغا چوڭچىلىق قىلىدۇ، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇشەققەت پەيدا قىلىدۇ، هەر تەرەپتىن شەرىئەت مەهكىمىلىرىگە ئوخشىۋالىدۇ. شەرىئەت مەهكىمىسىنىڭ بولسا اللهنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۈننىتىنى مەنبە قىلغان مەنبەسى بار، بىراق، كىشىلەر پەيدا قىلىۋالغان مەهكىمىلەرنىڭ مەنبەسى تۈرلۈك قانۇن نىزاملاردىن كەلگەن، فرانسىيە قانۇنى، ئامېرىكا قانۇنى، ئەنگلىيە قانۇنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قانۇنلار ۋە ئۆزىنى شەرىئەتكە نىسبەت بېرىدىغان بىدئەتچى مەزهەپلەر ۋە باشقىلارغا ئوخشاش..

6-نۇرغۇنلىغان سەھرالىق قەبىلە باشلىقلىرى كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىۋاتقان قانۇنلار بولسا ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە ئەجدادلىرىدىن ۋە ئۆتمۈشتىكى ئۆرۈپ-ئادەتلىرىدىن ھېكايە قىلغان نەرسىلەردۇر.

ئىككىنچىسى، الله نازىل قىلغان شەرىئەت ھۆكۈمىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلغان ۋە دىندىن چىقىپ كەتمەيدىغان ھاكىم بولۇپ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىبنى ئابباس (رضي الله عنهما)نىڭ تۆۋەندىكى ئايەتنى تەپسىرلىشىدۇر:

( وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ )

(كىمكى الله نازىل قىلغان شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن ئۇلار كاپىرلاردۇر.)

بۇ كۇپىرنىڭ مۇشۇ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىبنى ئابباس (رضي الله عنهما) نىڭ بۇ ئايەت توغرىسىدىكى [(كفر دون كفر) دىندىن چىقىرىۋەتمەيدىغان كۇفرى] دېگەن سۆزىدۇر. ئىبنى ئاببااس

(رضي الله عنهما) نىڭ [(كفر دون كفر) دىندىن چىقىرىۋەتمەيدىغان كۇفرى] دېگەن سۆزى سىلەر دەۋاتقان كۇفرى ئەمەس. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ھاكىم الله نازىل قىلغان شەرىئەت ھۆكۈمىنىڭ غەيرىدىكى بىر مەسىلىدە الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكۈمى ھەق دەپ ئېتىقاد قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ھەمدە توغرا يولدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ھالەتتە ھاۋايى-ھەۋىسىگە ئەگىشىپ ھۆكۈم قىلغان.

گەرچە بۇ جىنايەت ئۇنى دىندىن چىقىرىۋەتمىسىمۇ، لېكىن ، ئۇنىڭ گۇناھى زىنا، ھاراق ئىچىش، ئوغرىلىق قىلىش، يالغان قەسەم قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان گۇناھى كېبىرلەر بىلەن ئوخشاش بولغان ئەڭ چوڭ گۇناھى كەبىردۇر. چۈنكى، الله ئۆزىنىڭ كىتابىدا كۇپۇرلۇق دەپ ئاتىغان بۇخىل جىنايەت بولسا الله كۇپۇرلۇق دەپ ئاتىمىغان جىنايەتتىن ئېغىر گۇناھتۇر. بىز اللەدىن بارلىق مۇسۇلمانلارنى اللەنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولغان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنغان

هالدا ئۆزىنىڭ كىتابىغا ھۆكۈم قىلدۇرىدىغان قىلىپ بىرلەشتۈرىشنى سورايمىز. الله بۇنىڭ ئىگىسى ۋە ئۇنىڭغا قادىردۇر.

الله نازىل قىلغان شەرىئەت ھۆكۈمىنىڭ غەيرى بىلەن قانۇن چىقىرىشقا ئوخشاش «لا اله الا الله»غا ئاشكارا قارشى كېلىدىغان بىر ئەمەل قىلىنغاندا دەۋەتچىلەرنىڭ كاللىسىدا بۇ مەسىلە روشەن بولدىمۇ ياكى بىر قىسىم دەۋەتچىلەر ھېلىمۇ ـ ھەم بەزىدە ئىبنى ئابباس (رضي الله عنهما) نىڭ [(كفر دون كفر) دىندىن چىقىرىۋەتمەيدىغان كۇفرى] دېگەن سۆزىدىن، ۋە بەزىدە ئىمان بىلەن ئەمەلنىڭ ئوتتۇرسىنى ئايرىۋېتىدىغان ئىرجائىزىم ئىدىيەسىنىڭ تەسرى سەۋەبىدىن ئىشلارنى ئېنىق ئايرىيالماي ئارىلاشتۇرۇش قويىۋاتامدۇ؟

بىر قىسىم دەۋەتچىلەر ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇش قويىۋاتسا بىز ئومومى خەلقتىن نېمىنى كۈتىمىز؟ «لا اله الا الله» مەسىلىسى كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسىدا ئېنىق روشەنلەشمىگەنلىكتىن، كىشىلەر

قەلبىدىن ئىشتىياق بىلەن ھەقنى كۆرۈشكە ئىنتىلمىگەنلىكتىن، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھېلىمۇ -ھەم نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار سەرپ قىلىنماقتا؟!

بۇ ھاكىمىيەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىشتۇر، ھالبۇكى، ھاكىمىيەت مەسىلىسى «لا اله الا الله» مەسىلىسىدە روشەنلەشتۈرىدىغان بىردىن - بىر مەسىلە ئەمەس.. «لا اله الا الله» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بولسا ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك، ئىجتىمائى ئادالەت ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش دەۋەت يولىغا ئارىلىشىپ قالغان باشقا مەسىلىلەردىن «لا اله الا الله»نى پاك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا كىشىلەرنى ئەتراپىغا كۆپرەك توپلاش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا بولىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر بار ئىدى.

مەسىلەن: پارىسلار ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ بىر قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالغان ئىدى، رۇملۇقلار بولسا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ يەنە بىر

قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىغا كىشىلەرنى توپلاش ئۈچۈن ئەرەب مىللەتچىلىكىنى قوزغاشقا ھەمدە كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشىپ، ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنغان ۋاقىتتا ئۇلارغا «لا اله الا الله» دەڭلار دېيىشكە تامامەن قادىر ئىدى.

ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي مەسىلمۇ بار ئىدى، مەسىلەن: بايلار ئەڭ يۇقىرى بايلىق مەرتىۋىسىگە يەتكەن، نامراتلار بولسا ئەڭ تۆۋەن پېقىرلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئەڭ ئاددىيسى، جازانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بايلارنىڭ بايلىقىنى چەكلەش ھەمدە بايلاردىكى بىر قىسىم بايلىقنى ئېلىپ، نامراتلارغا تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن بېرىش ھەققىدە بىرەر كىشى ئويلىنىپ باقمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەسىلىنى قوزغاشقا ھەمدە ئەتراپىغا كىشىلەرنىڭ توپلىنىشى، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىلەردىن قۇرەيشلەرگە قارشى تۇردىغان كۈچ شەكىللىنىپ،

ئۇرۇش داۋامىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا «لا اله الا الله» دەڭلار دېيىشكە تامامەن قادىر ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر بولۇپ، بۇ مەسىلىلەر كىشىلەرنى ئەتراپىغا توپلاش ۋە ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاش ئاندىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ھەمدە كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئاسانلا توپلىشىدىغان، ئومومى مەسىلىلەر ئارقىلىق ئۇلارنى دەۋەتكە مايىل قىلىشتىكى پايدىلىق ئامىل ئىدى. لېكىن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنىڭ تەقەززاسى بويىچە مەككىدىكى تەربىيە باسقۇچىدا يۇقىرىقى مەسىلىلەردىن ھېچ قانداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا كۆتۈرەپ چىقمىدى، بەلكى، كاتتىباشلار ۋە كىشىلەرنىڭ دۈشمەنلىكىنى قوزغايدىغان بىرلا مەسىلە يەنى «لا اله الا الله» مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى ھەمدە مۇشۇ مەسىلىدە چىڭ تۇردى. الله ئەڭ ياخشى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى «لا اله الا الله» غا ئېچىۋەتتى.

يۇقىرىقى (مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىجتىمائىي ... قاتارلىق) مەسىلىلەر ئۇممەت ھاياتىدا ئەھمىيىتى بولمىغانلىقتىن ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! يۇقىرىقى مەسىلىلەر بىلەن ئىسلام ھەرىكىتى ئارقا-ئارقىدىن مەشغۇلمۇ بولغان ئىدى. لېكىن ، — ئىلاھى پىرىنسىپتا ۋە ئىنسانىيەت رېئاللىقىدا- ئەڭ چوڭ مەسىلە «لا اله الا الله» مەسىلىسى بولۇپ ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ھاياتى ۋە ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتى «لا اله الا الله» غا قاراشلىق بولىدۇ. شۇڭا، ھايات مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسى - اللهنىڭ پىرىنسىپىدا - «لا اله الا الله»دىن بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىشى كېرەك ، شۇنداق بولغاندا «لا اله الا الله» ئۈچۈن راستچىللىق، ئىخلاسمەنلىك، خالىس بولۇش ئامىللىرى تولۇقلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ، اللهنىڭ پىرىنسىپى ئەۋۋەل «لا اله الا الله» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدا ئىبادەتنىڭ الله رازىلىقىنى مەقسەت قىلغان ھالدا خالىس بولۇشى ئۈچۈن «لا اله الا الله»نى ھەرقانداق ئارىلاشمىلاردىن ساپ

قىلىشقا مەركەزلەشتى. «لا اله الا الله» ئىگىلىرىنىڭ قەلبلىرىدە خالىس بولغاندا، ئۈممەت ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق مەسىلىلەر ئىشلارنىڭ ئاشۇ قەلبلەردە ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەستىن ئۈنىڭغا باغلىنىدۇ. بىراق، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدا قورقۇنچ مەۋجۇت ئىدى.

تەربىيەلىنىش باسقۇچىدا ئىشلار ئارىلىشىپ كەتكەن ۋاقىتتا ھاياتى دۇنيا ئالدىدا نېمىدېگەن تىز مەغلۇپ بولۇپ شەيتاننىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىدۇ-ھە!

«لا اله الا الله» مەسىلىسى -ئومومى خەلقنى قويۇپ تۇرايلى- دەۋەتچىلەرنىڭ قەلبىدە خالىس بولدىمۇ؟

«لا اله الا الله» مەسىلىسى مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىجتىمائي ئادالەت مەسىلىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەستىن ئىبادەتنى ئاللەغا خالىس قىلىدىغان دەرىجىدە ساپ بولدىمۇ؟ ۋەھالەنكى، دەۋەتچىلەر –كىشىلەرنى مايىل قىلىش ئۈچۈن – «ئىسلامدىكى سوتسىيالىزم »،«ئىسلامدىكى دىمكراتىيە »،«

ئىسلامدىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى» توغرىسىدا سۆزلەۋاتىدۇ.

* * *

شەرىئەت مەسىلىسى ھەل بولدىمۇ؟ بىز ئۇمومى خەلقنى قويۇپ تۇرايلى، دەۋەتچىلەرنىڭ ئۆزىدە شەرىئەت مەسىلىسى ھەل بولدىمۇ؟

بىز شەرىئەتنى قانچىلىك چۈشىنىمىز؟

ئىسلامنىڭ ئىككىنچى غۇربەتچىلىك دەۋردە – بولۇپمۇ ئىسلام شەرىئتى نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار شەھەرلىرىدە ھۆكۈم قىلىشتىن يىراقلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن – ئىسلامى ئۆلچەملىرىمىزنى ئۇنۇتتۇق، ھەمدە ئىسلامى ئۆلچەملىرىمىزنىڭ ئورنىغا غەرب ئۆلچەملىرىنى ئالماشتۇردۇق، بولۇپمۇ، قانۇن سىياسەتتە تېخىمۇ شۇنداق بولدى.

غەرب شۇنداق دەيدۇكى، شەرىئەتنىڭ ئۆلچىمى سايلاملاردا غەلىبە قىلىش.. كىمكى سايلامدا ئەڭ كۆپ ئاۋازغا ئېرىشسە ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدىغان شەرىئەتنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ.

بۇ ئۆلچەملەرگە يەتكەن ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقىتلىق قويۇپ تۇرۇڭ، ئالجىرىيەدە ئەڭ كۆپ ئاۋاز بىلەن غەلىبە قىلغۇچىلار ئىسلام پارتىيەسىدىكىلەر بولغان ۋاقىتتا، ئاتالمىش غەرب بىزنى مۇسۇلمانلار ئۈنىڭدا بىر تەرەپتە تۇرىدىغان ھەرقانداق مەسىلىدە ئىككى خىل ئۆلچەم قوللىنىشقا ئادەتلەندۈردى. بۇ غەربنىڭ قىممەت-پىرىنسىپلارغا بەك ئىشىنىدىغانلىقى ۋە باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئىنساني ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

سىز غەرب ۋە ئۈنىڭ مەيدانىنى قويۇپ تۇرۇڭ، بىز ئىسلام پارتىيىسىدىكىلەرگە سوئال قويىمىزكى: بۇ مۇشۇ مەسىلىدىكى ئىسلامى ئۆلچەممۇ؟

سىز بىر ئىنسان ياكى پارتىيە ياكى تەشكىلات ياكى سىياسىي مەسىلىلەر سايلام يولى ئارقىلىق يۈز پىرسەنت ئاۋازغا ئېرىشتى، ئاندىن الله نازىل قىلغان شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلمىدى –دەپ پەرەز قىلىپ بېقىڭ ، بۇنىڭ اللەنىڭ دىنىدا شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولامدۇ؟

بىزگە - ئىسلامنىڭ ئىككىنچى غۇربەتچىلىك دەۋردە – ئوخشىمىغان ئىككى ئىش ئارىلىشىپ كەتتى، يەنى ھاكىمنى تاللاش ۋە كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىنىدىغان ھۆكۈم تۈرىنى تاللاش يولىدىن ئىبارەت ئىككى ئىش ئارىلىشىپ كەتتى.

ئىسلام زېمىنىدا ئىسلام ھاكىم بولغاندا، شەرىئەتنىڭ سىياسىي فەقىھلىرى ھاكىمدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر توغرىسىدا سۆزلىدى ۋە ئەركىن بەيئەت ۋە كېڭىشىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈم سىياسىتىگە ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىدى ھەمدە زۆرۈرىيەت ھۆكۈمى ۋە تالاش- تارتىش بولغاندا زۆرۈرىيەت بېسىمى ئاستىدا بولىدىغان شەرتلەر توغرىسىدا سۆزلىدى. ئۇلار "غەلىبە

قىلغۇچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش كېرەك " دېيىشتى.. لېكىن ، بىرەرسىنىڭ قەلبىدە ھاكىم الله نازىل قىلغان شەرىئەتنىڭ غەيرى بىلەن قانۇن چىقىرىش ئاندىن مۇسۇلمانلارغا شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم قىلدىغان ھاكىم بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئوي-خىيال كېلىپ باقمىدى!!!

ئىسلامدىكى ھۆكۈم قىلىش قانۇنىنىڭ ئاساسى شەرتى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن اللەنىڭ شەرىئتى بولۇشى كېرەك . بايا بىز ئىبنى كەسىرنىڭ الله نازىل قىلغان شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلماستىن، بەلكى، شەرىئەتكە قارشى قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلدىغان ھاكىم توغرىسىدىكى سۆزىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

بۇ مەسىلە –ئومومى خەلق تۇرۇپ تۇرسۇن – دەۋەتچىلەرنىڭ كاللىسىدا ھەل بولدىمۇ؟.. ياكى بىزنىڭ بارلىق سۆزىمىز سايلام توغرىلىق بولامدۇ؟ سايلام ئەركىنلىكمۇ ياكى ساختىلىقمۇ؟ بىز ھازىرغا قەدەر سايلامدا قانچىلىك ئاۋازغا ئېرىشتۇق؟ سايلامدا كۆپ

ئاۋازغا ئېرىشىش ئۈچۈن يەنە قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك ؟

ھەقىقەتەن سايلامدا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن ۋاقتىمىزدا اللەنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلايدىغان مەيدان ھازىرلىنىدۇ دەپ ئويلاش تولىمۇ ساددىلارچە ئويلاشتۇر، بۇنىڭغا ئالجىرىيەدىكى ئەمەلى رېئاللىق دەلىل بولالايدۇ.

لېكىن ، بىزنىڭ –پىرىنسىپ جەھەتتىن- ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش ئاندىن بۇ يول ئارقىلىق اللەنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلاش ئۈچۈن سايلام يولىنى تاللىشىمىز شەرىئەتكە مۇخالىپتۇر؛ چۈنكى، سايلام ھۆكۈم قىلىدىغان قانۇن تۈرىنى تاللاشتا كىشىلەرنى مەنبە قىلىدۇ؟ (بىز بۇ يەردە ھاكىمنى تاللاش توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز) ئەگەر كىشىلەر ئىسلامنى تاللىسا ئىسلام ھۆكۈم قىلىدۇ، ئەگەر كىشىلەر ئىسلامدىن باشقا ھۆكۈمنى تاللىسا ئىسلامدىن باشقىسى ھۆكۈم قىلىدۇ. ئىسلام مۇشۇنداق بولامدۇ؟

بىز اللەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدىن قەيەردە؟

( وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْراً أَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ ) [ الأحزاب : 36 ] .

(الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ)

اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇشقا مەجبۇرلاشنىڭ مەنبەسى كىشىلەرنىڭ تاللاش ياكى تاللىماسلىقى ئەمەس، بەلكى، ئۇلار مۇسۇلمان بولىدىكەن بۇ ئۇلارنى اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ. ئەگەر ئۇلار اللەنىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قانۇنلارغا يۈزلىنىدىكەن گەرچە ئۇلار

ناماز ئوقۇغان ،روزا تۇتقان، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلغان بولسىمۇ ئۇلاردىن ئىمان يوقاپ كېتىدۇ .

( **وَيَقُولُونَ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالرَّسُولِ وَأَطَعْنَا ثُمَّ يَتَوَلَّى فَرِيقٌ مِنْهُمْ مِنْ بَعْدِ ذَلِكَ وَمَا أُولَئِكَ بِالْمُؤْمِنِينَ ، وَإِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ إِذَا فَرِيقٌ مِنْهُمْ مُعْرِضُونَ** ) [ النور : 47 – 48 ] .

((مۇناپىقلار) «الله قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائە شۇنىڭدىن (يەنى ئىماننى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن، (شەرىئەت ھۆكمىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۆمىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەيغەمبەر) ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ (ھۆكمىگە) چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر جامائە (پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ.)

**( فَلا وَرَبِّكَ لا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَـــجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيماً )** [ النساء : 65 ]

.

((ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.)

ھەقىقەتەن، رېئال دۇنيادا اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق قانۇننى رەت قىلىدىغان ھەمدە اللەنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا قانۇنغا رازى بولۇش كۇپۇرلۇق بولۇپ دىندىن چىقىرىدۇ دەپ قەتئىي ئىشىنىدىغان مۇئمىنلەر بولمىغان جايدا ئىسلامنىڭ ھاكىم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق مۇئمىنلەر ھازىر ناھايىتى ئاز بولۇپ، جاھىلىيەت

ئۇلارنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ ھەم يوقىتىۋاتىدۇ.. بۇ ھەقىقەت، لېكىن ، ئۇنىڭ تەقەززاسى شۇكى، بىز دەۋەت قىلىشىمىز ۋە كىشىلەرگە بىر كىشى اللهنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا قانۇنغا رازى بولغاندا ئىماندىن ئاجراپ كېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشىمىز ۋە بازا بارلىق ئىشلار ئۇنىڭ قولىدا بولغان مۇئمىنلەر بازىسغا ئايلانغانغا قەدەر كىشىلەرنى بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ تەلىپى بويىچە تەربىيلىشىمىز كېرەك ، بۇنى ئەمەللەشتۈرۈشكە ۋاقىت كۆپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ ھازىرقى ۋاقىتتىكى دەۋەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسدۇر. دەۋەتنىڭ ۋەزىپىسى ھەرگىزمۇ سايلام يولى ئارقىلىق كىشىلەرگە : ئۇلار مۇسۇلمان بولۇشنى خالامدۇ ياكى خالىمامدۇ؟ دەپ پەتىۋا بىرىش ئەمەس.

بۇ مەسىلە –ئومومى خەلق تۇرۇپ تۇرسۇن– دەۋەتچىلەرنىڭ كاللىسىدا ھەل بولدىمۇ؟ياكى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بىلمەستىن كىشىلەرنى –ئەڭ ئاددىيسى سىرتقى كۆرۈنۈشتە [21]- ھۆكۈم

(21) دىمكراتىيە تىياتىر ئوييندا كىشىلەر ئۆزلىرىنى ھۆكۈم قىلغۇچى دەپ ئويلايدۇ لىكىن ماھىيەتتە ھۆكۈم قىلىش ھوقوقى كاپىتالىسىلارنىڭ قولدا!!

قىلىنىدىغان ھۆكۈم تۈرىنى بەلگىلەيدىغان ھاكىم قىلىدىغان دىمكىراتىيە ئۆلچەملىرىگە دۇم چۈشتىمۇ؟ دېموكراتىيىدە يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات الله ھاكىم بولمايدۇ.

( أَلَا لَهُ الْخَلْقُ وَالْأَمْرُ ) [ الأعراف : 54 ]

(يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستتىنلا الله نىڭ ئىلكىدىدۇر.)

مانا بۇ ئىسلام بىلەن جاھىلىيەت ئوتتۇرسىدىكى يولنىڭ مۇھىم دوقمۇشىدۇر.

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بازىسى پۇختا ئاساستا بىنا قىلىندىمۇ؟

---

**ئىسلام نوقتىسىدىن قارىغاندا ھۆكۈم قىلىش ھوقوقى ھەقىقەتەن كىشلەرنىڭ قولىدا بولسۇن ياكى كاپىتالىسلارنىڭ قولىدا بولسۇن ھەر ئىككى ھالەتتە الله نازىل قىلغان شەرىئەتنىڭ غەيرىنى قانۇن قىلىش ھسابلىنىدۇ.**

بىز شۇنداق دەيمىزكى، ئەڭ دەسلەپتە «لا اله الا الله» مەسىلىسى ۋە شەرىئەت مەسىلىسى بىر قىسىم دەۋەتچىلەردە تېخى ئېنىق ئايدىڭلاشماي تۇرۇپ، بازا قانداقمۇ تەلەپ قىلىنغان ئۆلچەم بويىچە بىنا بولىدۇ؟

تەلەپ قىلىنغان بازا ئەڭ چوڭ ئىككى خىل ئاساسقا تايىنىپ بىنا بولىدۇ:

ئۇنىڭ بىرى ، ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىش .

يەنە بىرى، بۇ دىنىنىڭ تەلەپلىرى ۋە تەكلىپلىرى بويىچە تەربىيەلىنىش.

ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىش مەسىلىسىدە مۇھىم ئىككى مەسىلىدە كەمچىلىك ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز، بۇ ئىككى مەسىلە بولسا «لا اله الا الله» مەسىلىسى ۋە شەرىئەت مەسىلىسىدۇر. (ھەرىكەتكە ئالاقىدار بولغان مەسىلىلەردىكى كەمچىلىكلەرنى كېيىن سۆزلەيمىز)

ئەمما، تەربىيە مەسلىسىگە كەلسەك، تەلىم-تەربىيە مەسلىسى تولىمۇ خەتەرلىك بولۇپ، تەلىم-تەربىيە ساھەلىرىدە كەمچىللىك ئېغىر بولماقتا..

بىز تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تەربىيەلىنىشىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ مۇھىم بولغان ئىش پۈختا، مۇستەھكەم، يىلتىزلىرى چوڭقۇر، ئىمان، ئەخلاق، تەسەۋۋۇر، ھەرىكەت ، ھېس -تۇيغۇ، ئەمەلىيەت.. قاتارلىق تەرەپلەردە يۈكسەك نەتىجە قازانغان بازا تەربىيەلەش بولغان ئىدى.

ساھابىلەرگە (رضوان الله عليهم) ئوخشاش ئەۋلاد قىيامەتكىچە كەلمەيدۇ، لېكىن ، ئاشۇ ئەۋلادلاردىن ئۈلگە قىلىشقا تىگىشلىك ئورۇن شۇكى، بازا ئەقىدە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىسلامنىڭ ماھىيىتى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ، يۈكسەك دەرىجىدە شەكىللىنىشى كېرەك . چۈنكى، كەلگۈسىدە ئاشۇ بازىغا تايىنىپ دەۋەت ئىلىپ بېرىلىدۇ ۋە كەلگۈسىدە ئاشۇ بازىنىڭ شەخسلىرى

ئۆلگە بولىدۇ. - ئىسلامنىڭ تۇنجى غۇربەتچىلىكىنى يوقىتىش تۇنجى جامائەت (ساھابىلەر رضوان الله عليهم) نىڭ گەدىنىگە يۈكلەنگىنىدەك- ئىسلامنىڭ ئىككىنچى غۇربەتچىلىكىنى يوقىتىشتا ئاشۇ بازىنىڭ كۈچى بىلەن ھەرىكەتكە قارشى كۈچلەر توختاپ قالىدۇ.

بىز تەربىيە توغرىسىدا كىتابىنىڭ ئايرىم بىر قىسمىدا توختىلىپ ئۆتىمىز، لېكىن ، بىز بۇ يەردە شۇنى سۆزلەپ ئۆتىمىزكى، بىز دەسلەپتە –بازىغا نىسبەتەن- ھازىرقى مەيداننىڭ تەلپى ئەيىب – نۇقسانلار بىلەن تولۇپ كەتكەن سەۋىيەدە بولماستىن، بەلكى، ئالاھىدە سەۋىيەدە بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك ، چۈنكى، ئۇ بازا ئالاھىدە ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئادەتتىن تاشقىرى توسالغۇلارغا ۋە قەلبىدە ئىسلام ئۈچۈن ساقلىغان مىسلىسىز دۈشمەنلىكلەرگە ئۇچرايدۇ .. ئادەتتىكى سەۋىيەدىكى بازا بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمايدۇ ۋە ئاشۇ توسالغۇلارنى يېڭىپ دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرالمايدۇ.

تەلەپ قىلىنغان سەۋىيەگە يېتىشتە ئېنىق قىينچىلىق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر، بازىنى چوقۇم تەلەپ قىلغان سەۋىيەگە يەتكۈزۈش كېرەك . ئۇممەت بۇ دىنىنىڭ تەكلىپلىرىدىن ئۆزنى قاچۇرغانلىقىغا ۋە بۇ دىنىنىڭ تەكلىپلىرىنى ئورۇنداشتىن باش تارتقانلىقىغا بەدەل تۆلەۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبىدىن بارلىق ئۇممەتلەر ئۇنىڭغا (قورسىقى ئاچ قالغان ) تاماق يېگۈچىلەر قاچىسىغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندەك يوپۇرۇلۇپ كىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، بۈگۈن ئىككى ئەسىردىن بىرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ چېكىنىشلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك .

ئەگەر تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بار ۋە ئۇلارغا ۋەھىي چۈشۈۋاتقان هالەتتە ئىسلامنىڭ تۇنجى غۇربەتچىلىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى تىرىشچانلىقلارنى سەرپ قىلغان بولسا - بىزنىڭ ئىچىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بولمىغان ۋە بىزگە تۇنجى ئەۋلاد

مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ۋەھىي چۈشمىگەن ھالەتتە- بىز بۈيۈك، مېھرىبان ، بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان رەببىمىز اللەدىن كۈچ-قۇۋۋىتىمىزگە بەرىكەت بېرىشى ، قەدەملىرىمىزنى توغرىلاپ بېرىشى ۋە بىزنىڭ قولىمىز بىلەن ئىسلامنىڭ ئىككىنچى غۇربەتچىلىكىنى يوقىتىشنى تەقدىر قىلىشى ھەققىدە ياردەم تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە موھتاجمىز .

تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئەڭ موھتاج ئورۇن بازا بىنا قىلىشتۇر، لېكىن ، ئىسلامى ھەرىكەت مەيدانىدىكى بىز بۈگۈن كۆرۈۋاتقان مەغلۇبىيەتلەر بىزنىڭ ئالدىراپ قەدەم باسقانلىقىمىزنىڭ ۋە تەلىم-تەربىيە مەسىلىسىگە يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلمىغانلىقىمىزنىڭ ھەمدە بەزىدە بۇ ئىشلارنىڭ تەربىيەلەش ۋە تەييارلىق قىلىشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە!

بازا ھازىرقى مەيداندا تەلەپ قىلىنغان ئەھۋاللارغا مۇۋاپىق دەرىجىدە كېلەلەيدىمۇ؟!

بىز ئومومى خەلق بازىسى (القاعدة الجماهيرية)نى مەقسەت قىلغىنىمىزدا، شۈبھىسىزكى ، بازا يىرىم ئەسىردىن بۇيان داۋام قىلىۋاتقان دەۋەت خىزمىتى ۋە دەۋەت يولىدا روھلىرى ۋە قانلىرىنى تەقدىم قىلغان شەھىدلەر ئارقىلىق ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى تۆككەن ۋە تۈرمىلەرگە تاشلىغان ۋە يۇرت ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان ۋە قاتتىق ئازابلىغان جاھىلىيەتنىڭ ھاماقەتلىكى ئارقىلىق كېلەلەيدى، بۇ اللەنىڭ قانۇنى بولۇپ، تاغۇتلار قان تەقدىم قىلىنغان دەۋەتنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. تاغۇتلار ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈپ ۋە تۈرمىلەرگە تاشلاپ ۋە يۇرت ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ ۋە قاتتىق ئازاپلىسا دەۋەتچىلەر دەۋەت بىلەن بىرگە يوقايدۇ دەپ ئويلايدۇ، تاغۇتلار بۇ ئىشلىرىنى غەلىبە قىلىشقا تىگىشلىك بولغان دەۋەتچىلەر ئالدىدىكى توسالغۇ

دەپ ئويلايدۇ، لېكىن ، بۇ اللهنىڭ مۇئمىنلەرنى پاكلىشى ۋە كاپىرلارنى هالاك قىلىشتىكى تەقدىرىدۇر.

( وَلا تَهِنُوا وَلا تَحْزَنُوا وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ إِنْ يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ الْقَوْمَ قَرْحٌ مِثْلُهُ وَتِلْكَ الْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَيَتَّخِذَ مِنْكُمْ شُهَدَاءَ وَاللَّهُ لا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ ، وَلِيُمَحِّصَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَيَمْحَقَ الْكَافِرِينَ ) [ آل عمران : 139 – 141 ] .

((جىهادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر. ئەگەر سىلەرگە شىكەستلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىت بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)، (بۇ) الله نىڭ (ھەقىقىي) مۆمىنلەرنى

(مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شېھىتلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر، ــ اﷲ زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ. مۆمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ئۈچۈندۇر، كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر.)

توغرا، ئومومى خەلق بازىسى(القاعدة الجماهيرية) كېڭەيدى ھەمدە تەرەققي قىلىپ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنى قاپلىدى. بۇ بازىغا نەچچە ئون مىڭلىغان ياشلار قوشۇلدى، ئۇلار جاھىلىيەت تۈزۈمى ئىچىدە تۇغۇلدى، لېكىن ، الله ئۇلارنىڭ ئىسلام دەۋىتى ۋە جاھىلىيەتنىڭ ھاماقەتلىكىدىن تەسىرلەنگەن ھالدا ئىسلام يولىنى تاللىشىنى ئىرادە قىلدى، ئىسلام ھەرىكىتىگە نىسبەتەن بۇ كىشىلەرنىڭ ۋەزنى قانچىلىك؟

ئەمما، دەۋەتچىلەرنىڭ بازىنىڭ بۇنداق كىڭەيگەنلىكىدىن خۇشال بولغانلىقىغا كەلسەك، بۇنىڭدا شەك يوق، ئەمما، بۇ كىشىلەرنىڭ

ئەنسارىلار ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە بىغىشلىغاندەك دەۋەت ئۈچۈن ئۆزىنى بىغىشلىشىغا كەلسەك بۇنىڭدا شەك يوق!

بىز ئەۋۋەل شۇنداق سوئال قىلىمىزكى: بۇ ئىسلامغا قىزغىن بولغان قىزىققان كىشىلەر جاھىلىيەت ھاماقەتلىشىپ مۇسۇلمانلارنى قەتلى قىلىۋاتقان ۋە ئۇلارنى ئازابلاۋاتقان ۋە ئۇلارنى يۇرت ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋاتقان ۋە ئۇلارنىڭ تىنچ –خاتىرجەم تۇرمۇشىنى بۇزۇۋاتقان ۋە ئۇلارغا ئازار بېرىۋاتقان ۋاقىتتا، بۇ كىشىلەر ئاشۇ تىنچ ۋاقىتلاردا ئىسلامغا قىزغىن بولغان ھالىتىدە بولارمۇ؟ ياكى بىزنىڭ ساداقىتىمىز بۇ دەرىجىگە يەتمەپتۇ! دەپ دەۋەت يولىدىن يىراقلىشارمۇ؟!

بىز مۇسۇلمانلار دۆلەتلەردىن بىرەر دۆلەتتە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى، شۇنىڭ بىلەن خەلقئارالىق جاھىلىيەت، يەنى يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلار ئۇلارغا –باشقا ۋاستىلارنى قويۇپ تۇرۇڭ- ئىقتىسادى ئېمبارگو يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇرۇش قوزغىدى دەپ

پەرەز قىلىدىغان بولساق مۇشۇنداق پەيتتە بۇ قىزىققان كىشىلەر ئىسلام ھاكىمىيتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟ ياكى ئۇلار بىر لوقما نان ئۈچۈن كەينىگە چېكىنەمدۇ؟!

بىز مۇسۇلمانلار دۆلەتلەردىن بىرەر دۆلەتتە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى ۋە خەلقئارالىق جاھىلىيەت مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلمىدى ۋە ئىقتىسادى ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئۇرۇش ئېلان قىلمىدى، بىراق، مۇسۇلمانلار رادىئودىن بىرىلىۋاتقان ناچار ناخشا مۇزىكىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە تىلىۋىزوردىن بىرىلىۋاتقان يالىڭاچ كۆرۈنۈشلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە يولدا جاھىلىيەتچە كىيىم –كېچەكلەرنى كىيىشنى چەكلىدى دەپ پەرەز قىلىدىغان بولساق، بۇ قىزىققان كىشىلەر ئىسلامغا بولغان بۇرۇنقى قىزغىنلىقىدا تۇرارمۇ؟ ياكى ئەڭ ئاددىيسى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇ دېگەن مۇتەئەسسىپلىك دەپ كەينىگە چېكىنەرمۇ؟

دۈشمەنلەر ئۇرۇش قىلغاندا ياكى زىمىندا ئىسلام ئەھكاملىرى بەرپا قىلىنغاندا ئىسلامنىڭ تەكلىپلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئۆزنى

پىدا قىلىشى ۋە بۇ تەكلىپلەردىن قاچماسلىقى ئۈچۈن بۇ كىشىلەرنىڭ ئاز دېگەندىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەلىم-تەربىيە قوبۇل قىلىشى زۆرۈر ئەمەسمۇ؟

بازا تەلىم-تەربىيەنى مۇكەممەل قىلماي تۇرۇپ ۋە ئۆزىنى ئومومى خەلققە يۈزلىنىشكە تەييارلىماي تۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ئومومى خەلق كەلسە ۋە تەربىيلىگۈچىلەرنى تاپالمىسا بۇ كىشىلەرنى كىم تەربىيەلەيدۇ ؟

ئەمما، الله ئۈچۈن خالىس دېگەن سۆزدە شەك بار، بىز بۇ يەردە بىرەر كىشى ھەققىدە سۆزلىمەيمىز ۋە ئۆزىمىزنى ئاقلاپ ئولتۇرمايمىز، الله قەلبلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەرداردۇر:

( **يَعْلَمُ خَائِنَةَ الْأَعْيُنِ وَمَا تُخْفِي الصُّدُورُ** ) [ غافر : 19 ]

(الله كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ.)

لېكىن ، بىز پەقەتلا شۇنى دېمەكچىمىزكى، بۈگۈن ئىسلامى ھەرىكەت مەيدانىدا يۈز بېرىۋاتقان تالاش-تارتىش، بۆلۈنۈش، پارچىلىنىشنىڭ كۆرۈنىشى دەۋەت مەيدانىدا خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ قەلبلىرىدىكى "ئىسلامى قېرىنداشلىق" تەربىيەسىدە كەمچىلىك بارلىقىدىن ئىبارەت مۇئەييەن دەلىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گەرچە قەلبتىكى ھاۋايى ھەۋەسكە ياكى بىر شەخسكە ياكى بىر گورۇھقا يان باسماستىن ئىختىلاپلارنى تۈزەيدىغان قائىدە پىرىنسىپلارنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولسىمۇ، دەۋەتچىلەر ئارىسىدا ئىختىلاپنىڭ بولۇشى ئەيىب ئىش ئەمەس، ساھابىلەرمۇ ئىختىلاپلىشىپ قالاتتى، لېكىن ، ئۇلار بۆلۈنمەيتتى، مانا بۇ مەسىلىنىڭ يادىروسى.

بىز اللە ئۈچۈن خالىس ئىش قىلىدىغان، ھەق ئۈچۈن خالىس بولغان ھالەتتە ئىختىلاپلىشىپ قالساق تالاش-تارتىش، بۆلۈنۈش، ئايرىلىپ كېتىش شەك-شۈبھىسىزكى ئاز بولىدۇ، ھەممە بۈگۈنكىدەك

ئىسلامى ھەرىكەت مەيدانىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ۋە بىر پىكىر، بىر ئىدىيە، بىر قوماندان، بىر جامائەت، بىر يولغا يان باسىدىغان گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈش كۆرۈنىشى ئاز بولىدۇ.

تەبىئىيكى، خاتالىق ئۈستىدە جامائەت بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ، چۈنكى، خاتالىق ئۈستىدىكى جامائەت دەۋەتكە خىزمەت قىلالمايدۇ، خاتالىقتا چىڭ تۇرۇش بۇزۇقچىلىققا ئىلىپ بارىدۇ. لېكىن ، ھەقنى بايان قىلىشتا الله ئۈچۈن خالىس بولۇش، خاتالىقنى تۈزىتىش ۋە توغرىنى ئاشكارىلاش داۋاسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشتىن قەلبلەرنى بىرلەشتۈرۈشتىكى ئاساسلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك ، بىز دەۋەت يولىدا ئالدىراڭغۇلۇق قىلدۇق ، بىز اللەنىڭ دەرگاھىدا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشكە لايىق بولۇشىمىز ئۈچۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا بېسىپ ئۆتۈشكە تىگىشلىك نۇرغۇنلىغان مۇساپىلەر بار.

ھەقىقەتەن، الله بىزگە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش يولىنى بايان قىلىپ بەردى:

**( هُوَ الَّذِي أَيَّدَكَ بِنَصْرِهِ وَبِالْمُؤْمِنِينَ ، وَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ لَوْ أَنْفَقْتَ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعاً مَا أَلَّفْتَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ أَلَّفَ بَيْنَهُمْ إِنَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ، يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ حَسْبُكَ اللَّهُ وَمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ ، يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ حَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى الْقِتَالِ** ... ) [ الأنفال : 62 – 65 ] .

(اﷲ سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۆمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى. اﷲ مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن اﷲ (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كاملەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، اﷲ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر]. ئى پەيغەمبەر! (يالغۇز) اﷲ ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر. ئى پەيغەمبەر! مۆمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن..)

مانا بۇ بىر سۈرىدىكى ئارقىمۇ-ئارقا كەلگەن تۆت ئايەت غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ؛ بۇ شەرتلەر ئىمانى راستچىل، قەلبلىرى بىرلەشكەن، اللە ئۈچۈن خالىس ئىش قىلىدىغان، جىھادنىڭ شارائىتلىرى ئۈنى تەلەپ قىلغاندا ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ بولۇشىدۇر.

ئەگەر بىز يۇقىرىقى شەرتلەرنىڭ روھى بىلەن بۈگۈنكى دەۋەت رېئاللىقىغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئۆزىمىزنىڭ دەۋەت يولىنىڭ بىر قىسمىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىمىزنى، لېكىن ، دەۋەت يولىدا ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز.

# هازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتىدىكى ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىپ چىققان نەتىجىلەر

بۇ يەردە هازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتىدىكى ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق ئۈچ سەۋەب بار:

1-ئۈممەتنىڭ ئىسلامنىڭ ماھىيىتىدىن يىراقلىشىپ كېتىش مۇساپىسىنى ئىنچىكە بەلگىلىيەلمەسلىك.

2-ئومومى خەلقنىڭ ئىسلامغا بولغان قىزغىنلىقىغا ئالدىنىپ قىلىش.

3-دۈشمەنلەرنىڭ ئەكس تەسىرنى يېتەرلىك مۆلچەرلىيەلمەسلىك.

بىز بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھەر بىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

يىرىم ئەسىردىن خىلىلا ئىلگىرى دەۋەت باشلانغان ۋاقىتتا ئۈممەتنىڭ ئەھۋالى تامامەن ئېنىق ئەمەس ئىدى، چۈنكى، ئىسلامى كۆرۈنۈشلەرنىڭ قالدۇقلىرى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغاچقا، بىر كىشى ياخشىلىق ھېلىمۇ -ھەم بار ئىكەن دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئىدىيۋى ھۇجۇم ھازىرقىدەك ئۈممەتكە ھۇجۇم قىلىشقا قادىر بولالمىغان ئىدى، ئۆرۈپ-ئادەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى يوشۇرۇن بولۇپ ھەققى سۈرەتتە ئاشكارا بولالمايتتى.

ئەمما، ئىدىيۋى ھۇجۇمغا كەلسەك، ئىسلام دۇنياسى غەربنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتكەندىن باشلاپ ئىدىيۋى ھۇجۇم باشلاندى، ئىسلام دۇنياسى غەربنىڭ ماددىي ، ئىلمى تەرەققىياتلىردىن ھاڭ-تاڭ قىلىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار بۇ كۈندە پۈتكۈل مەيدانلاردا ئارقىدا قالدى، بۇ ۋاقىتتا غەربنىڭ تەلىم-تەربىيە پىروگراممىسى ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرى ئىدىيۋى ھۇجۇمنى تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش ۋە تەدرىجي ئىسلامدىن سۇغۇرلۇپ چىقىۋالدىغان ۋە

غەربنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە كىرىشىدىغان بىر تۈركۈم ئەۋلادلارنى تەربىيەلەپ چىقىشقا باشلىدى.. لېكىن ، يىرىم ئەسىردىن خېلىلا ئىلگىرى دەۋەت باشلانغان ۋاقىتتا، دەۋەت ئۆز مېۋىسىنى تولۇق بېرەلمىگەن ئىدى، چۈنكى، دېڭىز ساھىلىدا پەقەتلا ئالى تەبىقىدىكى ئاياللار يالىڭاچلاندى! ئەمما، ئوتتۇرا تەبىقىدىكى قىزلار گەرچە گېزىت –ژۇرناللار تارقىتىۋاتقان يالىڭاچ سۈرەت ۋە خەۋەرلەرنىڭ كۆپلىكىدىن نەپسى خالىسىمۇ، ئۇخىل يالىڭاچلىقتىن ھايا قىلماقتا ئىدى.

ئەمما، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزلىرى بۇنداق يالىڭاچلىقتىن نەپرەتلىنەتتى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلاتتى!

ئوغۇللار بىلەن قىزلار ئارىسىدىكى پاك دوستلۇق قاتتىق ھايا قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئاتا-ئانىلىرىدىن يوشۇرۇن تۇتاتتى. ئاشكارىلىنىپ قالغان قىز كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇزۇق قىز ھېسابلىناتتى . غەربنىڭ ئىدىيەلىرى گېزىت ژۇرناللار ئارقىلىق ئەسلى غەربلىك مۇتەپەككۇر (پەيلاسوپ) لارغا نىسبەت بېرىش

ياكى نەقلى قىلغۇچىغا نىسبەت بىرىش ئارقىلىق تارقىلىشقا باشلىدى.

تىياتىر، كىنو، رادىيو قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىدىيەۋى ھۇجۇم ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. لېكىن ، تىياتىر، كىنو، رادىيو قاتارلىقلارنى ياخشى كۆرىدىغانلار تېخى چەكلىك بولۇپ تىياتىر، كىنو، رادىيو قاتارلىقلار تېخى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمىگەن ئىدى.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزگىرىش ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كىيىنكە قارىغاندا ئانچە تىز دەرىجىدە بولمىغان ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، كىشىگە ئۆرۈپ –ئادەتنىڭ قالدۇقلىرى ئىدىيەۋى ھۇجۇمنىڭ بېسىملىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقاندەكلا تۇيغۇ بېرەتتى. چۈنكى، ھېلىمۇ -ھەم ئىدىيەۋى ھۇجۇم مەركەز قىلغان چوڭ پايتەختلەرگىچە مەسچىتلەرگە كېلىدىغان ياشلار بار ئىدى، رامىزاندا چوڭلار ۋە كىچىك باللارمۇ روزا تۇتاتتى، بىر كىشى گەرچە روزا تۇتمىغان بولسىمۇ ئاشكارا يەپ -ئىچىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى! قىز –يىگىتلەرنىڭ توي قىلىش

ئىشلىرى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاتا-ئانىنىڭ تونۇشتۇرۇپ يول كۆرسىتىشى ئارقىلىق ئىلىپ بېرىلاتتى، ئائىلە ھېلىمۇ -ھەم مۇستەھكەم ئىدى، ئائىلىدە ئائىلە باشلىقىغا ئىتائەت قىلىناتتى، ئوغۇللار ۋە قىزلار ئۆزئۆپ —ئادەتلەرگە چىڭ ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتمەيتتى، كىمكى ئۆرۈپ —ئادەتلەردىن چىقىپ كەتسە كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈپ نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى؛ ئەمما، بۇ ئىشلار يېزا ئەھلىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئادەتكە ئايلانغان ئىشلار بولۇپ، يېزا ئەھلى بولسا شەھەردە يۈز بېرىۋاتقان بۇزۇقچىلىقلارنى ئىنكار قىلاتتى.

بۇنداق شارائىتلاردا كىشىگە نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنىڭ يوشۇرۇنۇپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى!

ئىسلام ئۇزۇن زامانلاردىن بىرى جانلىق ھەقىقەت بولۇشتىن كۆپراق ئۆرۈپ - ئادەتلەرگە ئايلىنىپ كەتتى.. ئۇممەتلەرنىڭ ھاياتىدا مۇئەييەن بىر دەۋر كىشىلەرنىڭ ئۆرۈپ — ئادەتلەرگە ئىسلىشى شۇ

دەرىجىدە كۈچلۈك بولغان ئىدىكى ئىنسان كىشىلەر ھەقىقىي ئىسلام ئۈستىدە ياشاۋېتىپتۇ دەپ ئويلاپ قالاتتى،

لېكىن ، ئۆرۈپ – ئادەتلەر ئۈنىڭغا ھاياتى-كۈچ ۋە ئىقتىدار بېرەلەيدىغان جانلىق ياردەمدىن ئايرىلىپ قالغاندا، بىر مەزگىلدىن كېيىن قۇرۇپ كېتىدۇ -دە بىر تەرەپتىن قۇرۇپ قېتىپ كەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قائىدە يوسۇنلارغا چىڭ ئىسلىدىغان خاراكتېرىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ.. ئۆرۈپ – ئادەتلەر –گەرچە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئاخىردا ئىدىيىنى بۇزۇش ئامىللىرىنىڭ سەۋەبىدىن ھەيران بولۇش ۋە يوقىلىشقا يېتىپ بارسىمۇ- جەمئىيەتتە قاتتىق ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەن ۋاقىتتا بىر مەزگىل مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ؛ ئەمما، جەمئىيەتتە قاتتىق ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن ۋاقىتتا ئۆرۈپ – ئادەتلەر بۇ ئۆزگىرىشلەرگە قارشى تۇرۇشقا قادىر بولالماي ناھايىتى تىزلا ۋەيران بولىدۇ.

ئىسلام دۇنياسىدا پەيدا بولغان ئىش شۇكى، –ئىدىيەۋى ھۇجۇمدا ئەكس ئىتىۋاتقان - بۇزغۇنچىلىق قوراللىرى ناھايىتى

قاتتىق بولۇپ، بۇ قۇراللار ئىسلامنىڭ سىرتقى ئۆرۈپ– ئادەتلىرىدىن سىرت، ئىسلامنىڭ ئۆزىنى يوقىتىشقا يۈزلەندى. چۈنكى، ئۆرۈپ – ئادەتلەر كىچە -كۈندۈز بوشاپ قالماستىن، نىشانىدىن ئېزىپ قالماستىن، مۇستەھكەم تۇرۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان بۇزغۇنچىلىق قوراللىرى ئاستىدا ناھايىتى تىزلا ۋەيران بولىدۇ.

يىرىم ئەسىر ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلار ئۆزگەردى، تۈنجى ئۈممەت دۇنيادىن كېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا تۈنجى ئۈممەت بىلەن ئىسىملىرىدىن باشقا ئوخشاشلىقى بولمىغان، باشقا بىر ئۈممەت مەيدانغا كەلدى! ئۇلار "تەرەققىيات " دەپ ئىسىم قويىۋالغان بۇزۇقچىلىق، زەھەر يىلان چىقىۋالغان جايدىن بەدەنگە تارىغاندەك ناھايىتى تىزلا يامراپ كەتتى. دېڭىز قىرغاقلىرىدا يالىڭاچلانغانلار پەقەتلا يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاياللار بولماستىن، بەلكى، ئوتتۇرا تەبىقىدىكى ئاياللارمۇ يالىڭاچلاندى ھەمدە ئاستا-ئاستا يالىڭاچلىنىش ۋابالىرى يېزىلارغا يېتىپ باردى! قىز-يىگىتلەر ئارىسىدىكى –پاك بولغان ۋە پاك بولمىغان- ئالاقىلەر جەمئىيەتتە ئادەتتىكى ئىشقا، بەلكى،

جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ئىشلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى.. ئائىلە پارچىلاندى ھەمدە ئائىلىگە ئائىلە باشلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلالمىدى. ئوغۇل -قىزلارنىڭ خۇسۇسى ئىشلىرىغا ئاتا-ئانا ئارىلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. دىن ئاساسى جەھەتتىن قالاقلىق ۋە قاتماللىق ۋە ھەرىكەتلىنىۋاتقان ھايات كارۋانلىرىدىن ئارقىدا قىلىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. ھەر بىر نەرسە ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ئىگىسى ئەيىبلىنىدىغان ئەيىبلىك ئىشقا ئايلىنىپ قالدى، چۈنكى، (ئۇلارنىڭ نەزىرىدە) شەيئىلەردىكى ئەسلى قائىدە تەرەققىي قىلىش، جىم تۇرۇۋېلىش ئەمەس ئىدى!

يىرىم ئەسىر ئىچىدە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يۈز بەردى، ھەمدە بۇ ئىشلار تەرەققىيات، گۈللىنىش، مەدەنىيەتلىك دۇنيا بىلەن ماسلىشىش، تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىنقىلابى بىلەن ماسلىشىش دەپ ھېسابلاندى.

مۇقەررەركى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ زېمىن ئۈنىڭ سەۋەبى بىلەن گۈللىنىۋاتقان ھادىسىلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋېلىشى مۇمكىن

ئەمەس، لېكىن ، ئىسلام ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قەلبىدە تىرىك بولغان ۋە روھتىن خالى بولغان قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالمىغانلا بولسا تامامەن بۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر ۋەزىيەت بارلىققا كېلىشى لازىم.

ئەمما، ئىلمى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىغا كەلسەك، ئۇ مۇسۇلمان ئىنسانغا ھېچقانداق قىيىنچىلىق ئىلىپ كەلمەيدۇ، قەدىمكى زاماندا مۇسۇلمانلار زېمىندىكى ئىلمى ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىگەن ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆزگىرىشلەرنى قوشقان، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئەڭ ئوبرازلىق بولغىنى ئىلمى تەتقىقات يولىدا تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتۇر، ھازىرقى ئىلىم-پەننىڭ يادىروسى بولغان باشقا كەشپىياتلار بۇنىڭ سىرتىدا.. لېكىن ، مۇسۇلماننىڭ ئەقىدىسى ئىلىم ئۆگەنگەن ۋاقتىدا قىلچىمۇ تەۋرىمەيدۇ ھەمدە مۇسۇلماننىڭ اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە بولغان ئىمانى قىلچىمۇ تەۋرىمەيدۇ، مۇسۇلماننىڭ ئەقىدىسى ھېچقانداق

قارشىلىقسىز ئىمانغا مايىل بولۇشقا ۋە ئىلىم- مەرىپەتكە مايىل بولۇشقا ياردەم بىرىدۇ

( **إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ** ) [ فاطر : 28 ] .

(الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله تىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ،)

ھەقىقەتەن، ياۋروپا ئېتىقاد قىلغان دىندىكى نۇقسانلار نەتىجىسىدە ۋە ئۇ دىن ياۋروپاغا قالدۇرۇپ كەتكەن كائىناتتىكى نۇقسانلار نەتىجىسىدە ياۋروپادا دىن بىلەن پەن ئوتتۇرىسىدا قارمۇ- قارشىلىقلار يۈز بەردى، ئەگەر ئىسلام ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قەلبىدە ھايات بولغان ۋە روھتىن خالى قۇرۇق ئۆرۈپ -ئادەتلەرگە ئايلىنىپ قالمىغانلا بولسا، ئەسلى دىن ئىلىم-پەنگە قارشى ئەمەس ھەمدە ئىلىم-پەننىڭ دىننىڭ ئورنىنى بېسىشى مۇمكىنمۇ ئەمەس!

شۇڭا، ئىسلام ئۈممىتى ئىنسانىيەتكە غەرب جاھىلىيتىگە ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت ئۈلگىسى تۇرغۇزۇپ بېرىشى كېرەك ، چۈنكى، غەربنىڭ جاھىلىيەت ئۈلگىسى بىر تەرەپكە ئەھمىيەت بىرىپ ، يەنە بىر تەرەپكە سەل قارايدۇ، ھەر بىر باسقۇچتا ئىنساننىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ بىرىگە ئەھمىيەت بىرىدۇ: يەنى ياكى روھى تەرەپكە ياكى ماددىي تەرەپكە ئەھمىيەت بىرىدۇ .. ياكى ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ ھەمدە دۇنيا ھاياتىغا سەل قارايدۇ ياكى دۇنيا ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ ھەمدە ئاخىرەتلىك ئەمەللەرگە سەل قارايدۇ. بارلىق ئەھۋاللاردا ئىنساننىڭ ھەممە تەرىپىگە يەنى ھاياتى دۇنيا (ماددىي تەرەپ) ۋە ئاخىرەتلىك (روھى تەرەپ) ئەمەللىرىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتىن ئاجىز كېلىدۇ .

**( إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلائِكَةِ إِنِّي خَالِـــقٌ بَشَراً مِنْ طِينٍ ، فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِنْ رُوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ )** [ صٓ : 71 – 72 ] .

(ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى مەن راۋرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار».)

شۈبھىسىزكى، ئۇممەتنىڭ يەرشارىدىكى ئىلمى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىگەللەشتىن ئاجىز كېلىشى ۋە ئۇممەتنىڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت ئۈلگىلىرىنى تەقدىم ئېيتىشتىن ئاجىز كېلىشى ، دەۋەتچىلەرنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ، بۇنىڭ ئومومى مەزمۇنى شۇكى، بۇ دىنىنىڭ جانلىق ئوتى ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قەلبىدە ئۆچكەنلىكىنى ياكى ھادىسىلەر بىلەن بۇندىن بۇرۇن ماسلاشقاندەك جانلىق ماسلىشىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.. بۇ ئاجىزلىقنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت ھاياتىدا دىن ئىگىلىرى دىنغا ھەقىقىي ، راستچىل،

ئاڭلىق هالدا ئىمان ئېيتقان ۋە هاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ بىلەن هەرىكەت قىلغان ۋاقىتتا ئاجايىباتلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن، هاياتى كۈچكە تولغان بۇ دىنىنىڭ خاراكتېرى ئەمەس.. چوقۇم بۇ يەردە قەلبكە يەتكەن نۇرغۇنلىغان كېسەللەر بار بولۇپ ئۇ پۈتۈن بەدەننى چىرمىۋالدى.

**" ألا إن في الجسد مضغةً إذا صلحت صلح الجسد كله ، وإذا فسدت فسد الجسد كله ، ألا وهي القلب "** [22] .

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن : « بىلىڭلاركى ئادەم بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بار بولۇپ، ئۇ تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسا قەلبتۇر»

ئەگەر ئاشۇ كىسەللەر دەۋەتچىلەرگە دەسلەپدىن باشلاپ ئاشكارا بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلار دەۋەتكە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئاشۇ

---

[22] **أخرجه البخاري .**

كىسەللىـەرنى داۋالاشقا ئاتلانغان بولاتتى.. ئەگەر دەۋەتچىلەرگە مۇسۇلمانلار چۈشۈپ قالغان ئىلمى، ماددىي ، سىياسىي ، ھەربىي، مەدەنىي قالاقلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار ئاخىرقى زاماندا چۈشۈپ قالغان ئەقىدە قالاقلىقىدىن كېلىپ چىققانلىقى روشەن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇلار دەۋەت ئۈچۈن ھازىر ماڭغانغا ئوخشىمايدىغان بىر يولنى ئوتتۇرىغا قويغان بولاتتى، ھەمدە ئۇلار بۇ كېسەلنى داۋالاش يولىدا خىلمۇ-خىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولاتتى.

شۈبھىسىزكى، ئۈممەتنىڭ ئىسلامنىڭ توغرا سۈرىتىدىن يىراقلىشىپ كېتىش ماھىيىتى دەۋەتچىلەرگە تولۇق روشەن بولدى؛ چۈنكى، ئۈممەتنىڭ ئىسلامنىڭ توغرا سۈرىتىدىن يىراقلىشىپ كېتىشى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس، لېكىن ، بۇ يىراقلىشىپ كېتىشنىڭ دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ تۈرى بولسا ساختا دىنى ئۆرۈپ - ئادەتلەرنىڭ پوستى ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ قالغان بولۇپ، بۇ ساختا دىنى ئۆرۈپ – ئادەتلەر كىشىگە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىناسى

مۇستەھكەم ياكى پەقەتلا ئۇيەر- بۇيەرلىرىنى ئازراق تۈزەپ قويۇشقا موھتاج .. دېگەندەك تۇيغۇنى بىردۇ!

ئىسلام بىناسىنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكى ياكى تارىخ جەريانىدا ئۇممەت بېسىپ ئۆتكەن ئارقىمۇ-ئارقا تەۋرىنىش جەريانىدا تەۋرەپ قالغانلىقىنى بىلىش ھەمدە دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلام بىناسىنى رېمونت قىلىش كېرەكمۇ؟ ياكى ئىسلام بىناسىنىڭ ھۇلىنى يېڭىلاش كېرەكمۇ؟ .. دېگەن بۇ مەسىلە ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن دەۋەتكە ئۇنىڭ ئاساسى ئېنىق بولۇشى لازىم.

ئۇممەتكە يەتكەن بۇزۇلۇش پەقەت ئۇممەتنىڭ ئىش — ھەرىكەتلىرىدىكى بۇزۇلۇشلا بولماستىن، بەلكى، بۇ بۇزۇلۇش ئۇممەتنىڭ ئاڭ - چۈشۈنچىلىرىگىمۇ يېتىپ باردى، ئاڭ - چۈشەنچىلەرنىڭ بۇرۇلۇشى ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشىدىن خەتەرلىك بولۇپ، بۇنى تۈزەش تولىمۇ مۈشەققەتلىك ۋە جاپالىقتۇر..

بىر شەخس ياكى جامائەت ياكى ئۇممەتنىڭ ئاڭ - چۈشەنچىلىرى ساغلام بولۇپ ئىش — ھەرىكەتلىرى بۇزۇلغان ۋاقىتتا،

-ھەرقانچە مۇشەققەتلىك بولسىمۇ- ئىش-ھەرىكەتتىكى بۇزۇلۇشنى ئىسلاھ قىلىش ئاڭ-چۈشەنچىنىڭ بۇزۇلۇشنى ئىسلاھ قىلىشقا سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ ئاساندۇر، بىراق، ئاڭ –چۈشەنچىلەر بۇزۇلغاندا ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن سەن نەچچە ھەسسە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە موھتاج بولىسەن، يەنى بۇ ۋاقىتتا سەن ئاڭ-چۈشەنچىلەرنى ھەمدە ئىش-ھەرىكەتلەرنى تۈزەشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە موھتاج بولىسەن.

دەۋەت باشلانغاندا ھەتتاكى «لا اله الا الله» چۈشەنچىسىگىچە بولغان ئاڭ-چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇزۇلغان بولسا، «لا اله الا الله» چۈشەنچىسى پەقەتلا تىل بىلەن سۆزلىنىدىغان قۇرۇق سۆزگىلا ئايلىنىپ قالىدۇ، بىر قىسىم كىشىلەر بەزىبىر ئىبادەت شوئارلىرىنى ئىنساننى ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى (يەنى ئىبادەت، ئەمەل، سىياسەت، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي ۋە پىكرى ئالاقە .. قاتارلىقلارنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، مۇكەممەل ھايات پىرىنسىپىغا

باغلايدىغان ئاڭلىق، جانلىق شەكىلدە ئادا قىلىشتىنمۇ بەكراق ئۆرۈپ ئادەت سۈپىتىدە ئادا قىلىدۇ.

نۇرغۇنلىغان ئامىللار كىشىلەرنىڭ ئىگىدىكى ئاساسى ئىسلامى چۈشەنچىلەرنى بۇزۇشقا تەسىر كۆرسەتتى: مەسىلەن: كىشىلەر ئىسلامى چۈشەنچىلەرنى الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋە ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار چۈشەنگەندەك ئۆزىنىڭ توغرا سۈرىتىدە چۈشەنمىدى.

ئىرجائىزىم ئىدىيىسى ئەمەلنى (يەنى ئىسلامنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىشنى) ئىمان دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتتى! ئىرجائىزىم ئىدىيىسى: ئىمان دېگەن قەلبتە تەستىقلاش، تىل بىلەن ئىقرار قىلىشتۇر! كىمكى «لا اله الا الله» دېسە، ئۇ گەرچە ئىسلام ئەمەللىرىدىن بىرەر ئەمەلنى قىلمىسىمۇ، مۇئمىن-مۇسۇلمان بولىدۇ.. دەپ داۋا قىلدى!

سوپىزم ئىدىيىسى قەبرىلەرگە ۋە ئەۋلىيالارغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇلارغا اللەنىڭ غەيرىگە قىلىش دۇرۇس بولمايدىغان تۈرلۈك

ئىبادەتلەرنى قىلىشتىن باشقا، يەنە ئىسلامنى تەسبىھ سىرىش ۋە ۋەزىپىگە ئوقۇش ۋە زىكرى-تەسبىھ ئېيتىش ، رېئال دۇنيادا ھەرىكەت قىلمايدىغان روھى تەشنالىق، ياخشىلىققا بۇيرىمايدىغان ۋە يامانلىقتىن توسمايدىغان، جىھاد قىلمايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتتى.

بەنى ئۇمەييە ، بەنى ئابباسىيە، مەمالىكلار، ئوسمانىيلار دىن باشلانغان سياسىي مۇستەبىتلىك كىشىلەرنى ئومۇمنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن چەكلەپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسى ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىپ قويدى، ھەمدە ئىبادەت چۈشەنچىسىنى تار دائىرىدىكى قۇلچىلىق شوئارلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان شەخسى ئىبادەتلەرگە چەكلەپ قويدى.

اللەغا تەۋەككۇل قىلىش سەۋەبلەرنى تۇتماستىن تەۋاكۇل (يەنى اللەغا تايىنىۋالىدىغان تەييارتاپلىق) قىلىشقا ئۆزگىرىپ كەتتى، قازايى-قەدەر ئەقىدىسى دۈشمەنلەر ۋە ھادىسىلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا جۈرئەتلىك بولۇپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ئەقىدىگە

ئايلانغاندىن كېيىن سۈرەلمىلىك قىلىش ۋە كەينىگە چېكىنىشكە ئۈزگىرىپ كەتتى:

**( قُلْ لَنْ يُصِيبَنَا إِلَّا مَا كَتَبَ اللَّهُ لَنَا هُوَ مَوْلانَا وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ ، قُلْ هَلْ تَرَبَّصُونَ بِنَا إِلَّا إِحْدَى الْحُسْنَيَيْنِ وَنَحْنُ نَتَرَبَّصُ بِكُمْ أَنْ يُصِيبَكُمُ اللَّهُ بِعَذَابٍ مِنْ عِنْدِهِ أَوْ بِأَيْدِينَا فَتَرَبَّصُوا إِنَّا مَعَكُمْ مُتَرَبِّصُونَ )** [ التوبة : 52 ] .

(ئېيتقىنكى، «بىزگە پەقەت الله نىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر. مۆمىنلەر الله قا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى مۆمىنلەر هەممە ئىشنى الله قا تاپشۇرسۇن، ئۇندىن باشقا هېچ ئەهەدىگە يۆلەنمىسۇن)». ئېيتقىنكى، «سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلىبە قىلىش ياكى شېهىت بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل ياخشى ئاقىۋەتنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر، بىزمۇ الله نىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاهىدىن ئازاب چۈشۈرۈشنى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشنى كۈتۈۋاتىمىز، سىلەرمۇ

(ئۈزۈڭلارغا كەلگەننى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (ئۆزىمىزگە كەلگەننى) كۈتەيلى».)

دۇنيالىق ئەمەل بىلەن ئاخىرەتلىك ئەمەل ئوتتۇرىسىدىكى يول ئايرىلدى، ئۇ ئىككىسى ئىلگىرى بىرلا يول بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋۋىلى دۇنيادا، ئاخىرى بولسا ئاخىرەتتە ئىدى.

( **وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلا تَنْسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا** ) [ القصص : 77 ] .

(الله ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، الله ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (الله نىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، الله ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ».)

( هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولاً فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ ) [ الملك : 15 ] ..

(الله سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. الله نىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.)

ئۇممەت دۇنيا يولىغا (دۇنيالىق ئەمەللەرگە) سەل قارىدى، يەنى ئۇممەت ئىلىم ئۆگىنىش ، كۈچ-قۇۋۋەت توپلاش، زېمىندا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىش، زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىش.. قاتارلىق تەرەپلەرگە سەل قارىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ گۇمانى بويىچە اللهغا يېقىنلاشتۇرىدۇ دەپ قارىغان زىكرى ئېيتىش ھالقىلىرى ۋە روھى تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا بېرىلىپ كەتتى، يەنە بىر قىسىم ياۋۇز كىشىلەر ھاياتى دۇنياغا بېرىلىپ مال-دۇنيا، ئەۋلاد، زىبۇ-زىننەت، باياشاتلىقىقا ئېرىشىپ كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، قىلمىشلىرىدىن ھېساب

بىرىش، اللەنىڭ ئۆزىگە بېرىدىغان جازاسىنى ئۇنتۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار زىمىندا بۇزۇقچىلىق قىلدى، بىر بۆلۈكىگە بېكىنىۋالغان ئۇممەت ئۇلارغا قارشىلىق كۆرستەلمىدى!

مانا بۇ دىنىنى ئۆزىنىڭ جانلىق مەزمۇنىدىن ئايرىغان ھەمدە «لا اله الا الله »نى ئۆزىنىڭ تەسىر كۆرستەلەيدىغان ئىقتىدارىدىن ئايرىغان كىسەللىەرنىڭ ھەممىسى كۆپچىلىكنى ئەتراپىغا توپلاشتىن بۇرۇن «لا اله الا الله » چۈشەنچىسىنى توغرىلاشنى ۋە بىناسى مۇستەھكەم بولغان، تايانچ بازا تەربىيەلەپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ!

ئەگەر دەۋەت باشلانغاندا، جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان دىنىنى ئۆرۈپ-ئادەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى دەۋەتچىلەرنى ئۇممەتنىڭ ئەقىدىسىگە يەتكەن ھەقىقىي كېسەلنى كۆرۈشتىن ئالداپ قويسا،

كىشىلەرنىڭ دەۋەتنى قوبۇل قىلىشتىكى قىزغىنلىقى دەۋەتچىلەرنى رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى تونۇپ يېتىشتىن تېخىمۇ ئالداپ قويىدۇ.

مىسال قىلىپ ئۆتسەك، ئەينى ۋاقىتتا ئومۇمى خەلق دەۋەتنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلدى، ئىمام شەھىد ھەسەنۇل بەننانىڭ ئەتراپىغا بىرقانچە يىلدا تەخمىنەن يىرىم مىليون كىشى توپلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشلار ئەڭ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلاتتى. ئومۇمى خەلقنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدىغان ياكى ھەرقايسى ساھەدە ئاشكارا بولۇۋاتقان ھەرقانداق يېڭىلىقنى قارشى ئالمايدىغان ئاياللار، باللار، ياشانغان كىشىلەرنى ئېتىبارىمىزدىن يىراقلاشتۇرۇپ تۇرۇپ، بىز ئاشۇ ۋاقىتتا، مىسىردىكى بارلىق ياشلارنىڭ سانى يىگىرمە مىليوندىن ئاز ئىدى دەپ مۆلچەرلىگەن ۋاقتىمىزدا بۇ ناھايىتى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ !

ئىمام شەھىد ھەسەنۇل بەننا بەھرىمەن بولغان مول روھى بايلىق ۋە ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ھېس -تۇيغۇسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان

يۈكسەك قابىلىيىتىنىڭ مۇشۇنداق كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دەۋەتنى قوبۇل قىلىشىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدە شەك يوق، چۈنكى، ئاشۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە بولالمايدىغان كىشىنىڭ بۇنداق كۆپ كىشىنى قىسقىغىنا ۋاقىتتا ئەتراپىغا توپلىشى مۇمكىن ئەمەس.

بىراق، بىز ئاشۇ ئومومى خەلقكە يەنە بىر نۇقتىدىن نەزەر تاشلايمىز، مۇقەررەركى، بۇ كىشىلەر قايسى نەرسىنىڭ سەۋەبىدىن ئىمام شەھىد ھەسەنۇل بەننانىڭ ئەتراپىغا توپلاندى؟

ئاشۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر بولسا كىشىلەر سوپىزىم مەشايىخلىرىنىڭ يېنىدا روھى ئاچلىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىلتىجا قىلىدىغان ھەمدە زىيالىيلار ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدىغان، لېكىن ، ئىشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا تاپشۇرىدىغان نۇرلۇق بەدىيل (ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدىغان كىشى) نى يوقۇتۇپ قويۇۋاتقان، سوپىزمىنىڭ زىكىر ھالقىلىرىغا تامامەن ئوخشمايدىغان نۇرلۇق يول بىلەن ئۆزلىرىنىڭ روھى ئاچلىقىنى تويغۇزىدىغان كىشىنى تاپتى.

توغرا، ئومومى خەلق ئىمام شەھىد ھەسەن ئەلبەننانىڭ ئوبرازىدا ۋە ئۇنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرىدە روھى ئاچلىقنى تويغۇزىدىغان نەرسىلەرنى تاپتى، ئىمام شەھىد ھەسەن ئەلبەننا ئۇلارنىڭ روھى ئاچلىقنى قاندۇراتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىگىنى مۇھاپىزەت قىلاتتى، بىراق، ھېس -تۇيغۇنى ئوغرىلاپ كېتىدىغان زەھەرگە غەرق بولۇپ كەتمەيتتى.. كىشىلەر ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن كىشىلەرگە يەتكەن ئېغىر مۇسىبەتتىن كېيىن ئىسلامغا قايتىشتا ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان كىشىنى تاپتى.. كىشىلەر ئۆزلىرىنى مەينەتچىلىكتىن قۇتقۇزۇپ، يۈكسەك ئۆلگە ۋە ئېسىل ئەخلاقلارغا ئىگە قىلىدىغان كىشىنى تاپتى.. كىشىلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھېچقانداق خەتەرگە ئۇچرىماستىن، تەبلىغ سورۇنلىرىغا ھازىر بولۇپ، قۇلاق سىلىپ ئاڭلاپ، ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماستىن ئېرىشتى!

بىراق، دەۋەت سېپىگە مۇشۇنداق ئاسان قوشۇلغان كەڭ ئومومى خەلق خېيىم -خەتەرنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنگەن ھامان ناھايىتى

ئاسانلا كېتىپ قالدى! قايتىپ كەلمىدى! بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت سورۇنىغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىشى ئۆزلىرىنى ھەرقانداق خەتەرگە ئىلىپ بارىدۇ دەپ قەتئىي ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى، بۇ كىشىلەر ئۆزىنى ھەرقانداق خەتەرگە دۇچ كېلىشكە تەييارلىمىغان ئىدى.. ئەگەر ئۇلار دەسلەپتىلا ئۆزلىرىنىڭ خەتەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ياكى ئۆزلىرىنى خەتەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلگەن بولسا بۇ كىشىلەر ئىمام شەھىد ھەسەن ئەلبەننانىڭ دەۋەت سورۇنىغا كەلمەيتتى ياكى كېلىش ھەققىدە ئويلىنىپمۇ باقمىغان بولاتتى!

ئىمام شەھىد ھەسەن ئەلبەننانىڭ ئەتراپىدا پەقەتلا ئۆزى بىۋاستە تەربىيەلىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كۈچ-قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ تەربىيەلىگەن كىشىلەر قالدى..

خېيىم -خەتەرنىڭ ئالامەتلىرى تۇنجى كۆرۈنگەن ھامان قېچىپ كەتكەن بۇ كىشىلەرنىڭ دەۋەتنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشى دەۋەتنىڭ

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمۇ؟ ياكى دەۋەتنى توسۇپ قويىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرىمۇ؟

بىز بۇ ئىش توغرىسىدا دۈشمەنلەرنىڭ قارشىلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا نەزەر سىلكىپ ئۆتىمىز.. بىراق، بىز بۇ يەردە ئازراق توختاپ ئۆتىمىز:

دەۋەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە دەۋەتنى ئومومى خەلق ئىچىدە قانات يايدۇرۇشقا ئىلىپ بارغان نەرسە زادى نېمە ؟!

ھەقىقەتەن دەۋەتنى ئومومى خەلق ئىچىدە قانات يايدۇرۇشقا ئىلىپ بارغان نەرسە بولسا كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى دەپ ئويلاپ قىلىش ھەمدە كىشىلەر ئىش-ھەرىكەتتە بۇزۇلغان، ئەگەر ئۇلارغا تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەت قىلىنىسلا مەسىلە ھەل بولىدۇ ھەمدە ئومومى خەلق ئىسلام يولىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ ۋە دەۋەتنىڭ ئىخلاسمەن ئەسكەرلىرىگە ئايلىنىدۇ ياكى ئەڭ ئاددىيسى ئەسكەر قوبۇل قىلىشنىڭ ياخشى خام ماددىسى بولىدۇ، شۇنىڭ

بىلەن دەۋەت ئۇلارنى توغرا نىشانغا ھەركەتلەندۈردۇ دەپ ياخشى گۇمان قىلىشتىن ئىبارەت.

كىشىلەرنىڭ پەقەتلا ئىش-ھەركەتلىرى بۇزۇلۇپلا قالماستىن بەلكى ئاڭ چۈشەنچىلىرىمۇ بۇزۇلغانلىقىنى، بولۇپمۇ، اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇشقا ئالاقدار مەسىلىلەردە تېخىمۇ بۇزۇلغانلىقىنى ۋە دەۋەتنى ئومومى خەلق ئىچىدە قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشقا موھتاج بولىدىغانلىقى دەسلەپتە دەەتچىلەرگە – كېيىن روشەن بولغىنىدەك- ئېنىق بولمىدى.. بۇ ئەھۋاللار كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى گۇمان قىلىپ دەۋەتنى ئومومى خەلق ئىچىدە قانات يايدۇرغاندىن كېيىن ئايدىڭلاشتى [23].. بىراق، كىشىلەرگە تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەت قىلىنىسا

---

(23) **ئىمام شەھىد ھەسەن ئەلبەننا 1948-يىلى « معركة المصحف » ناملىق ماقالىلەر توپلىمى يازغان بولۇپ ئىمام شەھىد بۇ ماقالىلەردە ئۇممەتنىڭ ئىسلامى ئۇممەت ئەمەسلىكى، ئۇممەت پەقەتلا اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇپ، باشقا ھەرقانداق قانۇنلارنى ئىنكار قىلغاندىلا ئاندىن ئىسلامى ئۇممەت بولالايدىغانلىقنى ئوتتۇرغا قويدى. بۇ ئەھۋاللار دەۋەتنىڭ تۇنجى باسقۇچىدا ئىنىق بولمىغان ئىدى، بىراق، كىشىلەرنىڭ ئەھۋالنى ياخشى گۇمان قىلىپ دەۋەتنى ئومومى كىشىلەر**

دەۋەتنىڭ ئىخلاسمەن ئەسكەرلىرىگە ئايلىنىدۇ ياكى ئەڭ ئاددىيسى ئەسكەر قوبۇل قىلىشنىڭ ياخشى خام ماددىسى بولىدۇ دەپ ئويلاپ، دەۋەت ئومومى خەلقكە دەۋەت قىلىشتا بىر باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن .. ھەمدە ئومومى خەلقكە دەۋەت قىلغان ۋە ئومومى خەلق مانا مۇشۇنداق تىز سۈرئەتتە توپلانغان ۋە ئومومى خەلق بىلەن سىياسىي ساھەگە ھەركەتلەنگەندىن كېيىن، دۈشمەنلەرنىڭ كۆتكەن ۋە كۈتمىگەن قارشىلىقلىرى نەتىجىسىدە بۇ ئەھۋاللار تەسىر كۆرسەتتى.

قانداق جايدا ئومومى خەلق ھەركەتلەنسە يەرلىك ئورگانلار ئالاقزەدە بولىدۇ، بولۇپمۇ، ھەرىكەت ئىسلامى ھەرىكەت بولغاندا يەرلىك ئورگانلار ۋە خەلقئارالىق ئورگانلار بىرلا ۋاقىتتا ئالاقزەدە بولىدۇ.. ئېھتىمال ، بۇ ۋاقىتتا خەلقئارالىق ئورگانلار بەكراق ئالاقزەدە

---

**ئىچىدە قانات يايدۇرغاندىن كېيىن يىگىي بىر باسقۇچنىڭ بىشىدىلار ئايدىڭلاشتى،بىراق پەلەستىن ئۇرۇشى بولىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ماقالىلەر توپلىمىنى يىزىش توختاپ قالدى، ئاندىن كېيىن ئىمام شەھىد ئەگەشكۈچىلىرىگە يىگىي يولنى كۆرسىتىشتىن ئىلگىرى 1949-يىلى 2-ئايدا يوشۇرۇن سۈيىقەست بىلەن قەتلى قىلىندى.**

بولۇشى مۇمكىن . بىز بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن تارىخ سەھىپىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ .

ئاخىرقى ئىككى ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەھۋالى بارلىق ساھەلەردە ئىزچىل تۆۋەنلەشكە باشلىدى.. مەسىلەن: ياۋروپا ئۇنىڭدىن قورقىدىغان ۋە ئەندىشە قىلىدىغان ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ نوپۇزى تۆۋەنلەپ، كۈچ-قۇۋۋىتى ئاجىزلاشتى. رۇسىيە قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىشقا قادىر بولالماي تۇرغان ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ پادىشاھلىرىغا تاجاۋۇز قىلدى، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بالقان شەھەرلىرى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى نۇرغۇنلىغان رايونلار ئوسمانىيە دۆلىتىدىن يۈز ئۆردى، دۆلەت كەينى-كەينىدىن يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا دەلدەڭشىپ قالدى..

ئەمما، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلاشتى، چۈنكى، ئارقىدا قىلىش، بىلىمسىزلىك، نامراتلىق، بېكىنىۋېلىش، يېگىلىققا

ئىنتىلمەسلىك .. قاتارلىق سەلبىي ئامىللار ئۇلارنى ھەممە تەرەپتىن چىرمىۋالدى.. ياۋروپا ئۆزىنىڭ قەدىمكى دۈشمىنىنى يوقىتىشنىڭ ئاخىرقى پۇرستى پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى بىلگەن ۋاقىتتا بىرلىشىپ سۇيىقەست پىلانلىدى ۋە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئۇنى جاھانگىرلىك بىلەن ئۆزگە بويسۇندۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، خىرىستىيان ياۋروپا بىلەن خەلقئارالىق يەھۇدىيلار بىرلەشتى، خەلقئارالىق يەھۇدىيلار ئۆزىنىڭ خۇسۇسى مەنپەئىتىنى ئۈچۈنلا پىلان تۈزىدۇ، بىراق، ئۇلار پەلەستىندە يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن خىرىستىئانلار بىلەن تولۇق ياردەملىشىش ئىچىدە ئۆز مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

سۇلتان ئابدۇل ھەمىد پەلەستىندە يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن خەلقئارالىق يەھۇدىيلارنىڭ مەنپەئەتلىرى خەلقئارالىق خىرىستىئانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى بىلەن تامامەن بىرلەشتى. گەرچە ھەربىر گۇرۇھ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ خۇسۇسى مەنپەئىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق

كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ، ئۇلارنىڭ پىلانى بىر ئىدى.. پىلان ھەممە تەرەپتىن پۇختا تۈزۈلدى، ئىسلام ئۇممىتى ئۆزلىرىنىڭ ئاڭ-چۈشەنچىسىنى ۋە اللە سۆيەتلىگەن ئىسلامى ئىرادىسىنى يوقاتقانلىقى سەۋەبىدىن، خەلقئارالىق خىرىستىئانلارغا نىسبەتەن بۇ پىلاننى ئىجرا قىلىش ئاسان بولدى.

( وَلا تَهِنُوا وَلا تَحْزَنُوا وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ ) [ آل عمران : 139 ]

((جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.)

-ئەسكىرى ۋە سياسىي ئىشلار مۇقىملاشقاندىن كېيىن – دۈشمەنلەر ئىشلەتكەن ئەڭ خەتەرلىك قورال ئىدىيەۋى ھۇجۇم بولدى، ئىدىيەۋى ھۇجۇمنىڭ نىشانى بولسا قەلبنىڭ ئىچكى قىسىملىرىدىكى يوشۇرۇن ئەقىدىنى يوقىتىش بىلەن بىرگە، يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلار قوزغىغان ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش

روھنى ئۆلتۈرۈش ۋە گەرچە بۇ ئەۋلادلار غەربكە ئىنتىلىپ، غەربكە ئەگىشىشنى شېرىن ھېسابلىمىسىمۇ، قەلبىدىن رازى بولغان ھالدا -ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىگە ئۆزى سەۋەبچى بولۇپ- نەتىجە قازىنىش يولىدا غەربكە ئەگىشىش كېرەك دەپ ئويلايدىغان، غەربكە قۇل بولۇشنى خالايدىغان بىر تۈركۈم ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت!

يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلارغا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىدىغانلىقى ۋە غەربكە قۇل بولۇشنى رەت قىلىپ مۇستەقىل بولۇشقا ئىنتىلىدىغانلىقى مەخپىي ئەمەس ئىدى، شۇڭا يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار بۇ ئىشلارنى مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك يولى بىلەن ئۆزلىرى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە كىشىلەر ئۇنىڭغا باغلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدىغان يېتەكچىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ بەردى، بۇ يېتەكچىلەر جاھانگىرلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئاشكارا ياكى مەخپىي يوليورۇقلىرى بىلەن تەربىيەلەپ چىقىلدى، بۇنداق بولغاندا

ئەگەر غەرب قورقۇۋاتقان جاھانگىرلىككە قارشى ئىنقىلاب پارتىلىسا بۇ ئىنقىلابنىڭ تەلەپ- نىشانلىرى چەكلىك بولىدۇ، يەنى ئۇلار – كۆچى يېتىپ قالسا- ئەسكىرى ياكى سىياسىي مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ لېكىن پىكرى، مەدەنىي، روھى جەھەتتە مۇستەقىل بولۇش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتچىلىك تۈزۈملىرى ھەمدە ئەركىن ئىنقىلابلار ۋە كۆز ئالدىدا قويۇلىۋاتقان تىياتىرلارغا چاۋاك چالىدىغان غەپلەت ئۇيقۇسىدىكى كىشىلەر ئارقىلىق غەربكە قۇل بولۇش داۋام قىلىدۇ..

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار قورقۇۋاتقان ۋە ئۇنى پۈتكۈل تىرىشچانلىقى بىلەن توسۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان ئىش بولسا ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ يۈز بېرىشىدۇر، دۈشمەنلەر ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئۆز مەنپەئەتىگە بولغان خەتىرىنىڭ دائىرىسىنى ئوبدان بىلىدۇ:

( **الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءَهُمْ** ) [ البقرة : 146 ]

(بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) ئۈنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ.)

ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ئىمام شەھىدنىڭ قولى بىلەن باشلانغاندا، خەلقئارالىق خىرىستىئانلار ۋە خەلقئارالىق يەھۇدىيلار ئاشكارا تەشۋىشلىنىپ، بۇ ھەرىكەتنى كۈزەتتى ۋە بۇ ھەرىكەتنىڭ خەترىنى بىلىشكە ئۇرۇندى. ئەنگىلىيىلىك شەرقشۇناس جەب **(المستشرق البريطاني جب)** (يەنى شەرىقشۇناسلار بولسا يەھۇدىي-خىرىستىيانلارنىڭ مەدەنىي-ئاخبارات ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ) « ئىسلامدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر **" الاتجاهات الحديثة في الإسلام Modern Trends in Islam "»** ناملىق كىتابنى يازدى، بۇ كىتابنىڭ تۇنجى نەشرى مىلادى 1936-يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇ كىتابىدا جامالۇددىن ئافغانى(جمال الدين الأفغاني) ۋە مۇھەممەد ئەبدۇھ(محمد عبده) نىڭ ھەرىكىتى

توغرىسىدا سۆزلەيدۇ ۋە ئۇ ھەرىكەتنى ئاشكارا قىزغىنلىق بىلەن ماختايدۇ، لېكىن ، ئۇ كىتابنىڭ شەرھلىرىنىڭ بىرىدە تۆۋەندىكى ئىزاھاتنى كەلتۈرىدۇ:

« شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى بىر تەشكىلات پەيدا بولدى، ئۇنىڭغا ھەسەن ئەلبەننا دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشى يېتەكچىلىك قىلىدۇ، گەرچە بۇ جامائەتنىڭ ئالاھىدە خەتەرلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ جامائەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋاقتى كەتتى..»

بۇ ئىزاھاتتا، يەھۇدىي-ناسارالارنىڭ بۇ جامائەتتىن نەقەدەر قورققانلىقى ۋە بۇ جامائەتنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ چىقىشقا قىزىقىدىغانلىقى ئىنىقتۇر.

قاچانكى، يېڭى دەۋەت ئەتراپىغا ئىسلام نامى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا كىشىلەر ئىسلام نامى بىلەن توپلىنىدىغان كىشىلەر كۆپەيسە يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلارنىڭ نەزىرىدە مۇقەررەر ھالدا ئالاھىدە خەتەرلەرمۇ كۆپىيىدۇ.. لېكىن ،

يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلار تېخىچە جامائەت ئىچىدە داۋام قىلىۋاتقان مۇھىم تەييارلىقلار، يەنى دەۋەتكە ئەسكەر تەييارلاش، الله يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييارلايدىغان كىشىلەرنى تەييارلاش.. قاتارلىق ئىشلارنى مۇئەييەنلەشتۈرەلمىگەن ئىدى!

لېكىن ، 1948-يىلى بومبا پارتلىدى، بۇ بومبا پارتلاش ئېھتىماللىقى بولغان ئەڭ خەتەرلىك ئورۇندا ۋە ئەڭ خەتەرلىك ۋاقىتتا، يەنى پەلەستىندە يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا پارتلىدى..

پارتلاش ئاۋازى ئاشۇ ۋاقىتتا دەۋەتچىلەر مۆلچەرلىگەندىنمۇ بەك چوڭ ۋە بەك خەتەرلىك بولدى..

ئەمما، دەۋەتچىلەرنىڭ يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكىنى بىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامدىن قورقىدىغانلىقىنى ۋە ئىسلامنى يوقىتىشقا قىزىقىدىغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا قايتىشىنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى بىلىشكە كەلسەك، بۇ ئېنىق ئىش بولۇپ بۇنى سۆزلەپ ئۆتىشىنىڭ ئورنى يوق،

چۈنكى، ئۇ مۇسۇلمانىنىڭ كالللىسىدا 14كۈنلۈك تۇلۇن ئايدەك ئىنىقتۇر. ھەربىر مۇسۇلمانىنىڭ اللەنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنى ئوقۇشى بۇنىڭغا يېتەرلىكتۇر.

( وَلَنْ تَرْضَى عَنْكَ الْيَهُودُ وَلا النَّصَارَى حَتَّى تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ ) [ البقرة : 120

(سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ.)

( إِنْ تَمْسَسْكُمْ حَسَنَةٌ تَسُؤْهُمْ وَإِنْ تُصِبْكُمْ سَيِّئَةٌ يَفْرَحُوا بِهَا ) [ آل عمران : 120 ] .

(ئەگەر سىلەرگە (كەڭچىلىك، مولچىلىق، نۇسرەت، غەنىيمەت قاتارلىق) بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ؛ ئەگەر سىلەرگە (ئېغىرچىلىق، قەھەتچىلىك ۋە مەغلۇبىيەت قاتارلىق) بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ.)

( **لَتَجِدَنَّ أَشَدَّ النَّاسِ عَدَاوَةً لِلَّذِينَ آمَنُوا الْيَهُودَ وَالَّذِينَ أَشْرَكُوا** ) [ المائدة : 82 ] .

((ئى مۇھەممەد!) يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن)

( **وَدَّ كَثِيرٌ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ لَوْ يَرُدُّونَكُمْ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِكُمْ كُفَّاراً حَسَداً مِنْ عِنْدِ أَنْفُسِهِمْ مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ الْحَقُّ** ) [ البقرة : 109 ] .

(ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.)

بۇ دۈشمەنلىكنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ۋە ھەرگىز يوقالمايدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ اللەنىڭ

كىتابىدىكى يۇقىرىقى ئايەتلىرىنى ئوقۇشى بىلەنلا يېتەرلىكتۇر ..

ئەمما، بۇ دۈشمەنلىكىنىڭ دائىرىسى ۋە ھىيلە-مىكىرلىرىنىڭ مىقدارى ۋە ئاشۇ ھىيلە-مىكىرلەرنىڭ تەپسىلاتى ۋە يۈزبىرىدىغان ئورنى قاتارلىقلارنى بىلىشكە كەلسەك، بۇ ئوخشمايدىغان ئايرىم بىر ئىشتۇر.. ھادىسىلەرنىڭ جەريانىدىن بۇ ئىشلارنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە ئىنچىكە مۇلچەرلەنمىگەنلىكى روشەن بولدى..

پروتوكول ئىمكانىيەتلىرى بىلەن خىرىستىئانلار ياردەم بېرىۋاتقان يەھۇدىيلارنىڭ پىلانلىرى يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆڭۈلگە كېچىدىغان ھەربىر تەرەپكە تولۇق تەييارلىق قىلدى.

سۇلتان ئابدۇل ھەمىد يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇپ چىقىشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىش بەدىلىگە ئېرىشىدىغان كىشىنى ئۆزىگە قىزىقتۇرىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ نۇرغۇن بايلىقلىرىنى رەت قىلدى، يەنى سۇلتان ئابدۇل ھەمىد ئۆزىنىڭ خۇسۇسى يانچۇقىغا كىرىدىغان قىممىتى بەش مىليون ئالتۇن جۇنەي بولغان (بۇ ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن غايەت زور بايلىق ئىدى)

يەھۇدىيلارنىڭ پارە بەرگەن پۇلىنى رەت قىلدى. يەھۇدىيلار رۇسىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئوسمانىيە دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلىشتىن توسىدىغانلىقىنى (بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي مەسىلىسى ئىدى.) ۋەدە قىلدى ھەمدە قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز بېرىدىغانلىقىنى (بۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى مەسىلىسى ئىدى) ۋەدە قىلدى.. سۇلتان ئابدۇل ھەمىد كىشىنى ئۆزگە قىزىقتۇرىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ نۇرغۇن بايلىقلىرىنى رەت قىلغاندىن كېيىن يەھۇدىيلار ئۆز پىلانىنى ئەللىك يىللىق ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەتكە قاراتتى، بۇ پىلاننى ھەرتەزىل (ھرتزل) مىلادى 1897-يىلى شىۋىتسارىيەنىڭ بال شەھرىدە چاقىرغان يەھۇدىيلار قۇرۇلتىيىدا قارار قىلدى.

يەھۇدىيلار سۇلتان ئابدۇل ھەمىدنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى ۋە ياۋروپا خىرىستىئانلىرىنى ئوسمانىيە دۆلىتىنى يوقىتىشقا تۇپلاش ئۈچۈن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى،

يەھۇدىيلار ئوسمانىيە دۆلىتىنى «كېسەل كىشى" الرجل المريض " » دەپ ئاتىدى، ئاندىن بۇ كېسەل كىشىنى يوقاتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ مىراسلىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى يەھۇدىيلارنىڭ دوستى ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلدى (مۇقەررەركى ھازىر ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئاشۇ ۋاقىتتا ئەركىن دۇنيانىڭ داھىيسى بولغان ئەنگلىيەدىن ھازىرقى ئەركىن دۇنيانىڭ داھىيسى بولغان ئامېرىكىغا يۆتكەلدى). يەھۇدىيلار - تەسرىيج بەلفەۋر (تصريج بلفور)نىڭ سايىسىدا دۆلەت قۇرۇش تەييارلىقىنى ھازىرلاش مەقسىتىدە كەلگۈسىدىكى ئۇرۇش مەيدانى بولغان- پەلەستىننى ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قىلدى. چۈنكى، ئۇ تەسرىيج بەلفەۋر (تصريج بلفور): ئۇلۇغ ئايال پادىشاھ ھۆكۈمىتى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىشلىرىغا ھېسداشلىق قىلىش نەزىرىدە قارايدۇ - دېگەن ئىدى...

ھىيلە-مىكىرگە تولغان پىلانلار بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى، بەلكى، پەلەستىن ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنى بىر - بىرى بىلەن

چىگرا توقۇنۇشى قىلدىغان ۋە بىر-بىرى بىلەن مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك توقۇنۇشى قىلىشتىن سىرت، ئۇرۇش دۇنياسىدا ۋە سىياسەت دۇنياسىدا ھەمدە ئىقتىساد دۇنياسىدا ھېچقانداق ۋەزنى يوق، بىر-بىرگە قارشى بولغان ھەمدە بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتى ئۈزۈلگەن ئاجىز كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتتى.

ھىيلە-مىكىرگە تولغان بۇ سۈيقەستلەر بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى، چۈنكى، ھەربىر ئۈممەت ئىچىدىكى ياشلار ئەگەر چوڭ ئىشلاردىن بىرەر ئىشقا يۈزلەنسە، خەتەرلىك كۈچكە ئايلىنىدۇ، شۇڭا، بۇ ياشلارنى بارلىق ئامالار بىلەن ھەرقانداق مۇھىم ئىشلاردىن باشقا ياققا بۇرىۋېتىش كېرەك ، بولۇپمۇ، دۈشمەنلەرنىڭ پىلانلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن قورقىدىغان ئىشلاردا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك .. شۇڭا، ياشلارغا ئەرزىمەس چۈپەي ئىشلارنى قىلدىغان، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشتىن يىراقلاشتۇرىدىغان بارلىق ئازغۇنلۇق ۋاستىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

وقد قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " **إن الله يحب معالي الأمور ويكره سفاسفها** " [24]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «الله ئۇلۇغ ئىشلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەرزىمەس چۈپەي ئىشلارنى يامان كۆرىدۇ»

ياشلارغا كىنو، رادىيو ، تىياتىر قاتارلىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلدى، (بۇ ۋاقىتتا تېخى تىلۋىزور بارلىققا كەلمىگەن ئىدى ھەمدە يەھۇدىيلارمۇ تېخى ئەقىلگە سىغمايدىغان ساراڭلىقنى پۈتكۈل ئالەمگە تاقىتالمايتتى) ئوغۇللار بىلەن قىزلارنىڭ بىر-بىر بىلەن ئاۋۋال پاك ئالاقىلەرنى قىلىشى، پاك ئالاقىلارغا ئادەتلەنگەندىن كېيىن پاك بولمىغان ئالاقىلار بىلەن مەشغۇل بولۇشى ئۈچۈن ياشلارغا ئاياللارنى ئازاد قىلىش مەسىلىسى ھۆكۈمرانلىق قىلدى..

---

[24] **رواه الطبراني في المعجم الكبير .**

ياشلارنىڭ ئاخىردا ھەقىقەتتىن چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى، كۈچ-قۇۋۋىتىنى، زېھنىنى يەيدىغان ئۆزى قاراشلىق سىياسىي پارتىيەگە چىڭ ئېسىلىۋېلىش ۋە ئۆز مەدەنىيىتىنى ئىگەللىمەستىن، غەرب مەكتەپلىرىدىكى خىلمۇ-خىل مەدەنىيەتلەرگە چىڭ ئېسىلىۋېلىش ۋە بۇ ناخشىچى بىلەن ئاۋۇ ناخشىچى ۋە بۇ مەنا بىلەن ئاۋۇ مەنا ئوتتۇرىسىدىكى سەنئەتكە چىڭ ئېسىلىۋېلىش...قاتارلىقلار ياشلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرزىمەس ئىشلاردۇر!

ئەللىك يىل ئارىلىقىدا يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېلان قىلغان ھەرتەزىل **(ھرتزل)** قۇرۇلتىيىدىن دەل ئەللىك يىل كېيىنكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، پەلەستىندە يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى، ئەرەب قوشۇنلىرى قاتناشقان كومېدىيە ئۇرۇشلىرى ئاسان يول بىلەن باشلاندى، شۇنىڭدەك، خىيانەتلەر ۋە قەبىھ قورال سودىلىرى يۈزبەردى، يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلار قوشۇنلىرى ناھايىتى ئاسان ھەرىكەتلەندى ھەمدە

يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار قوشۇنلىرى ئاخىردا ئىلگىرى ھەرقايسى تەرەپلەر بىرلىككە كەلگەن تەقسىمات چېگراسىدا توختىدى!

دۈشمەنلەرنىڭ پىلانلىرىغا نىسبەتەن ئەڭ قىيىن بولغان ۋاقىتتا بومبا پارتلىدى ۋە ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازىنى پەيدا قىلدى..

مۇسۇلمان پىدائىيلار ئۇرۇش مەيدانىغا كىردى، يەھۇدىيلار ئۇلارنىڭ ماھىيىتى بىلدى، شۇنىڭدەك، خەلقئارالىق خرىستىئانلارمۇ ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلدى..

بۇ بومبا تولىمۇ خەتەرلىك پارتىلىدى ۋە ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتكۈل دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى! بۇ بومبا دەۋەتچىلەر مۆلچەرلىگەندىنمۇ كۆپ خەتەرلىك پارتىلىدى..

يەھۇدىيلار مۇسۇلمان پىدائىيلار بىلەن توقۇنۇشقان ۋاقىتتا، مۇسۇلمان پىدائىيلارنىڭ سىياسىي ئۇرۇشتا رولىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن قوشۇنلارغا تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدى..

،،شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمان پىدائىيلار ئەقىدىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇ ئۇرۇشقا كەلگەن ۋە ئەقىدىسى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغىلى

كەلگەن ۋە ئەقىدىسى ئۈچۈن الله يولىدا ئۆز جېنىنى قۇربان قىلغىلى كەلگەن ئىدى.. مۇسۇلمان پىدائىيلار يەھۇدىيلار تارىختا بۇندىن بۇرۇن تونۇغان ئەڭ ياخشى كىشىلەر ئىدى.

بۇ ئىش يەھۇدىيلارنى چۆچۈتتى ھەمدە گاڭگىرىتىپ قويدى، چۈنكى، يەھۇدىيلار تارىختا بۇندىن بۇرۇن كۆرگەن ئەڭ ياخشى كىشىلەرنى قايتىپ كېلىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئىدى.

بولۇپمۇ، مىسىردا فىرانسىيە ئۇرۇش كۈنلىرىدىن باشلاپلا مىسىرنى دىندىن چىقىرىش، بەلكى، تېخى « مىسىر مىسىرلىقلارنىڭ! » دېگەن شوئار ئاستىدا مىسىرنى ئەرەب دۇنياسىدىن ئايرىپ چىقىش ئۈچۈن ئىدىيۋى ھۇجۇم خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. يەنى بۇنداق دېگىنى مىسىردا ئەرەب دۇنياسى ۋە ئىسلامغا ئورۇن يوق دېگەننى بىلدۈرىدۇ..

يەھۇدىيلارنىڭ ئالاقىزادە بولۇشى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە جىددىي بولدى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى شۇ دەرىجىگە يېتىپ باردىكى **[( الله أكبر ولله الحمد )** الله بۈيۈكتۇر، جىمى ھەمدۇ سانا

اللەغا خاستۇر] دېگەن تەكبىر ئاۋازىمۇ ئۇلارنى قورقىتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز مەيدانى ۋە ئاشلىقلىرى ۋە بايلىقلىرىنى تاشلاپ نىجاتلىق يولى ئىزدەپ قاچتى..

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، يەھۇدىيلارنىڭ كاللىسىدا ئەگەر ئىسلام ھەرىكىتى تىرىك بولىدىكەن – كەلگۈسىدە ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ ئۆز ئورنىدىن كېڭىيىشى ئۇياقتا تۇرسۇن – دۇنيادا ئىسرائىلىيە دېگەن دۆلەت مەۋجۇت بولالمايدىكەن ۋە ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ ياشىشى ۋە بىخەتەر بولۇشى ۋە مۇقىم بولۇشى ۋە خالىغانچە كېڭىيىشى ئۈچۈن ئىسلام ھەرىكىتىنى يوقىتىش كېرەك - دېگەن ئۇقۇم تامامەن روشەن بولدى.. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلار مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىغا سۇيىقەست قىلىشقا باشلىدى ۋە ئۇنىڭ قوماندانى ئىمام شەھىد ھەسەن ئەلبەننانى ئۆلتۈردى ھەمدە سۇيىقەست قىلىش ۋەقەلىرى ئارقىمۇ-ئارقا يۈز بەردى.

ئىسلام ھەرىكىتى ئەڭ قەبىھ، دەھشەتلىك سۈرەتتە باستۇرۇلدى..

دەۋەتچىلەردىن ھېچكىم دەۋەت ئەرزىيەتلەرگە ئۇچۇرمايدۇ دەپ كۈتمىگەن ئىدى، چۈنكى، بۇ ئۆزگەرمەيدىغان اللەنىڭ داۋام قىلىۋاتقان قانۇنى بويىچە بولىدۇ، لېكىن ، ھېچكىم ئەرزىيەت ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگىنىدەك بۇنداق ۋەھشىي سۈرەتتە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.. يەنى جامائەت قوماندانى ئىمام شەھىد ھەسەن ئەلبەنناغا كۈندۈزدە كوچىدىلا ئوق ئېتىلدى، ئاندىن كېيىن دوختۇرخانىلار دۆلەتنىڭ بۇيرۇقى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىمام شەھىد ھەسەن ئەلبەننادىن كۆپ قان چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى داۋالاشنى رەت قىلدى. نەچچە مىڭلىغان ياشلار تۇتۇلدى ۋە تۈرمىلەردە ۋەھشىي سۈرەتتە ئازابلاندى.. بۇلارنىڭ ھەممىسى دەۋەتچىلەرنىڭ خىيالىغا كېچىپ باقمىغان ھەمدە بۇنداق قاباھەتلەر يۈز بېرەر دەپ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن ئىدى.

قاچانكى، بىخەتەرلىكنى قوغداش ياكى پىتنىنى يوقىتىش ۋە ياكى ئۇنىڭغا ئوخشىغان دۇنيادا ۋە قىيامەتتە يوشۇرۇن قالمايدىغان دەۋالار بىلەن ئۆز جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنسىمۇ ئاشۇ ۋەھشىي ئىنسانىيەتنىڭ ۋەھشىيلىكىنى ئاقلايدىغان ھېچقانداق نەرسە تېپىلمايدۇ.

( **يُوَفِّيهِمُ اللَّهُ دِينَهُمُ الْحَقَّ وَيَعْلَمُونَ أَنَّ اللَّهَ هُوَ الْحَقُّ الْمُبِينُ** ) [ النور : 25 ] .

(شۇ كۈندە الله ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلار الله نىڭ ئاشكارا ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.)

بىز يەنە بىر تەرەپتىن سوئال قىلىمىز: بۇ ھەرىكەت توغرا پىرىنسىپ بويىچە ماڭغانمۇ ياكى ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن ھەرىكەتتە ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانمۇ؟

ھېچكىم ئىسلام ھەرىكىتى يەنە بىر يولنى ماڭسا دۈشمەن بىلەن سۈلھى تۈزىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ.. چۈنكى، بىز شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئىماندىن باش تارتقان كاتتىباشلىرىغا ئۇلار ئارىسىدا الله ھۆكۈم قىلغانغا قەدەر سەبىر قىلىش تەكلىپىنى بەرگەندە ئۇلارنىڭ قانداق رەدىيە بەرگەنلىكىنى كۆردۇق:

( **وَإِنْ كَانَ طَائِفَةٌ مِنْكُمْ آمَنُوا بِالَّذِي أُرْسِلْتُ بِهِ وَطَائِفَةٌ لَمْ يُؤْمِنُوا فَاصْبِرُوا حَتَّى يَحْكُمَ اللَّهُ بَيْنَنَا وَهُوَ خَيْرُ الْحَاكِمِينَ ، قَالَ الْمَلَأُ الَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا مِنْ قَوْمِهِ لَنُخْرِجَنَّكَ يَا شُعَيْبُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَكَ مِنْ قَرْيَتِنَا أَوْ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَا قَالَ أَوَلَوْ كُنَّا كَارِهِينَ** ) [ الأعراف : 87 - 88 ] .

(ئەگەر سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنگەن، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم ئىشەنمىگەن بولسا، الله بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارغۇچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار. الله ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر». شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى

چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. شۇئەيب: «بىز (بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى يامان كۆرۈدىغان تۇرساق (بىزنى يەنىلا شۇنىڭغا مەجبۇر قىلامسىلەر؟)» دېدى)

ئۇنداق ئەمەس! جاھىلىيەت « لا اله اله الله»غا دەۋەت قىلىشقا ۋە دەۋەت بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە ياكى ئۇنىڭغا سەبىر قىلىشقا ھەرگىز چىداپ تۇرالمايدۇ.

بىز ھەرگىزمۇ، ئەگەر ھەرىكەت توغرا پىرىنسىپ ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغان بولسا ئەزىيەتلەردىن قۇتۇلغان ھەمدە بۇنداق ئازابلاش ۋە ئۆلتۈرۈش دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولاتتى دېيەلمەيمىز، چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن تەربىيەلىگەن ھەمدە الله تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيي قەدەممۇ-قەدەم يول كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، ئەڭ توغرا پىرىنسىپ بويىچە ماڭغان

تۈنجى جامائەتمۇ ئەزىيەتلەردىن سالامەت قالمىدى، بەلكى، بۇ جامائەتمۇ قاتتىق ئازابلاش، يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىش، ئاچ قويۇش، ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئەززىيەتلەرگە ئۇچرىدى.. شۇڭا دەۋەت يولىدا توغرا پىرىنسىپ بويىچە مېڭىش دېگىنى ھەرگىزمۇ دەۋەت قىلغۇچىلارنى ھىمايە قىلىشنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى، دەۋەتنىڭ ئۆزىنى ھىمايە قىلىشنى، يەنى: دەۋەتنىڭ مېۋىسىنى تولۇق بېرىشنى ھەمدە دەۋەت ۋەزىپىسىنى ئەڭ مۇكەممەل يول بىلەن ئادا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ھەرىكەت قاتتىق باستۇرۇلدى، ھەرىكەت ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم بازىسىنىڭ بىناسىنى پۇختا ئاساستا مۇكەممەللەشتۈرگەن ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنى الله يولىدا قۇربان قىلىشقا، الله يولىغا دەۋەت قىلىش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن ئەززىيەتلەرنى كۆتۈرۈشكە ئۆزىنى تەييارلايدىغان ئىخلاسمەن پىدائىيلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.. ۋە الله يولىدىكى قېرىنداشلىقنى قان-قېرىنداشلىق بىلەن ئوخشاش كۆرۈدىغان ، بەلكى، تېخى ئۇنى قان-قېرىندىشلىقتىنمۇ ئارتۇق

بىلدىغان قېرىنداشلىق رىشتىسى باغلانغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.. ۋە اللەدىن قورقىدىغانلىقى ئۈچۈن بارلىق مۇئامىلىلىرى پاك بولغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.. ۋە بارلىق ياخشى سۈپەتلەر ئۈنىڭدا مۇجەسسەملەنگەن ۋە بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بازىدا بولۇشقا تېگىشلىك ياخشى سۈپەتلەردۇر، لېكىن ، بۇ سۈپەتلەر بازىدا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەس، تەلەپ قىلىنغان بازا بىنا قىلىش ئۈچۈن يەقەت بۇ سۈپەتلا كۇپايە قىلمايدۇ.. ھەقىقەتەن، ئۇلار يەقەتلا اللە ئۈچۈن ئۆزىنى پاكلىغان ۋە اللە ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلالايدىغان كىشىلەردۇر.

ئۇلار ئۇممەت اللەنىڭ يولىدىن يىراقلاشقانلىقى سەۋەبىدىن چۈشۈپ قالغان خارلىقتىن ئۇممەتنى ئائىلىسى بىلەن قۇتقۇزۇشنى ئىرادە قىلىدىغان دەۋەتچىلەردۇر، بۇ بەك كۆپ نەرسىنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشتۇر.

بىز كىيىنكى قىسىمدا تەلەپ قىلىنغان تەربىيە توغرىسىدا يەنى مەيلى تايانچ بازا بىنا قىلىش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان تەربىيە بولسۇن ياكى دەۋەت ئۈنىڭ بىلەن داۋام قىلىدىغان ئومومى خەلقنى تەربىيەلەش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان تەربىيە بولسۇن، ھەممىسى توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەيمىز.. لېكىن ، بىز بۇ يەردە ئىسلامى ھەرىكەتنىكى ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن نەتىجىلەر توغرىسىدا ئۆتىمىز.

ھەرىكەت بازىنىڭ بىناسىنى مۇكەممەل قىلىشتىن بۇرۇن ئومومى خەلقكە يۈزلىنىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامى چۈشەنچىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن بۇرۇن ئومومى خەلق بىلەن ھەرىكەت قىلىش ۋە ھاكىمىيەت بىلەن باراۋەر بولمىغان ئۇرۇشتا قوراللىق توقۇنۇش قاتارلىق سەۋەنلىكلەر ئىچىدە داۋام قىلدى.. بۇنىڭغا ئەگىشىپ دەۋەتكە خىزمەت قىلمايدىغان نۇرغۇن نەتىجىلەر ئەگىشىپ كەلدى..

«لا اله الا الله» مەسىلىسى ئەتراپىدا تۇمان (يەنى«لا اله الا الله » مەسىلىسىنى تولۇق چۈشەنمەسلىك ) داۋام قىلدى، گەرچە بىز ھاياتى دۇنيادا «لا اله الا الله » غا ئەگىشىپ كېلىدىغان سىياسي ، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە نەزەر سالماي تۇرۇپ، «لا اله الا الله» ئەڭ ئاۋۋال اللەغا خالىس قۇلچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت.. ئاندىن بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەسى «لا اله الا الله » دىن كېلىپ چىققان ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتمىگەن ۋاقىتتا، «لا اله الا الله » غا ئەگىشىپ كېلىدىغان سىياسي ، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ شەكىللىنىدۇ دېگەن مەسىلىلەر كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدە – ئەڭ ئاددىيسى دەۋەتچىلەرنىڭ قەلبلىرىدە –چوڭقۇر يىلتىز تارتىشتىن بۇرۇن«لا اله الا الله» مەسىلىسىگە ئارىلىشىپ كەتكەن سىياسي ، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ تەسىرىدە تۇمانلار كۆپەيدى دېمىسەكمۇ، بىراق، «لا اله الا الله» مەسىلىسى ئەتراپىدا يەنىلا

تۇمان («لا اله الا الله » مەسىلىسى تولۇق چۈشەنمەسلىك ) داۋام قىلدى.

بىز بۇ يەردە شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ئومومى خەلقنىڭ ئىسلامى چۈشەنچىسى مۇكەممەللىشىشتىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھەرىكەت قىلىشتىكى ئالدىراڭغۇلۇق ئومومى خەلق بىلەن ئىسلام ھەرىكىتىگە سىڭىپ كىرىۋالغان ۋە قوشۇلىۋالغان ھەرقايىسى پارتىيەلەرنى ۋە ئىلمانىزىم ئىقىمىنى چۈچۈتۈۋەتتى ، ئىسلام ھەرىكتى ئۆزىنىڭ ئەسلى يولىدىن يۆنىلىشكە قارشى سۈرەتتە ئالدىراپ كەتتى. بۇ گۇرۇھلار شۇنداق دېدىكى: سىلەر چاقىرىۋاتقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ قانۇنىمىزنى يوققا چىقىرىۋاتقان ۋە داۋا قىلىۋاتقان پىروگىرامماڭلار قەيەردە؟ بىزگە كۆرسىتىڭلار- دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ھەرىكتى ئۇلارغا قارشى رەدىيە بېرىش ئۈچۈن ئۆز پىروگرامىسى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئەسلى لىنىيەسى بولغان « لا اله الا الله» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يولىدىن چەتنەپ كەتتى.

«لا اله الا الله» مەسىلىسى –شەكىللىنىش باسقۇچىدا- توغرا پىرىنسىپ ئۈستىدە تەربىيەلىنىۋاتقان ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىدا ھاياتى دۇنيادىكى ئۈنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان نەتىجىلەر، ھۆكۈمرانلىق، سىياسىي مۇقىملىق، ئىقتىسادى پاراۋانلىق، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى خۇشاللىق قاتارلىقلار « لا اله الا الله»غا باغلانمايدۇ.. ھاياتى دۇنيادىكى بۇلارنىڭ ھەممىسى « لا اله الا الله»غا ئەگىشىپ كەلمەيدۇ، بەلكى، « لا اله الا الله»غا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئىمان ئېيتقان پىرئەۋننىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش بولىدۇ، ئۇلارنىڭ نېسىۋىسى قەتلى قىلىنىش ۋە دارغا ئېسىلىش ياكى ئىمان ئېيتقان ئەسھابۇل ئۇخدۇدنىڭ ئاقىۋىتىدەك تىرىك ھالەتتە ئوت بىلەن كۆيدۈرۈشتۇر.. شۈبھىسىزكى، ئۇلار كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۈلگە بولدى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى رازى بولغان نېسىۋىسى اللەنىڭ رازىلىقى ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇ-نىئمەتلىك جەننەتلەردۇر.

بىراق، ئومومى خەلقنى توپلاشقا ئالدىراش ۋە ئومومى خەلق بىلەن ئۇلار پىشىپ يېتىلىشتىن بۇرۇن، بەلكى، بازىنىڭ ئۇلى مۇكەممەل پىشىپ يېتىلىشتىن بۇرۇن  ھەرىكەتلىنىشكە ئالدىراش ئاساسلىق مەسىلىلەر(يەنى « لا اله الا الله» مەسىلىسى) ئەتراپىدىكى تۇماننىڭ كۆپىيىشىگە ئىلىپ بارىدۇ، ئىسلامى دەۋەتنىڭ ئاساسىنى تەتبىقلاش بوگۈن كىشىلەر دۇچ كېلىۋاتقان سياسي ، ئىقتىسادى، ئىجتىمائي مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىلمانىزىم  ئېقىمىدىكىلەر پەيدا قىلىۋاتقان ئىغۋاگەرچىلىكلەرگە تاقابىل تۇرىدىغان ئىلمى پىروگراممىلار توغرىسىدىكى ئىزدىنىش مەسىلىرىنى ھەل قىلىدۇ!

ئىسلامنىڭ ھەممە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى ئىلاھى ھەقىقەت بولۇپ، الله ئۇنىڭغا ئۆزى كېپىللىك قىلغان ۋە ۋەدە قىلغان.

( **وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْقُرَى آمَنُوا وَاتَّقَوْا لَفَتَحْنَا عَلَيْهِمْ بَرَكَاتٍ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ** ) [ الأعراف : 96 ]

((پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن هالاك قىلىنغان) شەهەرلەرنىڭ ئاهالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناهلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق)

ئەمما، بۇ هەل قىلىشنىڭ مۇسۇلمانلار هاكىمىيەتكە ئىگە بولغاندىلا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇنىڭ اللهنىڭ كىتابىدىن ۋە تارىخ رېئاللىقىدىن دەلىلى يوق، چۈنكى، مۇسۇلمانلار هۆكۈمرانلىق سەلتەنىتىگە ئىگە بولغان ۋە الله چۈشۈرگەن نەرسە بويىچە هۆكۈم قىلىدىغان ئىسلام دۆلىتى قۇرغاندىن كېيىنمۇ ، نۇرغۇن يىللار جاپالىق تۇرمۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، هەتتا بۇ قىيىن تۇرمۇش ئۆمەر (رضي الله عنه) نىڭ كۈنلەرگىچە داۋام قىلدى، كىشىلەر قىيىن تۇرمۇش ۋە جاپا مۇشەققەتلەرنىڭ هەممىسىگە سەبىر قىلدى. چۈنكى ئۇلار مۇئمىنلەردۇر ۋە ئۆزلىرىنى الله يولىدىكى دەۋەت ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن كىشىلەردۇر ۋە ئاخىرەتنى ئۈمىد

قىلىدىغان كىشىلەردۇر ۋە هاياتى دۇنيادىكى نەرسىگە نەزىرىنى سالمايدىغان كىشىلەردۇر، بۇ دەۋەت زىمىندا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ۋە مۇستەھكەم ئورۇنلىشىپ يىراقلارغا تارالغاندىن كېيىن بولغان ئىشلاردۇر.

ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئومومى خەلقنى – ئىسلام هاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئىگە بولغاندا – ئۆزلىرىنىڭ زېمىن قىينىچىلىقلىرىنى هەل قىلىدىغانلىقى ۋە باياشات ياشايدىغانلىقىغا قىزىقتۇرغان بولسا، ئۇلار ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشقا ئەگىشىپ كېلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن يىللار داۋام قىلىدىغان جاپالىق تۇرمۇشقا سەبىر قىلالمايتتى، ۋە زېمىن يۈزىنى ئۆزگەرتكەن ئاشۇ پارلاق هەرىكەتلەر بولمىغان بولاتتى. بىز قەلبلىرى « لا اله الا الله»غا خالىس بولمىغان كىشىلەرنى – مۇسۇلمانلار هاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئىگە بولغاندا- ئۆزلىرىنىڭ بارلىق قىينىچىلىقلىرىنى هەل قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار نۇرغۇن يىل هاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئىگە بولىدۇ، بىراق، قىينىچىلىقلار هەل بولمايدۇ، بەلكى،

يەھۇدىي –خرىستىيانلارنىڭ قاتتىق ئۇرۇش قىلىشى نەتىجىسىدە قىيىنچىلىقلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ دېگەن ئويغا كەلتۈرگەن ۋاقتىمىزدا، ئىسلامغا اللەغا خالىس قۇلچىلىق قىلىش دەرۋازىسىدىن كىرمەي، بەلكى، دۇنيا مەنپەئەتى دەرۋازىسىدىن كىرگەن كىشىلەر سەبىر قىلالامدۇ؟ ئۇلار اللەنىڭ ۋەدىسى اللەنىڭ دەرگاھىدا بەلگىلەنگەن ۋاقتتا ئەمەلگە ئېشىپ بولغىچە، جاپالىق تۇرمۇش ھەممىدىن مەھرۇم بولۇش، مۇشەققەتلىك جىھادقا سەبىر قىلالامدۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆز مەقسەتلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان ھۆكۈمدىن يۈز ئۆرۈپ سايلام ساندۇقلىرىغا ئاۋاز قوشامدۇ؟!

ھەقىقەتەن، دەۋەت ھەممىدىن بۇرۇن بەندىلەرگە ياراتقۇچىسى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ۋە اللەغا خالىس قۇلچىلىق مەجبۇرىيىتىنى ۋە اللەغا ئىبادەتنى خالىس قىلىش ئارقىلىق ھاياتى دۇنيادا پايدىغا ئېرىشىش ياكى زىيان تارتىش تەرەپلىرىگە نەزەر سالماستىن، الله تەرەپتىن كەلگەن نەرسىلەرگە چىڭ ئېسىلىشنى بايان قىلىشى كېرەك . شۇنىڭ بىلەن، بىرگە اللەنىڭ بۇ ئۇممەتكە

زېمىندا خەلىپە بولۇشقا ئىگە قىلغانلىقىنى، بىراق، بىرلا شەرت ئۇلارنىڭ سايلام ساندۇقلىرىنىڭ قېشىغا بىرىپ يۇقىرى ئاۋازغا ئېرىشىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالماستىن، بەلكى، شېرىكى يوق يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى ۋە ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە بۇنىڭ مۇكاپاتى ئاللاھ ئاخىرەتتە بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىش كېرەك .

**( وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْناً يَعْبُدُونَنِي لا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئاً ) [ النور : 55 ] .**

(ﷲ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ

قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ.)

شۈبھىسىزكى، دەۋەت مۇشۇ ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان ۋاقىتتا دەۋەت ناھايىتى ئاستا داۋام قىلىدۇ، ئومومى خەلق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دەۋەت ئەتراپىغا ھەرگىزمۇ بۇنداق ئاسان ھەم تېز سۈرئەتتە توپلاشمايدۇ، بىراق، بۇ ۋاقىتتا ئىلاھى پىرىنسىپنىڭ تەلىپى ۋە ئىلاھى قانۇننىڭ تەلىپى بويىچە توغرا ئۇسۇلدا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىش باشلانغان بولىدۇ ھەمدە اللەنىڭ تەقدىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

**[ وَاللَّهُ غَالِبٌ عَلَى أَمْرِهِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَعْلَمُونَ ) [ يوسف : 21 ] .**

(الله (خالىغان) ئىشنى ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ)

بۇ تۇمان ئىككى تەرەپتىن يەنە بىر قېتىم كۆپەيدى: يەنى، ھەربىكەتنىڭ بىر قىسمى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن قانلىق ئۇرۇش قىلغان ۋاقىتتا ۋە يەنە بىر قىسمى پارلامېنت مەجلىسگە قاتناشقان ۋاقىتتا بۇ تۇمان يەنە بىر قېتىم كۆپەيدى!

يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىدىن چۆچۈپ كېتىشى باشقا ئامىللار بىلەن قوشۇپ خەلقئارالىق سىياسەتتە جىددىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، بىز بۇ يەردە ئۇنى تەپسىللەشتۈرۈپ ئولتۇرمايمىز، لېكىن ، بىز ئىسلام دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى (1935-1945) دىن ھالسىرىغان ھالدا چىقتى، بىراق، ئامېرىكا بۇ ئۇرۇشتىن سالامەت ھالدا چىققان بولۇپ ئامېرىكىغا بۇ ئۇرۇشتا تىلغا ئالغۇدەك مۇسىبەت يەتمىگەن ئىدى. بۇ ئەھۋاللار ئامېرىكىنى شۇنىڭغا قىزىقتۇردى ئامېرىكا ئۆزىنى « ئەركىن دۇنيا " العالم الحر " » دەپ دەۋا قىلدى ھەمدە ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ نوپۇزىنى ئەركىن

دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن قوغلاپ چىقاردى ۋە ئامېرىكا ئۇچۇن ئىشلەيدىغان ياللانما رەھبەرلەرنىڭ ياردىمىدە ئۇز ئورنىغا چىقتى، ئامېرىكا بۇ ياللانما رەھبەرلەرگە ساختا قەھرىمانلىق ناملىرىنى بېرىپ، ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرغۇچى ۋە خەلقنى جاھانگىرلىكنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى دەپ سۈرەتلىدى.. لېكىن ، ئۇرۇشنىڭ نەتىجىلىرىگە ئۇيغۇندەك كۆرۈنگەن بۇ ئويۇننىڭ يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلار بىرلىكتە پىلانلىغان باشقا بىر مەخپىي نىشانىمۇ بار ئىدى، ئۇ نىشان بولسىمۇ ئىسرائىلىيەنى خاتىرجەم قىلىش ۋە ئۇنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ۋە ئۆزى خالىغانچە كېڭىيىشى ئۈچۈن ئەرەب رايونلىرىدىكى ئىسلام ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت. تېخى ئىمام شەھىد قەتلى قىلىنىپ نۇرغۇنلىغان ياشلار چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازابلانغان تۈنجى زەربە تېخى تۈگىمىگەن، بەلكى، بۇ زەربە تېخىمۇ كېڭىيىپ پۈتكۈل رايونلارنى قاپلىغان ئىدى.

بۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان رەھبەرلەر كۆڭۈل قويۇپ تاللاندى.. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسكەرلەردىن تاللاندى! ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ۋەزىپىگە ماس كەلمەيدۇ، ئۇلاردا مۇنداق مۇھىم ئۈچ شەرت تېپىلىشى كېرەك : ھوقۇق مەستانىسى، قەلبى قاتتىق، ئىسلامنى ئۆچ كۆرۈش.. قاتارلىق ئۈچ سۈپەت تېپىلىشى كېرەك . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەقسەت قىلىنغان تۈنجى نەمۇنە ئۈچۈن ئاتاتۈرك مۇستاپا كامالدەك كىشىلەرنى ئىزدەش ئىدى!

بۇ سۈپەتلەر مۇئەييەن بىر شەخستە تېپىلىدىكەن بۇ سۈپەتلەر ئۇ كىشىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئىسلام ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بېرىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ، ئىشلار بۇنداقلا تاشلاپ قويۇلمايدۇ، بەلكى، ئىسلام ھەرىكىتىگە [25] قاتتىق زەربە بېرىش ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىرى ۋە يېتەكچىلىرىنى قەتلى قىلىش ۋە نەچچە

---

**[25] ئابدۇناسىر نىڭ 1954 ـ 1955ـيىلىدىكى قىرغىن قىلىش ھەرىكىتىگە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋەقەلەر ۋە ھادىسىلەرگە پىلان تۈزگەندەك..**

مىڭلىغان ياشلارنى تۈرمىلەرگە قاماپ بەدەنلەر تىترەيدىغان دەرىجىدە ۋەھشىيلەرچە ئازابلاش ئۈچۈن ئۇزۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە پىلانلار تۈزۈلىدۇ.. بۇ يەردە يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ بۇ ياللانما رەھبەرلەرنى مەدەنىيەتلىك كىشىلەر ئىچىدىن تاللىماستىن، ئەسكەرلەر ئىچىدىن تاللاشتىكى ھېكمەتى ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى، ئەسكەر ئارقىلىق ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ، يەنى ئەسكەرلەر ھەربىي ئىنتىزام بىلەن، ئەسكەر كۈچىنىڭ ياردىمىدە قاتتىق جازالاش، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى كەسكىن ئىجرا قىلىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.. ئەمما، بۇ ياللانما رەھبەرلەر مەدەنىيەتلىك كىشىلەر بولسا ئۇلاردا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى بۇنداق كەسكىن ئىجرا قىلغۇدەك جۈرئەت ۋە مۇسۇلمانلاردىن بۇنداق ئىنتىقام ئالغۇدەك كۈچ-قۇۋۋەت ۋە قەلبى قاتتىقلىق ۋە مۇسۇلمانلارغا قورقۇنچ پەيدا قىلىش تېپىلمايدۇ.

ئەسكەر ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغاندا ھەرقانداق شەھەردە مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان قىرغىنچىلىقلار يۈز بەردى. مۇقەررەركى،

بۇ قىرغىنچىلىقلارنىڭ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي يۈزبېرىشى مۇمكىن ئەمەس! بۇ قىرغىنچىلىقلار مەقسەتلىك، پىلانلىق، تەدبىر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. ئىسلام رايونلىرى ئىنسانىيەت تارىختا مىسلىسىز ۋەھشىي ئازابلاش شەكىللىرىنى كۆرگەن، لېكىن ، ئەندەلۇس (ئىسپانىيە)دە تەپتىش مەھكىمىلىرى قىلغان ۋەھشىي قىرغىنچىلىقنى ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى، بۇ قىينچىلىقنىڭ مەقسىتى ئىسلامنى بىر پۈتۈن يوقىتىش ئىدى.. مۇسۇلمانلارغا زەربىلەر ئارقىمۇ-ئارقا كەلمەكتە، مەسىلەن: مۇسۇلمانلار قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ بىرقانچە يىل ئۆتمەيلا- بەزى ۋاقىتلاردا بىرقانچە ئاي ئۆتمەيلا- يەنە ئۇيەر-بۇيەردە قىرغىنچىلىق باشلاندى، بۇ قىرغىنچىلىقلارنىڭ ساداسى پۈتكۈل ئالەمدە ئاڭلاندى، يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلار خۇشال بولۇپ سەكرەپ كېتىشتى ۋە كۆيۈمچان ئانا باللىرىنى ئورۇنداشقا تەكلىپ قىلغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتا ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىدىن خۇشال بولغىنىدەك خۇشال بولدى.

مۇشۇنداق ئەلەملىك ۋەزىيەتتە ھەربىكەت سېپىدە بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشى بولغان ئىككى خىل ئېقىم بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ بىرى ياشلار بولۇپ ئۇلارغا ئەسكەرلەر ئىلىپ بارغان ۋەھشىي زوراۋانلىقلار تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ ياشلار ۋەھشىي زوراۋانلىقلارغا قاتتىق رەدىيە قايتۇرۇش كېرەك -دەپ قارار چىقاردى. ھەمدە بۇ ياشلار قوراللىق قارشىلىق كۆرستىش ئاخىردا ئەسكەرلەرنىڭ قاتتىق زوراۋانلىقىنى يوقىتىدۇ ۋە ئۇلارنى –ياكى ئۇلارنىڭ قوماندانلىرىنى- ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرى قىلىدۇ.. دەپ ئويلىدى.

يەنە بىر ئېقىمدىكىلەر ياشانغان كىشىلەر بولۇپ ئارقىمۇ-ئارقا كەلگەن زەربىلەر ئۇلارنى چارچىتىۋەتكەن ئىدى، شۇڭا ئۇلار مەسىلىنىڭ مۇمكىن بولىدىغان ئەڭ يىراق يولىنى تاللىدى، ھەمدە ئۇلار ئۆزلىرى ھەققىدە «بۇلار قاتتىق زەربىگە ئۇچرايدىغان كىشىلەر» دېگەن نامغا قالماسلىقى ئۈچۈن دىمكىراتىيە ئويۇنىغا

قاتنىششىنى قارار قىلدى.. ھەر ئىككى ئېقىمدىكى كىشىلەر « لا اله الا الله» ئەتراپىدىكى تۇماننىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولدى.

ھەربىر گۇرۇھ ئۆز يولىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلاردىن قەتئىي نەزەر، بىز بۇ يەردە دەسلەپتىن باشلاپ ھەرىكەتتە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشتىن كېلىپ چىققان ۋە گەرچە بۇ ھەرىكەت ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ نەزىرىدە پايدىلىقتەك ھەمدە توغرا نىشانغا يېقىنلاشتۇرىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ھەرىكەتنىڭ ئالدىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بىرىشتىنمۇ بەكراق ئىسلامى ھەرىكەت يولىدىكى قىيىنچىلىقلارغا يېڭى قىيىنچىلىقلارنى قوشقان سەۋەبلەر ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ئەگەر بىز ھازىرقى دەۋەت ئەھۋالىنى -بەزى ئوخشىماسلىقلار بولسىمۇ- مەككىدىكى مۇسۇلمان جامائەتىنىڭ ئەھۋالىغا يېقىنراق دەپ ئېتىبارغا ئالساق قاتتىق زەربە بېرىشكە تايىنىش دەۋەتكە خىزمەت قىلمايدۇ ھەمدە « لا اله الا الله» مەسىلىسىنى روشەنلەشتۈرۈپ، ئۇنى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بىرىشتىنمۇ بەكراق

« لا اله الا الله» ئەتراپىدا تۇمانلارنى قوزغايدۇ. بىز شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، « لا اله الا الله»نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بايان قىلىش -مەيلى بازىغا نىسبەتەن بولسۇن ياكى ئومومى خەلققە نىسبەتەن بولسۇن- بارلىق ھەرىكەتنىڭ ئاساسى مەقسىتىدۇر، كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ۋە ھەرىكىتىدە « لا اله الا الله» مەسىلىسى ئېنىق بولماي تۇرۇپ، دەۋەت يولىدا ھەقىقىي ئالغا ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

بىز -كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا شەرىئەت مەسىلىسى ئېنىق بولماي تۇرۇپ- ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن باراۋەر بولمىغان ئۇرۇشقا قاتناشساق، ئىككى ئىش يۈز بېرىدۇ، بۇنىڭ ھەر ئىككىسى ھەرىكەتكە زىيانلىقتۇر.

بىرىنچى ئىش شۇكى: بىز كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا شەرىئەت مەسىلىسى ئېنىق بولماي تۇرۇپ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن باراۋەر بولمىغان ئۇرۇشقا قاتناشساق « لا اله الا الله» مەسىلىسى- ئۇزۇن ياكى قىسقا بولغان بىر مەزگىللىك توقۇنۇشتىن كېيىن – ئۇرۇش ۋە

ئۆرۈلۈش، غەلىبە قىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئۆرۈشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ ، كۆرەش قىلىشقا تىگىشلىك بولغان ئاساسلىق مەسىلە ئۆنتۈلۈپ قالىدۇ ياكى مۇھىم ئورۇندا قويۇلمايدۇ: يەنى مەبۇد (ئىبادەت قىلىنىدىغان) كىم؟ الله مۇ ياكى اللەدىن باشقا ساختا ئىلاھلارمۇ ؟ دېگەن مەسىلە ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ ، ۋەھالەنكى، « لا اله الا الله» مەسىلىسىنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن مەسىلىلەر كىرىپ كېتىدۇ : يەنى قانۇن چىقارغۇچى كىم؟ اللەمۇ ياكى ئىنسانمۇ؟ قىممەتلەرنى بېكىتىپ بەرگۈچى كىم؟ ئۆلچەملەرنى بېكىتىپ بەرگۈچى كىم؟ كىشىلەرگە پىرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بەرگۈچى كىم؟ دېگەن مەسىلىلەر « لا اله الا الله» مەسىلىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ . -ئىنسانىيەت قەدەملىرىنى زىمىنغا قويغاندىن باشلاپ تاكى قىيامەتكىچە- ئاشۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى جاھىلىيەت بىلەن ئىسلام، باتىل ئەھلى بىلەن ھەق ئەھلى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش نىشانىغا ئايلىنىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن، ۋەھيى نازىل قىلىنغان، جەننەت ۋە دوزاخ بەرپا قىلىنغان!

ئىككىنچى ئىش شۇكى: بىز كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا شەرىئەت مەسىلىسى ئېنىق بولماي تۇرۇپ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن باراۋەر بولمىغان ئۇرۇشقا قاتناشساق بىز ئىسلامغا تاجاۋۇز قىلىۋاتقان تۈزۈملەرگە چوڭ پۇرسەت يارىتىپ بېرىمىز، بۇ تۈزۈملەر ئۆزلىرىنى ئىسلامغا ئۇرۇش قىلمايدىغانلىقىنى، بەلكى، ئىسلام ئېتىراپ قىلمايدىغان تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ، ئومومى خەلق بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بۇ دەۋاسىنى تەستىقلايدۇ! بۇنىڭ دەۋەتكە چوڭ زىيىنى بولىدۇ؛ چۈنكى، بۇ ئۇرۇش بۇ تۈزۈملەرنىڭ ھەقىقىي مەيدانىنى يېپىپ تۇرىدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ تۈيغۇسىدا شەرىئەت مەسىلىسىنىڭ روشەن بولىشىنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ، ئۇ ئىسلام بىلەن جاھىلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنىڭغا قاراشلىق بولغان ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردىندۇر.

شۇنىڭدەك بىز دىمكراتىيە ئويۇنىغا قاتناشقان ۋاقتىمىزدا بىز «لا اله الا الله» مەسىلىسىدە كۆپ زىيان تارتىمىز..

بىزنىڭ تۈنجى زىيىنىمىز شۇ بولدۇكى، «لا اله الا الله» مەسىلىسى ئومومى خەلق تاللايدىغان تاللاش ئەركىنلىكى بولغان مەسىلىگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ . الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

( **وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْراً أَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ** ) [ الأحزاب : 36 ]

(الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ))

شۇبھىسىزكى، شېرىكى يوق يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىش –بۇ «لا اله الا الله» مەسىلىسى بولۇپ – بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، الله ئىتىقاتتا مەئبۇد (يەنى ئىبادەت قىلىنغۇچى زات) ۋە ئىبادەت شۇئارلىرىدا مەئبۇدتۇر. الله قانۇن چىقارغۇچى، الله قىممەت

ئۆلچەملەرنى بېكىتىپ بەرگۈچى، اللە كىشىلەرگە هايات پىرىنسىپلىرىنى بەلگىلەپ بەرگۈچى.. مانا بۇ مەسىلە ئىسلامنى تەستىقلىغان مۇسۇلمانغا تاللاش ئىختىيارلىقى بولمىغان مەجبۇرى مەسىلىدۇر، بەلكى، بۇ مەسىلە قەلبىدە ئىسلامنى يامان كۆرۈدىغان مۇناپىق بولسىمۇ تىلى بىلەن «لا اله الا الله»نى سۆزلىگەن هەربىر كىشى ئۈچۈن مەجبۇرى مەسىلىلەردۇر، چۈنكى، مۇناپىق كىشى اللەنىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرىسە ئۇنىڭ تىل ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنىپ ئىسلامدىن يانغان مۇرتەد هېسابلىنىدۇ:

( **وَيَقُولُونَ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالرَّسُولِ وَأَطَعْنَا ثُمَّ يَتَوَلَّى فَرِيقٌ مِنْهُمْ مِنْ بَعْدِ ذَلِكَ وَمَا أُولَئِكَ بِالْمُؤْمِنِينَ ، وَإِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ إِذَا فَرِيقٌ مِنْهُمْ مُعْرِضُونَ** ) [ النور : 47 – 48 ]

((مۇناپىقلار) «اللە قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائە شۇنىڭدىن (يەنى ئىمانىنى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن، (شەرىئەت هۆكمىدىن) يۈز

ئۆرۈيدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۇئمىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەيغەمبەر) ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اﷲ نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ (ھۆكمىگە) چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر جامائە (پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ.)

**( فَلا وَرَبِّكَ لا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَــجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيماً )** [ النساء : 65 ]

.

((ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ)

بىز دېمكراتىيە ئويۇنىغا قاتناشقان ۋاقتىمىزدا، بىزنىڭ قىلىدىغان تۇنجى ئىشىمىز ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ قىلچە ئىختىيارلىقى بولمىغان چوقۇم ئورۇنداشقا تېگىشلىك بولغان مانا بۇ ئىلاھى مەجبۇرىيەتنى، ئۇنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا كىشىلەردىن پەتىۋا سورىلىدىغان ھەمدە كىشىلەرنىڭ بۇ ئىلاھى مەجبۇرىيەتنى ئورۇنداشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى ياكى رەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا ئاۋازغا قويۇلىدىغان مەسىلىگە ئۆزگەرتىش بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەرگە شۇنداق دېيىشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇكى، ئۇلار : سىلەر ئاز سانلىق كىشىلەر، ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ كۆپ سانلىق كىشىلەرگە ئۆز پىكرىنى مەجبۇرلىشى دۇرۇس بولمايدۇ-دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ قىلچە ئىختىيارلىقى بولمىغان چوقۇم ئورۇنداشقا تېگىشلىك بولغان مانا بۇ ئىلاھى مەجبۇرىيەت پىكىر بىرىش مەسىلىسى بولۇپ قالىدۇ، ھەرگىزمۇ بۇ مەسىلە مەجبۇرى مەسىلە بولماستىن، بۇ ئىلاھى مەجبۇرىيەتلەرنى قارار قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئورۇنداشقا قوشۇلىدىغان

كىشىلەرنىڭ سانى بەلگىلىك ئۆلچەمگە يەتكىچە كۈتۈپ تۇرىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئەڭ يۇقىرى ئاۋازغا ئېرىشكەن ۋاقىتتا، جاھىلىيەت ئالجىرىيەدە قىلغان پەسكەشلىكلەر قەتئىي نەزەر ، - ئۇ دىمكىراتىيە يولىغا ئەگىشىشكە چاقىرىلىۋاتقان ھەر بىر كىشى بىخەۋەر قالماسلىقى زۆرۈر بولغان بىر ساۋاق- بۇ يەردىكى مەسىلە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئاساسقا ئاساسەن بەلگىلىنىشى كېرەك .. ئىسلام شەرىئىتىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئىلاھى مەجبۇرىيەت بولۇپ، بۇنىڭ ئاۋازنىڭ سانى بىلەن ئالاقىسى يوق، مۇسۇلمان كىشىلەرگە ئىسلام شەرىئىتىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئىشىدا ئىختىيارلىق بېرىلمەيدۇ. مەيلى ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلسۇن ياكى رەت قىلسۇن، چۈنكى، ئۇلار ئىسلام شەرىئىتىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇشنى رەت قىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمان بولالمايدۇ!

رېئال دۇنيادا بۇ ئىلاھى مەجبۇرىيەتنى ئورۇنداشقا ئىگە بولىدىغان مۇئەييەن ھەجىمدىكى مۇئمىنلەر بازىسى مەۋجۇت

بولغان ھالەتتە، زېمىندا اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىسلامنى بەرپا قىلىش بىلەن ئىختىيارلىق بولمىغان مەجبۇرىيەتكە نەزەر سېلىش ھەمدە ئۇنىڭدىن پەتىۋا سوراش ئورنىدا بولۇشى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بار! مەيلى بىز رېئال دۇنيادا بۇ ئىلاھى مەجبۇرىيەتنى ئورۇنداشقا قادىر بولايلى ياكى مەككىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش ئاجىزلىقىمىز، چارە-تەدبىرنىڭ يوقلىقى ھەمدە كىشىلەر ئالدىدا يۈز ئابرويىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن رېئال دۇنيادا بۇ ئىلاھى مەجبۇرىيەتنى ئورۇنداشقا قادىر بولالمايلى.. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا غايەت زور پەرق بار. دەۋەت بۇ ئىلاھى مەجبۇرىيەتنى كىشىلەرگە مۇنداق شەكىلدە يەتكۈزۈشى كېرەك : شۈبھىسىزكى بۇ ئىلاھى مەجبۇرىيەت، بۇنىڭدىن يىراقلاشقۇچى اللەنىڭ ھۆكۈمىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ ، مەيلى ئۇلار ھۆكۈم قىلغۇچىلار بولسۇن ياكى ھۆكۈم قىلىنغۇچىلار بولسۇن ۋە ياكى اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان گۇرۇھ ياكى جامائەت مەۋجۇت بولسۇن ياكى مەۋجۇت

بولمىسۇن، بارلىق كىشىلەردىن بۇ ئىلاھى مەجبۇرىيەتنى ئورۇنداش تەلەپ قىلىنىدۇ؛ چۈنكى، اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە هۆكۈم قىلىشنى الله بەندىلىرىدىن كەسكىن شەكىلدە تەلەپ قىلغاندىن كېيىن كىشىلەردىن بىرەر كىشىنىڭ تەلەپ قىلىشىغا قاراشلىق ئەمەس.

كىشىلەر بېشىدىن باشلاپلا كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئاۋاز بېرىشى بىلەن قارار قىلىنغان قاراردىن باشقىسى بىر نەرسىگە مەجبۇر قىلالمايدۇ دەپ بېكىتىدىغان دېمكراتىيە ئويۇنىغا قاتناشقاندا، بۇ خىل ئۇقۇم كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسىدا تامامەن مەخپىي قالىدۇ ـ ياكى ئەڭ ئاددىيسى ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقىتىدۇ .

بىز دېمكراتىيە ئويۇنىغا قاتناشقاندا چۈشۈپ قالىدىغان ئىككىنچى زىيان بولسا، شەرىئەت مەسىلىسىنى بۇرمىلاشتۇر. دېمكراتىيە قانۇنى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە ئېرىشكەن كىشىگە خاستۇر. بۇ ئىلاھى ئۆلچەم ئەمەس؛ بىراق، ئىلاھى ئۆلچەم – بىز ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك- اللهنىڭ شەرىئىتىگە هۆكۈم قىلدۇرۇشتۇر. كىمكى اللهنىڭ شەرىئىتىگە

ھۆكۈم قىلدۇرۇشتىن يۈز ئۆرسە ئۇ پەقەت كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئاۋاز بىرىشىگىلا ئەمەس، بەلكى، بارلىق كىشىلەرنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا اللەنىڭ دىنىدا ئورۇن يوق، بۇ يەردە ئىسلام بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن يول پەرقى بار.

بىز دىمكىراتىيە ئويۇنىغا قاتناشقاندا چوقۇم بىز گەرچە اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم قىلدۇرمىسىمۇ كۆپ سانلىق كىشلەرنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە ئاساسلىنىدىغان كىشىنىڭ قانۇننى تەستىقلىشىمىز كېرەك . چۈنكى، بۇ ئويۇن قانۇنى بولۇپ بىز ئۇنىڭغا قارشى تۇرالمايمىز، بۇ ۋاقىتتا بىز ئەقىدە جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرايمىز، بۇ اللە ئۇ توغرىسىدا «شۈبھىسىزكى ئۇ كاپىرلىق» دېگەن ئىشقا اللەنىڭ شەرىئەتنى تەقدىم قىلىش بولۇپ، ئۇ اللە نازىل قىلغان نەرسىنىڭ غەيرى بىلەن قانۇن چىقىرىدۇ.

قاچانكى، بىز يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا اللە نازىل قىلغان نەرسىنىڭ غەيرى بىلەن قانۇن چىقىرىشقا قوشۇلمايمىز دېسەك ، دىمكىراتىيە قانۇنى بىزنى ئويۇننىڭ قائىدىسىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلايدۇ،

بەلكى، بىز دېمكراتىيە ئويۇننى ئويناشقا رازى بولغان ۋاقتىمىزدا ۋە بىز كۆپىنچە ۋاقتلاردا دېمكراتىيە ئويۇندا بىزگە كەڭچىلىك قىلىنىشنى تەلەپ قىلغاندا ھەمدە بۇ ھەقتىن مەھرۇم بولغاندا رەدىيە بەرگەن ۋاقتىمىزدا بىزنى بويسۇنۇشقا تېخىمۇ مەجبۇرلايدۇ.

دۈشمەنلىرىمىز بىزنى تېخىمۇ قاتتىق سىقىش ھەمدە سىقىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن پەقەت دېمكراتىيە پاتقىقىدىكى ئورنىمىزدىن پايدىلاندى، دۈشمەنلىرىمىز بىزدىن: ئەگەر سىلەر سايلامغا قاتنىشىپ ئۇتۇپ چىقالمىساڭلار ھەمدە سىلەردىن باشقا اللهنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم قىلدۇرمايدىغان كىشىلەر سايلامدا يېڭىپ چىققان ۋاقىتتا سىلەرنىڭ بۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيىڭلار قانداق بولىدۇ؟-دەپ سورىدى. بىز ئۇلارغا: – نېمىدېگەن ئاجايىپ ئىش بۇ ھە! ـــ بىز ئۇممەتنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىمىز!!-دەپ جاۋاب بەردۇق. ئۇلار بىزدىن: ئەگەر سىلەر ھاكىمىيەت بېشىغا چىقساڭلار ئاندىن ئۇممەت سىلەردىن يۈز ئۆرۈپ سىلەردىن باشقا كىشىلەرگە ئاۋاز قوشسا قانداق قىلىسىلەر؟-

دەپ سورىدى. بىز ئۇلارغا – نېمىدېگەن ئاجايىپ ئىش بۇ ھە! ــ بىز ئۇممەتنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلىمىز!!-دەپ جاۋاب بەردۇق. گەرچە ئۇممەتنىڭ قارارى الله بېكىتكەن شەرىئەتكە قارشى كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇممەتنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلىمىزمۇ؟!

«لا اله الا الله» مەسلىسى ۋە شەرىئەت مەسلىسىنى بۇرمىلاش بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولامدۇ ؟

ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇپ بىز يەنىلا دېمكراتىيە ئويۇنىغا قاتناشقان ۋاقتىمىزدا، بىزگە ئويۇننىڭ قائىدىسىگە بويسۇنۇشتىن باشقا ئامال يوق، چۈنكى، بۇ لوگىكىنىڭ تەلىپى. شۈبھىسىزكى، بىز ئويۇندا ھەمكارلىشالمىغان ۋاقتىمىزدا دېمكراتىيە قانۇنىنى رەت قىلىشىمىز كېرەك . بىز ئۇلارغا : بىز ئويۇندا ھەمكارلىشالمايدىكەنمىز، چۈنكى، ئويۇننىڭ قائىدىسى الله بېكىتكەن ۋە بەندىلىرىگە پەرز قىلغان ئىشلارغا قارشى كېلىدىكەن دېگەن ۋاقتىمىزدا روھىمىز ۋە كىشىلەر بىلەن ماسلىشالايمىز.

مۇقەررەركى، بىز مۇشۇ گەپلەرنى دېگەن ۋاقتىمىزدا دۈشمەنلىرىمىز بىزگە : سىلەر دېمكراتىيىچىلەر ئەمەس، بەلكى، سىلەر دېمكراتىيىنىڭ دۈشمىنى ئىكەنسىلەر-دەيدۇ. [26] بىز ئۇلارغا : خالىغىنىڭلارنى دەڭلار، بىز ھەرگىزمۇ ئىنسانغا اللەنىڭ شەرىئىتىگە قارشى كېلىدىغان نەرسىلەر بىلەن قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى بېرىدىغان ھۆكۈم نىزامىنى قوبۇل قىلمايمىز؛ چۈنكى، بىز ئۇنى قوبۇل قىلساق مۇسۇلمان بولالمايمىز! الله بىزگە نازىل قىلغان نەرسە ئىسلام، ھەرگىزمۇ ئۇ دېمكراتىيە ئەمەس. الله بىزگە پەرز

---

[26] مىسىـــال قىلىپ ئېيتساـــاق: يېقىنقى يىللاردا يۈزبەرگەن ئىشـــلار بۇنىڭ شاھىدىدۇر. پەلەستىندە خاماس تەشكىلاتى، مىسىردا ئىخۋانۇل مۇسلىم تەشـــكىلاتى ئىسلامنىڭ توغرا لىنىيىســـدىن چەتنەپ ســـايلام ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىـــغا چىقىش يولىغا ماڭدى. بۇ ئىككى تەشـــكىلات ســـايلام يولى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئاۋاز بېرىشىگە ئېرىشىپ ھاكىمىيەت بېشـــىغا چىقتى، بىراق ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ پەلەســـتىن رەھبىرىنى خەلقئارالىق كاپىرلار ھەرتەرەپتىن ئىقتىســـادى ئېمبارگو يۈرگۈزۈپ تەختتىن چۈشـــۈرۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا يەھۇدىلارنىڭ غالچىســـىنى تەختكە چىقاردى. مىســـىردا مىســـىر زۇڭتۇڭى مۇرســـى تەختكە چىقىپ بىر يىل ئىچىدە تەختتىن چۈشـــۈرلۈپ تۈرمىگە تاشـــلىنىپ ســـوتلاندى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى الله بىلىدۇ. شـــۇنىڭ بىلەن بىرگە مىســـىردىكى ئىخۋانۇل مۇســـلىم تەشـــكىلاتى «تېرورچى تەشـــكىلات» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

قىلغان نەرسە ئىسلام، ھەرگىزمۇ ئۇ دىمكراتىيە ئەمەس. الله بىزدىن قىيامەت كۈنى ھېساب ئالىدىغان نەرسە نەرسە ئىسلام، ھەرگىزمۇ ئۇ دىمكراتىيە ئەمەس:

( **إِنَّ الدِّينَ عِنْدَ اللَّهِ الْإِسْلامُ** ) [ آل عمران : 19 ] .

(ھەقىقەتەن الله نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر.)

( **وَمَنْ يَبْتَغِ غَيْرَ الْإِسْلامِ دِيناً فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي الْآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ** ) [ آل عمران : 85 ] .

(كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.)

ئىسلامدا ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىپ قىلىش بار، لېكىن ، ئىسلامدىكى مەسلىھەتلىشىش دىمكراتىيە ئەمەس. ئىسلامدا ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىپ قىلىش دېگەنلىك توغرا يول بىلەن

قۇرئان ھەدىسنى تەتبىقلاش ئۈچۈن ئىلىپ بېرىلىدىغان مەسلىھەت كېڭىشىنى كۆرستىدۇ. بۇ كېڭەشتە قۇرئاندا ياكى ھەدىستە ئېنىق تېكىست كەلتۈرۈلمىگەن ئىشلار ھەققىدە مۇسۇلمانلار ئىجتىھات قىلىدۇ [27]...

ئەمما، دىمكىراتىيە بولسا ھاكمىيەتنى ئىنساننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ ھەمدە اللەنىڭ ھەققىگە ئېتىبار بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ دىمكىراتىيىسى بىلەن ئىسلام كېڭەششى ئوتتۇرسىدىكى پەرق نېمە دېگەن چوڭ-ھە!

**( أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْماً لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ )** [ المائدة : 50 ] .

---

**[27] ئىسلام فىقھىسىدە ئىجتىھاتنىڭ چەك-چېگراسى ناھايتى ئىنىقتۇر.**

**ئىجتىھات قىلىش بولسا ھاللىنى ھارام قىلمايدۇ، ھارامنى ھالال قىلمايدۇ، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى بىلەن قارشىلاشمايدۇ. ئىجتىھات قىلىشنىڭ دائىرسى كەڭ بولۇپ ئۈممەت ھاياتىدا يىڭىدىن يۈز بىرىۋاتقان ھەرقانداق بىر ئىشنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ، بىراق ئىجتىھات قىلىش شەرىئەت پىرىنسىپلىرىغا بويسۇنىدۇ.**

(ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ﷲ قا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ﷲ تىنمۇ ئادىل كىم بار.)

ئەگەر بىزنىڭ دىمكراتىيە ئويۇنغا قاتنىششىمىزدا «لا اله الا الله» مەسىلىسى ۋە شەرىئەت مەسىلىسىنى بۇرمىلاشتىن باشقا زىيان بولمىسا، ئەلۋەتتە، «لا اله الا الله» مەسىلىسى ۋە شەرىئەت مەسىلىسىنى بۇرمىلاش بۇ ئويۇنغا قاتنىشىشتىن يىراقلىشىشقا يېتەرلىكتۇر. بىز پارلامىنتقا قاتناشقاندا قولغا كەلتۈرگەن ئۇششاق - چۈشەك پايدا ۋە پارلامىنتقا قاتناشمىغاندا تارتقان زىيىنىمىز قانداق بولسا بولسۇن دىمكراتىيە ئويۇنغا قاتناشماسلىقىمىز كېرەك . الله - قۇرئاندا ئوچۇق-ئاشكارا قىلىپ- ھاراق ۋە قىمارنىڭ كىشىلەرگە ئازغىنە ماددىي پايدىسى بولسىمۇ، بۇ ئىككىسىنى ھارام قىلدى. چۈنكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ پايدىسى زىيىنىدىن بەك چوڭ ئىدى.

( **يَسْأَلُونَكَ عَنِ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ قُلْ فِيهِمَا إِثْمٌ كَبِيرٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَإِثْمُهُمَا أَكْبَرُ مِنْ نَفْعِهِمَا** ) [ البقرة : 219 ]

((ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنە ماددىي ) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن)

مانا بۇ قۇرئان ۋە ھەدىستە ئېنىق تېكىست بولمىغان ئىشلاردا يول تاپىدىغان فىقھى قائىدىسى. پارلامېنت مەسلىسى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىش ھەققىدە قۇرئان ۋە ھەدىستە ئېنىق تېكىست يوق، بىراق، مەسلىنى ھوشيارلىق بىلەن تەپەككۇر قىلغىنىمىزدا «لا اله الا الله» مەسلىسى ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى ھەمدە شەرىئەت مەسلىسىنى بۇرمىلاش دەۋەتكە غايەت زور ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ چۈنكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ دەۋەت مەسلىلىرىدىن بۇ ئىككى مۇھىم مەسلىگە بولغان ئاڭ-چۈشەنچىسىنى يوقىتىدۇ.

بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ بىرى  بولسا: اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئىلاھى مەجبۇرىيەت بولۇپ، بۇ ھەقتە كىشىلەردىن پەتىۋا سورالمايدۇ، اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇشنىڭ مەجبۇرى  بولۇشتىكى سەۋەب كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن رازى بولۇشى ياكى رازى بولماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. بەلكى، ئۇنىڭ سەۋەبى بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ھەمدە ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلغانلىقىمىزدۇر...

بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ يەنە  بىرى : اللەنىڭ دىنىدىكى شەرىئەت قانۇنى كىشىلەر بەرگەن ئاۋازنىڭ سانىغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، بەلكى، كىشىلەر بەرگەن ئاۋازنىڭ سانى اللەنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلاش ئۈچۈن ئۈممەت تاللىغان ھاكىمغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھەرگىزمۇ ئاۋازنىڭ سانى الله شەرىئەتنى تەتبىقلاشقا كەسكىن بۇيرۇغان ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرىگەن كىشىنىڭ ئىماندىن چىقىپ كېلىدىغانلىقىغا ئوچۇق ئاشكارا ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن مەيلى ھۆكۈم قىلغۇچىلار بولسۇن ياكى

ھۆكۈم قىلىنىغۇچىلار بولسۇن ھېچقانداق كىشىگە ئىختىيارلىق بېرىلمەيدىغان ۋە ھاكىم ھۆكۈم قىلىدىغان شەرىئەت ھۆكۈمىگە مۇناسىۋەتلىك ئەمەس.

( **فَلا وَرَبِّكَ لا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيماً** ) [ النساء : 65 ] .

((ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ [65])

( **وَمَا أُولَئِكَ بِالْمُؤْمِنِينَ** ) [ النور : 47 ] .

(ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۆمىن ئەمەس)

*****

مانا بۇ دەۋەت مەسىلىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردۇر. ئومومى خەلق بۇ مەسىلىلەرنى ياخشى چۈشەنمەيدىكەن ھەمدە ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىمان ئېيتمايدىكەن، ئىسلام ھۆكۈمى ئۇنىڭغا ئاساسلىنىدىغان توغرا يولدىكى ئومومى خەلق بازىسى ھەرگىز مۇكەممەل بولمايدۇ. چۈنكى، خەلقئارالىق جاھىلىيەت زىمىندا ئىسلام ھۆكۈمىنىڭ ئەمەللىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا، خەلقئارانىڭ بېسىمىغا تاقابىل تۇرالايدىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرالايدىغان ئاڭلىق ۋە چوڭقۇر ئىمان بولۇشى كېرەك . بىز سۆزلىگەن بۇ مەسىلەر توغرىسىدىكى بارلىق تۇمانلار گەرچە بىز دەۋەت يولىنى يېقىنلاشتۇرىدۇ دەپ گۇمان قىلساقمۇ ماھىيەتتە دەۋەتكە توسالغۇ بولىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىز ھازىرقى زامان ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى ئۆز ھەرىكىتىدە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشقا ئىلىپ بارغان سەۋەبلەر ۋە بۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشقا ئەگىشىپ كەلگەن نەتىجىلەر

ھەمدە بىز ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ تۈزىتىشكە تېگىشلىك بولغان تەرەپلەرنىڭ قىسقىچە خۇلاسىسىدۇر.

ئەمدى بىز كېيىنكى قىسىمدا تەلەپ قىلىنغان تەربىيە توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتىمىز. يەنى دەۋەت ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان تايانچ بازا تەربىيەلەش ياكى زېمىندا ھەرىكەت قىلىپ دەۋەتنىڭ نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن بارلىققا كەلتۈرۈش زۆرۈر بولغان ئومومى خەلق بازىسىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان تەربىيە توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتىمىز. بىز بۇ سۆزىمىزدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋەت يولىدىكى قەدەم-باسقۇچلىرىنى ئۆزىمىزگە يېتەكچى قىلىمىز. پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋەت يولىدىكى تۇنجى نۇقتىسى دەۋەت بىناسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تايانچ بازا بىنا قىلىشتۇر.

# تايانچ بازا

ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز رىسالىتىنىڭ نامى ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدە ئۈلگە بولۇپ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلىقى، ئۇلار پەيغەمبىرىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى، ياخشىلىقىقا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش ئىشلىرىدا پەيغەمبىرىگە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئەگىشىپ، دىنىنى ئۆزىدە ئەمەللەشتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

( **وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلَّا لِيُطَاعَ بِإِذْنِ اللَّهِ** ) **[ النساء : 64 ]** .

(بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق اللہ قا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ))

( **وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا** ) [ الحشر : 7 ] .

(پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار)

( **لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيراً** ) [ الأحزاب : 21 ] ..

(سىلەرگە ـ الله نى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر)

**" فإذا نهيتكم عن شيء فاجتنبوه ، وإذا أمرتكم بأمر فأتوا منه ما استطعتم"** [28] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ئەگەر مەن سىلەرنى بىر نەرسىدىن توسسام، سىلەر ئۇنىڭدىن يىراقلىشىڭلار. ئەگەر

---

[28] أخرجه البخاري .

مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام، تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىڭلار.»

شۇنىڭدەك، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك بارلىق پەيغەمبەرلىك ئىچىدە مىسلىسىز پەيغەمبەرلىكتۇر، چۈنكى، ئۇنىڭدا دىن مۇكەممەل بولغان ھەمدە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلىكلەرگە ئوخشاش مەلۇم كىشىلەرگە خاس بولماستىن، بەلكى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە يۈزلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسانىيەت ھاياتىغا ھەممە تەرەپلەردىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن باشلاپ قىيامەتكىچە بولغان بارلىق ئىنسانىيەتكە مۇكەممەل ھايات پىرىنسىپى بەلگىلەپ بېرىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان پەيغەمبەرلىك ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

( **الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْأِسْلامَ دِيناً** ) [ المائدة : 3 ] .

(بۇگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم،)

( قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعاً ) [ الأعراف : 158 ] .

((ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن)

( وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ ) [ الانبياء : 107 ] .

((ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق)

( وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَـــدِّقاً لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِناً عَلَيْهِ فَاحْكُمْ بَيْنَهُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ ) [ المائدة : 48 ] .

((ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازى قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا االله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن)

مانا بۇنىڭ ھەممىسى – اللهنىڭ تەقدىرىدە – ئاخىرقى پەيغەمبەرگە ھەمدە ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشىگە مۇناسىپ ئىدى:

( **مَا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِنْ رِجَالِكُمْ وَلَكِنْ رَسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ** ) [ الأحزاب : 40 ] .

(مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) االله نىڭ پەيغەمبىرى ى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ

ئاخىرقىسىدۇر (الله ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)

**قال النبي عليه الصلاة والسلام : " لا نبي بعدي "** [29] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « مەندىن كېيىن پەيغەمبەر يوق»

شۇنىڭدەك، ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك كىشىلەر ۋەھيى نازىل بولغان ۋاقىتتا موھتاج بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن كەلگۈسىدە كىشىلەر قىيامەتكىچە موھتاج بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلسا، ئېزىپ كەتمەيدۇ

**(29) أخرجه الشيخان .**

ھەمدە ئۆز ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئۇنىڭدىن باشقا قانۇنغا موھتاج بولمايدۇ. [30]

**قال النبي عليه الصلاة والسلام :" تركت فيكم ما إن تمسكتم به لن تضلوا ، كتاب الله وسنتي "** [31] .

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن : « مەن سىلەرگە سىلەر ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلساڭلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدىغان نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم ، ئۇ اللەنىڭ كىتابى ۋە مىنىڭ سۈننىتىم»

شۇنىسى مۇقەررەركى، -ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك مۇشۇ سۈرەتتە بولغان بولغانىكەن - ئاخىرقى پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم)

---

**[26] كىشىلەر ھاياتىدا داۋاملىق ئۇرغۇنلىغان يېڭى ئىشلار يۈز بېرىدۇ، الله ئاخىرقى پەيغەمبەرلىكنى نازىل قىلغان ۋاقىتتا بۇنىڭدىن بىخەۋەر قالغان ئەمەس، بەلكى الله ئۆز شەرىئىتىنى بارلىق يېڭى نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ۋە ئۇنى ھەل قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆزەتچىلىك قىلىدىغان ئالاھىدىلىكلەر بىلەن بىللە نازىل قىلدى.**

**[31] أخرجه الشيخان .**

پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەر ھەمدە زىمىندا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئەڭ ئۇلۇغ كىشىدۇر.. شۇنىڭدەك، بىز يەنە پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) تەربىيەلىگەن كىشىلەر – ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەر (صلوات الله عليهم) دىن كېيىن – ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەر دېسەك ھەقىقەتتىن يىراقلىشىپ كەتمەيمىز.

بىز ئومومى سۈپەتتە شۇنداق دېيەلەيمىزكى، تەربىيە پرىنسىپى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەتلەر ۋە پرىنسىپلار ئۇنىڭ بىلەن تەربىيەلەنگۈچىلەر ئىچىدە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغان.

ئۇلۇغ سۈپەتلەر ۋە يۈكسەك ئەخلاقلارنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ سەۋىيەسى مانا بۇ قىممەتلەر ۋە پرىنسىپلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىدە بولغان بولىدۇ... شۇنىڭدەك يەنە بىر تەرەپتىن دەيمىزكى، تەربىيەچىنىڭ ئوبرازى تەربىيە قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغان. بۇ يۈكسەك ئالىي تەربىيەنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ سەۋىيەسى يۇقىرى دەرىجىدىكى تەربىيەچىنىڭ

سەۋىيەسىدە بولغان.. بىز ئۈچىنچى تەرەپتىن شۇنداق دەيمىزكى، بۇ تەربىيەچىدىن تەلىم ئالغانلارنىڭ قابىلىيىتى ئەڭ ئالى تەربىيە قوبۇل قىلغانلارنىڭ يېتىشى مۇمكىن بولىدىغان دەرىجىدە چوڭقۇر تەسىرى بولغان. ئەگەر بىز بۇ ئۈچ تەرەپنى ئېتىبارغا ئالىدىغان بولساق، بىز پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) بىنا قىلغان تايانچ بازا بىنا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

ئەمما، پىرىنسىپلارغا كەلسەك ئۇنىڭ تۈنجى ئاساسى تەۋھىد يەنى (لا اله الا الله ) بولغان بولۇپ، تەۋھىد بولسا بۇ ئۈممەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەمدە بۇ ئۈممەتنى كىشىلەر ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت قىلىپ ۋۇجۇدقا چىقارغان.

( **كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ** ) [ آل عمران : 110 ] .

((ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىقا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللە قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.)

تەۋھىدتىن پەيدا بولغان ياخشىلىق پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) مەككىدىكى ئاندىن كىيىن مەدىنىدىكى تەربىيە باسقۇچىدا ئۆز قولى بىلەن تەربىيەلىگەن ئاشۇ بازىدا ئەكس ئەتكەندەك، ھېچقانداق بىر كىشى ۋە ھېچقانداق نەرسىدە ئەكس ئەتمەيدۇ.

– الله تەرەپتىن نازىل بولغان، پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) نىڭ قەلبىدە ئورۇنلاشقان ۋە ئەسھابلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن تەربىيەلىگەن ئۆز ماھىيىتىدىكى- تەۋھىد بولسا كائىناتتىكى ھەمدە كائىناتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە روھلارنىڭ قۇرۇلمىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان كائىنات ھەقىقەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ھەقىقەتتۇر.

( **اللَّهُ لا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ** ) [ آل عمران : 2 ] .

(الله تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله (ھەممىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر)

كائىنات ئۆز پىترىتى بىلەن اللەغا ئىبادەت قىلىدۇ، ئىنسانمۇ ئۆز پىترىتى بىلەن اللەغا ئىبادەت قىلىدۇ. بىراق، ئاسمانلار ۋە زېمىن اللەغا ئىتائەت قىلغان ۋە بويسۇنغان ھالەتتە كەلدى. ئىنساننىڭ بەزىسى اللەغا بويسۇندى، بەزىسى اللەغا بويسۇنماي چوڭچىلىق قىلدى.

( **ثُمَّ اسْتَوَى إِلَى السَّمَاءِ وَهِيَ دُخَانٌ فَقَالَ لَهَا وَلِلْأَرْضِ ائْتِيَا طَوْعاً أَوْ كَرْهاً قَالَتَا أَتَيْنَا طَائِعِينَ** ) [ فصلت : 11 ] .

(ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۈمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)» دېدى. ئىككىلىسى «ئىختىيارىي كەلدۇق» دېدى)

**( أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يَسْجُدُ لَهُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ وَالنُّجُومُ وَالْجِبَالُ وَالشَّجَرُ وَالدَّوَابُّ وَكَثِيرٌ مِنَ النَّاسِ وَكَثِيرٌ حَقَّ عَلَيْهِ الْعَذَابُ )** [ الحج : 18 ] .

(بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر)، زېمىندىكىلەر (يەنى ئىنسانلار، جىنلار ۋە زېمىندا ياشايدىغان بارلىق مەخلۇقاتلار)، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، هايۋاناتلار الله قا بويسۇنۇپ، الله نىڭ تەسەررۇپ قىلىشى بويىچە هەرىكەت قىلىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەر الله قا سەجدە قىلىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر (كۇفرى سەۋەبلىك) ئازابقا دۇچار بولدى)

ئەسلى ئىنسان پىترىتىدە تەۋھىد بار:

( **فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفاً فِطْرَتَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَعْلَمُونَ** ) [ الروم : 30 ] .

(باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، اﷲ نىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) اﷲ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، اﷲ نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ)

( **وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنْ بَنِي آدَمَ مِنْ ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنْفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوا بَلَى شَهِدْنَا** ) [ الأعراف : 172 ] .

(ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى اﷲ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى

ئۆز ئۇستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى.)

**قال رسول الله صلى الله عليه وسلم:" كُلُّ مولود يولد على الفطرة "** [32].

پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) مۇنداق دېدى : « ھەربىر بوۋاق ئىسلام ئۇستىگە تۇغۇلىدۇ»

:" **إني خلقتُ عبادي حنفاء كلهم** " [33]

الله ھەدىس قۇددىسىدا مۇنداق دېدى : « مەن بەندىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ھەق دىن ئىسلام ئۇستىگە ياراتتىم»

بىراق الله پەزلى ۋە كەرىمى سەۋەبىدىن باشقا مەۋجۇداتلارنى مەجبۇرى بويسۇندۇرغاندەك، ئىنساننى تەۋھىدكە مەجبۇرلىمىدى،

---

(32) **أخرجه البخاري .**

(33) **أخرجه مسلم .**

بەلكى، ئۇنى ھۆرمەتلىك قىلدى ھەمدە باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن قىلدى.

( **وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُمْ مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلاً** ) [ الاسراء : 70 ] .

(شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلۇغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق)

مانا بۇ ئىنساننى ھۆرمەتلىك قىلغان ئايەتلەردە ئىنساننىڭ تاللاش ئەركىنلىكى بار:

( **وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا ، فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا ، قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا ، وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا** ) [ الشمس : 7 – 10 ] .

(روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ)

مانا بۇ ئىنسانىنىڭ تاللاش ئەركىنلىكى، الله ئىنسانىنى ئۇستۈن قىلغان ئىلاھى ھۆرمەتلەش بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى كىشىلەر ھىدايەت يولىنى تاللاپ، ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ ئورنىدا، اللهغا ئاسىيلىق قىلىش يولىنى تاللايدۇ ھەمدە اللهغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا مۇئمىن ۋە كاپىر پەيدا بولىدۇ:

﴿ **هُوَ الَّذِي خَلَقَكُمْ فَمِنْكُمْ كَافِرٌ وَمِنْكُمْ مُؤْمِنٌ** ﴾ [ التغابن : 2 ] .

(الله سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاراڭلاردا مۆمىنلەرمۇ بار، كاپىرلارمۇ بار)

ئەمما، ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ھەق دىن ئىسلام ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدۇ. ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ راستچىل ئىمانى ۋە ئىماننىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى ۋە ئۇنىڭ كۈچ قۇۋۋىتى بويىچە ئۇلار الله كىشىلەرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقان ئۇلۇغ غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ماڭغانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە ئۆرلەيدۇ:

( وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْأِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ) [ الذاريات : 56 ] .

(جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم)

تەۋھىد ئىنسان روھلىرىدا نېمىلەرنى پەيدا قىلدى؟

ئېلېكتىر ئېقىمى ياكى ماگنىت تۆمۈر پارچىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە قانداق ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغانلىقىغا قاراپ باقامسەن؟ بۇ ۋاقىتتا ـ فىزىكا ئىلمى

دېگەندەك - تۆمۈر پارچىسىنىڭ ئاتوم تەرتىپى مۇئەييەن بىر ھالەتكە قايتىدۇ-دە تۆمۈر پارچىسىدا بۇندىن ئىلگىرى بولمىغان ئېلېكتىر ماگنىت كۈچى ھاسىل بولىدۇ ھەمدە ھەرىكەتمۇ قىلالمايدىغان ۋە بىر نەرسىنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيدىغان تۆمۈر پارچىسى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلىنىدۇ..

تۆمۈر پارچىسىنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىكى بۇ كۈچ نەدىن كەلگەن؟

تۆمۈر پارچىسىنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىكى بۇ كۈچ تەرتىپسىز، قالايمىقان بولۇپ ئاشكارا بولالمايتتى ۋە ھەرىكەتمۇ قىلالمايتتى ھەمدە بۇ كۈچنىڭ ئېنىق بولغان رېئال مەۋجۇدىيىتى يوق ئىدى.. ھازىر بولسا تۆمۈر پارچىسىنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىكى بۇ كۈچ مۇئەييەن تەرتىپتە توپلاندى-دە ئاشكارا بولۇپ ھەرىكەتلەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ رېئال دۇنيادا ئەمەلى تەسىر بولدى..

ئىسلام نۇرى ئىنسان روھى بىلەن بىرلەشكەن ۋاقىتتا، ئىنسان روھىدا پەيدا بولغان ئەھۋاللارمۇ تۆمۈر پارچىسىنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە پەيدا بولغان ئەھۋاللارغا ئوخشايدۇ، يەنى ئىنسان روھى تەۋھىدنى

تونۇغان، «لا اله الا الله» غا ئىمان ئېيتقان ۋاقتتا، قىرچىلاڭغۇ روھ تۇپلىنىپ ئۆز يولىنى بەلگىلەيدۇ.

بىراق، بىز بۇ ھەقتە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمىز. سوئال قىلىمىزكى: ئىنسان روھىدا بۇ چېچىلاڭغۇلۇقنى پەيدا قىلغان زادى نېمە ؟ ياكى ئىنسان روھىنىڭ خاراكتېرى ئەسلىدىلا مۇشۇنداق چېچىلاڭغۇمۇ؟ ياكى ئىنسان روھى ئىنسان ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەي، ياردەم قىلماي، يولىيورۇق بەرمەي، ئۇنى پاكلىماي تاشلاپ قويغان ۋاقىتتا مۇشۇنداق بولۇپ قالامدۇ؟

( **قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا ، وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا** ) [ الشمس : 9 – 10 ] .

(روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ)

بۇ چېچىلاڭغۇلۇق ھەرخىل ئىلاھلارغا ئەگىشىشتىن.. شەھۋەتلەر بېسىمىدىن .. ھاياتتا بەلگىلىك نىشانغا ئىگە بولماسلىقتىن پەيدا بولىدۇ.. بۇلار – ئەڭ ئاددىيسى- ئىنسان روھلىرىدا چېچىلاڭغۇلۇق پەيدا قىلىدىغان مۇھىم ئۈچ خىل سەۋەبتۇر

ئىمان كېلىپ ئىنسان روھىنى ۋاللىدە يورىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چېچىلىپ ۋە يوقۇلۇپ كەتكەن روھ توپلىنىپ، ھەرىكەتلىنىدىغان ۋە ھەرىكەتلەندۈرىدىغان زور كۈچكە ئايلىنىدۇ.

ئەمما، ئەرەب جاھىلىيىتىدىكى ئىنسانلارغا كەلسەك، ئۇلار تۈرلۈك ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلاتتى، بۇ ئىلاھلارنىڭ بەزىلىرى بۇتلارغا ئوخشاش ئاشكارا ئىلاھلار ئىدى، ۋە بۇ ئىلاھلارنىڭ بەزىلىرى قەبىلە، ئاتا-ئانىسى، ئەجدادلىرىنىڭ ئۆرۈپ ئادىتىگە ئوخشاش يوشۇرۇن ئىلاھلار ئىدى..

بۇتلارغا كەلسەك، بۇ ھەقتە تەپسىلي توختىلىپ ئۆتىمىز، ئەرەب جاھىلىيىتىدە كىشىلەر بۇتلارنى الله دىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلار دەپ ھېسابلايتتى، بىراق، دىققەت بىلەن

قارىغاندا بۇ بۇتلارنىڭ الله دىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلار ئەمەسلىكى نامايان بولىدۇ. مەسىلەن: سىز جاھىلىيەت شائىرى **(دريد بن الصمة)** نىڭ سۆزىگە نەزەر سېلىپ بېقىڭ ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

**وهل أنا إلا من غزية إنْ غَوَتْ غويتُ وإن تَرشُد غزية أرشد**

مەن غۇزىيە قەبىلىسىگە تەۋە ئىنسانمەن،
ئۇ ئېزىپ كەتسە مەنمۇ ئېزىپ كېتەرمەن.
ئەگەر غۇزىيە قەبىلىسى توغرا يول تاپسا،
مەنمۇ ھەم قەبىلە بىلەن توغرا يولدىمەن.

بۇ قەبىلىگە ئىبادەت قىلغان بولماي نېمە ؟ بۇ شائىر ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئازغۇن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئاندىن – بىلىپ تۇرۇپ - ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆز قەبىلىسى

ئىبادەت قىلىنىدىغان رەبتۇر، شۇڭا مەيلى قەبىلىسى توغرا يولدا بولسۇن ياكى خاتا يولدا بولسۇن قەبىلىسىگە قارشىلىق قىلىشقا بولمايدۇ!

ئاتا-ئانىسى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ ئۆرۈپ ئادىتى اللەدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان رەب ئىدى:

**( وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ اتَّبِعُوا مَا أَنْزَلَ اللَّهُ قَالُوا بَلْ نَتَّبِعُ مَا أَلْفَيْنَا عَلَيْهِ آبَاءَنَا أَوَلَوْ كَانَ آبَاؤُهُمْ لا يَعْقِلُونَ شَيْئاً وَلا يَهْتَدُونَ )** [ البقرة : 170 ] .

(ھەرقاچان ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «الله نازىل قىلغان نەرسىگە (يەنى الله پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ۋەھيىگە، قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟)

ئاتا-ئانىسى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ ئۆرپ ئادىتى ـــ قىرىندىشىنىڭ ئوغلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قۇرەيش كاپىرلىرىدىن ھىمايە قىلغان ـــ ئەبۇ تالىبنى ئىسلامدىن توسقان ئىدى. نېمە ئۈچۈن؟ ئەبۇ تالىپ ھەققىدە كىشىلەرنىڭ ئەبۇ تالىپ ئاتا-ئانىسى ۋە ئەجداتلىرىنىڭ ئۆرپ ئادىتىگە قارشى چىقتى دېيىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ! قايسى خىل ئىبادەت بۇنىڭدىن كۈچلۈك؟

ئەمما، ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىكى ئىنسانلارغا كەلسە، ئۇلار ئەرەب جاھىلىيىتىدىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۆپ ۋە مەخپىي بولغان ھەرخىل ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىدۇ. مەسلەن: قەدىمكى ئەرەب قەبىلىۋازلىقىنىڭ ئورنىدا بۈگۈنكى مىللەتچىلىك مەنپەئەتىنىڭ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ روھلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشى بەك كۈچلۈك ۋە خەتەرلىكتۇر.. ئاتا-ئانىسى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ ئۆرۈپ ئادىتىنىڭ ئورنىدا بۈگۈنكى خەلقئارالىق جامائەت پىكرى ھەربىر زېمىندىكى ئىنىلىۋاتقان كىشىلەرگە تەسىر

كۆرستىشى بەك كۈچلۈكتۇر، بىراق بۇ خەلقئارالىق جامائەت پىكرى زېمىندا هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پەردە ئارقىسىدىكى ياكى پەردە ئالدىدىكى شەيتانلارنىڭ قولى بىلەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان.. (تەرەققىيات) بىر ئىلاھتۇر.. (ئىلىم-پەن) بىر ئىلاھتۇر.. (ئىلمانىيزم ) بىر ئىلاھتۇر.. (ئىشلەپچىقىرىش) بىر ئىلاھتۇر.. (شەخسى ئەركىنلىك) بىر ئىلاھتۇر..

شەھۋەتلەر[34] دىن هەزەر قىل!

شۈبهىسىزكى، شەھۋەتلەر قەدىمكى ۋە هازىرقى زاماندىكى اللهدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاهلاردۇر.. بۇ ئىلاهلار ئۆزىگە چوقۇنغانلارنى هالاك قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى قويۇلۇشقا يۈزلەندۈرىدۇ..

شۈبهىسىزكى، شەھۋەتلەر ئەسلى الله ئىنسانىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقان خىلاپەتچىلىك ۋەزىپىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان زېمىننى

**(34) ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـــــ كۈمۈشـــتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى كۆزدە تۇتىلىدۇ ـت**

گۈللەندۈرۈشتىكى ئىنسانىيەت روھى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان غىزا ئىدى:

( **وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً** ) [ البقرة : 30 ] .

(ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى.)

( **هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا** ) [ هود : 61 ] .

(ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى)

( **زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالْأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الْمَآبِ** ) [ آل عمران : 14 ] .

(ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ الله نىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك))

بىراق، شەھۋەتلەر پايدىلىق غىزا بولغىنىدەك ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ۋاقىتتا ھالاك قىلغۇچى زەھەرگە ئايلىنىدۇ..

بەدەننىڭ غىزاسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.. ئىنسان بەدىنى – ئۆز ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن - مەلۇم مىقداردىكى ئاقسىل ماددىلىرى، كىراخمال ماددىلىرى، تۇز ماددىلىرى، ۋىتامىن ماددىلىرىغا موھتاج بولىدۇ، بىراق، سىز بۇ ماددىلاردىن قايسى بىرىدە بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن ھالقىپ كەتسىڭىز، بەدەننىڭ ۋەزىپىلىرىدە

بۇزۇلۇش پەيدا بولىدۇ —دە بۇ پايدىلىق غىزا بولماي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، بىرگە ئىنسان قىلماقچى بولغان ھەرىكەتلىرىنى قىلىشقا قادىر بولالماي كېسەل باشلىنىدۇ.. ئىنسان روھىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ھاياتى دۇنيادا قىلىش بەلگىلەنگەن ھەرىكەتنى قىلىش ئۈچۈن بۇ شەھۋەتلەرگە موھتاج بولىدۇ. بىراق، ئىنسان روھى بۇ شەھۋەتلەرنىڭ — بۇ شەھۋەتلەر ھەددىدىن زىيادە قىزىقتۇرىدىغان گۈزەل ھەم چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن - قىزىقتۇرىدىغان ئەگەشسە روھنىڭ نىزامى چۇشكۈنلىشىپ بۇزۇلىدۇ، گەرچە ئۇ ھەر خىل ئازغۇن ئىش ھەرىكەتلەرنى قىلسىمۇ ساغلام ھەرىكەت قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ قالىدۇ.. شۇنىڭدەك، ساغلام ھۆجەيرىگە راك كېسىلى يولۇققاندا ئۇ بۇزۇلىدۇ.. ئۇ ھەرىكەت قىلىدۇ، لېكىن ، بۇ ھەرىكەت ئۇنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ يەردە ئىنسان ھاياتىدا دۇچ كېلىدىغان « سىناق» نۇقتىسى بار بولۇپ، ئۇ ئىنساننى يارىتىشتىكى نىشانلارنىڭ بىرىدۇر:

**( إِنَّا خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ مِنْ نُطْفَةٍ أَمْشَاجٍ نَبْتَلِيهِ فَجَعَلْنَاهُ سَمِيعاً بَصِيراً )** [الانسان: 2 ]

(شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنىي (يەنى ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ مەنىيسى) دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق)

**( إِنَّا جَعَلْنَا مَا عَلَى الْأَرْضِ زِينَةً لَهَا لِنَبْلُوَهُمْ أَيُّهُمْ أَحْسَنُ عَمَلاً )** [ الكهف : 7 ] .

(ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق)

سىناق تېمىسى بولسا ئىنسانىنىڭ زېمىن مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرىدىغان يولدۇر.. ئىنسان بۇ يولدا - ياراتقان مەخلۇقاتىنى بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى بىلىدىغان، شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان – الله بەلگىلىگەن چېگرادا توختامدۇ؟ ياكى چېگرادىن ئۆتۈپ ھەددىدىن ئاشامدۇ؟ ئاندىن ھاياتى دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى پايدا بېرىشتىن كۆپراق زىيان يەتكۈزىدىغان ياكى پايدا يەتكۈزمەستىن زىيان يەتكۈزىدىغان ھالاك قىلغۇچى زەھەرگە ئايلىنىپ قالامدۇ؟:

( **أَلا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ** ) [ الملك : 14 ] .

((مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر)

( **تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلا تَعْتَدُوهَا** ) [ البقرة : 229 ] .

(ئەنە شۇلار الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار)

( تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلا تَقْرَبُوهَا ) [ البقرة : 187 ] .

(ئەنە شۇلار الله بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار.)

ھەقىقەتەن، ئەرەب جاھىلىيىتىدىكى ئىنسانلار شەھۋەتلەرگە غەرق بولغان ئىدى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى ئورنىغا ياخشى پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدىغان دەرىجىدە شەھۋەت بۇلىقىدىن ئىچتى، ئۇلار بۇنىڭدىن سىقىلمىدى، بەلكى، ئۇنىڭدىن پەخىرلەندى! ئۇلارنىڭ بۇنداق شەھۋەتلەرگە بېرىلىشىگە ئۇلارنىڭ بۇزۇق مەنتىقىسى يول قويدى.

شائىر (طرفة بن العبد) مۇنداق دەيدۇ:

**ولولا ثلاث هن مـــن عيشـــة الفتى وجدّك لم أحفل متى قام عوّدي**

**فمنهن سبقى العاذلات بشربة كُمَيْتٍ متى ما تُعْلَ بالماء تزبد**

**وكرّي إذا نادى المضـاف محنّبـــاً كسـيد الغضـا – نبهْتَه – المتورد**

**وتقصـير يوم الدجن،والدجن معجب ببـــهكنة تحت الطراف المعمد**

شائىر (طرفة بن العبد) يەنە هاراق، ئاياللار، ئۇرۇش توغرىسىدا سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

**ألا أيهـــذا اللائمي أحضر الوغى وأن أشهد اللذات هل أنت مخلدي ؟**

دۇنيا ھاياتىدا مەڭگۈ ياشاش مۇمكىن بولمىغاچقا جاھىلىيەت مەنتىقىسى : «ئىنسان دۇنيا شەھۋەتلىرىدىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە لەززەتلىنىشى كېرەك ، چۈنكى، ھاياتلىق ئىنسانغا بىرلا قېتىم كېلىدۇ ، ھاياتلىق كەتسە قايتىپ كەتمەيدۇ» دېگەن سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

ئەمما، ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىكى ئىنسانلارغا كەلسەك، گەرچە ئۇلار ھەرىكەت قىلىپ ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقارغان بولسىمۇ، ئۇلار ھاياتتا شەھۋەتلەر ئۈچۈن ياشايدۇ.

مەسىلەن: ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە ئۆزىگە ئەڭ چوڭ پايدا ئېلىپ كېلىدىغان ۋاستىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كىچىكتۈرگەن كىشى بولسا، ئۇنىڭ ئارزۇسى (شەھۋىتى) ھاكىملىققا ئېرىشىش بولغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان، ياكى ئۇنىڭ ئارزۇسى (شەھۋىتى) پادىشاھلىققا ئېرىشىش بولغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان، ياكى ئۇنىڭ ئارزۇسى (شەھۋىتى) جىنسىي لەززەتلىنىش بولغان كىشىگە ئوخشايدۇ،

هازىرقى زامان جاھىلىيتى جىنسىي لەززەتلىنىشنى چوڭ-كىچىك، ئەقىللىك ۋە ئەقىلسىز، ئەر-ئايال ھەممىسىنىڭ مۇقەررەر ئارزۇسى قىلدى.

ئەمما، جاھىلىيەتنىڭ نىشانىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ھاياتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى مەنپەئەتتىن چوڭراق نىشانى يوق:

( **وَقَالُوا مَا هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا يُهْلِكُنَا إِلَّا الدَّهْرُ** ) [ الجاثية : 24 ] .

(ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز» (دەيدۇ).)

( **إِنْ هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا نَحْنُ بِمَبْعُوثِينَ** ) [ المؤمنون : 37 ] .

(بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر، بىز ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ تۇرىمىز)، بىز قايتا تىرىلمەيمىز)

( **فَأَعْرِضْ عَنْ مَنْ تَوَلَّى عَنْ ذِكْرِنَا وَلَمْ يُرِدْ إِلَّا الْحَيَاةَ الدُّنْيَا ، ذَلِكَ مَبْلَغُهُمْ مِنَ الْعِلْمِ** ) [ النجم : 29 - 30 ] .

(بىزنىڭ زىكرىمىز (يەنى ئىمان بىلەن قۇرئان) دىن باش تارتقان، پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلىگەنلەردىن يۈز ئۆرۈگىن. ئۇلارنىڭ ئىلىمدىن يەتكەن يېرى ئەنە شۇ)

( **يَعْلَمُونَ ظَاهِراً مِنَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ عَنِ الْآخِرَةِ هُمْ غَافِلُونَ** ) [ الروم : 7 ] .

(ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر)

ئىنسان ھاياتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نىشانلار – ئۇ نىشان ھەر قانچە چوڭ بولسىمۇ - بىلەن چەكلىنىپ قالغان ۋاقىتتا، الله ئىنساننى بىر ئۈچۈم توپىدىن يارىتىپ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقىتتا، الله ئۇنىڭغا ياراتقان مەۋجۇدىيەتنى يوقىتىپ قويىدۇ.. ئۇ يەنە ئىنساننىڭ ھەقىقىي كۈچى بولغان ئالى قىممەتلەرنى يوقىتىپ قويىدۇ:

**( إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلائِكَةِ إِنِّي خَالِقٌ بَشَراً مِـــــنْ طِينٍ ، فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِنْ رُوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ )** [ صٓ : 71 - 72 ] .

(ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى مەن راۋۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار»)

ئەمما، ئەرەب جاھىلىيىتىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى بولسا قەبىلە ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن نەسەبلەرنى پاك ساقلاش، پەخىرلىنىش، باشقىلارنى ھاقارەتلەش، ئۇرۇش خەۋەرلىرى، ھۇجۇم قىلىش ۋە چېكىنىش قاتارلىقلار ئۇلار ئۇنىڭدا ياشايدىغان ئالەم بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ياشايتتى، شائىرلار بۇ ھەقتە شېئىرلىرىنى ئوقۇدى. بۇ شائىرلارنىڭ يىغىلىشلاردىكى مۇسابىقىلىشىش ئىمىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار ماللىرىنى ۋە باللىرىنى كۆپەيتىدۇ، ئۇلار شەھۋەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

ئەمما، هازىرقى زامان جاهىلىيىتىدىكى ئىنسانلارغا كەلسەك، ئۇلار قاتتىق ئازدى، هاياتى دۇنيا ۋە هېسسىي دۇنيا بىلەن چەكلەندى، ئۇلار هېسسىي مەنپەئەتلەرگە ئۆزىنى ئاتقانلىقى ئۈچۈن ئالى قىممەتلەر ۋە ئۇنىڭ تەكلىپلىرىدىن ناهايىتى يىراقلاشتى، چۈنكى، هازىرقى زامان جاهىلىيىتىنى پەيدا قىلغانلار ئىنساننى هايۋان مۇھىتىدىن ئىنسان مۇھىتىغا يۈكسەلدۈرىدىغان  بارلىق ئىنسانىي قىممەتلەردىن ئىنسانلارنى بىر پۈتۈن يىراقلاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار كۆڭۈلدىن كەچمەيدىغان بارلىق ۋاستىلار بىلەن  زېمىننى چىرايلىق كۆرسىتىشكە ۋە مەينەت ئەرزىمەس مەنپەئەتلەرنى چىرايلىق كۆرسىتىشكە ماهىر بولۇپ كەتتى.

قەدىمكى ۋە هازىرقى جاهىلىيەتتە كىشىلەر هاياتى دۇنيا بىلەن چەكلىنىپ قالغان هەمدە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ، قىيامەتكە، جازا – مۇكاپاتقا ئىمان ئېيتمىغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە هاياتتا ئىنساننىڭ چەكلىك ئۆمرىدە ئۇنىڭ شەھۋەتلىرى ۋە ئۇنىڭ

مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان ئىشلاردىن باشقىسى مەنىسىز، قىممەتسىزدەك كۆرۈنىدۇ. كىشىلەر ھاياتتا گاڭگىراپ قالىدۇ. ھازىرقى زامان جاھىلىيەت شائىرى ( **إيليا أبو ماضي** ) بۇ خىل گاڭگىراشنى بۇ شېئىرلاردا ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

**جــــــــــئت لا أعلم من أين ولكني أتيت !**

**ولقـــــــــــــد أبصر قدامي طريقاً فمشيت !**

**وســــــــــــأبقى ماشياً إن شئت هذا أو أبيت!**

**كيف جئت ؟ كيف أبصرت طريقي ؟ لست أدري !**

قەيەردىن كەلگىنىمنى بىلمەستىنلا ياشىدىممەن،

يولدا ئىكەن قەدىمىم، ئويلانماستىنلا ماڭدىممەن.

مەيلى خالاي، خالىماي، داۋام ئەتتىملا يولۇمنىمەن،

بۇ ئالەمدە كىمدۇرمەن؟ بۇنى بىلمەيلا يۈردۈممەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، هاراق دائىم جاهىلىيەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن ئىدى، چۈنكى، ئىنسان روهى هاياتتىن زېرىكىش هېس قىلغاندا، هاراق هاياتتىكى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن قېچىشنىڭ ۋاستىسى بولدى. شۇنىڭدەك، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ چۈشكۈن كۆرەشلىرىدىن ۋە ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرىدىن بىكار بولغان ۋاقتتا، بوش ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزۈش ۋە  هاياتتىكى زېرىكىشلىك ۋاقىتلىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن  ئويۇن تاماشاغا غەرق بولىدۇ هەمدە بوش ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزىدىغا نىشان ئىزدەيدۇ، بىراق، تاپالمايدۇ..

ئەرەب جاهىلىيتىدە هاراق، هاراق سورۇنلىرى، قىمار ئويۇنلىرى.. قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ تۇرمۇش خاپىلىقىدىن قېچىشنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاستىسى ئىدى..

هازىرقى زامان جاهىلىيتىدە هاراق بىلەن بىرگە زەهەرلىك چېكىملىكلەر، تانسىخانىلار، كۆڭۈل ئېچىش ئارامگاهلىرى، قىمارخانىلار پەيدا بولدى.. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ۋاستىلەرنىڭ هەممىسى  ئۇلارنى روهى چۈشكۈنلۈك، بىئاراملىقلاردىن

قۇتقۇزالمىغان ۋاقىتتا روھى كېسەللىكلەر، نېرۋا كېسەللىكلەر ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، مەجنۇنلۇق.. قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلدى..

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى جاھىلىيەتتىكى ئىنسانىيەت روھىغا يەتكەن چېچىلاڭغۇلۇقنىڭ ئارقىسىدىكى سەۋەبلەر بولۇپ، ئىمان بولسا بۇ چېچىلاڭغۇ روھنى بىر يەرگە توپلايدۇ..

ئىماننىڭ مەنىسى بولسا : الله بىر ئىلاھتۇر، اللهدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.. اللهدىن باشقا ھەرقانداق ئىلاھلار، ھەرقانداق مەئبۇتلار بىر گۇمانى نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ گۇمانىدىن باشقا ھېچقانداق ماھىيىتى ، ۋە مەۋجۇدىيىتى يوق. بۇلار بىر گۇمان بولۇپ ھەقتىن بىر نەرسىنى بىھاجەت قىلالمايدۇ.. دەپ ئېتىقاد قىلىشنى ۋە الله دىن باشقا ھەقىقىي مەئبۇد يوقتۇر، اللهدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، اللهنىڭ غەيرىگە قىلىنغان ھەرقانداق ئىبادەت ئەسلى ئۆزدىن باتىلدۇر، چۈنكى، بۇ ئىبادەت ھەقىقىي

ئىلاھ بولغان اللە ئۈچۈن قىلىنمىغان.. دەپ ئېتىقاد قىلىشنى ۋە اللە تەرەپتىن كەلگەن نەرسىلەرگە چىڭ ئېسىلىش لازىم، ئۇنداق بولمىسا كىشىلەرنىڭ ھېس -تۇيغۇسىدا اللەنىڭ ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ھەقىقىي ئىلاھ ئىكەنلىكى مۇستەھكەم ئورۇنلاشماي، نەتىجىدە جىنايى قىلمىشلاردا اللەنىڭ غەيرىگە ئىتائەت قىلىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ! - دەپ ئېتىقاد قىلىشنى ھەمدە اللە قانۇن تۈزگۈچى، ھالال - ھارامنى، ياخشى - يامانىنى، رۇخسەت قىلىنغان – رۇخسەت قىلىنمىغان ئىشلارنى بەلگىلىگۈچى ۋە اللە كىشىلەر ھاياتى دۇنيا مەنپەئەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان چېگرانى بېكىتكۈچى ۋە اللە كىشىلەرگە ھايات پىرىنسىپىنى ۋە ئۈلارغا ھايات نىشانىنى بەلگىلەپ بەرگۈچى دەپ ئېتىقاد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمان ئىنسان روھىنى ئۈمىدسىز قىلىدىغان ھەرقانداق چېچىلاڭغۇلۇق سەۋەبلىرىنى قالدۇرۇپ قويمايدۇ.

ئىبادەت قىلىدىغان ئىلاھ بىر بولغان ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسىدىن ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەلبىنى قالايمىقان قىلىدىغان

ھەرقانداق ئاتالمىش ئىلاھلار يوقايدۇ. بۇ ئىلاھلارنىڭ ھەربىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان تەلەپلىرى ۋە بىرلىشەلمەيدىغان نۇرغۇنلىغان خاھىشلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان روھى بۇ ئىلاھلار ئارىسىدا چېچىلىپ كېتىدۇ ، بۇ ئىلاھلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇلۇھىيتى (ئىلاھلىقى) يەنە بىر ئىلاھنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ:

( ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلاً رَجُلاً فِيهِ شُرَكَاءُ مُتَشَاكِسُونَ وَرَجُلاً سَلَماً لِرَجُلٍ هَلْ يَسْتَوِيَانِ مَثَلاً الْحَمْدُ لِلَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لا يَعْلَمُونَ ) [ الزمر : 29 ] .

(اﷲ (سىلەرگە مۇنداق) بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر قۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا (ئىشقا سېلىشنى) تالىشىدىغان نۇرغۇن خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ (بىرسى بۇ ئىشقا، بىرسى ئۇ ئىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ كىمنى رازى قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ)، يەنە بىر قۇل بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمگىلا خاستۇر، بۇ ئىككى قۇل (يەنى ئۇنىڭ ئەھۋالى)

باراۋەرمۇ؟ جىمى ھەمدۇسانا اللّٰه قا خاستۇر! بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ)

ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھ بىر بولغان ۋاقىتتا، ئىنساننىڭ شەھۋەتلىرى (ھەۋەسلىرى) الله بەلگىلىگەن چېگرادا مۇستەھكەم تۇرىدۇ-دە روھنىڭ ياخشى غىزاسىغا ئايلىنىدۇ، ھالاك قىلغۇچى زەھەر ۋە تۈگىمەس غەم –ئەندىشىگە ئايلانمايدۇ، ئۇساپمۇ قالمايدۇ، بەك تويۇپمۇ كەتمەيدۇ، ئىنسان روھى تىنچ ، خاتىرجەم تۇرىدۇ.

ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھ بىر بولغان ۋاقىتتا بارلىق نىشانلارنى ئىنتىزاملاشتۇرىدىغان مۇقىم بىر نىشان بەلگىلىنىدۇ، نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇدىغان قىممەتلەر بەلگىلىنىدۇ، ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە، قىيامەتكە، جازا – مۇكاپاتقا ئىمان ئېيتقاندا ھاياتتىكى بارلىق بىخۇدلۇق (غەپلەت) يوقاپ كېتىدۇ .

ئەگەر بۇ تايانچ بازىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى پىرىنسىپلارنىڭ رولى بولسا، بىز تارىختىكى ئەڭ چوڭ تەربىيچى پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)**نىڭ رولى ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمىز، بىراق، بىز بۇ سۆزلىرىمىزدە ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)**نىڭ رولىنى تولۇق بايان قىلىپ بېرەلمەيمىز.. بىزگە اللهنىڭ پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** ھەققىدە بەرگەن تۆۋەندىكى گۇۋاھلىقى يېتەرلىك :

( **وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ** ) [ القلم : 4 ]

((ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقا ئىگىسەن)

بىراق، بىز پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** ساھابىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئۈلۈغ ئوبرازى بىلەن بارلىققا كەلتۈرگەن زور تەسىرنى گەرچە قىسقىچە بولسىمۇ بىلمەي تۇرۇپ پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** بىنا قىلغان ئاشۇ بازىنى بىلىشكە قادىر بولالمايمىز.

ئەگەشكۈچىلەر دائىم ئۆزلىرىنىڭ قوماندانىغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇش ئارقىلىق قوماندانىنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر نەرسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئېھتىمال ، بۇ ئۇلارنىڭ تولۇق چۈشەنمەسلىكىدىن بولۇشى مۇمكىن ، چۈنكى، قوماندانىنىڭ ئۇبرازىدىن ئەجەبلىنىش ئەگەشكۈچىلەرنى ئۆزلۈكىدىن ئىش - ھەرىكەتلىرىنى قوماندانىنىڭ بەزى سۆزلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئوخشىتىپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئەھۋال پەيغەمبىرىنى تولۇق  ياخشى كۆرۈدىغان ۋە ئۇنى تولۇق ھۆرمەتلەيدىغان ساھابىلەردىمۇ بولغان ئىدى.

ھىرقەل ئەبۇ سۇفياندىن مۇئمىنلەرنىڭ پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** بىلەن بولغان ئەھۋالى توغرىسىدا سورىدى، ئەبۇ سۇفيان بۇ ۋاقىتتا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى، ئەبۇ سۇفيان مۇنداق دېدى : مەن كىشىلەر ئۇنى  مۇھەممەدنىڭ ئەسھابلىرى مۇھەممەدنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈدىغان بىر كىشىنى كۆرمىدىم.

لېكىن ، پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** نىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەلبىدە بۇنداق چوڭقۇر تەسىر كۆرستىشى پەقەتلا تولۇق چۈشەنمەيدىغان ئەگەشكۈچىلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرستىدىغان مۇشۇ ئەجەپلىنىشكە چەكلەنگەن بولماستىن، بەلكى، ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان ھەمدە ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان اللەنىڭ بۇيرۇقىنى ۋە پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** نىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىق چۈشەنگەنلىكتىن پەيدا بولغان تەسىر ئىدى.

**( لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيراً )** [ الأحزاب : 21 ] .

(سىلەرگە ـ الله نى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر)

**( وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ )** [ الحشر : 7 ] .

(پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، الله تىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر)

( **مَا كَانَ لِأَهْلِ الْمَدِينَةِ وَمَنْ حَوْلَهُمْ مِنَ الْأَعْرَابِ أَنْ يَتَخَلَّفُوا عَنْ رَسُولِ اللَّهِ وَلا يَرْغَبُوا بِأَنْفُسِهِمْ عَنْ نَفْسِهِ** ) [ التوبة : 120 ] .

(مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس ئىدى.)

( **يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَجِيبُوا لِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ إِذَا دَعَاكُمْ لِمَا يُحْيِيكُمْ**)[الأنفال: 24]

(ئى مۆمىنلەر! اﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار.)

قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: " **لا يؤمن أحدكم حتى أكون أحب إليه من نفسه وماله وولده** " (35) .

پەيغەمبەر(صلى الله عليه وسلم) مۇنداق دېدى : «سىلەرنىڭ بىرسىگە مەن جېنى، مېلى، بالىسىدىنمۇ سۆيۈملۈك بولمىغىچە ئۇ مۇئمىن بولمايدۇ»

قال رسول الله صلى الله عليه وسلم:"**صلُّوا كما رأيتموني أصلي** " (36)

**(35) أخرجه الشيخان .**

**(36) أخرجه البخاري .**

پەيغەمبەر(صلى الله عليه وسلم) مۇنداق دېدى : « مەن نامازنى قانداق ئوقۇغان بولسام، سىلەرمۇ نامازنى ماڭا ئوخشاش ئوقۇڭلار»

قال رسول الله صلى الله عليه وسلم:" **خذوا عني مناسككم** " [37] .

پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** مۇنداق دېدى : « سىلەر مەندىن ھەج-پائالىيەتلىرىڭلارنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىنىڭلار»

بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب شۇكى، پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** جامائەتكە قوماندانلىق قىلىدىغان قوماندانلا بولماستىن، بەلكى، رەببىنىڭ بۇيرۇقىنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدىغان ھەمدە كىشىلەرگە ئۇلارغا نازىل قىلىنغان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەر ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر(صلى الله عليه وسلم)

(37) **أخرجه مسلم .**

گە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلدى، پەيغەمبەر(صلى الله عليه وسلم) گە ئىتائەت قىلىش اللەغا ئىبادەت قىلىشتۇر.

**( يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلاً )** [ النساء : 59 ] .

(ئى مۆمىنلەر! االله قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا االله قا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى االله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر)

**( مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ )** [ النساء : 80 ] .

(كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ الله قا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر الله نىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)

شۇڭا پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** ئۈچۈن ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەلبىدە ئەڭ يۈكسەك مۇھەببەت ۋە اللەغا ئىبادەت قىلىش ھېسابلىنىدىغان ئىتائەت قىلىش پەيدا بولغان ئىدى، پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)**نىڭ ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم)**نىڭ قەلبلىرىدە پەيغەمبەر(صلى الله عليه وسلم)نىڭ تارىختا ئۇنىڭ ئوخشىشى بولمىغان يۈكسەك ئوبرازى ۋە مىسلىسىز پىرىنسىپلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى قالغان ئىدى..

ئەمما، پىرىنسىپلار توغرىسىدا ئىلگىرىكى ئابزاسلاردا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق، بۇ ھەقتە كېيىنچە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئەمما، پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)**نىڭ ئوبرازىغا كەلسەك، بىزگە شۇنى دېيىشىمىز يېتەرلىككى، پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)**نىڭ ئوبرازى بارلىق يۈكسەك خىسلەتلەرنى ئۆزىدە توپلىغان.

پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)**نىڭ ئوبرازى بارلىق ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەر (صلوات الله وسلامه عليهم) نىڭ ئوبرازىدىكى ئالى سۈپەتلەرنى ئۆزىدە توپلىغان : يەنى پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** دە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلمىگەن پەقەتلا ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئېسىل خىسلەتلەردىن باشقا يەنە ئۇنىڭدا ئىيسا (عليه السلام) نىڭ روھانىيتى، نۇھ (عليه السلام) نىڭ سەۋرچانلىقى، مۇسا (عليه السلام) نىڭ كەسكىنلىكى، ئىبراھىم (عليه السلام) نىڭ مۇلايىملىقى.. قاتارلىق سۈپەتلەر توپلانغان .. پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** دە يەنە پارچىلىنىپ كەتكەن ئۈممەتنى بىر يەرگە توپلايدىغان ۋە ئۈممەتنى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا ئەڭ ئالى ئورۇنغا قايتۇرۇپ كېلىدىغان سياسي قوماندانىنىڭ ئوبرازى توپلانغان.. ۋە يەنە پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** دە ئۆز شجائىتى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى بىلەن مىسلىسىز قوشۇننى تەربىيەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ چوڭ ئۇرۇشقا كىرىدىغان ئەسكىرى قوماندانىنىڭ ئوبرازى توپلانغان.. ۋە يەنە پەيغەمبەر**(صلى**

**الله عليه وسلم)** دە ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى يۈكسەك ئەخلاقلار بىلەن تەربىيەلەشتە قىلچە بوشاپ قالمايدىغان تەربىيەچىنىڭ ئوبرازى تولۇپلانغان.. ۋە يەنە پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** دە ئىبادەتتىن غاپىل قالماي كېچە -كۈندۈز ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ ئوبرازى تولۇپلانغان.. ۋە يەنە پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** دە جىهاد قىلىشتىن بوشاپ قالمايدىغان مۇجاھىدنىڭ ئوبرازى تولۇپلانغان.. ۋە يەنە پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** دە ئۈلگىلىك ئەر ۋە مېھرىبان ، سۆيۈملۈك دادىنىڭ ئوبرازى تولۇپلانغان... بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)**نىڭ ئوبرازىدا ناھايىتى تەڭپۇڭ ھالەتتە ئورۇنلاشقان ئىدى، شۇڭا پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)**دا بۇلاردىن بىر تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىپ يەنە بىر تەرەپكە سەل قارايدىغان ۋە بىر تەرەپنى دەپ يەنە بىر تەرەپنى قۇربان قىلىدىغان ئەھۋاللار قەتئىي بولغان ئەمەس.. مۇقەررەركى، پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)**نىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدىكى تەسىرى ھەر بىر پەيغەمبەر ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدە پەيدا قىلغان

تەسىردىن ۋە ئىنسانىيەت تارىختا پەيدا قىلغان تەسىردىن ناھايىتى چوڭ بولغان ئىدى.

بىز پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** بىنا قىلغان  بازىنى پەيدا قىلغان پىرىنسىپلار ۋە ئاشۇ بازىنى تەربىيەلىگەن ئەڭ چوڭ تەربىيەچىنىڭ ئوبرازى توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتۇق، ئەمدى بىز شۇ بازا تايىنىدىغان كىشىلەر ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمىز:

( **اللَّهُ أَعْلَمُ حَيْثُ يَجْعَلُ رِسَالَتَهُ** ) [ الأنعام : 124 ] .

(اﷲ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورنىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ)

شۈبھىسىزكى، اللەنىڭ پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)نى** ئاخىرقى پەيغەمبەرلىككە تاللىشى ۋە ئەرەب زېمىنىنى

پەيغەمبەرلىك رىسالىتى تارقىلىدىغان زېمىن قىلىپ تاللىشى ۋە ئەرەبلەرنى تۇنجى پەيغەمبەرلىك رىسالىتىنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەر قىلىپ تاللىشىدا چەكسىز ھېكمەت بار، چۈنكى، الله ئۆزىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىككە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىنى ۋە پەيغەمبەرلىك رىسالىتى تارقىلىدىغان زىمىنغا ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك رىسالىتى تارقىلىشقا ئەڭ مۇناسىپ كېلىدىغان زېمىننى تاللىدى.. يەنى بۇ ۋاقىتتا ئەرەب زېمىنى قاقاس چۆل-جەزىرە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرەب زېمىنىدا ئاشۇ ۋاقىتتا زىمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىن بىرەر دۆلەت ئارزۇ قىلغۇدەك بىرەر نەرسە يوق ئىدى. شۇڭا مۇئمىن جامائەت دەۋەتكە توسالغۇ بولىدىغان تاشقى كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىماستىن شەكىللەندى ۋە زىمىندا پۇختا ئورۇنلاشتى، چوڭ دۆلەتلەر مۇئمىن جامائەتنىڭ خەتىرىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا زەربە بەرمەكچى بولغاندا مۇئمىن جامائەتمۇ ئاللىبۇرۇن ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇپ،

دۆشمەنلىرىگە زەربە بېرەلەيدىغان كۈچ قۇۋۋىتىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغان ئىدى.

ئەمما، بۇ زېمىندىكى كىشىلەرگە كەلسەك، شۈبھىسىزكى، الله ئۇلارنىڭ بۇ پەيغەمبەرلىك رىسالىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ۋە ئۇنى بارچە زېمىنغا تارقىتىدىغان ئەڭ ياخشى كىشىلەر بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.. شۇنداق، ئۇلار بۇتپەرەس.. مۇشرىك.. ئاداۋەتخور.. ئۇرۇشخۇمار كىشىلەر ئىدى، لېكىن ، شۇنداق بولسىمۇ يەنە ئەرەبلەر ھاياتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىبۇ—زىننەتلىرىگە غەرق بولۇپ كەتكەن جاھىلىيەت مەدەنىيىتى بۇزغان زېمىندىكى باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا پىتىرتى ساغلام كىشىلەر ئىدى. شۇنىڭدەك، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئىككى چوڭ ئىمپېرىيە رۇم ۋە پارس ئىمپېرىيەسى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى كىشىلەر ئۆز خەلقىگە خوجايىن قۇلغا مۇئامىلە

قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچى مۇقەددەس ھاكىملارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇناتتى.

ھەقىقەتەن، ئەرەب جاھىلىيىتى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ روھلىرىنى بۇزغان ئىدى.. بىراق، بۇ بۇزۇلۇش سىرتقى قىسمىدىكى بۇزۇلۇش بولۇپ پىترەتنىڭ ئىچكى قىسمى بۇزۇلمىغان ئىدى. شۇڭا يېڭى ئەقىدە بۇ سىرتقى بۇزۇقچىلىقنى يوقىتىپ پىترەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ساقلانغان ياخشىلىق ماددىلىرىغا تۇتاشسا ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

لېكىن ، كۆپرىلىقىدا چىڭ تۇرىدىغان ھەمدە ئۆلگىچە بۇ دىنغا ئۇرۇش قىلىدىغان كاپىرلارمۇ ھەم بار ئىدى. بۇ يېڭى دەۋەتكە ئاۋاز قوشقان كىشىلەر بولسا، شۇنداق ئاۋاز قوشتىكى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدە بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ پىترىتى ساغلام، بۇ دىنغا ناھايىتى سەمىمىي ، شىجائەتلىك، بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىش ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىش روھى بار ئىدى.

ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئامىل شۇكى، ئۇلار ھەرقانداق يېڭى ئورۇنغا ناھايىتى تېز كۆچۈپ ئۇيەرنى ۋەتەن تۇتاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ زېمىن ئۇلارنى ۋەتىنىگە ئايلىناتتى .. دېھقاننى ئۆز زېمىنىغا باغلاپ تۇرىدىغان، ئەگەر ئۆز زېمىنىمىدىن بىر نەچچە قەدەم يىراقلاشسا بىچارە غەرب بولۇپ قالىدىغان بۇنداق مۇناسىۋەتلەر ئۇلارنى ئۆز زىمىنلىرىغا باغلاپ قويالمايتتى. مانا بۇ خىسلەتلەر بىلەن ئەرەبلەر زىمىنغا تارقىلىپ - بىراق باشقا خەلقلەر بۇندىن بۇرۇن بۇنداق تارقىلىپ باقمىغان ئىدى.- پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ھىدايەت ۋە نۇرنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

بىز ھازىرغىچە پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** بىنا قىلغان بازىنى مۇستەھكەملەشكە ھەسسە قوشقان ئۈچ خىل ئامىل: يەنى بازا تايىنىدىغان پرىنسىپنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە تەربىيچى پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)نىڭ** ئۇلۇغلىقى ۋە بۇ ئۇلۇغ

پىرىنسىپلارنى قوبۇل قىلغان ۋە تەربىيچى پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)**نىڭ ئۆلۈغ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن تەسىرلەنگەن كىشىلەردىكى پىترەتنىڭ ساغلام ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتۇق. بىز تېخى پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى تەربىيەلىگەن تەربىيەنىڭ رولى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتمىدۇق..

ئېھتىمال ، قائىدە-پىرىنسىپلار تېپىلىشى مۇمكىن – ۋەھالەنكى، ئۇ پىرىنسىپلار بۈگۈن الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان كۈندىكىدەكلا مەۋجۇت – لېكىن ، تەربىيچى ئۇ پىرىنسىپلارنى ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەلبىگە تىرىپ، ئۇنى ئۇندۇرۇپ، ئۇنى پەرۋىش قىلىپ تۇرمايدىكەن ئۇ پىرىنسىپلار ئۆزلۈكىدىنلا ئەمەل قىلمايدۇ.

ئېھتىمال ، تەربىيچى تېپىلىشى مۇمكىن ، لېكىن ، تەربىيچى تەربىيە ئىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ، ئۇ ئەگەشكۈچىلىرىگە تولۇق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. چۈنكى، تەربىيچى تەربىيە ئىشى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان

قىممەتلەرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى قەلبلەردە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشتا ئەجايىپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ، ئۆزلۈكىدىن تەسىرلىنىش قەلبلەرنى تەربىيەلەشتە كۇپايە قىلمايدۇ.

ھەقىقەتەن، مەن باشقا كىتابلاردا ئىسلامدىكى تەربىيە پىرىنسىپى[38] ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتتۇم. لېكىن ، بىز بۇيەردە بازا بىنا قىلىشتىكى تەربىيەنىڭ رولىنى بەلگىلەشنى مەقسەت قىلىمىز، چۈنكى، ئۇ بۈگۈن ھازىرقى ھەرىكەتلىرىمىزدە بىزدە كەمچىل بولۇۋاتقان ھەمدە بىز نۇرغۇن ئورۇنلاردا يوقىتىپ قويۇۋاتقان تېمىدۇر.

بىز ئىلگىرى شۇنى سۆزلەپ ئۆتتۇقكى : « لا اله الا الله» غا ئىمان ئېيتىش ئىنسان قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ، چۈنكى، « لا اله الا الله» غا ئىمان ئېيتىش -خۇددى ئېلېكتىر ئېقىمى تۆمۈر پارچىسىدا پەيدا قىلغاندەك- قەلبنىڭ ئىچكىرى قىسمىدىكى ئاتوم تەرتىپىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرىدۇ.. توغرا، لېكىن ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇ-ئارمانلىرى بىلەن تولغان تىرىك قەلب جىم تۇرىدىغان تۆمۈر

[38] كتاب " منهج التربية الإسلامية " .

پارچىسىغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ، چۈنكى، تۆمۈر پارچىسى ئۇزۇن مەزگىل ئۆزىنىڭ بىر خىل سۈرتىنى ساقلاپ تۇرۇشى مۇمكىن .. ھەمدە تۆمۈر پارچىسىنىڭ ئاتومىنىڭ بۇندىن بۇرۇنقىدەك يەنە بىر قېتىم پارچىلىنىشىدىن ساقلاپ قالىدىغان ساقلىغۇچى ئامىللار بولمىغاندا - ھېچقانداق تەسىر قوبۇل قىلمايدىغان ۋە ئىچكى قىسمىدا ھەرىكەت قىلمايدىغان- تۆمۈر پارچىسى ئېلېكتىر ئېقىمى تۆمۈر پارچىسىدا پەيدا قىلغان ھالىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالالمايدۇ!

ئەگەر ئىنسان روھىنى پارچىلىنىپ كېتىشتىن قوغدايدىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئاتوم تەرتىپىنى قايتىدىن ئۇرۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان قوغدىغۇچى ئامىللار بولمىسا، ئۇنىڭ نىزامى تۆمۈر پارچىسىنىڭكىدىن ھەرقانچە ئالاھىدە بولغان تەقدىردىمۇ ئىنسان روھى يەنە بىر قېتىم پارچىلىنىپ كېتىدۇ ..

شۇنىڭدەك، تۆمۈر پارچىسى تۆمۈر پارچىسىنىڭ ئاتومىنىڭ پارچىلىنىشىدىن ساقلاپ قالىدىغان ساقلىغۇچى ئامىللار بولمىغان ھالەتتە بىر مەزگىل تاشلاپ قويۇلسا، تۆمۈر پارچىسى ئۆزىنىڭ

ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ھەممىسىنى يوقۇتۇپ قويمايدۇ، لېكىن ، تۆمۈر پارچىسىدىكى ماگنىتلىق خۇسۇسىيەت ئاستا-ئاستا ئاجىزلايدۇ. ئىمان ئېيتقان روھمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسان روھىنى پارچىلىنىپ كېتىشتىن قوغدايدىغان قوغدىغۇچى ئامىللار بولمىغان ھالەتتە ئۇزۇن مەزگىل تاشلاپ قويۇلسا ئىماننى بىر پۈتۈن يوقىتىۋەتمەيدۇ، لېكىن ، ئۇنىڭ ئىمانى ئاستا-ئاستا ئاجىزلايدۇ. ھەتتاكى ئۇنىڭ ئىمانى ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان ۋە مۇستەھكەم ئېسىلىشقا قادىر بولالمايدىغان خۇددى رېئال دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەستەكىدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەقەتلا ئىمان ئۈستىدە مۇستەھكەم تەربىيەلەش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ.

ئىنسان روھى دۇنيا ھاياتىدا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى دائىملىق نۇرغۇنلىغان ھەرىكەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ ، ئۇ شەھۋەتلەر پەيدا قىلغان نەرسىلەر بولۇپ ئۇنىڭ زىكرى اللەنىڭ كىتابىدا كەلگەن:

( زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالْأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الْمَآبِ ) [ آل عمران : 14 ] .

(ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ الله نىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك))

بىز بۇندىن بۇرۇن شۇنى زىكرى قىلدۇقكى ئىنسان روھىدىكى دائىملىق نۇرغۇنلىغان ھەرىكەتلەر – ئىنساننىڭ مۇئەييەن ئىش ـ ھەرىكەت ۋە مۇئەييەن يولغا ئىنتىلىشى ئىنساننىڭ خاراكتىرىدىندۇر ـ ئىنسان ھاياتىدا دۇچ كېلىدىغان ۋە بىر روھ يەنە

بىرىدىن ، بىر ھەرىكەت يەنە بىر ھەرىكەتتىن پەرقلىنىدىغان سىناق نۇقتىسىدۇر:

( **إِنَّا جَعَلْنَا مَا عَلَى الْأَرْضِ زِينَةً لَهَا لِنَبْلُوَهُمْ أَيُّهُمْ أَحْسَنُ عَمَلاً** ) [ الكهف : 7 ] .

(ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق)

ئايەت كەرىمە ئىنسان قەلبىدە ھەرىكەت قىلدىغان ۋە قەلبنى مۇئەييەن ئىش - ھەرىكەت ۋە مۇئەييەن يولغا ھەرىكەتلەندۈرىدىغان شەھۋەتلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتى، چۈنكى، بۇ بۇلارنى تەپسىلىي سۆزلەيدىغان ئورۇن ئەمەس[39].

---

[39] **بۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسساللامنىڭ ھەدىسلىرىدە بۇ توغرىسدا تەپسلى مەلۇماتلار كەلگەن.**

ئىنسانىنىڭ ئىنتىلىشلىرى ۋە ئارزۇ ھەۋەسلىرى سان-ساناقسىز بولۇپ تۈگەپ ئۆتمەيدۇ ھەمدە توختاپ قالمايدۇ، شائىر دېگەندەك :

**" وحـــــــــــــــــــــــــــــــــاجة من عاش لا تنقضي "**

ھايات ياشىغان كىشىنىڭ ئېھتىياجى تۈگەپ كەتمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سىناق ھەر ۋاقىت يۈز بېرىدۇ، شۇنىڭدەك، ھەر ۋاقىت تەربىيەلەشكە ئېھتىياج چۈشىدۇ، ھەتتاكى قەلب تەلەپ قىلىنغان ھالەتتە مۇستەھكەم تۇرغان ۋە شەھۋەتنىڭ قۇلچىلىقلىرىدىن قۇتۇلغان ۋە ئىستىقامەت ئۈستىدە بولغان ھەمدە ئىمان ئۇنىڭ ئەسلى نىشانىغا ئايلانغان ۋە ئۇنىڭغا اللەنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى تەتبىقلانغان ۋاقىتتا:

**( إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنْتُمْ تُوعَدُونَ )** [ فصلت : 30 ] ..

(شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز اللە دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار،)

... دېگەن مانا مۇشۇ ۋاقىتتىمۇ ئىنسان خاتالىقتىن ساقلىنالمايدۇ، ئىنساننى خاتالىققا چۈشۈرۈپ قويىدىغان نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىدىن ھېچقانداق بىرسى ئامان قىلمايدۇ. گەرچە ئىنساننىڭ ئالدىدا تەۋبە ئىشىكلىرى داۋاملىق ئوچۇق بولسىمۇ، يەنە بۇنىڭدىن ئامان قالمايدۇ.:

**قال النبي عليه الصلاة والسلام :"كل بني آدم خطاء وخير الخطائين التوابون "** [40] ..

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « ئادەم باللىرىنىڭ ھەممىسى بەك كۆپ خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، خاتالاشقانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغانلاردۇر»

بۇ يەردە تەربىيەنىڭ رولى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجى ھەمدە تەربىيە ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ناھايىتى زۆرۈر ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ.

تەلىم-تەربىيە - گەرچە بۇ بىھاجەت بولغىلى بولمايدىغان ئاساسلارنىڭ بىرى بولسىمۇ - پەقەتلا نەپسىنىڭ شەھۋەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەشۋىشلىرىنى بېسىش ئۈچۈنلا تەلەپ قىلىنماستىن، بەلكى، باشقا ئىش-ھەرىكەت ۋە ھايات ئۈچۈن زۆرۈر بولغان باشقا قىممەتلەر ئۈچۈنمۇ تەلىم-تەربىيە بولمىسا قەتئىي بولمايدۇ..

---

[40] **رواه أحمد وابن ماجة .**

الله ئىنسانغا دۇنيا هاياتىدا خىلمۇ-خىل سىناقلارنى تەقدىر قىلدى، ئۇنىڭ بەزىسى نەپسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىچكى بېسىملار : يەنى ئىنسان نەپسىنىڭ ئىنتىلىشلىرى ۋە خاھىشلىرى ۋە ئارزۇ-هەۋەسلىرى بولسا ، يەنە بەزىلىرى -گەرچە ئۇ ئىنسان نەپسىنىڭ ئىچكى قىسمىغا تەسىر كۆرسەتسىمۇ- ئۇنىڭغا سىرتتىن كىرىدىغان سىرتقى بىسىملاردۇر. مەيلى ئۇ بېسىملار سىياسىي بېسىم ياكى ئىقتىسادى بېسىم ۋە ياكى ئىجتىمائىي بېسىملار بولسۇن هەممىسى ئوخشاشتۇر. مانا بۇ تاشقىرى بېسىملارنىڭ ئىچىگە كىشىلەرنىڭ ئۆرۈپ-ئادەتلىرى ۋە ئەنئەنىلىرى كىرىپ كېتىدۇ ، بۇلارنىڭ هەممىسى كىشىلەرنى بۇ ئىچكىرى ۋە تاشقىرى بېسىملارنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇنۇشقا قىزىقتۇرىدۇ. گەرچە بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جاهىلىيەتتە هەقىقىي زۆرۈرىيەت بولۇشتىنمۇ بەكراق هاۋايى هەۋەس : يەنى تەكەببۇر كىشىلەر ئاجىز بىچارە كىشىلەرگە مەجبۇرى تاڭىدىغان هاۋايى هەۋەس بولسىمۇ، يەنىلا كىشىلەرنى ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇنۇشقا قىزىقتۇرىدۇ.

**(وَلَوِ اتَّبَعَ الْحَقُّ أَهْوَاءَهُمْ لَفَسَدَتِ السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ وَمَنْ فِيهِنَّ)**[المؤمنون: 71]

(ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراب بولغان بولاتتى)

ھاياتنىڭ الله ئۇنى ھۆرمەتلىك قىلغان ۋە ياراتقان نۇرغۇن مەخلۇقاتلىرىدىن ئۈستۈن قىلغان ئىنسانغا لايىق دەرىجىدە مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈن چوقۇم ئىنسان بۇ شەھۋەتلەرنىڭ بېسىمىغا قارشى تۇرۇشى كېرەك ، گەرچە ئىنسان ئاشۇ قارشى تۇرۇشنىڭ سەۋەبى بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم بولۇشقا دۇچار بولسىمۇ چوقۇم قارشى تۇرۇش كېرەك ..

ئەگەر ئىنسان نەپسىگە كۆڭۈل بۆلمەي تاشلىۋەتىلسە ئۇ ئاجىزلىشىپ قىلىپ، شەھۋەتلەرنىڭ بېسىمىغا قارشى تۇرالمايدىغان

چىدامسىز، ئىرادىسىز بولۇپ قالىدۇ. ئىماندىن باش تارتقان كىشىلەر كىشىلەرنى ئۆزگە تېخىمۇ بەكراق بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن شەھۋەت ىسىملىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ:

( ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ ) [ الروم : 41 ] ..

(ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈزبەردى.)

مانا بۇنىڭدا ھەددىدىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ ھەددىدىن ئېششى بىلەن تەسلىم بولغان كىشىلەرنىڭ تەسلىم بولۇشى ئوخشاشلا جىنايەتتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇزۇقچىلىق بولۇپ، ھاياتنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي توغرا سۈرىتىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

بۇ يەردە ئىنسان نەپسىنى شەھۋەت بېسىملىرىغا قارشى تۇرۇشتا زۆرۈر بولغان قەتئىلىككە ئېرىشتۈرۈشتىكى تەربىيەنىڭ رولى يەنە بىر قېتىم ئاشكارا بولىدۇ. قىممەتلەر ۋە پىرىنسىپلار شەھۋەت

بېسىملىرى ئاستىدا ئىنسان نەپسى ئاجىزلاپ قالغاندا ئۇنىڭ بىناسىنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالىدىغان مۇستەھكەم قورغانغا ئوخشايدۇ. ئىنسان نەپسىنىڭ پۇختا مۇستەھكەملىنىشى ئاشۇ قىممەتلەر ۋە پىرىنسىپلارغا ھەقىقىي ئېسىلىش دەرىجىسىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ، ئاشۇ قىممەتلەر ۋە پىرىنسىپلارغا ھەقىقىي ئېسىلىشنى دائىم تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تۇرىدىغان توغرا ئۇسۇلدىكى تەربىيە بارلىققا كەلتۈرىدۇ، لېكىن ، ئىنسان نەپسى ئۆزىدىكى شەھۋەتلەرنىڭ ۋە ھاۋايى –ھەۋەسلەرنىڭ بېسىملىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئادەتلەنمەي تۇرۇپ ئاشۇ قىممەتلەر ۋە پىرىنسىپلارغا ھەقىقىي ئېسىلىش ئىنسان نەپسىدە پەيدا بولمايدۇ. چۈنكى، ئىنسان نەپسى شەھۋەتلەرنىڭ ۋە ھاۋايى –ھەۋەسلەرنىڭ بېسىملىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئادەتلەنمەي تۇرۇپ قەتئىيلىككە ئىگە بولالمايدۇ ھەمدە دىنىنىڭ تەكلىپلىرىنى ئورۇنداشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيدۇ:

( **فَاسْتَمْسِكْ بِالَّذِي أُوحِيَ إِلَيْكَ إِنَّكَ عَلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ** ) [ الزخرف : 43 ] .

((ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيي قىلىنغان قۇرئانغا چىڭ ئېسىلغىن، سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇرسەن)

( **وَالَّذِينَ يُمَسِّكُونَ بِالْكِتَابِ وَأَقَامُوا الصَّلاةَ إِنَّا لا نُضِيعُ أَجْرَ الْمُصْلِحِينَ** ) [ الأعراف : 170 ] .

(كىتابنى مەھكەم تۇتىدىغانلار، ناماز ئوقۇيدىغانلار (ساۋابقا ئېرىشىدۇ)، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەقىقەتەن زايا قىلىۋەتمەيمىز)

بۇ خىل دەرىجىدىكى تەربىيە ئېھتىياجى مەڭگۇ تۈگەپ كەتمەيدۇ، بولۇپمۇ، مۇئمىنلەرگە نىسبەتەن ئېتىقاندا تېخىمۇ

شۇنداق، چۈنكى، اللەنىڭ ئىرادىسى بارلىق كىشىلەرنىڭ بىرلا ئۈممەت بولماسلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ:

( **وَلَوْ شَاءَ رَبُّكَ لَجَعَلَ النَّاسَ أُمَّةً وَاحِدَةً وَلا يَزَالُونَ مُخْتَلِفِينَ ، إِلَّا مَنْ رَحِمَ رَبُّكَ وَلِذَلِكَ خَلَقَهُمْ** ) [ هود : 118 - 119 ] .

(ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، ئۇلار(دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىختىلاپ ئۈچۈن) ياراتتى)

( **هُوَ الَّذِي خَلَقَكُمْ فَمِنْكُمْ كَافِرٌ وَمِنْكُمْ مُؤْمِنٌ** ) [ التغابن : 2 ] ..

(الله سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاراڭلاردا مۆمىنلەرمۇ بار، كاپىرلارمۇ بار)

الله (سبحانه وتعالى) نىڭ قانۇنىيىتى شۇكى، ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىش مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلار، ھەق ئەھلى بىلەن باتىل ئەھلى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدۇ . بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب زېمىندا كاپىرلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندە كاپىرلارنى توسىدىغان كىشى چىقماي قىلىپ زېمىندا بۇزۇقچىلىق يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈندۇر.

( **وَلَوْلا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَفَسَدَتِ الْأَرْضُ وَلَكِنَّ اللَّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْعَالَمِينَ** ) [ البقرة : 251 ] ..

(الله ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن الله (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر)

الله (سبحانه وتعالى) باتىل ئەھلىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ھەرگىزمۇ ئاجىز كەلمەيدۇ، چۈنكى، الله (سبحانه وتعالى) بىر ئىشنى بارلىققا كەلتۈرمەكچى بولسا ئۇنىڭغا ۋۇجۇدقا كەل دەپ بولغىچە دەرھال ئۇ بارلىققا كېلىدۇ :

( **إِنَّمَا قَوْلُنَا لِشَيْءٍ إِذَا أَرَدْنَاهُ أَنْ نَقُولَ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ** ) [ النحل : 40 ] .. (بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دەيمىز ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ)

لېكىن ، الله (سبحانه وتعالى) نىڭ سۈننىتى بولسا الله نىڭ باتىل ئەھلىنى ئۆزىنىڭ ئىزنى ۋە ياردىمى بىلەن ھەق ئەھلىنىڭ قولى ئارقىلىق يوقىتىشنى ھەمدە بۇنىڭ ھەق ئەھلىگە نىسبەتەن الله (سبحانه وتعالى) نىڭ سۈننىتىدە ئۇلارغا تەقدىر قىلىنغان سىناقنىڭ بىر قىسمى ۋە ئۇلارنى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ بىر قىسمى بولۇشنى تەقەززا قىلدى:

( **ذَلِكَ وَلَوْ يَشَاءُ اللَّهُ لانْتَصَرَ مِنْهُمْ وَلَكِنْ لِيَبْلُوَ بَعْضَكُمْ بِبَعْضٍ** ) [ محمد : 4 ] .

(ئەگەر الله خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن الله بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمر قىلدى))

( **فَلَمْ تَقْتُلُوهُمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ قَتَلَهُمْ وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ رَمَى وَلِيُبْلِيَ الْمُؤْمِنِينَ مِنْهُ بَلاءً حَسَناً إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ** ) [ الأنفال : 17 ] ..

((ئى مۇسۇلمانلار! بەدرىدە) ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) الله ئۆلتۈردى، (ئى مۇھەممەد بىر سىقىم توپىنى

مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) الله ئاتتى. (الله نىڭ مۇنداق قىلىشى) مۆمىنلەرگە (ساۋاب، غەلىبە، غەنىيمەتلەردىن ئىبارەت) چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. الله ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى، ئەھۋاللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر)

باتىل بىلەن جىھاد قىلىدىغان ۋە ئۇنى زېمىننى ئىسلاھ قىلىشقا ئۇندەيدىغان ھەمدە زېمىننى بۇزۇقچىلىقتىن مۇھاپىزەت قىلىدىغان بۇ ئىش بولسا ئىنسان ھاياتى دۇنيادا يېتىدىغان ئەڭ يۈكسەك چوققىدۇر ھەمدە ئىسلامنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىدۇر.

**قال النبي عليه الصلاة والسلام :" ألا أخبرك برأس الأمر ، وعموده ، وذروة سنامه ؟ قلت ( والكلام لمعاذ بن جبل رضي الله عنه ) ، بلى يا**

**رسول الله . قال : رأس الأمر الإسلام ، وعموده الصلاة ، وذروة سنامه الجهاد** " [41] .

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن : « مەن ساڭا ئىشنىڭ بېشى ۋە ئۇنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسى توغرىسىدا خەۋەر بەرمەيمۇ؟ دېدى . مەن ( بۇ مۇئاز ئىبنى جەبەل (معاذ بن جبل رضي الله عنه) نىڭ سۆزى ) مۇنداق دېدىم: بولىدۇ، شۇنداق قىلسىلا ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى!-دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ئىشنىڭ بېشى بولسا ئىسلامدۇر. ۋە ئۇنىڭ تۈۋرۈكى نامازدۇر. ۋە ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسى جىھاد قىلىشتۇر»-دېدى .

ئۇ ئىش (يەنى : باتىل بىلەن جىھاد قىلىدىغان ۋە ئۇنى زېمىننى ئىسلاھ قىلىشقا ئۈندەيدىغان ھەمدە زېمىننى بۇزۇقچىلىقتىن مۇھاپىزەت قىلىدىغان بۇ ئىش بولسا ) ئۇزۇن مەزگىل تەربىيەلەشكە

---

(41) **أخرجه الترمذي .**

ۋە تەييارلىق قىلىشقا موھتاج بولىدۇ.. يەنى جىسمانىي ۋە ماددىي تەييارلىق قىلىشتىن بۇرۇن پسىخولوگىيە ۋە روھى تەربىيەگە موھتاج بولىدۇ. ئۇ تەربىيە باسقۇچلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىنسان يۇقىرىقى ئىككى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتمىگۈچە تامام بولمايدىغان باسقۇچتۇر.

ئۇ شەھۋەتلەرنىڭ بېسىمىغا قارشى تۇرىدىغان تەۋرەنمەس روھقا موھتاجدۇر، شۇنىڭدەك تەربىيەمۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ باسقۇچى بويىچە ئاستا-ئاستا ئىلىپ بېرىلىدۇ ، ئالدى بىلەن نەپسنى شەھۋەتلەرنىڭ بېسىمىغا قارشى تۇرالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش ۋە ئۇنى شۇ خىل تەۋرەنمەس ھالەتتە تۇرۇشقا ئادەتلەندۇرۇش، ئىككىنچى قەدەمدە ئالى قىممەتلەرنى روھنىڭ قۇرۇلمىلىرىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش ئارقىلىق روھنى تەۋرەنمەس قەتئىلىككە ئىگە قىلىش ھەمدە جىھادقا تەييارلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ مالنى ۋە جاننى تەقدىم قىلىشقا ئۈندەيدىغان تەكلىپلىرىنى ئورۇنداش..

ئاندىن بۇ يەردە ئاخىرقى باسقۇچ كېلىدۇ . بىز ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى زامان يەنى ساھابىلەر (رضوان الله عليهم) نىڭ زامانى توغرىسىدىكى سۆزىمىزدە ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتتىشىمىز كېرەك . ئۇ بولسىمۇ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مەجبۇرلىمىغان، لېكىن ، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە الله رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ ئىبادەتنى اللهغا خالىس قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئىسلامنىڭ ۋاجىبلىرى ۋە پەرىزلىرى ئادا قىلغاندىن باشقا ئىختىيارى نەپلى ئەمەللەرنى قىلىش باسقۇچىدۇر، گەرچە ئىسلام ئۈممەتلىرى ئىچىدىكى ھېچقانداق بىر ئەۋلاد ئاشۇ يۈكسەك چوققىغا يېتىدىغان كىشىلەردىن خالى قالمىغان بولسىمۇ، ئۇ باسقۇچ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيەلىگەن ئاشۇ مۇسلىمىز ئەۋلادلار ئۇ ئارقىلىق يۈكسەك چوققىغا يەتكەن باسقۇچتۇر.

*************

ئەگەر بىزگە ئاشۇ ئىشلار ئايدىڭلاشسا بىز ئۇلۇغ تەربىيچى پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** ئاشۇ ساھابىلەرنى ئۇلار ربئال دۇنيادا يەتكەن ئاشۇ يۈكسەك دەرىجىگە يەتكۈزۈشتە سەرپ قىلغان تىرىشچانلىقلارنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېقىنلىشىمىز، ساھابىلەر يەتكەن بۇ دەرىجە ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر دەرىجىدۇر.

ئېھتىمال ، ئۇلۇغ تەربىيچى پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** سەرپ قىلغان بۇ تىرىشچانلىقلارنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بىزنىڭ پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** نىڭ ساھابىلىرىنى تەربىيەلەشتە قوللانغان ئۇلۇغ ۋاستىلارنى بىلىشىمىز ياردەم بېرىشى مۇمكىن ، پەيغەمبەر**(صلى الله عليه وسلم)** ساھابىلىرىنى تەربىيەلەشتە قوللانغان ئۇلۇغ ۋاستىلار بولسا اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېتىشنى قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇنلاشتۇرۇش ھەمدە ھاياتتا اللەنى ھەر دائىم ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ياشاشتىن ئىبارەت..

ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىمانغا ئوخشاش بىر كىشىنىڭ قەلبىنى دەرىجىمۇ-دەرىجە يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈشى مۇمكىن بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئىمان بولسا ئىنسان قەلبىنى ھاياجانلىنىپ كېتىشتىن ۋە شەھۋەتنىڭ بىسمىلىرى بىلەن چۇشكۇنلىشىپ كېتىشتىن ساقلايدىغان قوغدىغۇچى ئامىللارنى تولۇق قىلىدۇ، ئاندىن قەلبكە يۈكسەك دەرىجىگە قاراپ ماڭغان كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىگە يېتىشنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ.

ئىنسان اللەنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ياشاش دەرىجىسىگە [42] ئاساسەن اللەدىن قورقىدۇ ۋە اللەنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە اللەنى مەخپىي ۋە ئاشكارا ھالەتلىرىدە ئەسلەيدۇ، ۋە اللە رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

---

**[42] ئىنســـان دائىم « اللە مەن بىلەن دائىم بىرگە، مىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئىشلىرىمنى خاتىرلەپ تۇرىدۇ» دىگەننى دائىم ئەسلىسە اللەدىن بەكراق قورقىدۇ، بۇنى بەزىدە ئەسلەپ، بەزىدە ئەستىن چىقىرىپ قويسا اللەدىن بوشراق قورقىدۇ-ت.**

ئىنسانىنىڭ شەھۋەت بېسىملىرىغا قارشى تۇرۇش، ئالى قىممەتلەرنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىش، الله يولىدىكى جىھادقا ئۆزىنى تەييارلاش، الله رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىختىيارى نەپلى ئەمەللــەرنى قىلىش دەرىجىلىرى ئاخىرەت كۈنى ۋە ئۇنىڭدىكى تىرىلىش، ھېساب بىرىش، جازا-مۇكاپات، جەننەت —دوزاخ،.. دېگەنلەرنى ئەسلەپ ياشاش دەرىجىسىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ[43].

ئەگەر بىز ھېكمەتلىك زىكرى ئايەتلىرىنى تەكشۈرۈپ باقىدىغان بولساق، ئۇ ئايەتلەردە ئاشۇ ئىشلارغا قاتتىق مەركەزلەشكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز...

ئەمما، اللەنى ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئالى سۈپەتلىرى ۋە ھېچقانداق نەرسە ئاجىزلاشتۇرالمايدىغان قۇدرىتى ۋە ئۇنىڭ

---

**[43] ئىنســـان ئاخىرەتنى دائىم ئەســـلىگەندە قەلبى تىترەپ تىخىمۇ اللەغا يۈزلىنىــدۇ ـدە اللەنىــڭ نەزىرىــدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشـــــدۇ. ئەكىشـــچە بولغـانـدا دۇنيـاغـا يۈزلىنىپ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشـــۈپ قالىدۇ.ـت**

ئىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدىغان ئىلمى ۋە ھېچقانداق نەرسىدىن غاپىل قالمايدىغان بەندىلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشى ۋە ئۇنىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان رەھمىتى ۋە ئۇنىڭ ھېچقانداق شەيئى قارشى تۇرالمايدىغان بۈيۈكلۈكى بىلەن تونۇشتۇرۇش بولسا اللهنىڭ ئۇلۇغ كىتابى ئارقىلىق تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ، اللهنى تونۇشتۇرۇش اللهنىڭ كىتابى مەشغۇل بولىدىغان ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى بايان قىلىشقا دائىم مەركەزلىشىدىغان تەرەپتىن، قۇرئان تىملىرى ئىچىدىكى تۇنجى ۋە ئەڭ چوڭ تېمىدۇر. ھالبۇكى ئۇلار قەلبى ئېتىقاد ، ناماز ،روزا، زاكات، ھەجدىن ئىبارەت ئىبادەت شۇئارلىرىدا، ياردەم تەلەپ قىلىش، قۇربانلىق قىلىش، نەزىر قىلىش، دۇئا قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، قانۇن، يولىيورۇق، ئەھكاملاردا شېرىكى يوق يېگانە اللهغا ئىبادەت قىلىشتۇر.

ئەمما، تۇرلۇك ئۇسلۇبلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ، نۇرغۇن ئورۇنلاردا تىلغا ئىلىنغان، ئۇنىڭ نازۇ-نىئمەتلىرى ۋە ئازابلىرى

ئەسلىتىلگەن قىيامەت كۆرۈنۈشلىرىگە كەلسەك[44] بۇ اللەنىڭ كىتابىنى تەپەككۇر قىلغان كىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئېنىق ئىشتۇر.. لېكىن ، اللەنىڭ كىتابى مەدىنە سۈرىلىرىدە كىشىنىڭ نەزىرى اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاشقا بۇرايدۇ ھەمدە ئۇنى ئەقىدىلەر، ئىبادەت شوئارلىرى، تۇرلۇك ئىش – ھەرىكەتلەر ۋە ئەخلاقلار بىلەن باغلايدۇ:

**( إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَالَّذِينَ هَادُوا وَالنَّصَارَى وَالصَّابِئِينَ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَعَمِلَ صَالِحاً فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِنْدَ رَبِّهِمْ وَلا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلا هُمْ يَحْزَنُونَ )** [ البقرة : 62 ] .

(شۈبھىسىزكى، مۆمىنلەر، يەھۇدىيلار، ناسارالار (ئارىسىدىن) ۋە پەرىشتىلەرگە، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدىن الله قا، ئاخىرەت

**[44] ئۇستاز سەييىد قۇتۇب ئۆزىنىڭ قىيامەت ۋە دوزاخ كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋۋۇر قىلىۋىتىپ ھۇشىدىن كەتكەنلىكىنى ھەمدە بىر قانچە كۈندىن كېيىن ھۇشىغا كەلگەنلىكىنى يازىدۇ ـ ت.**

كۆڭگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئەجىردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ يوقتۇر)

**( وَإِذَا طَلَّقْتُمُ النِّسَاءَ فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَلا تَعْضُلُوهُنَّ أَنْ يَنْكِحْنَ أَزْوَاجَهُنَّ إِذَا تَرَاضَوْا بَيْنَهُمْ بِالْمَعْرُوفِ ذَلِكَ يُوعَظُ بِهِ مَنْ كَانَ مِنْكُمْ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ )** [ البقرة : 232 ] .

(ئەگەر سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان ۋە قائىدە بويىچە (تەگمەكچى بولغان) ئېرى بىلەن پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار. بۇنىڭ بىلەن، ئىچىڭلاردىن الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە نەسىھەت قىلىنىدۇ)

**( يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تُبْطِلُوا صَدَقَاتِكُمْ بِالْمَنِّ وَالْأَذَى كَالَّذِي يُنْفِقُ مَالَهُ رِئَاءَ النَّاسِ وَلا يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ )** [ البقرة : 264 ] .

(ئى مۆمىنلەر! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار.)

**( يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلاً )** [ النساء : 59 ] .

(ئى مۆمىنلەر! الله قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله قا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر)

**( قَاتِلُوا الَّذِينَ لا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَلا بِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَلا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَلا يَدِينُونَ دِينَ الْحَقِّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حَتَّى يُعْطُوا الْجِزْيَةَ عَنْ يَدٍ وَهُمْ صَاغِرُونَ )** [ التوبة : 29 ] .

(سىلەر ئەھلى كىتابتىن اﷲ قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى اﷲ نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى اﷲ نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار اﷲ قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلىمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، اﷲ (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار)

( **لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيراً** ) [ الأحزاب : 21 ] .

(سىلەرگە ـ الله نى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر)

ئەگەر بۇ مەدىنە سۈرىلىرىدىكى اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئوتتۇرىسىنى بىۋاستە باغلاش بولسا، اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئوتتۇرىسىنى بىۋاستە باغلاش مەككىيە سۈرىلىرىدىمۇ ھەم بار:

( **إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَالَّذِينَ لا يُؤْمِنُونَ بِالْآخِرَةِ قُلُوبُهُمْ مُنْكِرَةٌ وَهُمْ مُسْتَكْبِرُونَ** ) [ النحل : 22 ] .

(سىلەرنى (ئىبادەت قىلىشقا لايىق) ئىلاھىڭلار بىردۇر، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى ( الله نىڭ بىرلىكىنى) ئىنكار قىلىدۇ،

ئۇلار چوڭچىلىق قىلىپ، (ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن) باش تارتقۇچىلاردۇر)

( وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْناً وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلاماً ، وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّداً وَقِيَاماً ، وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَاماً ، إِنَّهَا سَاءَتْ مُسْتَقَرّاً وَمُقَاماً ، وَالَّذِينَ إِذَا أَنْفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَاماً ، وَالَّذِينَ لا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَهاً آخَرَ وَلا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَلا يَزْنُونَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَاماً ، يُضَاعَفْ لَهُ الْعَذَابُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَاناً ، إِلَّا مَنْ تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلاً صَالِحاً فَأُولَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُوراً رَحِيماً ، وَمَنْ تَابَ وَعَمِلَ صَالِحاً فَإِنَّهُ يَتُوبُ إِلَى اللَّهِ مَتَاباً ، وَالَّذِينَ لا يَشْهَدُونَ الزُّورَ وَإِذَا مَرُّوا بِاللَّغْوِ مَرُّوا كِرَاماً ، وَالَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُوا بِآيَاتِ رَبِّهِمْ لَمْ يَخِرُّوا عَلَيْهَا صُمّاً وَعُمْيَاناً ، وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَاماً ، أُولَئِكَ يُجْزَوْنَ الْغُرْفَةَ بِمَا صَبَرُوا وَيُلَقَّوْنَ فِيهَا تَحِيَّةً

**وَسَلاماً ، خَالِدِينَ فِيهَا حَسُنَتْ مُسْتَقَرّاً وَمُقَاماً** ) [ الفرقان : 63 - 76 ]

.

(مەرھەمەتلىك اللە نىڭ (ياخشى كۆرۈدىغان ) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ). ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن)يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار (يەنى اللە ياخشى كۆرۈدىغان بەندىلەر) ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر». ئۇلار (يەنى اللە ياخشى كۆرۈدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرھال خىراجەت قىلىدۇ. ئۇلار اللە قا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، اللە ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش

ئىشنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار) نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، الله ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، الله تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. كىمكى (گۇناھلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمەلىنى تۈزەيدىكەن، ئۇ الله قا يۈزلەنگەن بولىدۇ (يەنى الله ئۇ نىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ). ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا، گاس، كور بولۇۋالمايدۇ (يەنى ئۇنى بېرىلىپ ئىخلاس بىلەن ئاڭلايدۇ). ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق

شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن» دەيدۇ. ئەنە شۇلار سەۋرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان) دۇئا ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل قارارگاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي!)

بۇ ئىشنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى شۇكى، اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئەسلى مەۋجۇت بولۇپ، قەلبلەرنىڭ چوڭقۇر قىسمىدا چوڭقۇر ئورۇنلاشقان ئاندىن بىر - بىرى بىلەن ئۆز-ئارا مۇكەممەل، زىچ باغلاشقان . ئۇ ئىسلام تەلىم-تەربىيە پىرىنسىپىدىكى ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەرگەن ئەڭ چوڭ ۋاستىدۇر... مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تارىختا ئوخشىشى بولمىغان مىسلىسىز سۈرەتتە ئېلىپ بارغان تەلىم- تەربىيەدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دائىملىق ئەملى، بولۇپمۇ، مەككىدىكى دائىملىق ئەملى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللەغا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىشنى ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم)** نىڭ قەلبلىرىگە چوڭقۇر ئورۇنلاشتۇرغان ئاندىن ئاشۇ قەلبلەردە اللەغا ئىمان ئېيتىش بىلەن ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىش ئوتتۇرسىنى زىچ باغلاشتۇرغان ئىدى. ھەتتاكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى زىكرى قىلىنسا، يەنە بىرىمۇ ئۆزلۈكىدىن زىكرى قىلىنىدۇ: يەنى ئىنسانغا الله زىكرى قىلىنسا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاخىرەت يەنى ئۇنىڭ نازۇ-نېئمەتلىرى ۋە ئازابلىرىمۇ بىللە زىكرى قىلىنىدۇ... ئەگەر ئىنسانغا ئاخىرەت كۈنى زىكرى قىلىنسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پادىشاھى ۋە كائىناتتىكى ھەر بىر شەيئىنىڭ پادىشاھى بولغان اللەمۇ بىللە زىكرى قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) مانا بۇ ئەڭ چوڭ ۋاستە بىلەن ساھابىلىرىنى اللەنىڭ كىتابىدىكى ئەڭ گۈزەل سۈپەتلىرى بىلەن تەربىيەلەشتە يېتىپ بارغان ئەڭ يۇكسەك چوقا بولسا، ساھابىلەر بۇ

مىسلىسىز تەربىيەنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇنىڭدىن يېتەرلىك نىسبەتنى ئالغاندىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ:

﴿ إِنَّ فِــي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآياتٍ لِأُولِي الْأَلْبَابِ ، الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَاماً وَقُعُوداً وَعَلَى جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّــــمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذَا بَاطِلاً سُــبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ ، رَبَّنَا إِنَّكَ مَنْ تُدْخِلِ النَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنْصَــارٍ ، رَبَّنَا إِنَّنَا سَـمِعْنَا مُنَادِياً يُنَادِي لِلْإِيمَانِ أَنْ آمِنُوا بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الْأَبْرَارِ ، رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعَدْتَنَا عَلَى رُسُـلِكَ وَلا تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لا تُخْلِفُ الْمِيعَادَ ﴾ [ آل عمران : 190 – 194 ] .

(شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ الله نى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ)

«پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) 'رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار' دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن»)

ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن كەلگەن بۇ سۈپەت ئاشۇ يۈكسەك چوققىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئەگەر الله تىلغا ئېلىنسا قەلبتە ئۇنىڭ تەسىرلىرى پەيدا بولىدۇ، ئۇنداقتا، ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ الله نى ئەسلەپ تۇرىدىغان: يەنى بارلىق ھالەتلىرىدە اللەنى ئەسلەپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى زادى قانداق بولىدۇ؟ اللەنى ئەسلەشنىڭ ئۇلار قەبىللىرىدىكى تەسىرلىرى قانداق بولىدۇ؟

يەنە بىر تەرەپتىن، شەھۋەت پاتقاقلىرىغا دۇم چۈشكەن، چۈشكۈنلەشكەن قەلبتە اللەنى ئەسلەش ھەرگىزمۇ ئېسىگە كەلمەيدۇ.. چۈنكى، شەھۋەت پاتقاقلىرىغا دۇم چۈشكەن بۇ ۋاقىت ئىنسان اللەنى ئەسلەشتىن غاپىل قالىدىغان غەپلەت ۋاقىتلىرىدۇ. ئىنسان يۈكسەك چوقا تەرەپكە يۈزلەنگەن ۋاقىتتا رەببىنى ئەسلەيدۇ. ئەگەر بىزگە مۇشۇ ئۆلچەم ھەمراھ بولسا اللەنى ئەسلەيدىغان ۋاقىتنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە يۈكسەك چوققىغا ئۆرلەيدىغان ۋاقىتتۇر.. ئۇنداقتا، ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ،

ياتقاندىمۇ الله نى ئەسلەپ تۇرىدىغان: يەنى بارلىق ھالەتلىرىدە اللەنى ئەسلەپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى زادى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار يۈكسەك چوققىغا قانچىلىك ئۆرلەيدۇ ھەمدە بۇ يۈكسەك چوققىدا قانچىلىك تۇرىدۇ؟! بىز ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغان ۋاقتىمىزدا ھەقىقەتەن بۇ تولىمۇ گۈزەل ئىشتۇر..

ھەتتاكى، ئىنسان قەلبى يۈكسەك چوققىغا ئۆرلەشكە ئادەتلەنمىگىچە يۈكسەك چوققىغا ئۆرلەش ئىنسان قەلبىگە ئېغىر كېلىدۇ ! چۈنكى، بىر ئۇچۇم لايىنىڭ دائىم تۆۋەنگە تارتىدىغان ئېغىرلىق كۈچى بار. ھەتتاكى، بۇ بىر ئۇچۇم لاي تەگپۈڭلاشقان ۋاقىتتا، دائىم يۇقىرىغا ئۆرلەشكە موھتاج بولىدۇ ھەمدە بىر ئۇچۇم لايىنىڭ يۇقىرىغا ئىتتىرىش كۈچى تۆۋەنگە تارتىش كۈچى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ يۇقىرىغا ئۆرلەشكە موھتاج بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئىنسان ۋۇجۇدىدا يۇقىرىغا ئىنتىلدۈرىدىغان ۋاستە بار، ئۇ ۋاستە بولسىمۇ ئىنساندىكى ئالىي روھتىن ئىبارەت:

**( إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلائِكَةِ إِنِّي خَالِقٌ بَشَراً مِنْ طِينٍ ، فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِنْ رُوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ )** [ صّ : 71- 72 ] .

(ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى مەن راۋرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق، مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار»)

ئىراق، بۇنداق دىگەنلىكىمىز بۇ يەردە بۇ ۋاستىنى خىزمەت قىلدۇرۇشقا كۈندۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تىرىشچانلىق كۆرستىشنىڭ بارلىقىنى يوققا چىقارمايدۇ. ئۇ تىرىشچانلىق بىلەن تەربىيە ئەمەلگە ئاشىدۇ. شەھۋەتلەر ئىنسانغا سۆيۈملۈك ۋە چىرايلىق كۆرستىلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ مېۋىلىرى ھاياتى دۇنيا ئۇنىڭ بىلەن توشۇپ كەتكەن تۈرلۈك نەرسىلەردە ھازىر بولغانلىقى ئۈچۈن، شەھۋەتلەر ئىنسان ۋۇجۇدىدا ئەمەل قىلىشقا باشلىغان ۋاقتتا،

شەھۋەتلەر( يەنى ئارزۇ - ھەۋەسلەر) نىڭ ھاياتى كۈچ بىلەن ئالى مەيدانلارغا: يەنى قىممەتلەر مەيدانلىرى ۋە الله ياخشى كۆرىدىغان ئالى ئىشلارغا ئىنتىلىشى ئۈچۈن شەھۋەتلەر( يەنى ئارزۇ - ھەۋەسلەر) نى مۆئەييەن دائىرىدە توختىتىپ قويىدىغان شەھۋەتلەرنى بېسىش ۋاستىسى ... مانا بۇ ۋاستە خىزمەتكە كىرىششى ئۈچۈن چوقۇم تەربىيەلەشكە موھتاج بولىدۇ، خۇددى كىچىك بالىنىڭ زېمىنىنىڭ ئېغىرلىقىغا قارشى تۇرۇپ مېڭىشنى مەشىق قىلىشقا موھتاج بولغىنىدەك، گەرچە كىچىك بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا الله ياراتقان كۈندىن باشلاپ مېڭىش ئىقتىدارى بولسىمۇ، كىچىك بالا مېڭىشنى مەشىق قىلمىغان ۋاقتتا، ئۇنىڭ مېڭىشى كۆپ كېچىكىپ كېتىدۇ ياكى زېمىن ئۇستىدە ئۆمىلەيدىغان مېيىپ بالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ:

**( زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالْأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا**

**وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الْمَآبِ ، قُلْ أَؤُنَبِّئُكُمْ بِخَيْرٍ مِنْ ذَلِكُمْ لِلَّذِينَ اتَّقَوْا عِنْدَ رَبِّهِمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَأَزْوَاجٌ مُطَهَّرَةٌ وَرِضْوَانٌ مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ ، الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ ، الصَّابِرِينَ وَالصَّادِقِينَ وَالْقَانِتِينَ وَالْمُنْفِقِينَ وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالْأَسْحَارِ )** [ آل عمران : 14 – 17 ] .

(ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ الله نىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك). (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى ۋە نېمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر

ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە اﷲ نىڭ رەزاسى بار». اﷲ بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [15]. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): «پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ [16]. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (اﷲ قا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر)

ئاشۇ ( يەنى ئىنساننىڭ اللەنى ئەسلەشتىن غاپىل قىلىشى) شەھۋەتلەرنىڭ ئېغىرلىقى ، بۇ( يەنى ئىنساننىڭ اللەنى ئەسلىشى) بولسا ئىنساننى يۈكسەك چوققىغا كۆتىرەيدىغان ۋاستىلاردۇر.

ئىسلامنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىسلام شەھۋەت بىسىملىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنساننى يۈكسەك چوققىغا كۆتۈرۈشكە خىزمەت قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ ئىسلام ئىنساننى خۇددى بۇددىزم ، ھىندوكىيە، بۇۋزىيە ئەقىدىسى قىلغاندەك، ھاياتى دۇنيادىن يىراقلىشىشقا ئىنتىلدۈرمەيدۇ. بۇددىزم ، ھىندوكىيە، بۇۋزىيە ئەقىدىسى كىشىلەرنى يۇقىرىغا ئىنتىلدۈرىدۇ، لېكىن ، بۇ ئەقىدىلەر ئىنساننى زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە سەل قارايدىغان ۋە زېمىننى جىھاد قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ئارقىلىق زىمىندا بۇزۇقچىلىق يۈز بېرىشتىن ساقلاشقا سەل قاراشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى الله بۇيرۇغان ئىلاھى تەكلىپلەردۇر، چۈنكى، الله بۇ تەكلىپلەرنىڭ ھاياتنى ۋە ئىنساننى ئىسلاھ قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. الله ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنى ھەمدە ئۇلارغا پايدىلىق بولغان ۋە ئۇلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ:

( **أَلا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ** ) [ الملك : 14 ] .

((مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر)

( **هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا** ) [ هود : 61 ] .

(ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى)

( **الَّذِينَ إِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ** ) [ الحج : 41 ] .

(اﷲ نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اﷲ قا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە اﷲ قا قايتىدۇ))

( يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنْجِيكُمْ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ، تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ ) [ الصف : 10 – 11 ] .

(ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟. اﷲ قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، اﷲ نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر)

شۇنىڭدەك، ئىسلام ئىنساننى زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە زېمىندىكى پاك نەرسىلەردىن پايدىلىنىشقا بۇيرىدۇ، ھەرگىزمۇ ئىنساننى شەھۋەتلەر پاتقىقىغا دۇم چۈشكەن ھالدا تاشلاپ قويمايدۇ، چۈنكى، ئىنسان شەھۋەتلەر پاتقىقىغا دۇم چۈشكەن ۋاقىتتا، ئاجىزلاپ ئاخىردا بۇزۇلىدۇ، ھەمدە ياخشىلىققا بۇيرۇپ،

يامانلىقتىن توسۇش، الله يولىدا جىهاد قىلىش .. قاتارلىق دىنىنىڭ تەكلىپلىرى ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ تەكلىپلەر ئۇنىڭ تۆيغۇسىدا ئىنساننى مەنپەئەتلىنىشتىن توسىدىغان توسۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ:

( لَوْ كَانَ عَرَضاً قَرِيباً وَسَفَراً قَاصِداً لَاتَّبَعُوكَ وَلَكِنْ بَعُدَتْ عَلَيْهِمُ الشُّقَّةُ ) [ التوبة : 42 ] .

(ئەگەر (ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلىنغىنى) ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىيمەت ۋە (يىراق ئەمەس) ئوتتۇرھال سەپەر بولىدىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ (غەنىيمەت ئېلىش مەقسىتىدە) چىقاتتى. لېكىن، بۇ ئارىلىق ئۇلارغا يىراق بىلىندى.)

( وَإِذَا أُنْزِلَتْ سُورَةٌ أَنْ آمِنُوا بِاللَّهِ وَجَاهِدُوا مَعَ رَسُولِهِ اسْتَأْذَنَكَ أُولُوا الطَّوْلِ مِنْهُمْ وَقَالُوا ذَرْنَا نَكُنْ مَعَ الْقَاعِدِينَ ، رَضُوا بِأَنْ يَكُونُوا مَعَ الْخَوَالِفِ وَطُبِعَ عَلَى قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لا يَفْقَهُونَ ) [ التوبة : 86 – 87 ] ..

(بىرەر سۈرە نازىل قىلىنىپ: «اﷲ قا ئىمان ئېيتىڭلار ۋە اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە جىهاد قىلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مالدارلار سەندىن (غازاتتىن قېلىپ قېلىشقا) رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار: «بىزنى قوي، (غازاتقا چىقماي، ئۆيلىرىدە بەخىرامان) ئولتۇرغۇچىلار بىلەن بىللە بولايلى» دەيدۇ. ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار (يەنى ئايالالار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار (جىهادتىكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدىغان بەختنى) چۈشەنمەيدۇ)

بەلكى، ئىسلام ئىنساننى ئۆزىنىڭ ئىككى ماددىسى ئوتتۇرسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا : يەنى لاي ماددىسى بىلەن روھ ماددىسىنىڭ ئوتتۇرسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. يەنى ئىنسان دۇنيالىق ئۈچۈنمۇ ئىشلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ئاخىرەتلىك ئۈچۈنمۇ ئەمەل قىلىدۇ:

**( هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولاً فَامْشُــوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ )** [ الملك : 15 ] .

(الله سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. الله نىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ساھابىلىرىنى تەربىيەلەشتە قولىدىكى ئەڭ چوڭ ۋاستە بولسا، ساھابىلارنىڭ قەلبلىرىدە الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشنى ۋە دائىم اللهنى ئەسلەشنى چوڭقۇر ئورۇنلاشتۇرۇش ھەمدە ئۇلارنى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە دائىم اللهنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ  ياشاشقا ئادەتلەندۈرۈش ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم اللهنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ياشاشتا – باشقا ئىشلاردا كىشىلەرگە ئۈلگە بولغاندەك- ساھابىلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈلگىسى بولدى

شۈبھىسىزكى، ئۆلگە بولۇش تەربىيە ئەمەلىيىتىدە ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئىگە... ئىنسان قەلبىنى ياراتقان الله پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلىپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭغا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.. ۋەز-نەسىھەت ھەرقانچە بالاغەتلىك، كۈچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ، ئىنسان قەلبى ئۇنى قوبۇل قىلىپ كىشىلەر ئالدىدا ئەمەلى رېئاللىققا ئايلاندۇرمايدىكەن ئاندىن كىشىلەرنى بۇ ۋەز- نەسىھەتكە ئەگىشىشكە چاقىرمايدىكەن ۋە كىشىلەرگە ئەملى ئۈلگە بولۇپ بۇ ۋەز- نەسىھەتكە ئەگىشىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلمىغان ۋاقىتتا پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلىپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا ئىنسانغا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى الله ئوبدان بىلىدۇ.

الله قۇرئاننى قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتاب قىلىپ چۈشۈرۈشكە ئاندىن ساۋاتسىز ئەرەبلەرگە قۇرئاننى ئوقۇشنى بىلدۈرۈشكە قادىر ئىدى.. لېكىن ، ھەممىدىن خەۋەردار بولغان ۋە شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنىمۇ بىلگۈچى الله قەلبلەرنىڭ بۇ ئىشنى بۇنداق سۈرەتتە

قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ۋە بۇ قۇرئاندىن كۈچلۈك ئەملى ھەرىكەت قىلىشقا ئىلىپ بارىدىغان تەلەپ قىلىنغان تەسىرنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا الله قۇرئاننى ئىنسان قەلبىگە ئىنسان قەلبى ئۇنى كىشىلەر كۆرەلەيدىغان رىئاللىققا ئايلاندۇرالايدىغان ھالەتتە نازىل قىلدى، الله قەلبىنى ئىسلامغا ئىچىۋەتكەن كىشىلەر بۇ رىئاللىقنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قەلبى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەلپۈنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ ۋە اللهنىڭ دىنىغا كىرىدۇ.

**سئلت عائشة رضي الله عنها عن خُلُق رسول الله صلى الله عليه وسلم . فقالت : كان خُلُقه القرآن** [45] ..

ئائىشە(رضي الله عنها)دىن پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) نىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سورالدى، ئائىشە(رضي الله عنها) : پەيغەمبەر

(45) **أخرجه أحمد .**

(صلى الله عليه وسلم) نىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى- دەپ جاۋاب بەردى.

بىز اللهنىڭ سۆزىنى مۇشۇ بويىچە چۈشىنىمىز:

( **وَمَا عَلَى الرَّسُولِ إِلَّا الْبَلاغُ الْمُبِينُ** ) [ النور : 54 ] .

(پەيغەمبەرنىڭ پەقەتلا ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيتى بار)

( **وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ** ) [ النحل : 44 ] ..

(بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق)

ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش دىگەنلىك پەيغەمبەر پەقەتلا كىشلەرگە : رەببىڭلار مۇنداق، مۇنداق .. دەيدۇ دەپلا قويۇش دىگەنلىك ئەمەس.. ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بىرىش

دېگەنلىك پەيغەمبەر كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىدىغان لېكسىيە ۋە نەزەرىيە دەرسى ئەمەس .. گەرچە كىشىلەرگە ئۇلار بىلمەيدىغان دىن ئىشلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شەرىئەتنى بۇخىل ئۇسۇلدا بايان قىلىش ۋە بۇخىل ئۇسۇلدا ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا بايان قىلىپ قويۇش ۋە يەتكۈزۈپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس..

ئەمما، بۇ ئىلىمنى ئۆز رولى بىلەن ئەمىلى رېئاللىقتا ئايلىنىدىغان قەلبى رېئاللىقتا ئۆزگەرتىش بولسا يەنە بىر ئىش بولۇپ، ھەتتاكى، كىشىلەرنىڭ رەببىنىڭ بۇيرۇقىغا ئەگىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەملى دەرستە رەببىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا قانداق قەدەم ئىلىشنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن، پەيغەمبەر كىشىلەرگە رەببىنىڭ بۇيرۇقىنى رېئاللىقتا ئايلاندۇرغان، ئىش- ھەرىكەتتە تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن ھالەتتە يەتكۈزۈشكە موھتاج بولىدۇ. بۇنىڭدا دەۋەتچىلەرگە ساۋاق بار، بىز بۇ ھەقتە كېيىنچە تەپسىلىي توختىلىمىز.

پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) دائىم اللەنى ئەسلەيدىغان بولۇپ ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا اللەنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ياشايدۇ. قەلبى اللەنى ئەسلەشتىن بىردەممۇ غاپىل قالمايتتى، تىلى اللەنى زىكرى قىلىشتىن بوشاپ قالمايتتى، الله پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) نى مانا مۇشۇنداق گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن تەربىيەلىگەن ئىدى. الله پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) گە مانا مۇشۇنداق دائىم اللەغا باغلىنىپ تۇرىدىغان كۈچ -قۇۋۋەتنى بەرگەن ئىدى... شۈبھىسىزكى، ئۇ ئىنسانغا نىسبەتەن زور تىرىشچانلىق..

بارلىق ئىنسانلار ۋە ساھابىلەر(**رضوان الله عليهم** ) پۈتكۈل ھاياتىنى، پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم)نىڭ ھاياتىنى دائىم اللەغا باغلىنىپ، ھەرقانداق ئەھۋاللاردا ۋە ھەرقانداق ۋاقىتلاردا دائىم اللەنى ئەسلەپ ئۆتكۈزگەن ئاشۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئۆتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدۇ.

ھاياتىنى دائىم اللەغا باغلىنىپ، ھەرقانداق ئەھۋاللاردا ۋە ھەرقانداق ۋاقىتلاردا دائىم اللەنى ئەسلەپ ئۆتكۈزۈش الله پۈتكۈل

پەيغەمبەرلەر(**صلوات الله وسلامه عليهم**)گە خاس قىلغان خىسلەتتۇر. الله ( **سبحانه وتعالى** ) بۇ خىسلەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ سەييىدى پەيغەمبىرىمىز ( **صلى الله عليه وسلم** ) گە خاس قىلدى. پەيغەمبەرلەر (**صلوات الله وسلامه عليهم**) دىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان ساھابىلەرمۇ (**رضوان الله عليهم** ) پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) گە ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) بىلەن بىرگە بولغاندا بىر خىل ھالەتتە ، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتسە، پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) بىلەن بىرگە بولغاندىكىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىرخىل ھالەتتە، بولىدىغانلىقىنى شىكايەت قىلغان ۋاقىتتا پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) ئۇلارغا مۇنداق دېدى :

**فقال " والذي نفسي بيده أن لو تدومون على ما تكونون عندي وفي الذكر لصافحتكم الملائكة على فرشكم وفي طرقكم . ولكن يا حنظلة ساعة وساعة "** [46] .

پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم)**:** «جىنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مىنىڭ يېنىمدا بولغان هالىتىڭلارنى ۋە اللەنى زىكرى قىلىشنى دائىم داۋاملاشتۇرساڭلار، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەر كۆرپىلىرىڭلار ۋە يوللىرىڭلاردا سىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ، لېكىن ، ئى ھەنزەلە**!** **(ساعة وساعة)** [47] .. يەنى ئىنسانىنىڭ دوزاخ –جەننەتنى كۆرەلەيدىغان ۋاقتىمۇ بولىدۇ، ۋە

---

[46] **رواه مسلم والترمذي وأحمد وابن ماجة .**

[47] **(ساعة وساعة) نىڭ مەنىسى بولسا ھەرگىزمۇ بىر قىسىم كىشىلەر ئېتىقاندەك رەببىڭنى ئەسلەيدىغان ۋاقتىڭمۇ بولىدۇ، گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولىدۇ دىگەنى ئۇقتۇرمايدۇ، بەلكى بۇ سۆز يۇقارقى ئىزاهات بويىچە چۈشەندۈرلىدۇ.**

يەنە اللە رۇخسەت قىلغان دۇرۇس ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ۋاقتىمۇ بولىدۇ.» (مۇسلىم، تىرمىزى، ئەھمەد، ئىبنى ماجە نەقلى قىلغان)

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) گە شىكايەت قىلغان ۋاقىت بولسا چۈشكۈنلەشكەن ۋە اللەنى ئەسلەشتىن غاپىل قالغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى. اللە**( سبحانه وتعالى )**نىڭ ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** نى ئۆرە تۇرغاندا ، ئولتۇرغاندا، ياتقاندىمۇ اللەنى ئەسلەپ تۇرىدۇ دەپ سۈپەتلىشى يېتەرلىكتۇر، بەلكى، ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) گە شىكايەت قىلغان ۋاقىت بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) بىلەن بىرگە بولغان ۋاقىت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولسا، دەرىجىدىكى پەرق ھەرگىزمۇ تۈردىكى پەرق ئەمەس.

بىز الله( **سبحانه وتعالى** )نىڭ ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** نى سۆيەتلىگەن گۈزەل سۆپەتلەرگە قايتىمىز..

شۈبھىسىزكى، ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم)** ئۆرە تۇرغاندا، ئولتۇرغاندا، ياتقاندىمۇ اللەنى ئەسلەپ تۇردۇ. ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )**نىڭ اللەنى ئەسلىشى سوپىزم يولى ئۈستىدە ھاياتنى ئۆتكۈزۈشكە ئىلىپ بارىدىغان ئەسلەشمۇ ياكى ئىنسانىيەت كۈچىنى رىئال دۇنيادا كۆرستىشكە ئىلىپ بارىدىغان ۋە ئۇنى الله رازىلىقى ئىزدەپ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن توپلايدىغان ئەسلەشمۇ ؟

ھەقىقەتەن، ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** اللەنى ئەسلەپ تۇراتتى، ئۇلار ئۆزلىرىدىن: مۇشۇ ۋاقىتتا الله( **سبحانه وتعالى** ) بىزدىن نىمىنى ئىرادە قىلىدۇ؟-دەپ سورايتتى، ئەگەر شۇ ۋاقىتتىكى تەلەپ الله يولىدا جىھاد قىلىش بولسا، اللەنى ئەسلەش جىھادقا ئۈندەيدۇ.. ئەگەر شۇ ۋاقىتتىكى تەلەپ ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز بولغان ئىلىم ئىلىش بولسا، اللەنى ئەسلەش ئىلىم ئېلىشقا

ئۇندەيدۇ.. ئەگەر شۇ ۋاقىتتىكى تەلەپ ھالال رىزىققا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىش ياكى الله يولىدا مال-مۈلۈكىنى سەرپ قىلىش ياكى ئىلاھى پىرىنسىپنىڭ تەلىپى بويىچە زېمىننى گۈللەندۈرۈش بولسا اللەنى ئەسلەش ئاشۇ ئىشلارغا ئۇندەيدۇ.. ئەگەر شۇ ۋاقىتتىكى تەلەپ ئائىللىرى بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىش بولسا، اللەنى ئەسلەش ئائىللىرى بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىشقا ئۇندەيدۇ.. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھى تەكلىپلەر ۋە باشقا ھاياتتىكى ئەمەل ساھەلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ.

ھەقىقەتەن، ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** اللەنى ئەسلەپ تۇرىدۇ ، ئۇلار ئۆزلىرىدىن: مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ الله رازى بولىدىغان قايسى ئورۇندا؟ ئۆزلىرى الله رازى بولىدىغان ئورۇندىمۇ؟ -دەپ سورايتتى، ئەگەر ئۇلار الله ئۆزلىرىدىن رازى بولىدىغان ئورۇندا بولسا، ئۇلار اللەغا ھەمدۇ-سانا ئېيتاتتى ھەمدە الله ياخشى كۆرۈدىغان ئىشلار ئارقىلىق ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، الله رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەل قىلاتتى. ئەگەر ئۇلار الله

ئۆزلىرىدىن رازى بولىدىغان ئورۇندا بولمىسا، ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن اللەنى ئەسلەيتتى:

( وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ ، أُولَئِكَ جَزَاؤُهُمْ مَغْفِرَةٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ ) [ آل عمران : 135 – 136 ] .

(تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا اللە نى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللە تىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان

جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!)

بىز اللەنى ئەسلەشكە ئىلىپ بارىدىغان ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن سۈرە ئال ئىمراننىڭ ئايەتلىرىگە نەزەر سالىمىز:

( **الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَاماً وَقُعُوداً وَعَلَى جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ** ) [ آل عمران : 191 ] ..

(ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ الله نى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ.)

ئاسمانلار ۋە زېمىنىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى بىلىش ئۈچۈن شۇ ۋاقىتتىكى تەلەپ ھەر ۋاقىت ئاسمانلار ۋە زېمىن ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئىدى:

( **خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِالْحَقِّ وَصَوَّرَكُمْ فَأَحْسَنَ صُوَرَكُمْ وَإِلَيْهِ الْمَصِيرُ** )

[ التغابن : 3 ] .

(الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ياراتتى، سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى، سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى، ئاخىر قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر)

( **وَمَا خَلَقْنَا السَّمَاءَ وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا بَاطِلاً ذَلِكَ ظَنُّ الَّذِينَ كَفَرُوا فَوَيْلٌ لِلَّذِينَ كَفَرُوا مِنَ النَّارِ** ) [ صّ : 27 ] ..

(ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي!)

ھەقىقەتەن، ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** الله ئۇلارغا بۇلدۇرگەن ئىلىم ۋە ئۇلار مەيلى ماددىي كائىنات ياكى ئىنسانىيەت ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا بولسۇن كائىناتنىڭ ئىنتىزامىدىن كۆرگەن نەرسىلەر ئارقىلىق كائىناتنىڭ مەقسەتسىزلا بىكارغا يارىتىلمىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ھېكمىتى كائىناتنىڭ ھەر بىر قىسمىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى مۇشۇ دائىرگە يېتىپ بارغاندا، ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نىشان ئەمەسلىكىنى ۋە ئۇنداق بولۇشىنىڭمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكى بىلدۇ. چۈنكى، ھاياتى دۇنيادا زۇلۇم قىلىدىغان ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە زالىملىق قىلىدىغان ئىنسانلار بار، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن زۇلۇمغا ئۇچرايدىغان ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە زۇلۇمغا ئۇچراپ ياشايدىغان كىشىلەرمۇ بار.. ئەگەر ھاياتى دۇنيا ئاخىرقى نىشان بولىدىغان بولسا ئۇنداقتا ھەقىقەت قەيەردە؟ ھەقىقەتەن، بۇ ۋاقىتتا

كائىنات مەقسەتسىزلا بىكاردىن-بىكارغا نىشانسىز يارىتىلغان بولىدۇ.

الله **( سبحانه وتعالى )** ئۇلارنى اللەنى ئەسلەش ۋە كائىناتنى يارىتىشتىكى يوشۇرۇن ھەقىقەتنى تەپەككۇر قىلىشتىن ئاخىرەتنى ۋە ئاخىرەتتىكى دوزاخ-جەننەتنى ئەسلەشكە يۈتكەيدۇ، ئۇلار الله بىلەن دوزاختىن پاناھلىق تىلەيدۇ:

**( وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذَا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ )** [ آل عمران : 191 ] ..

(ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن)

ئۇلار دوزاخنى ئەسلىگەن ۋاقىتتا رەببىنىڭ ئۆزلىرىنى دوزاختىن قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن رەببىگە ئىلتىجا قىلىدۇ:

**( رَبَّنَا إِنَّكَ مَنْ تُدْخِلِ النَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنْصَارٍ )** [ آل عمران : 192 ]

(پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ)

شۇنىڭدەك، ئۇلار رەببىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ دوزاختىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

**( رَبَّنَا إِنَّنَا سَـــمِعْنَا مُنَادِياً يُنَادِي لِلْإِيمَانِ أَنْ آمِنُوا بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الْأَبْرَارِ ، رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعَدْتَنَا**

**عَلَى رُسُـلِكَ وَلا تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لا تُخْلِفُ الْمِيعَادَ** ) [ آل عمران : 193 – 194 ] ..

(پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) 'رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار' دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن»)

الله **( سبحانه وتعالى )** بەندىلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى، لېكىن ، الله بەندىلىرىنىڭ قايسى ئىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى؟

الله **( سبحانه وتعالى )** ئۇلارنىڭ پەقەتلا اللەنى ئەسلىگەنلىكى ئۈچۈنلا دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدىمۇ؟ ياكى الله **( سبحانه وتعالى )** ئۇلارنىڭ پەقەتلا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈنلا دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدىمۇ؟ ياكى الله **( سبحانه وتعالى )** ئۇلارنىڭ پەقەتلا تەپەككۇر يۈگۈزگەنلىكى ئۈچۈنلا دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدىمۇ؟ ياكى الله **( سبحانه وتعالى )** ئۇلارنىڭ پەقەتلا اللەغا ئىلتىجا قىلغانلىقى ئۈچۈنلا دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدىمۇ؟

( **فَاسْتَجَابَ لَهُمْ رَبُّهُمْ أَنِّي لا أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِنْكُمْ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى بَعْضُكُمْ مِنْ بَعْضٍ فَالَّذِينَ هَاجَرُوا وَأُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَأُوذُوا فِي سَبِيلِي وَقَاتَلُوا وَقُتِلُوا لَأُكَفِّرَنَّ عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلَأُدْخِلَنَّهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ ثَوَاباً مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الثَّوَابِ** ) [ آل عمران : 195 ] .

(ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن. ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى الله نىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار، (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغپىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن». بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) الله تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. الله نىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار)

مانا بۇ يەردە الله ( **سبحانە وتعالى** ) پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) نىڭ ساھابىلىرى (**رضوان الله عليهم** ) نى سۈپەتلىگەن گۈزەل

سۈپەتلەر بىلەن باشلانغان ئايەتلەردە تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ساۋاق بار:

( **الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَاماً وَقُعُوداً وَعَلَى جُنُوبِهِمْ**) [ آل عمران : 191 ] ..

(ئۇلار ئۆره تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ الله نى ئەسلەپ تۇرىدۇ)

ھەقىقەتەن، بۇ زېمىن رېئاللىقىدا كۆرگىلى بولىدىغان ئاشكارا ئەمەل قىلىشقا ئىلىپ بارىدىغان اللەنى ئەسلەشتۇر.. ئۇلار ھىجرەت قىلدى، ئۆز دىيارىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ئۇلار الله يولىدا ئەزىيەتكە ئۇچرىدى-دە سەبىر قىلدى، ئۇرۇش قىلدى، ئۇلار ئۇرۇشلاردا ئۆلتۈرۈلدى.. ئاندىن كىيىن الله ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى.

پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ئوبرازىدىكى ئۈلگە بولۇش بىلەن ئاندىن ۋەز-نەسىھەتلىرى ۋە يۈلىيۈرۈقلىرى بىلەن ۋە

دائىملىق تەكشۈرۈپ تۇرۇشلىرى بىلەن ھەمدە ياردەم قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشلىرى بىلەن ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم )** نى مانا بۇ اللەنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۇستىدە تەربىيەلىدى. ئاخىردا ئۇلار تارىختىكى تەڭداشسىز ئىنسانىيەت چوققىسىغا يەتتى.

ھازىر بىز پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ نىيمىنى مەقسەت قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ ساھابىلەرنى تەربىيەلەشتە سەرپ قىلغان غايەت زور تىرىشچانلىقتىن قايسى نەرسىنى نىشان قىلغانلىقىغا .. نەزەر سىلكىپ باقايلى! پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** بۇ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** نىڭ پەقەتلا ئۆزىنىڭ ياردەمچىلىرى بولۇشىنى نىشان قىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ پەقەتلا سادىق مۇئمىنلەردىن بولۇشىنى نىشان قىلغانمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇلۇغ نىشان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك ، لېكىن ، پەيغەمبەر **( صلى الله**

**عليه وسلم )** بارلىق تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن پەقەتلا مۇشۇنى مەقسەت قىلغانمۇ؟

ھەقىقەتەن، مۇشۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ بىر قىسمى بۇ نىشاننى پەيغەمبەر قىزىقىدىغان ئەڭ ياخشى سۈرەتتە ئەمەللەشتۈرۈشكە يېتەرلىك بولىدۇ! بۇ تىرىشچانلىق ئىيسا (عيسى ابن مريم عليه السلام) ئۆز ئەتراپىغا توپلاشقان، ئۇنىڭغا ئىخلاسمەن بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن دىنىنى تارقاتقان ياردەمچىلىرىنى تەربىيەلەشتە سەرپ قىلغان تىرىشچانلىققا ئوخشايدۇ، ئۇلار مېھرى -شەپقەت كۆرسىتىش، دۇنيادىن ئۆزىنى تارتىش، ئەخلاقى-نىزاملاردا ئۈلگە بولغان ئىدى:

**( ثُمَّ قَفَّيْنَا عَلَى آثَارِهِمْ بِرُسُلِنَا وَقَفَّيْنَا بِعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ وَآتَيْنَاهُ الْإِنْجِيلَ وَجَعَلْنَا فِي قُلُوبِ الَّذِينَ اتَّبَعُوهُ رَأْفَةً وَرَحْمَةً وَرَهْبَانِيَّةً ابْتَدَعُوهَا مَا كَتَبْنَاهَا عَلَيْهِمْ إِلَّا ابْتِغَاءَ رِضْوَانِ اللَّهِ )** [ الحديد : 27 ]

(ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتتۇق، ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق، رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق)

لېكىن ، مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )** بۇندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر تەربىيەلىگەن بارلىق مۇئمىنلەرگە ئوخشاش پەقەتلا مۇئمىنلەر جامائىتى تەربىيەلەشنىلا مەقسەت قىلماستىن، بەلكى، يەنە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ چوڭ ئىشنى يەنى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان تايانچ بازا تەربىيەلەشنى نىشان قىلغان ئىدى:

( **خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ** ) [ آل عمران : 110 ] .

( كىشىلەر ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت...)

مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )** دىن بۇرۇنقى ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەر **(صلوات الله وسلامه عليهم)** تەربىيەلىگەن مۇئمىنلەر جامائەتلىرىدىن ھەرقانداق جامائەت بىلەن، مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )** تەربىيەلىگەن مۇئمىنلەر جامائىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق الله مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )** دىن بۇرۇنقى ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەر **(صلوات الله وسلامه عليهم)** تەربىيەلىگەن مۇئمىنلەر جامائەتلىرى بىلەن مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )** تەربىيەلىگەن مۇئمىنلەر جامائىتىنى تەكلىپ قىلغان ئىلاھى تەكلىپلەر ۋە ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنغان مۇھىم ۋەزىپە ئىچىگە يوشۇرۇنغان.

ئەمما، ئىلگىرىكى مۇئمىنلەر جامائىتى توغرىسىدا الله **( سبحانه وتعالى )** مۇنداق دەيدۇ:

**( وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِــــينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ )** [ البينة : 5 ] ..

(ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اﷲ قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اﷲ غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر)

ئەمما، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ جامائىتىنى الله ئىبادەتنى پەقەت اﷲ قا خالىس قىلىشقا، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اﷲ غىلا ئىبادەت قىلىشقا ، نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى تەكلىپ قىلمىغان باشقا تەكلىپلەرگىمۇ بۇيرىدى:

**( كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّـةٍ أُخْرِجَـتْ لِلنَّـاسِ تَـأْمُرُونَ بِـالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ )** [ آل عمران : 110 ] .

((ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اﷲ قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر)

( **وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطاً لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيداً** ) [ البقرة : 143 ] .

(شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق.)

ئىلگىرىكى ئۈممەت پەقەتلا اللەغا ئىمان ئېيتىشقا ھەمدە ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنغان ئىدى.

ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولسا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈنى ئۆلگە قىلىپ توغرا يولغا مېڭىشى ئۈچۈن

كىشىلەرگە چىقىرىلغان ئۈممەتتۇر.. ئۇنىڭدىن چەكلىك ساندىكى كىشىلەر ئىچىدە ئۆز ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرۇشى مەقسەت قىلىنىدىغان كىشىلەر بىلەن ئۇنىڭدىن پەقەتلا ئۆز قەۋمى ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى، يەر يۈزىدىكى بارلىق ئىنسانىيەت ئىچىدە ئۈلگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىغان كىشىلەرنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەييارلىق تەرەپلىرىدە نۇرغۇن پەرق بار.

شۈبھىسىزكى، دەۋەت ئاساسى شېرىكسىز يېگانە اللهغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا بولىدۇ، لېكىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەجمى كىچىك، دائىرىسى چەكلىك بولغان بىنا قۇرۇلۇشى تەلەپ قىلىنغان بىنانىڭ ئۇلى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە تەرەپكە تارالغان ناھايىتى ئېگىز چوڭ ھەجىمدىكى بىنا قۇرۇلۇشى تەلەپ قىلىنغان بىنانىڭ ئۇلى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بولىدۇ. ھەر ئىككىسىدىن پۇختا-مۇستەھكەم بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ھەر ئىككىسى تىرىشچانلىقى كۆرستىشكە موھتاج بولىدۇ، لېكىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەجمى كىچىك، دائىرىسى چەكلىك بىنا قۇرۇلۇشى تەلەپ

قىلىنغان بىنانىڭ ئۆلى بىلەن ھەممە تەرەپكە تارالغان ناھايىتى ئېگىز چوڭ ھەجىمدىكى بىنا قۇرۇلىشى تەلەپ قىلىنغان بىنانىڭ ئۆلى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. بۇ ئىككى بىنانىڭ ھۇلىنى قۇرۇشقا كېتىدىغان كۈچ ئوتتۇرىسىدا غايەت زور پەرق بار ھەمدە بۇ ئىككى بىنانى پۇختا –مۇستەھكەم قۇرۇپ چىقىش ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار..

بىز بۇ پەرقنى اللەنىڭ كىتابىدا كۆرىمىز..

ھەربىر مۇئمىن ئۈممەت اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىلغان، لېكىن ، اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ھەققىدە اللەنىڭ ئاخىرقى كىتابى قۇرئاندىكىدەك كەڭ دائىرىلىك ۋە مەركەزلىك توختالغان اللە تەرەپتىن چۈشكەن بىرەر كىتاب مەۋجۇت ئەمەس.

تەلەپ قىلىنغان تەكلىپلەر ھەربىر مۇئمىن ئۈممەتنى ھەربىر نەرسىنىڭ ئاساسى بولغان اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم مەسىلىگە چىڭ باغلىغان، لېكىن ،

ئاخىرقى پەيغەمبەرلىكنىڭ تەكلىپلىرى كۆپ، دائىرىسى كەڭرى، ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئىلىش بىلەن بىرگە، يەنە اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم مەسىلىگە ئۇممەتنى چىڭ باغلىغان پەيغەمبەرلىك تېپىلمايدۇ. [48]

ئاندىن بىز – اللەنىڭ كىتابىدا كەلگەن نەرسىلەرگە ماس قەدەمدە - پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم )** نى تەربىيەلىگەن پەيغەمبەرلىك پىرىنسىپىدىكى پەرىقكە نەزەر سىلىپ ئۆتىمىز. مەيلى اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشتىكى پىرىنسىپقا مەركەزلىشىشتە بولسۇن ياكى بارلىق تەكلىپلەرنى بۇ مۇھىم مەسىلىگە باغلايدىغان ئەھكاملاردا بولسۇن بۇنىڭدىكى پەرقكە نەزەر سىلىپ ئۆتىمىز.

مەككە دەۋرىدە مۇئمىنلەر جامائىتىنىڭ ھاياتىنى ۋە سىياسي ، ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادى تەرەپلەرنى تەرتىپكە سالىدىغان يوليورۇق

**[48] ئەگەر خالىسىڭىز « لا اله الا الله ئەقىدە، شەرىئەت ، ھايات پىرىنسىپى» ناملىق كىتابنىڭ مۇھەممەد ( صلى الله عليه وسلم ) پەيغەمبەرلىكىدىكى « لا اله الا الله» نىڭ تەلەپلىرى ناملىق قىسمىغا قاراڭ.**

ۋە ئەھكاملار تېخى نازىل بولمىغان ئىدى. بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى (يەنى مۇئمىنلەر جامائىتىنىڭ ھاياتىنى ۋە سىياسىي ، ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادى تەرەپلەرنى تەرتىپكە سالىدىغان يولىيورۇق ۋە ئەھكاملارنىڭ نازىل بولۇشى) توغرا ئەقىدىنى قەلبلەردە بارلىققا كەلتۈرۈشكە ۋە بۇ قەلبلەرنى ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن مۇناسىپ ۋاقتىدا كېلىشى اللەنىڭ ئىلمىدا بەلگىلەنگەن بۇ ئەقىدىنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان قىلىپ تەييارلاشقا قاراشلىق ئىدى..

بىز ھازىر «**لا إله إلا الله ، محمد رسول الله :** يەنى بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )** اللەنىڭ ئەلچىسى» دەپ ئىمان ئېيتقان ھەمدە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشقا، اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلۇشقا، ھېساب ئېلىش، جازالاش-مۇكاپاتلاشقا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر توغرىسىدا سۆزلەيمىز، چۈنكى، بۇلار مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )** تەربىيەلىگەن ۋە بىز بۇ قىسىمدا سۆزلىمەكچى بولغان تايانچ بازا ئىدى..

لېكىن ، بىز پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ **« لا اله الا الله»** مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ۋە ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشتە مەيلى پۇتكۇل ۋاستىلىرى بىلەن ئۇرۇش ئىچىپ بۇ دەۋەتكە قارشى تۇرۇۋاتقان قۇرەيش تاغۇتلىرى تەرەپتىن بولسۇن ياكى ئۆز ئۆرۈپ ئادەتلىرىگە قارشى كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىلىپ ياكى بىلمەي، رازى بولۇپ ياكى يامان كۆرۈپ تۇرۇپ، ئاشۇ تاغۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ دەۋەتكە قارشى تۇرۇۋاتقان ئومومى خەلق تەرەپتىن بولسۇن، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ زادى قانچىلىك قىينچىلىققا ئۇچۇرغانلىقىنى سۆزلىمەي تۇرالمايمىز..

بىز مۇشۇ تېما ھەققىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا، **«لا اله الا الله»** نىڭ تەلەپلىرىگە تولۇق مەركەزلەشكىلى بولىدۇ..

ئەمما، **«لا إله إلا الله ، محمد رسول الله :** يەنى بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )** اللەنىڭ ئەلچىسى» **دېگەن** ئىمان كەلىمىسىنى تىلى بىلەن سۆزلەش شۇ

ۋاقىتتا ئىماننىڭ ئاشكارا بەلگىسى ئىدى، چۈنكى، ئاشۇ ۋاقىتتا پەقەتلا ھەقكە ئىمان ئېيتقان، ئۆزىنى ھەرتەرەپتىن تۈرلۈك خەتەرگە توغرا قىلغان ھالدا پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** گە ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئاشكارىلىغان كىشىلەردىن باشقا كىشى «**لا إله إلا الله ، محمد رسول الله » دېگەن** ئىمان كەلىمىسىنى تىلى بىلەن سۆزلىمەيتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق جاھىلىيەت ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلاتتى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلاتتى ۋە ئۇنى يامان كۆرەتتى. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، ئاشۇ ۋاقىتتا «**لا إله إلا الله ، محمد رسول الله » دېگەن** ئىمان كەلىمىسىنى تىلى بىلەن سۆزلەش ئىماننىڭ كۈچلۈك بەلگىسى ئىدى. چۈنكى، «**لا إله إلا الله ، محمد رسول الله » دېگەن** ئىمان كەلىمىسىنى تىلى بىلەن سۆزلەشنىڭ خەتەرلىرىگە پەقەتلا ھەقكە ئىمان ئېيتقان ھەمدە ئۇنى ھەقىقىي تەستىقلىغان كىشىلا ئۆزىنى توغرا قىلاتتى. پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** نىڭ قەلبلىرىدە ئىمان كەلىمىسىنى تەستىقلىشى ۋە «**لا إله إلا الله ، محمد رسول**

**الله »** **دېگەن** ئىمان كەلىمىسىنى تىللىرى بىلەن سۆزلىشى بىلەنلا ئۇلاردىن قانائەتلەنگەنمۇ؟!

ئەگەر پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** نىڭ قەلبلىرىدە ئىمان كەلىمىسىنى تەستىقلىشى ۋە **«لا إله إلا الله ، محمد رسول الله »** **دېگەن** ئىمان كەلىمىسىنى تىللىرى بىلەن سۆزلىشى بىلەنلا ئۇلاردىن قانائەت ھاسىل قىلغان بولسا، الله ئۇنىڭ بىلەن زېمىن يۈزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتكەن ئاشۇ مۇستەھكەم بازا مەۋجۇت بولارمىدى؟

ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** بىلەن دارۇل ئەرقەمدە ئۇچرىشىپ ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولىدۇ ھەمدە نۇرغۇن ۋاقتىنى ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزىدۇ ؟ پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ بۇنداق قىلىشى ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** غا **«لا إله إلا الله »** دەپ ئىمان ئېيتىڭلار دېيىش ئۈچۈنمۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئىمان ئېيتىپ بولغان تۇرسا؟

ياكى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ بۇنداق قىلىشى ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** غا **«لا إله إلا الله »** دېگەن ئىمان كەلىمىسىنى تىللىرىڭلار بىلەن سۆزلەڭلار دېيىش ئۈچۈنمۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە **«لا إله إلا الله »** دېگەن ئىمان كەلىمىسىنى تىللىرى بىلەن سۆزلەپ بولغان تۇرسا؟ زادى نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۈچرىشىپ تۇردۇ؟

شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئوبرازىدىكى ئەمىلى ئۈگىلەرنى ئۇلارغا تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنى **«لا إله إلا الله »** نىڭ تەلەپلىرى بىلەن تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۈچرىشىپ تۇراتتى.

ھەقىقەتەن، ئاشۇ ۋاقىتتىكى ھەمدە ھەرقانداق ۋاقىتتىكى **« لا إله إلا الله »** نىڭ تەلەپلىرىنىڭ بىرى بولسا ھەق يولىدىكى ، يەنى ئىنسان ئۆزى ئىمان ئېيتقان توغرا ئەقىدە يولىدا كەلگەن ئەرزىيەتلەرگە سەبىر قىلىش ئىدى.. پەقەتلا ئىمان ئېيتىش بىلەنلا

يەنى «**لا إله إلا الله** » نى قەلبىدە تەستىقلاش ۋە ئۇنى تىلى بىلەن سۆزلەشنىڭ ئۆزىلا ئەرزىيەت كۈچەيگەن ۋاقىتتا ئۆزلۈكىدىن ئەرزىيەتلەرگە سەبىر قىلىشقا ھەمدە جىنى ۋە مېلىنى سەرپ قىلىش تەلەپ قىلىنغان ۋاقىتتىمۇ ھەققە چىڭ ئېسىلىشقا ئىلىپ بارالامدۇ؟ ياكى بۇ ئىش ئۇنىڭ ھەرخىل بېسىملارغا باش ئەگمەستىن ۋە ھالاك بولماستىن تاقابىل تۇرۇپ بەرداشلىق بېرىشى ئۈچۈن ئىنسان روھىنى كۈچەيتىشتە مۇئەييەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە موھتاج بولامدۇ؟ ئۇلار بۇلارنى قەيەردىن ئۆگىنىدۇ؟ پەقەتلا ئۇلارغا سەبىر قىلىڭلار دەپ قويۇش بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى مۇستەھكەملىنىپ، ئىرادىسى كۈچىيىپ، ئۆز ئىگىسىنىڭ نەزىرىدە لەززەتلىك مەنپەئەتلەر بىلەن تولغان بۇ دۇنيا ئەرزىمەس نەرسگە ئايلىنىپ، ئەڭ يۈكسەك نىشانغا ئىنتىلىدىغان ئاندىن شۇ يولدىكى ئەرزىيەتلەرگە بەرداشلىق بېرىدىغان ، ئۆزى ئىمان ئېيتقان ھەق يولدا بوشاپ قالمايدىغان بولۇپ قالامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىش سۆزلەپ

بېرىشكە ، ئۆگۈتۈشكە، چېنىقتۇرۇشقا، يولىيورۇق بېرىشكىمۇ موھتاج بولىدۇ، ئەڭ چوڭ مۇئەللىم پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇ ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** غا بۇ ھەقتە تەلىم بېرەتتى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ۋە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئەرزىيەتلەرگە سەبىر قىلىشلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى ، ئۇلارنى چېنىقتۇراتتى، ئۇلارغا يولىيورۇق بېرەتتى.. لېكىن ، ئۇ ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم )** غا سۆزلەپ بېرىدىغان سۆزلەر بىلەنلا ئەمەس بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا كۆرەلەيدىغان ئەملى ئۈلگە بىلەن تەربىيەلەيتتى. ئۇلارنى دەۋەت قىلىۋاتقان اللەنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىدە ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەتبىقلايتتى، ئاندىن ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** دىن ئۆگىنىپ ئۇنى ئىجرا قىلاتتى..

بارلىق پەيغەمبەرلەر **(صلوات الله وسلامه عليهم)** نىڭ سەييدى بولغان پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇ تاغلارنى

پارچىلىۋەتكىدەك دەرىجىدىكى ئېغىر ئەرزىيەتلەرگە ئۇچرىغان ئىدى..

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** يالغانچى دېگەن بەتنامغا ئۇچرىدى ، ئىشەنچلىك راستچىل كىشىگە يالغانچى دېگەن بەتنامنى چاپلاش نىمىدىگە ئېغىر ئەرزىيەت- ھە!..

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مەسخىرە قىلىشقا ئۇچرىدى، ھەققە ئىمان ئېيتقان ۋە ئۆزىنىڭ ھەق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ھىدايەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ۋە نىجاتلىققا ئىرىشىدىغانلىقىنى ھەمدە مەسخىرە قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بولسا چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان قەلبكە مەسخىرە قىلىش نېمىدېگەن ئېغىر ئەرزىيەت بىرىش-ھە! ..

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** قارمۇ-قارشى تەشۋىق قىلىش، ئەيىبلەش ، نەپرەتلەندۈرۈش، ئەگەشكۈچىلىرىنى قايتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش، بەلكى بارلىق كىشىلەرنى ئۇنىڭ سۆزىگە

پەقەتلا قۇلاق سېلىشتىن توسۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئەزىيەتكە ئۇچرىدى.. ئۇ يەنە روھى ۋە جىسمانىي ئەرزىيەتلەرگە ئۇچرىدى.. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كىچىك باللار تاش ئېتىپ ئۇنىڭ مۇبارەك ئىككى پۇتى قانغا مىلىنىپ كېتىش ، ئەبۇ لەھەب ۋە ئۇنىڭ سۇخەنچى خوتۇنى قىلغاندەك ماڭىدىغان يولىغا شوخلارنى چېچىۋېتىش، ئۇ رەببىنى ئەسلەپ سەجدە قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە نىجاسەتلەرنى ئارتىپ قويۇش... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئەرزىيەتلەرگە ئۇچرىدى ...

مانا بۇ مۇسىبەتلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ ھەقكە تېخىمۇ چىڭ ئىسىلىشىنى ۋە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشىنى تېخىمۇ زىيادە قىلدى.. ھاياتى دۇنيادىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە قىزىقتۇرىدىغان بارلىق نەرسىلەر يەنى پادىشاھلىق، سۇلتانلىق، يۈز - ئابرۇي ، مال-دۇنيا.. قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەر پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ ئالدىغا قويۇلدى، كىشىلەر ئەبۇ تالىپنىڭ قېشىغا ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ھەققىدە شىكايەت قىلىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىغا مۇنداق دېدى :

**" والله يا عم ، لو وضعوا الشمس في يميني ، والقمر في شمالي ، على أن أترك هذا الأمر ما فعلت ، حتى تنفرد ســــالفتي " أو قال : " حتى أهلك دونه "** [49] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىغا مۇنداق دېدى : « ئى تاغا! الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلار قىلىۋاتقان مۇشۇ دەۋەت ئىشىمنى تەرك ئېتىشىم ئۈچۈن قۇياشنى ئوڭ قولۇمغا، ئاينى سول قولۇمغا قويغان تەقدىردىمۇ، ھەتتاكى، تېنىم جېنىمدىن جۇدا بولغىچە ياكى مەن دەۋەت يولىدا ھالاك بولغىچە بۇ ئىشىمنى ھەرگىزمۇ تەرك ئەتمەيمەن»

---

[49] **انظر كتب السيرة .**

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم )** گە مانا مۇشۇنداق دەرسلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى، گەرچە ئىسلام ئەھكاملىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن سۆزلەش تەلەپ قىلىنىسمۇ، لېكىن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلەپلا بولدى قىلماستىن، بەلكى، ئەمىلى ئۈلگە بولۇپ شۇ سۆزلەرنى رېئال دۇنيادا ئەمىلى ھەقىقەتلەرگە ئايلاندۇراتتى.

ئاشۇ ۋاقىتتىكى ھەمدە ھەرقانداق ۋاقىتتىكى «لا إله إلا الله» نىڭ تەلەپلىرىنىڭ بىرى بولسا قەلبنى اللهغا بولغان مۇھەببەت بىلەن تولدۇرۇش، الله **( سبحانه وتعالى )** نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبسلىش ۋە ئۇنىڭغا تەلپۈنۈش ۋە بارلىق ئىش – ھەرىكەتلەر ۋە بارلىق ھېس -تۇيغۇلاردا اللهغا يۈزلىنىشتۇر. پەقەتلا ئىمان ئېيتىش بىلەنلا يەنى **«لا إله إلا الله »** نى قەلبدە تەستىقلاش ۋە ئۇنى تىلى بىلەن سۆزلەشنىڭ ئۆزىلا ئۆزلۈكىدىن ئاشۇ يۈزلىنىش ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرگە ئىلىپ بارالامدۇ؟ ياكى بۇ ئىش

سۆزلەپ بېرىشكە ، ئۆگۈتۈشكە، چېنىقتۇرۇشقا، يوليورۇق بېرىشكىمۇ موھتاج بولامدۇ؟

پەقەتلا تەربىيچى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** لا بىر قانچە ئېغىز سۆزلەپ قويۇش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى، ئەمەلى ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن يوليورۇق بىردۇ ۋە ئۆگەتتىدۇ. ساھابىلەر پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ بۇ ئەمەلى ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆردۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدۇ. چۈنكى، ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرۋاقىت رەببىنى ئەسلەپ ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىگە تەلپۈنۈپ ۋە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىپ، تىللىرى دۇئادىن ئۈزۈلمەي، قەلبى اللەنى ئەسلەشتىن بوشاپ قالماي تۇرغانلىقىنى كۆردۇ.

ئاشۇ ۋاقىتتىكى ھەمدە ھەرقانداق ۋاقىتتىكى «لا إله إلا الله » نىڭ تەلەپلىرىنىڭ بىرى بولسا اللەنىڭ قازايى-قەدرىگە ئىمان ئېيتىش ھەمدە اللەنىڭ يېگانە پىلانلىغۇچى ، يېگانە تەقدىر قىلغۇچى

ئىكەنلىكىگە، خالىغىنىنى قىلىدىغانلىقىغا، يېگانە رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىگە، پايدا-زىيان يەتكۈزەلەيدىغانلىقىغا، ئۆلتۈرۈپ-تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىغا، ھەر بىر شەيئىگە ۋە ھەرقانداق ئىشقا ئىگىدارچىلىق قىلالايدىغانلىقىغا، كائىناتتىكى ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىشلارنى باشقۇرغۇچى ئىكەنلىكىگە، الله خالىمىسا ھەمدە اللهنىڭ بۇيرۇقىسىز ھېچقانداق نەرسىنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشتۇر.

پەقەتلا ئىمان ئېيتىش بىلەنلا يەنى «**لا إله إلا الله** » نى قەلبىدە تەستىقلاش ۋە ئۇنى تىلى بىلەن سۆزلەشنىڭ ئۆزىلا ئۆزلۈكىدىن قەلبلەردە ئاشۇ ئىماننى پەيدا قىلالامدۇ؟ ياكى بۇ ئىش سۆزلەپ بېرىشكە ، ئۇگۈتۈشكە، چېنىقتۇرۇشقا، يوليورۇق بېرىشكىمۇ موھتاج بولامدۇ؟ ئاشۇ ئىماننىڭ مۇستەھكەم يىلتىز تارتىشى ئۈچۈن بىر ياكى بىر قانچە ئېغىز سۆز ياكى بىر ياكى بىر قانچە دەرسنى ئوقۇپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلامدۇ؟ ھەقىقەت ئۇ ئوقۇپ ۋە يادلاپ قويىدىغان ھەمدە ئىنساندىن بۇ توغرىسىدا سورىلىدىغان ئاندىن

ئىنسان تىلى بىلەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەيدىغان نەزەرىيە ئەمەس، بەلكى، ئۇ ئەمەلى مۇشەققەت بولۇپ ھەرۋاقىت نەپسىنىڭ قىزىقىشى ياكى ئۇنىڭ شەھۋەتلىرى ياكى ئۇنىڭ غەم-قايغۇلىرىنىڭ بىرسىگە دۇچ كېلىدۇ ھەمدە ئىنسان ھاياتىدا دۇچ كېلىدىغان ئاندىن شۇ قىيىنچىلىقلار ئارقىلىق ئۆگىنىدىغان ھەمدە دەرسىنى ئەقلى ۋە ۋىجدانى بىلەن ئەمەس، بەلكى، نېرۋىلىرى ۋە بەدەنلىرى ۋە روھى ۋە پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن يادىلايدىغان ئاچچىق ساۋاقلارغا دۇچ كېلىدۇ .

مانا بۇ مىساللار ئىلگىرىكى كىتابتا بايان قىلىنغان [50] :

ئەگەر سەن يولدىكى ھەرقانداق بىر ئىنساندىن ساڭا كىم رىزىق بېرىدۇ؟ دەپ سورىساڭ ئۇ ئويلاپ ئولتۇرماستىن دەرھال الله رىزىق بېرىدۇ دەپ جاۋاب بېرىدۇ، لېكىن ، ئۇنىڭ زېرىقى كېمىيىپ، رىزىققا ئېرىشىش يولىدا ئەرزىيەتلەرگە ئۇچۇرغان ۋاقىتتا ئۇ نېمە دەيدۇ؟ ئۇ كۆپىنچە ئەھۋالدا: مىنىڭ رىزقىمنى پالانى كىشى ئۈزۈپ قويدى،

---

**[50] ‹مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى› ناملىق كىتابقا قارالسۇن..**

ياكى مىنىڭ رىزقىمنى پالانى كىشى ئۈزۈپ قويماقچى بولۇۋاتىدۇ دەيدۇ! بۇ نېمىنى ئۇقتۇرىدۇ؟ بۇ شۇنى ئۇقتۇرۇدۇكى، ئۇكىشىنىڭ ئويلاپ ئولتۇرماستىن دەرھاللا بەرگەن جاۋابى ھەقىقي بولمىغان ياكى بۇ ئۇنىڭ تۈيغۇسىدا چوڭقۇر ئورۇنلاشمىغان زېھنىي چۈشەنچىسى بولۇپ، تېخى ئۇ ئىش ھەرىكەتلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە بىنا بولىدىغان قەلبى ئېتىقادىدا ئايلانمىغان! ( يەنى بۇ جاۋاب ئۇنىڭ زېھنىي چۈشەنچىسى بولۇپ قەلبىتىكى ھەقىقي توغرا ئەقىدىدىن كەلگەن جاۋاب ئەمەس)

مەن سۈرە بەقەرەدىكى اللەنىڭ بەنى ئىسرائىلغا قىلىۋاتقان خىتابىنى ئوقۇۋاتقاندا بىر ئىش دىققىتىمنى تارتتى:

**( وَإِذْ نَجَّيْنَاكُمْ مِنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبْنَاءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَاءَكُمْ وَفِي ذَلِكُمْ بَلاءٌ مِنْ رَبِّكُمْ عَظِيمٌ )** [ البقرة : 49 ] .

(ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى قاتتىق قىينىغان، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىڭلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرغان پىرئەۋن گۇرۇھىدىن سىلەرنى قۇتقۇزدۇق. بۇ، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ (ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى ئاجرىتىدىغان) چوڭ سىنىقى ئىدى)

ئازاب پىرئەۋن تەرىپىدىن كەلگەن: يەنى پىرئەۋن ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرغان، لېكىن ، سىناق الله تەرەپتىن كەلگەن!

بۇ پىكىر ئازابنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ۋاقىتتا كىشىنىڭ زېھنىگە دەرھاللا كېلەمدۇ؟ ياكى ئىش ھەرىكەتنى سادىر قىلىۋاتقان كىشىگە بىۋاستە يۈزلىنەمدۇ؟ ياكى ئىنسان ئىش-ھەرىكەتنى سادىر قىلىۋاتقان كىشىنىڭ راستىنلا بار ئىكەنلىكى، لېكىن ، ئۇنىڭ كەينىدە اللهنىڭ تەقدىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن سۆزلەپ بېرىشكە ، ئۆگىتىشكە موھتاج بولامدۇ؟ ئىنسان بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەن ۋە بۇ ھەقىقەتلەر ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر

ئورۇنلىشىپ جەزمىيەتكە ئايلانغان ۋاقىتتا، ئۆزىدىن بالايى-ئاپەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىشى ئۈچۈن كىمگە يۈزلىنىدۇ؟ مانا بۇ يولىيورۇق بېرىشنىڭ ئارقىسىدىكى بىر دەرستۇر.. بۇ مۇئمىنىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىدا سەۋەبلەرنى تۇتۇشقا قارشى كەلمەيدۇ، لېكىن ، سەۋەبلەرگە تايىنىۋالماسلىق، سەۋەبلەرنىڭ ئۆزىلا ئۆز ئالدىغا ئىشلارنى ھەل قىلالايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلماسلىق؛ بەلكى، سەۋەبلەر اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن، اللە تەقدىر قىلغان دائىر ئىچىدە ئىشلارنى ھەل قىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھادىسە ۋە شەخسلەرنىڭ كەينىدىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ پادىشاھلىقى ئۇنىڭ قولىدا بولغان ئىشلارنى ھەقىقىي پىلانلىغۇچى اللەغا دائىم تەلمۈرۈش كېرەك .

ئاشۇ ۋاقىتتىكى ھەمدە ھەرقانداق ۋاقىتتىكى «لا إله إلا الله » نىڭ تەلەپلىرىنىڭ بىرى بولسا اللە يولىدا قېرىنداش بولۇش، اللە يولىدا ياخشى كۆرۈش ۋە اللە يولىدا يامان كۆرۈش، اللە يولىدا دوست تۇتۇش ۋە اللە يولىدا دۈشمەن تۇتۇش.. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب مۇھىتى

ۋە قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى پۈتكۈل جاھىلىيەت مۇھىتىغا نىسبەتەن شۇ مۇھىتنىڭ ئادەتلىرىگە قارشى كېلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىشلاردۇر.. مەسىلەن: ئەرەب جاھىلىيىتىدە قانداشلىق مۇناسىۋىتى ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋەت بولۇپ ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق مۇناسىۋەت ياكى داۋاملاشمايدىغان ئاجىز مۇناسىۋەت ئىدى ۋە ياكى باشقا مۇناسىۋەت ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.. ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە چەكلىك دائىرىدىكى ئۇرۇق-تۇغقان ، قان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىنى مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇناسىۋىتى ئىگىلىگەن بولۇپ، ھازىرقى زامان جاھىلىيەتلىرى خۇددى ئەرەب جاھىلىيىتى قەبىلىسى ئىچىدىكى قان- قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدىن پەخىرلەنگەندەك ۋە ئۇنىڭغا يان باسقانغا ئوخشاش سۈرەتتە مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇناسىۋىتىدىن پەخىرلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يان باسىدۇ.. بۇنىڭ دائىرىسى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ، ماھىيىتى ئوخشايدۇ!

ئەمما، ئەرەب جاھىلىيتى ۋە ھەرقانداق جاھىلىيەتتىكى ياخشى كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈشنىڭ ئۆلچىمى بولسا پايدا-مەنپەئەتتۇر. بۇ پايدا-مەنپەئەت كۆپىنچە كۆز ئالدىدىكى ماددىي مەنپەئەت بولىدۇ.. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئۆلچىمى شەخسىيەتچىلىكتۇر: يەنى مەن، ھۆرمىتىم، مال-مۈلكۈم، ھۆكۈمرانلىقىم، مىللىتىم، ئەگەر مەن يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەردىن بولسام، ئەگەشكۈچىلىرىم ياكى ئەگەر مەن ئاجىز كىشىلەردىن بولسام خوجايىنلىرىم .. قاتارلىقلار ياخشى كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈشنىڭ ئۆلچىمى(يادروسى) بولىدۇ!

ئەمما، دوست تۇتۇش ۋە دۈشمەن تۇتۇش بولسا ياخشى كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈش ئۆلچىمىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ پايدا-مەنپەئەتتىن باشقا ھېچقانداق پىرىنسىپى يوق.. چۈنكى، ئۇ دائىم ئۆزگىرىپ بىرخىل ھالەتتە مۇقىم تۇرمايدۇ، بۈگۈنكى دوست ئەتىسى دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالىدۇ، بۈگۈنكى دۈشمەن ئەتىسى دوستقا ئايلىنىپ قالىدۇ. پىرىنسىپ ۋە كىشىلىك قىممەت ئۆزگەرمەيدۇ،

لېكىن ، مۇقىم بىرخىل ھالەتتە تۇرمايدىغان ۋاقىتلىق مەنپەئەت ئۆزگىرىدۇ.. بۇ ئىشتا بارلىق جاھىلىيەت ئوخشاشتۇر!

پەقەتلا ئىمان ئېيتىش بىلەنلا يەنى «**لا إله إلا الله** » نى قەلبدە تەستىقلاش ۋە ئۇنى تىلى بىلەن سۆزلەشنىڭ ئۆزىلا ئاپتوماتىك ھالدا جاھىلىيەتنىڭ ئۆرۈپ ئادەتلىرى ۋە ئۇنىڭ سىياسي ، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي ، ئىدىيەۋى ، ئەخلاقى ئۆرۈپ ئادەتلىرى ئۇنىڭغا ياردەم بىلىۋاتقان ئاشۇ ئىشلارنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگەرتىشكە ئىلىپ بارالمايدۇ.. گەرچە «**لا إله إلا الله** »غا ئىمان ئېيتىش قەلبنى ئۆزگەرتىشكە ھەمدە قەلبنىڭ ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىشىغا ئورۇن ھازىرلىغان تەقدىردىمۇ ئاشۇ ئىشلارنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگەرتىشكە ئىلىپ بارالمايدۇ.. ئەمما، ئۇنى بىنا قىلىش ئىرادە قىلىنىدىغان يېڭى ئۆلچەملەر ۋە يېڭى قىممەتلەر ۋە يېڭى ۋەزىيەتلەر گەرچە بۇلار ئىمان ئېيتقاندا بارلىققا كېلىدىغان ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن ، ئۆزلۈكىدىن ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ ھەمدە بىرلا ۋاقىتتا

تامام بولمايدۇ، بەلكى، ئۇنىڭ بىلەن يېڭى بىنا مۇستەھكەم قۇرۇلۇپ بولغىچە بىر خىش-بىر خىشتىن قۇرۇلىدۇ..

يۇقىرىقى ئىشلار بىلەن تەربىيەلەش ئىشلىرى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

مانا بۇلار ئۇلۇغ تەربىيچى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئاشۇ يۈكسەك چوققىغا يېتىپ بارغىچە داۋاملىق ئۇزۇلدۇرمەي، ھەرتەرەپتىن، كۆڭۈل قويۇپ، دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇش ئىچىدە ئېلىپ بارغان ئىشلاردۇر. شۇنىڭ بىلەن الله يولىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى قان-قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدىنمۇ ئەڭ كۈچلۈك مۇناسىۋەتكە ئايلاندى، ھەمدە ياخشى كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈش مۇناسىۋىتى دۇنيا مەنپەئەتىگە باغلانماستىن، بەلكى، ئۇ ئىمانى قىممەتلەرگە باغلاندى. دوست تۇتۇش ۋە دۈشمەن تۇتۇش مۇناسىۋىتى الله ئۈچۈن خالىس ھالدا ئىمانى قىممەتلەرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە بولدى.

ئاشۇ ۋاقىتتىكى ھەمدە ھەرقانداق ۋاقىتتىكى «لا إله إلا الله » نىڭ تەلەپلىرىنىڭ بىرى بولسا، ئالى ئەخلاقى قىممەتلەر بولۇپ ئۇنىڭ

بەزىسى ئەرەب مۇھىتىدا بار ئىدى، لېكىن ، جاھىلىيەت ئۇنى بۇزۇۋەتكەن ھەمدە ئۇزىنىڭ توغرا يولىدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدى.. سۈرە فەتھىدە[51] كەلگەندەك ئۇلاردا باتۇرلۇق، شجائەت بار ئىدى، لېكىن ، ئۇنى جاھىلىيەت ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى.. ئۇلاردا سخىيلىق، مەردلىك بار ئىدى، لېكىن ، جاھىلىيەت ئۇنى ئۆزىنىڭ توغرا يولىدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدى. سۈرە بەقەردە[52] كەلگەندەك ئۇلار ماللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ يولىنى تۈزەپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەسلى پېتىرتىدىكى توغرا يولىغا قايتۇرۇش كېرەك ئىدى.

---

**(51) ( إِذْ جَعَلَ الَّذِينَ كَفَرُوا فِي قُلُوبِهِمُ الْحَمِيَّةَ حَمِيَّةَ الْجَاهِلِيَّةِ ) [ الفتح : 26 ] (كاپىرلار قىزىققانلىقنى ــ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قىزىققانلىقنى ــ دىللىرىغا پۈككەن چاغدا..)**

**(52) ( كَالَّذِي يُنْفِقُ مَالَهُ رِئَاءَ النَّاسِ وَلَا يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَمَثَلُهُ كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُ وَابِلٌ فَتَرَكَهُ صَلْداً لَا يَقْدِرُونَ عَلَى شَيْءٍ مِمَّا كَسَبُوا وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ ) [ البقرة : 264 ] (بۇنداق (پۇل ـ مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـــ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. الله كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ)**

ئۇ ئەخلاقى پەزىلەتلەرنىڭ يەنە بىر قىسمى بولسا، ئەرەب جاھىلىيىتىدە ۋە ھەرقانداق جاھىلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى ھەمدە مەۋجۇت بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، كىشىلەر ئارىسىدا زۇلۇم قىلىشنى چەكلەش، ھاياتنى كۆچلۈكلەر ئاجىزنى بوزەك قىلىدىغان ۋە يەيدىغان ئورمان قانۇنى[53] ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى، ئادىللىق ئۈستىگە بەرپا قىلىش، ئىنساننى مەيلى ئۇنىڭ جىنسى، رەڭگى، تىلى، ۋەتىنى، ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ، ياكى سىياسىي ياكى ئىقتىسادى ئورنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنى ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن ھۆرمەتلەش قاتارلىق ئەخلاقى پەزىلەتلەر ھەرقانداق جاھىلىيەتتە مەۋجۇت بولمايدۇ. مانا بۇ ئىش پەقەتلا قەلبىنى[54] اللەغا خالىس قىلغاندا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

---

**(53) ئورمان قانۇنى دىگىنىمىز ـ ئورمانلىقتا ياشايدىغان ھايۋانلار ئىچىدىكى كۆچلۈكلەر ئاجىزنى بوزەك قىلىدىغان ۋە يەيدىغان ھايۋانلار ئارىسىدىكى قانۇننى كۆرسىتىدۇ.**

**(54) دىمكراتىيە ئۆزىنى ئادىللىق قىلىش، ئىنساننىڭ ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش... پىرىنسىپلىرىنى بىكىتتۇق ھەمدە ئۇنى ئەمىليەتتە تەتبىقلىدۇق، باشقىلارنىڭ ھەق ـ ۋوقوقىغا رىئايە قىلدۇق دەپ دەۋا قىلدۇ.. ىراق ، بوسنىيە ـ گىرسگوۋىنادا، شىشان شەھەرلىرىدە، فىلىفىندا**

بۇيەردە بىزنىڭ مەقسىتىمىز ھەرگىزمۇ مەككىدىكى تەربىيە مەزگىلىگە نىسبەتەن «**لا إله إلا الله**»نىڭ تەلەپلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتۈش ئەمەس. بەلكى، بىزنىڭ مەقسىتىمىز شۇنداق دېيىشكى: «**لا إله إلا الله**»نىڭ تەلەپلىرى قەتئىي اللەنىڭ دەرگاھىدىن چۈشكەندىن باشلاپ ئىرجائىزىم ئىدىيىسى دەۋا قىلىغاندەك پەقەتلا قەلبتە تەستىقلاش ۋە تىل بىلەن ئىقرار قىلىشىلا بولغان ئەمەس. قەلبتە تەستىقلاش ۋە تىل بىلەن ئىقرار قىلىش بولسا دەۋەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھەقىقىي ئىماننىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئىمان ئېيتىشنىڭ خەتەرلىرىگە پەقەتلا ھەقىقىي مۆئمىنلەر ئۆزىنى تەقدىم قىلاتتى، لېكىن ، قەلبتە تەستىقلاش ۋە تىل بىلەن ئىقرار قىلىشنىڭ ئۆزىلا پەيغەمبەر (

**، كەشمىردە، پەلەستىندە ھەمدە مۇسۇلمانلار يەھۇدىلارۋە نەسارالارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان ھەرقانداق ئورۇندا يۈز بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقلار بۇنىڭغا جاۋاپ بولالايدۇ، ئۆزىنى ئەركىن دۇنيا قوغدىغۇچى دەپ داۋا قىلىۋاتقان دېمكراتىيە يەھۇدىلارۋە نەسارالارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ئادىللىق قىلىش، كەڭ قورساق بولۇشنىڭ ئورنىدا ئەكسىچە ئۇلارنى قىرىپ ، ئۆلتۈرۈپ، تۈرمىلەرگە قاماش... قاتارلىق ئەڭ قەبىھ ۋاستىلار بىلەن زۇلۇم قىلماقتا.. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئادىللىقى، كەڭ قورساقلىقى، ئىنساننى ھۆرمەتلىشى...**

تەربىيەلىگەن مۆئمىنلەر جامائىتىنىڭ **صلى الله عليه وسلم )** قەلبلىرىدە **«لا إله إلا الله»** پەيدا قىلغان بىرەر نەرسىنى پەيدا قىلالمىغان، بەلكى، **«لا إله إلا الله»** غا ئېتىقاد قىلغان كىشىلەر **«لا إله إلا الله»** نىڭ تەلەپلىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرى بويىچە تەربىيەلەنگەن ۋە رېئال دۇنيادا **«لا إله إلا الله»** نىڭ تەلەپلىرى بويىچە ئەمەل قىلغان ۋاقىتتىلا ئاندىن ئاجايىپ ئىشلار يۈز بەرگەن..

شۇنىڭدەك، بىزنىڭ مەقسىتىمىز **«لا إله إلا الله»** نىڭ تەلەپلىرى بويىچە تەربىيەلەش پەيغەمبەر **(صلى الله عليه وسلم)** تايانچ بازىغا نىسبەتەن ئىلىپ بارغان مىسلىسىز ئالاھىدە ئەمەل دېيىش ئەمەس، چۈنكى، بۇ زېمىننىڭ ھەرقانداق يېرىدە ۋە قىيامەتكىچە بولغان ھەرقانداق ۋاقىتتا دەۋەت بازىسىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلانغان ھەرقانداق تەربىيەچىدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشتۇر، بىراق، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئىلىپ بارغان مىسلىسىز ئالاھىدە ھەرىكەت بولسا پەيغەمبەر (

**صلى الله عليه وسلم )** «**لا إله إلا الله**» نىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىش ۋە رېئاللىقتا ئۇلگە بولۇپ ئۇلارنى يەتكۈزگەن ئاجايىپ دەرىجە ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن قەلبىدىن پەرز - مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشقا قىزىقىدىغان ۋە الله **( سبحانه وتعالى )** ۋە پەيغەمبەر **(صلى الله عليه وسلم)** مەجبۇرلىمىسىمۇ ئۇلار بۇ پەرز -مەجبۇرىيەتلەرگە چىڭ ئېسىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەن ئاجايىپ دەرىجە ئىدى. ساھابىلار **(رضوان الله عليهم )** مانا بۇ ئاجايىپ دەرىجە بىلەن ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتتى ھەمدە ئۇلار خۇددى قىيامەت مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئەمەس ھازىرلا كېلىدىغاندەك، ھەر ۋاقىت ئاخىرەت كۈننى ئەسلەپ ياشىدى. مانا بۇ ئاشۇ مىسلىسىز ئەۋلادلار ئەڭ چوڭ تەربىيەچى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ قولى ئارقىلىق ئالاھىدە بولغان ئاجايىپ دەرىجىدۇر. بۇ دەرىجە پەقەتلا «**لا إله إلا الله**» نىڭ تەلەپلىرىگە چىڭ ئېسىلىش ئارقىلىقلا بارلىققا كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ پۈتۈن

ۋۇجۇدى بىلەن «**لا إله إلا الله**»غا دەۋەت قىلغان ھەرقانداق كىشىدىن تەلەپ قىلىنىدۇ!

«**لا إله إلا الله**» نىڭ تەلەپلىرى ئاستا-ئاستا كېڭەيدى، ئۇ قەلب ۋە ھاياتنىڭ يېڭى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، الله ئۇنى ئۆز ئىلمى ۋە ھېكمىتى بىلەن ئۆزىنىڭ تەقدىر قىلغان ۋاقتىدا چۈشۈردى، «**لا إله إلا الله**» نىڭ تەلەپلىرىگە چېك ئېسىلىش مەجبۇرىيەتكە ئايلاندى ، چۈنكى، «**لا إله إلا الله**» نىڭ

تۈنجى تەلەپلىرىنىڭ ئۆزىلا ئىماننى ھەقىقي ئەمىللەشتۈرەلمەيتتى.

ئىمام ئەبۇ ئۇبەيد قاسىم (**الإمام أبو عبيد القاسم بن سلام ( 157 – 224 هـ )**) « **الإيمان** » ناملىق كىتابىنىڭ 54-ۋە ئۇنىڭدىن كىيىنكى بەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

« ئەگەر بىز بۇ ئىشلارنى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ھەمدە الله **( سبحانه وتعالى )** ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ كىتابى قۇرئاننى نازىل قىلغان ئىشلارغا قايتۇرىدىغان بولساق بىز ئىماننىڭ بېشى «**لا إله إلا الله ، محمد رسول**

**الله»** دېگەن شاھادەت كەلىمىسى ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مەككىدە ئون نەچچە يىل مۇشۇ **«لا إله إلا الله ، محمد رسول الله»** دېگەن شاھادەت كەلىمىسىگە دەۋەت قىلغانلىقىنى، بۇ ۋاقىتتا **(لا إله إلا الله ، محمدا رسول الله)** دېگەن شاھادەت كەلىمىسىدىن باشقا بەندىلەرگە پەرز قىلىنغان ئىمانىنىڭ يوقلىقىنى، كىمكى **«لا إله إلا الله ، محمد رسول الله»** دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى دېسە مۇئمىن بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا دىنى مەجبۇرىيەت يوقلىقىنى ، ئۇنىڭغا زاكات، ناماز، ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شەرىئەت قانۇنى يوقلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بىراق بۇ شۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەرگە ئاسانچىلىق تۇغدۇرۇش بولۇپ ئۇلىمالار بۇنى اللەنىڭ بەندىلىرىگە بولغان رەھمىتى ۋە كۆرۈنۈشى دەپ نەقلى قىلدى، چۈنكى، ئۇلار جاھىلىيەتتىن قۇتۇلۇپ ئىسلامغا يېڭىدىن كىرگەن بولۇپ ئەگەر ئۇلارغا پەرز -مەجبۇرىيەتلەرنى بىرلا ۋاقىتتا ھەممىسىنى يۈكلىگەن ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ قەلبى دىندىن نەپرەتلىنەتتى، شۇڭا، پەقەتلا **«لا إله**

**إلا الله ، محمد رسول الله»** دېگەن شاهادەت كەلىمىسىنى تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش ئاشۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەرگە پەرز قىلىنغان ئىمان ئىدى. ئۇلار مەككىدىكى ئون نەچچە يىللىق هاياتىنى ۋە هىجرەت قىلغاندىن كېيىن مەدىنىدىكى ئون نەچچە ئايلىق هاياتىنى**«لا إله إلا الله، محمد رسول الله»** دېگەن شاهادەت كەلىمىسى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىسلامغا قايتىپ ئىسلامغا بولغان قىزغىنلىقى ئاشقان ۋاقىتتا الله ئۇلارنىڭ ئىمانىغا شۇ ئەھكامنى  قوشۇپ قويدىكى بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇشنى كەئبىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا ئۆزگەرتتى.. ئەگەر ئۇلار قىبلىنى كەئبىگە ئۆزگەرتكەن ۋاقىتتا كەئبىگە قاراپ ناماز ئوقۇشتىن باش تارتىپ **«لا إله إلا الله ، محمد رسول الله»** دېگەن شاهادەت كەلىمىسىنى ئېيتىشتىن ئىبارەت ئىماندا چىڭ تۇرۇپ ھەمدە بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇشتا چىڭ تۇرغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ **«لا إله إلا الله ، محمد رسول الله»** دېگەن شاهادەت كەلىمىسىنى تىلى بىلەر ئىقرار قىلىشىدا كەمچىلىك بولغان بولاتتى،

چۈنكى دەسلەپكى ئىتائەت قىلىش ئىمان نامىغا ئىككىنچى قېتىمقى ئىتائەت قىلىشتىن بەكراق ھەقلىق ئەمەس ئىدى. ئۇلار الله **(سبحانه وتعالى )** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى**( صلى الله عليه وسلم )** گە نامازنى قوبۇل قىلىشقا خۇددى «**لا إله إلا الله ، محمد رسول الله**» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى تىلى بىلەر ئىقرار قىلىشقا جاۋاب بەرگەندەك، جاۋاب بەرگەن ۋاقىتتا بۇ ئىككىسى (يەنى ناماز ۋە تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش) ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئىمانغا ئايلاندى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا «**لا إله إلا الله ، محمد رسول الله**»دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى تىلى بىلەر ئىقرار قىلىشقا ناماز قوشۇلغان ئىدى... ئۇلار بىر مەزگىل بۇنىڭ بىلەن (يەنى ناماز ۋە تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش) اللەغا ئىبادەت قىلدى، ئۇلار نامازغا ئالدىراپ قەلبلىرى ناماز ئۈچۈن تولۇق ئېچىلغان ۋاقىتتا، الله ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئىمانىغا پەرز زاكاتنى نازىل قىلدى:

( **وَأَقِيمُوا الصَّلاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ** ) [ البقرة : 110 ]

(نامازنى ئادا قىلغۇلار، زاكاتنى بېرگۈلار)

( **خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا** ) [ التوبة : 103 ]

((ئى مۇھەممەد**!**) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن)

ئەگەر ئۇلار «**لا إله إلا الله** ، **محمد رسول الله**» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى تىلى بىلەر ئىقرار قىلىپ زاكات بېرىشتىن باش تارتسا، ھەمدە زاكات بېرىشتىن باش تارتىپ تۇرۇپ نامازنى ئادا قىلسا بۇ ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئىمانىنى يوققا چىقىرىدۇ ، يەنى «**لا إله إلا الله** ، **محمد رسول الله**» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى تىلى بىلەر ئىقرار قىلىش ۋە نامازنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت ئىمانىنى يوققا چىقىرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىلگىرىكى نامازنى ئادا قىلىشتىن باش تارتىش «**لا إله إلا الله**، **محمد رسول الله**» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى تىلى بىلەر

ئىقرار قىلىشنى يوققا چىقىرىدۇ. ئەبۇ بەكرى **(رضي الله عنه )** زاكات ئۆچۈن مۇھاجىرلار **(رضوان الله عليهم )** ۋە ئەنسارىلار**(رضوان الله عليهم )** بىلەن زاكات بەرمىگەن ئەرەبلەرگە قارشى خۇددى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇشرىكلار بىلەن جىهاد قىلغاندەك جىهاد قىلغان ئىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق: يەنى زاكات بەرمىگەن كىشىگە ۋە مۇشرىكقا ئۇرۇش قىلىپ قىنىنى تۆكۈش، ئەۋلادلىرىنى ئەسىرگە ئىلىش، مال-مۈلۈكىنى غەنىيمەت ئىلىش ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. قاچانكى، الله تەرەپتىن بىرەر شەرىئەت نازىل بولسا ئىلگىرى نازىل بولغان شەرىئەت ئەھكاملىرىغا قوشۇلىدۇ ھەمدە ئىمان نامى بارلىق شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىمان ئەھلى مۇئمىنلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مانا بۇ تېمىدا ئىمان دېگەن «**لا إله إلا الله ، محمد رسول الله**» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى تىلى بىلەر سۆزلەشتۇر دېگەن قاراشقا بارغان كىشىلەر خاتالىشىپ كەتتى..»

ئەگەر بىز پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** تەربىيەلىگەندەك تايانچ بازىغا نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا بىز سوئال قىلىمىز: پەيغەمبەر **(صلى الله عليه وسلم)** ئىنسانلاردىن مۇشۇ مىسلىسىز ئۆگىلەرنى چىقىرىش ئۈچۈن مەككىدىكى ئون ئۈچ يىل، مەدىنىدىكى ئون يىل جەريانىدا سەرپ قىلغان غايەت زور تىرىشچانلىقلار قايسى نىشان ئۈچۈن سەرپ قىلغان؟ ئۇ پەقەتلا الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان، نامازنى بەرپا قىلىدىغان، زاكات بېرىدىغان ، اللهغا ئىبادەت قىلىدىغان مۇئمىن جامائەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا بۇ تىرىشچانلىقلارنى سەرپ قىلغانمۇ؟!

بۇ نىشان تىرىشچانلىق كۆرستىشكە تېگىشلىك بولغان ئالى نىشان بولۇپ، بۇ غايەت زور تىرىشچانلىقلارنىڭ بىر قىسمىلا رېئال دۇنيادا بۇ نىشاننى تامامەن ئەمەللەشتۈرەلەيتتى، لېكىن ، ئەڭ چوڭ تەربىيەچى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** - بۇندىن بۇرۇن بىز ئىشارەت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك – بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ۋە ئۇلۇغ غايە-مەقسەتلەرنى نىشانلىغان ئىدى..

بۇ جامائەتنىڭ ۋەزىپىسى بۇندىن بۇرۇنقى مۇئمىن جامائەتلەر قىلغان تەرتىپتە، پەقەتلا اللەغا ئىبادەت قىلىشلار بولماستىن بەلكى، بۇ جامائەتنىڭ (اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن باشقا يەنە ) مۇھىم ۋەزىپىسى زېمىندا تەۋھىدنى تارقىتىش ھەمدە خۇددى رەبىي **(ربعي بن عامر رضي الله عنه)** پارس قوماندانى ۋە ئاشۇ زاماندىكى ئەڭ چوڭ تاغۇتلارنىڭ بىرى رۇستەم بىلەن ئۇچراشقاندا ئىپادىلىگەندەك، بارلىق ئىنسانىيەتنى بەندىلەرگە ئىبادەت قىلىشتىن، يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلەندۈرۈش ئىدى.

بۇنداق جامائەت پەقەتلا كىشىلەردىن اللە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان، اللەغا ئىبادەت قىلىدىغان مۇئمىن جامائەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئوخشمايدۇ، بەلكى، بۇنداق جامائەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئالاھىدە تەربىيەلەپ تەييارلاشقا موھتاج بولىدۇ.

تىجارەت ۋە سانائەت دۇنياسىدا كىشىلەر يەرلىكلەرنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن تەييارلانغان ماللار بىلەن سىرتقا ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان ماللارنىڭ ئوخشمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

يەرلىكلەرنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن تەييارلانغان ماللار ھاجىتىنى قامدايدىغان تەرتىپتە بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما، سىرتقا ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان ماللار بولسا بۇ ماللارنى بازاردا دەپ پەرەز قىلىپ تۈرۈپ بازار ئېھتىياجىغا يېتەلمىگەن تەرەپلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ ناھايىتى پۇختا ياساپ چىقىش كېرەك ... ئەگەر بۇ زېمىندىكى ماددىي تىجارەت ئۈچۈن زۆرۈر بولسا، ئۇنداقتا، الله ئۇ ھەقتە بىزگە خەۋەر بەرگەن تىجارەتكە نىسبەتەن بۇ تېخىمۇ زۆرۈردۇر:

( **يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنْجِيكُمْ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ، تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ** ) [ الصف : 10 - 11 ] .

(ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن،

جىنىڭلار بىلەن جىهاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر)

ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغىنى، ئۆزىنىڭ ئەملى هەرىكتى بىلەن بۇ دىنىنىڭ هەق ئىكەنلىكىگە، بۇ ئەگىشىش زۆرۈر بولغان دىن ئىكەنلىكىگە، بۇنىڭدىن باشقا هەرقانداق نەرسە بۇ دىنغا ئوخشمايدىغانلىقىغا هەمدە ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرۇشقا يارىمايدىغانلىقىغا گۇۋاهلىق بېرىدىغان ، يۈكسەك دەرىجىدە شەكىللەنگەن، مۇسۇلمىنىز جامائەت بولۇش ئىدى..

ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغىنى پۈتكۈل جاهىلىيەتكە قارشى تۇرىدىغان هەمدە جاهىلىيەتكە قارشى تۇرۇپلا قالماي بەلكى جاهىلىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئۇنىڭ بىنالىرىنى يېقىپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا توغرا ئاساستىكى يېڭى بىر بىنا پەيدا قىلىدىغان كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىدى.. مانا بۇ

ئىشلار ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ قولى بىلەن تاماملانغان ئىدى..

گەرچە ئەرەب جاھىلىيتى شۇ ۋاقىتتا دەۋەت ئۆزىنىڭ تۈنجى رايونىدا يولۇققان جاھىلىيەتنىڭ ئەۋۋىلى بولسىمۇ، بىراق، جاھىلىيەتكە قارشى تۇرۇش پەقەتلا ئەرەب جاھىلىيتىگە قارشى تۇرۇش ئەمەس ئىدى، بەلكى، پۈتكۈل زېمىن ئەھلى يەنى : بۇددىزىمچىلار، ئوتقا ئىبادەت قىلغۇچىلار، جىنغا ئىبادەت قىلغۇچىلار، بۇتپەرەسلەر، پىلانىتلارغا ئىبادەت قىلغۇچىلار، تاغۇتلارغا ئىبادەت قىلغۇچىلار ياكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن ساماۋى دىن ئەھلى.. قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جاھىلىيەت ئىچىدە ياشىماقتا ئىدى،

مانا يېڭى دىن، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ۋە ئۇ تەربىيەلىگەن جامائەت بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى تۇراتتى،

پەقەت اللەغا كامىل ئىبادەت قىلىدىغان مۇسۇلمان جامائەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزىلا جاھىلىيەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا

توغرا دىننى بەرپا قىلىش ئۈياقتا تۇرسۇن مانا بۇ جاھىلىيەتكە تاقابىل تۇرالامدۇ؟!

ياق، ھەرگىزمۇ تاقابىل تۇرالمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىش يېڭى جەمئىيەتكە ئۈلگە بولىدىغان، يۈكسەك دەرىجىدە شەكىللەنگەن جامائەتكە موھتاج ئىدى. يېڭى جەمئىيەتكە ئۈلگە بولىدىغان، يۈكسەك دەرىجىدە شەكىللەنگەن جامائەت بولسا پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ جامائىتى يەنى: بىنا ئۈنىڭ ئۈستىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھەمدە ئەمىلىتى بىلەن زېمىن رېئاللىقىنى ئۆزگەرتىدىغان تايانچ بازا ئىدى.

نۇرغۇنلىغان تارىخ كىتابلىرى ئاشۇ تايانچ بازا ھەمدە ئۇلار يەتكەن يۈكسەك دەرىجە ھەققىدە نۇرغۇنلىغان رىۋايەتلەرنى بايان قىلدى.. بىز بۇ يەردە ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** نىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ ئولتۇرمايمىز، بۇنى تارىخ كىتابلىرى يېزىپ بولدى ھەمدە بىز يەنە ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** نىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىمۇ سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز، ھەقىقەتەن، ئۇلار توغرىسىدا سۆزلەش

قەلبلەرنى تىترىتىپ لەرزىگە سالىدۇ. بەلكى، بىز تەدبىر ۋە ئېتىبار جەھەتتىن مىسلىسىز بازا ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئۆلچەملىرىنى سۆزلەپ ئۆتۈشنى مەقسەت قىلىمىز.

شۇنداق بولسىمۇ، شەخسەن مېنى ئاشۇ ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** نىڭ ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرى لەرزىگە سالماقتا، مەن ئۇلاردىن تەسىرلىنىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ئىگە بولالمايۋاتىمەن، بۇ ئۆلگىلىك ئىش ئىزلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** نىڭ ئەڭ چوڭلىرىغىلا خاس بولماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ بەزىلىرى تارىخ ئۇنىڭ قېشىدىن مۇنداقلا ئۆتۈپ كەتكەن( يەنى تارىختا ئالاھىدە مەشھۇر بولمىغان شەخسلەرنىڭ) ئازغىنە بىر نەچچە قۇردىكى گۈزەل ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرىدۇر. بۇ ھەقتە ئازراق توختىلىپ ئۆتسەك بولىدۇ دەپ قارايمەن.

***كانت امرأة تُصرع فتتكشف في أثناء نوبتها ، فشكت ذلك إلى رسول الله وطلبت منه أن يدعو لها لتشفى من صرعها . فقال لها عليه الصلاة**

**والسلام : " إن شئت دعوتُ لك ، وإن شئت صبرت ولك الجنة " . قالت : أصبر يا رسول الله ! ولكن ادع لي ألا أتكشف . فدعا لها ، فلم تعد تتكشف بعد ذلك** (55) .

۞ بىر ئايالنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئىدى، ئۇ ئايالنىڭ كېسىلى تۇتقاندا ئۇنىڭ بەدىنى ئېچىلىپ قالاتتى، ئۇ ئايال بۇ ئەھۋاللارنى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** گە شىكايەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن بۇ كېسىلنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن ئۆزىگە دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئۇ ئايالغا : « ئەگەر خالىسىڭىز، مەن سىزگە كىسىلىڭىزنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن اللەغا دۇئا قىلاي ، ئەگەر خالىسىڭىز، سەبىر قىلىڭ ، بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن جەننەتكە كىرىسىز-دېدى .»

ئۇ ئايال: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! مەن سەبىر قىلىمەن، لېكىن ، سىز كېسىلىم تۇتقاندا بەدىنىمنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ دېدى . پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئۇ ئايالغا

---

(55) **رواه مسلم .**

دۇئا قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئايالنىڭ كېسىلى تۇتقاندا بەدىنى ئېچىلىپ قالمىدى.

۞ بىر كىشى ئايالى بىلەن قاتتىق نامراتلىقتا قالدى. ئۇ كىشى ئايالىغا: پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** موھتاج كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى بېرىدۇ، بىز ئۇنىڭدىن بىزگە يېنىدىكى مال-مۈلۈكتىن بېرىشنى تەلەپ قىلايلىمۇ؟-دېدى . ئايالى ئۇنىڭغا: سەن اللهنى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** گە شىكايەت قىلماقچىمۇ؟ دېدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەر- ئايال سەبىر قىلدى.

۞ ئۆمەر **(رضي الله عنه)** پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كېچىدە تەكشۈرۈپ كېتىۋېتىپ، بىر ئۆيدىن كىچىك سەبى بالىلارنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى-دە دەرھال ئۇ ئۆيگە كىردى ھەمدە ئۇ بىر ئايالنىڭ قازاننى ئوت ئۈستىگە قويۇپ ئۇنى قورىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سەبى بالىلار يىغلىماقتا ئىدى.

ئۆمەر **(رضي الله عنه )** ئۇ ئايالدىن بۇ بالىلار نېمىشقا يىغلايدۇ - دەپ سورىدى؟

ئۇ ئايال ئۇنىڭغا : بالىلار ئاچلىقتىن يىغلاۋاتىدۇ-دېدى . ئۆمەر **(رضي الله عنه )** ئۇ ئايالغا: قازاندا نېمە بار؟- دېدى .

ئۇ ئايال ئۇنىڭغا : مەن قازانغا ئۇششاق شېغىل تاشلارنى سېلىپ بالىلار ئۇخلاپ بولغىچە ئۇنى مۇشۇنداق ئۆرۈپ تۇرىمەن، چۈنكى، بىزنىڭ يېنىمىزدا يېگۈدەك تاماق يوق، ئۆمەر بىزگە پەرۋا قىلمايدۇ-دېدى . ئۇ ئايال ئۇنىڭ ئۆمەر **(رضي الله عنه )** ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

ئۆمەر **(رضي الله عنه)** ئۇ ئايالغا: ئۆمەر سىنىڭ ئەھۋالىڭنى قانداق بىلسۇن؟- دېدى .

ئۇ ئايال ئۇنىڭغا : ئۇنداق بولسا ئۇ قايسى ئىشتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ-دېدى .

ئۆمەر **(رضي الله عنه)** يىغلاپ كەتتى، ئۇ بەيتۇل مالغا ( مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنىسىگە) باردى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھىمۇ بار ئىدى،

ئۆمەر **(رضي الله عنه )** ئۇن، ياغنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى، ھەمراھى ئۆمەر **(رضي الله عنه )** غا ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمرى ! ماڭا بەرگىن مەن كۆتۈرۈۋالاي دېدى .

ئۆمەر **(رضي الله عنه )** ئۇنىڭغا : قىيامەت كۈنى ماڭا كىم كۆتۈرۈشۈپ بىرىدۇ! دەيدۇ-دە ئۆزى كۆتۈتىرىدۇ. ئۇن، ياغنى ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىدۇ، ئۆمەر **(رضي الله عنه )** ھەتتاكى، تۈتۈن قويۇق ساقاللىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتكۈچە ئوتنى پۈدەيدۇ.. ئۆمەر **(رضي الله عنه )** كىچىك باللارنىڭ تاماقنى يەپ قورسىقى تويۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرمىگىچە ئورنىدىن قوزغالمايدۇ..

۞ مۇجاھىدلارنىڭ بىرى جەننەتنى، شەھىدلىكنى ئارزۇ قىلىپ ئۇرۇشقا چىقتى، ئۇنىڭ قولىدا بىر –ياكى بىرقانچە تال خورما - بار ئىدى، ئۇ قولىدىكى ئاشۇ خورمىنى يەپ تۈگىتىپ بولغىچە سەبىر

قىلالمىدى-دە قولىدىكى خورمىنى تاشلاپ : ئەگەر مەن بۇ خورمىنى يەپ تۈگىتىپ بولغىچە تۇرۇپ قالسام، ئەلۋەتتە، بۇ ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغان بىر ئىشكەن - دېگىنىچە ئۇرۇش مەيدانىغا كىردى-دە ئۆزى ئارزۇ قىلغان شەھىدلىك ماقامىغا ئېرىشتى.

۞ مۇجاھىدلارنىڭ بىرى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ساۋۇت (ئۇرۇش كىيىمىنى) كىيدى. ئۇنىڭ ھەمراھى ئۇنىڭغا : ھەقىقەتەن بۇ كىيىمنىڭ بويۇن قىسمىنىڭ قېشىدا بىر تۆشۈك بارلىقىنى، ئۇ يەردىن ئوق كىرىپ كېتىشتىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، بۇ مۇجاھىد ھەمراھىغا تەبەسسۇم قىلىپ : ئەگەر ماڭا مۇشۇ تۆشۈكتىن ئوق تەگسە مەن اللەنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتلىك بولىمەن- دېدى !

دەرۋەقە ئۇنىڭغا ئاشۇ تۆشۈكتىن ئوق تەگدى، الله ئۇنى شەھىدلىك ماقامى بىلەن ھۆرمەتلىدى..

سۆزلەپ كەلسەك بۇنداق مىسالالار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ..

ئېھتىمال ، الله **(سبحانه وتعالى )** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى**( صلى الله عليه وسلم )** مانا بۇ مىسلىسىز جامائەتنى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەر ياكى الله **(سبحانه وتعالى )** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى**( صلى الله عليه وسلم )** ئۇلارنى بۇيرۇغان ھەمدە ئۇلار ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ئېسىلغان بۇيرۇقلار ياكى الله **(سبحانه وتعالى )** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى**( صلى الله عليه وسلم )** يوليورۇق بەرگەن ھەمدە ئۇلار ئۇنى ناھايىتى تىز سۈرەتتە ئىجرا قىلغان يوليورۇقلارنىڭ توپلىنىشى ئاشۇ تايانچ بازا ئۇنىڭ ئۈستىدە بارلىققا كەلگەن نىشانلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى بولۇشى مۇمكىن . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بازا تايىنىدىغان ھەقىقىي نىشانلاردۇر:

**( قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ ، الَّذِينَ هُمْ فِي صَلاتِهِمْ خَاشِعُونَ ، وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ ، وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ ، وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ ، إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ ، فَمَنِ ابْتَغَى**

**وَرَاءَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ ، وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ ، وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ ، أُولَئِكَ هُمُ الْوَارِثُونَ ، الَّذِينَ يَرِثُونَ الْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ )** [ المؤمنون : 1 - 11 ] .

(مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (االله نىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرى سۈپەتلەرگە ئىگە مۆمىنلەر نازۇنېمەتلىك

جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ)

( أَفَمَنْ يَعْلَمُ أَنَّمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ الْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَى إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُو الْأَلْبَابِ ، الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللَّهِ وَلا يَنْقُضُونَ الْمِيثَاقَ ، وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ وَيَخَافُونَ سُوءَ الْحِسَابِ ، وَالَّذِينَ صَبَرُوا ابْتِغَاءَ وَجْهِ رَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلاةَ وَأَنْفَقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرّاً وَعَلانِيَةً وَيَدْرَأُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ أُولَئِكَ لَهُمْ عُقْبَى الدَّارِ ، جَنَّاتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا وَمَنْ صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ وَالْمَلائِكَةُ يَدْخُلُونَ عَلَيْهِمْ مِنْ كُلِّ بَابٍ ، سَلامٌ عَلَيْكُمْ بِمَا صَبَرْتُمْ فَنِعْمَ عُقْبَى الدَّارِ ) [ الرعد : 19 - 24 ]

.

((ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (اﷲ نىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ. ئۇلار اﷲ نىڭ

ئەھدىگە (يەنى اﷲ تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلدى، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ. ئۇلار اﷲ نىڭ (خىش ـ ئەقربالارغا) سىلەر ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈردۇ، اﷲ تىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشىدىن قورقىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (اﷲ يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار) ـ ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ. ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلىقلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) « سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن

سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ.)

( إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَاناً وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ ، الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ ، أُولَئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقّاً لَهُمْ دَرَجَاتٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ وَمَغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ ) [ الأنفال : 2 – 4 ] .

(پەقەت الله ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ.)

( وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَيُطِيعُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ أُولَئِكَ سَيَرْحَمُهُمُ اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ) [ التوبة : 71 ] .

(مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، الله قا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا الله رەھىم قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.)

( لَكِنِ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ جَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ وَأُولَئِكَ لَهُمُ الْخَيْرَاتُ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ) [ التوبة : 88 ] .

(لېكىن ، پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى، ئەنە شۇلار (ئىككىلا

دۇنيانىڭ) ياخشىلىقلىرىغا نائىل بولىدۇ، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر.)

**( إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِهِ صَفّاً كَأَنَّهُم بُنْيَانٌ مَّرْصُوصٌ ) [** الصف : 4 ] .

(شۈبھىسىزكى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ.)

**( وَسَارِعُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ ، الَّذِينَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ ، وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ ، أُولَئِكَ جَزَاؤُهُمْ مَغْفِرَةٌ مِنْ رَبِّهِمْ**

**وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ** ) [ آل عمران : 133 – 136 ] .

(پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ اﷲ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. اﷲ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا اﷲ نى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اﷲ تىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ

تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!.)

**( التَّائِبُونَ الْعَابِدُونَ الْحَامِدُونَ السَّائِحُونَ الرَّاكِعُونَ السَّاجِدُونَ الْآمِرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَالنَّاهُونَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَالْحَافِظُونَ لِحُدُودِ اللَّهِ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ )** [ التوبة : 112 ] .

((گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلغۇچىلار، (ئىخلاس بىلەن) ئىبادەت قىلغۇچىلار، (الله قا) ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار (يەنى الله نىڭ بېكىتكەن پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، نەھيى قىلغان ئىشلىرىدىن يانغۇچىلار ھەم ئەھلى جەننەتتۇر)؛ مۆمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن)

**( إِنَّ الْمُسْلِمِينَ وَالْمُسْلِمَاتِ وَالْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَالْقَانِتِينَ وَالْقَانِتَاتِ وَالصَّادِقِينَ وَالصَّادِقَاتِ وَالصَّابِرِينَ وَالصَّابِرَاتِ وَالْخَاشِعِينَ وَالْخَاشِعَاتِ وَالْمُتَصَدِّقِينَ وَالْمُتَصَدِّقَاتِ وَالصَّائِمِينَ وَالصَّائِمَاتِ وَالْحَافِظِينَ فُرُوجَهُمْ وَالْحَافِظَاتِ وَالذَّاكِرِينَ اللَّهَ كَثِيراً وَالذَّاكِرَاتِ أَعَدَّ اللَّهُ لَهُمْ مَغْفِرَةً وَأَجْراً عَظِيماً** ) [ الأحزاب : 35 ] .

(مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا، تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسلىرىنى هارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسلىرىنى هارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، الله نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە الله نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا الله مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى.)

( مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ تَرَاهُمْ رُكَّعاً سُجَّداً يَبْتَغُونَ فَضْلاً مِنَ اللَّهِ وَرِضْوَاناً سِيمَاهُمْ فِي وُجُوهِهِمْ مِنْ أَثَرِ السُّجُودِ ذَلِكَ مَثَلُهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَمَثَلُهُمْ فِي الْأِنْجِيلِ كَزَرْعٍ أَخْرَجَ شَطْأَهُ فَآزَرَهُ فَاسْتَغْلَظَ فَاسْتَوَى عَلَى سُوقِهِ يُعْجِبُ الزُّرَّاعَ لِيَغِيظَ بِهِمُ الْكُفَّارَ وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ مِنْهُمْ مَغْفِرَةً وَأَجْراً عَظِيماً ) [ الفتح : 29 ] .

(مۇھەممەد االله نىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار االله نىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسرىدىن نىشانلار بار، ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا (ئۇلار) شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن، دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ، (مۆمىنلەرنى

مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر، الله ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىر ۋەدە قىلدى.)

( **وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ وَمَنْ يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ** ) [ الحشر : 9 ] .

(ئۇلار موهتاج تۇرۇقلۇق (مۇهاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.)

( **وَالَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الْإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ وَإِذَا مَا غَضِبُوا هُمْ يَغْفِرُونَ ، وَالَّذِينَ اسْتَجَابُوا لِرَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلاةَ وَأَمْرُهُمْ شُورَى بَيْنَهُمْ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ ، وَالَّذِينَ إِذَا أَصَابَهُمُ الْبَغْيُ هُمْ يَنْتَصِرُونَ ، وَجَزَاءُ سَيِّئَةٍ سَيِّئَةٌ مِثْلُهَا فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ فَأَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ إِنَّهُ لا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ ، وَلَمَنِ انْتَصَرَ بَعْدَ ظُلْمِهِ فَأُولَئِكَ مَا عَلَيْهِمْ مِنْ سَبِيلٍ** ) [ الشورى : 37 – 41 ] .

(گۇناھى كەبىرلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارغا، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا، پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا، ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا اﷲ نىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىدۇر. بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى اﷲ بېرىدۇ، اﷲ ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامنى ئالسا ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ.)

( **وَلا تَهِنُوا وَلا تَحْزَنُوا وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ** ) [ آل عمران : 139 ] .

((جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.)

( **قُلْ هَذِهِ سَبِيلِي أَدْعُو إِلَى اللَّهِ عَلَى بَصِيرَةٍ أَنَا وَمَنِ اتَّبَعَنِي وَسُبْحَانَ اللَّهِ وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ** ) [ يوسف : 108 ] .

(ئېيتقىنكى، «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) الله قا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. الله پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن».)

( **هُوَ الَّذِي أَيَّدَكَ بِنَصْرِهِ وَبِالْمُؤْمِنِينَ ، وَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ لَوْ أَنْفَقْتَ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعاً مَا أَلَّفْتَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ أَلَّفَ بَيْنَهُمْ إِنَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ** ) [ الأنفال : 62 – 63 ] .

(اﷲ سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۆمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى. اﷲ مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن اﷲ (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كاملەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، اﷲ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.)

( **يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاءَ لِلَّهِ وَلَوْ عَلَى أَنْفُسِكُمْ أَوِ الْوَالِدَيْنِ وَالْأَقْرَبِينَ** ) [ النساء : 135 ] .

(ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار)

**( يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ لِلَّهِ شُهَدَاءَ بِالْقِسْطِ وَلا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلَّا تَعْدِلُوا اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ )** [ المائدة : 8 ]

(ئى مۆمىنلەر! اﷲ نىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، اﷲ تىن قورقۇڭلار، اﷲ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.)

**( الم ، ذَلِكَ الْكِتَابُ لا رَيْبَ فِيهِ هُدىً لِلْمُتَّقِينَ ، الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ ، وَالَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنْزِلَ مِنْ قَبْلِكَ وَبِالْآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ ، أُولَئِكَ عَلَى هُدىً مِنْ رَبِّهِمْ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ )** [ البقرة : 1 – 5 ] .

(ئەلىف، لام، مىم . بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر. ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.)

" **المؤمن للمؤمن كالبنيان يشد بعضه بعضاً** " (56) .

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇنداق دېگەن : « مۇئمىن مۇئمىنگە نىسبەتەن بىر-بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان بىر بىناغا ئوخشايدۇ»

(56) **أخرجه الشيخان .**

**" مثل المؤمنين في توادهم وتراحمهم كمثل الجسد إذا اشتكى منه عضو تداعى له سائر الجسد بالسهر والحمى "** [57] .

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇنداق دېگەن :

«مۇئمىنلەر ئۆز ئارا بىر-بىرىنى دوست تۇتۇش، بىر- بىرىگە مېھرىبانلىق قىلىشتا بىر بەدەنگە ئوخشايدۇكى، بۇ بەدەننىڭ بىرەر ئەزاسى ئاغرىپ قالسا، بۇ بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇپ كېچىسى ئۇخلىماي، قىزىپ كېتىدۇ »

**" إن الله قد أذهب عنكم عبية الجاهلية وفخرها بالأنساب ، كلكم لآدم وآدم من تراب "** [58] .

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇنداق دېگەن : « الله سىلەردىن جاھىلىيەت ۋە ئۇنىڭ نەسەبلەردىن پەخىرلىنىش ئادەتلىرىنى كەتكۈزۈۋەتتى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئادەم بالىلىرى، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان»

---

[57] **متفق عليه .**

[58] **رواه أبو داود والترمذي .**

**" ليس الشديدُ بالصُّرعة ولكن من يملك نفسه عند الغضب "** (59)

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇنداق دېگەن :

«چېلىشتا يىقىتقان كىشى باتۇر ئەمەس، بەلكى، غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كىشى ھەقىقىي باتۇر.»

**" وتبسمك في وجه أخيك صدقة "** (60) .

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇنداق دېگەن : « سىنىڭ قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن قارىشىڭ سەدىقىدۇر.»

**" إن قامت الساعة وبيد أحدكم فَسِيلة فليغرسها "** (61) .

---

(59) **أخرجه الشيخان .**

(60) **رواه الترمذي .**

(61) **رواه أحمد .**

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇنداق دېگەن : « ئەگەر سىلەرنىڭ بىرسىنىڭ قولىدا بىر تۈپ كۆچەت بولۇپ، تىكمەكچى بولۇپ تۇرغاندا قىيامەت قائىم بولسا ئۇ شۇ كۆچەتنى تىكىۋەتسۇن.»

**عن النعمان بن بشـير رضـي الله عنهما عن النبي صـلى الله عليه وسلم، قال: (مَثَلُ الْقَائِمِ عَلَى حُدُودِ اللَّهِ وَالْوَاقِعِ فِيهَا؛ كَمَثَلِ قَوْمٍ اسْتَهَمُوا عَلَى سَفِينَةٍ, فَأَصَابَ بَعْضُهُمْ أَعْلَاهَا, وَبَعْضُهُمْ أَسْفَلَهَا, فَكَانَ الَّذِينَ فِي أَسْفَلِهَا إِذَا اسْتَقَوْا مِن الْمَاءِ مَرُّوا عَلَى مَنْ فَوْقَهُمْ, فَقَالُوا: لَوْ أَنَّا خَرَقْنَا فِي نَصِيبِنَا خَرْقًا وَلَمْ نُؤْذِ مَنْ فَوْقَنَا, فَإِنْ يَتْرُكُوهُمْ وَمَا أَرَادُوا هَلَكُوا جَمِيعًا, وَإِنْ أَخَذُوا عَلَى أَيْدِيهِمْ نَجَوْا وَنَجَوْا جَمِيعًا) رواه البخاري.** [62] .

نۇئمان **(النعمان بن بشير ــ رضي الله عنهما)** ئارقىلىق پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** دىن نەقلى قىلىنىشچە، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇنداق دېگەن : « اللەنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغۇچى ( يەنى اللەنىڭ دىنى

---

[62] **أخرجه البخاري .**

ئۇستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان، ھارام ئىشلارنى تەرك ئەتكەن، مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئورۇندىغان كىشى) بىلەن اللەنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە چۆشۈپ قالغۇچى ( يەنى ھارام ئىشلارنى قىلىدىغان، الله بۇيرۇغان مەجبۇرىيەتلەرنى تەرك ئەتكەن كىشى) خۇددى شۇنداق بىر كىشىلەرگە ئوخشايدۇكى، ئۇلار بىر كېمىگە (ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ شۇ كېمىنىڭ ئۇستىدىكى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ) چەك تاشلاپ ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىسى كېمىنىڭ ئۇستىدىكى ئورۇنداء، بەزىسى ئاستىدىكى ئورۇندا ئولتۇرىدۇ. كېمىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان كىشلەر سۇ ئىچمەكچى بولسا كېمىنىڭ ئۇستىدىكى كىشلەرنىڭ ئۇستىدىن ( ئاتلاپ )ئۆتىدۇ. كېمىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان كىشلەر: ئەگەر بىز سۇ ئىچىش ئۇچۇن كېمىدىن بىر تۆشۈك ئىچىپ ئۇستىمىزدىكى كىشلەرگە ئەرزىيەت يەتكۈزمىگەن بولساق، ( ئەلۋەتتە بىز بۇنى قىلىشقا قادىر ئىدۇق) دېيىشتى. ئەگەر كېمىنىڭ ئۇستىدىكى كىشلەر ئۇلارنى ۋە ئۇلار قىلماقچى ئىشلارنى ئۆز ھالىغا

قويۇپ بىرىپ ئۇلار بىلەن كارى بولمىسا، ( ئۇلار تەشكەن تۆشۈكتىن كېمىگە سۇ كىرىپ كېتىپ ) ئۇلارنىڭ ھەممىسى ( يەنى كېمىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان كىشىلەر ھەمدە كېمىنىڭ ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سۇغا غەرق بولۇپ) ھالاك بولىدۇ. ئەگەر كېمىنىڭ ئۈستىدىكى كىشىلەر كېمىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ كېمىدىن تۆشۈك ئېچىشىنى چەكلىسە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ( يەنى كېمىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان كىشىلەر ھەمدە كېمىنىڭ ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى) ھالاكەتتىن [63] قۇتۇلۇپ قالىدۇ»

---

**(63) مانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى دىڭىزدا كىتىۋاتقان بىر كىمىگە ئوخشىتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ اللەنىڭ دىنى ئۈستىدە مۇسەھكەم تۇرۇپ ، ھارام ئىشلارنى تەرىك ئەتكەن، مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئورۇندىغاندىن باشقا يەنە كىشلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ، ھارام ئىشلارنى تەرىك ئىتىشكە ، مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئورۇناشقا دەۋەت قىلىشى لازىملىقىنى بىز مۇسۇلمانلارغا ئەسكەرتكەن .. ئەگەر بىز مۇسۇلمانلار ئۇنداق قىلماي اللەنىڭ دۈشمەنلىرى ئويدۇرۇپ چىققان « ئۆزىڭنى بىل، يولىڭنى ماڭ، غىت قىسىۋال، سەن بىلەن مىنى بىر گوغا كۆمەمتى...» دىگەندەك شەخسىيەتچىلىك شۇئارلىرىغا ئالدىنىپ ئۆزىمىزنىڭ ئىمان ئىيتقانلىقىغا قانائەتلىنىپ، الله ئالدىدىكى كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ، ھارام ئىشلارنى تەرىك ئىتىشكە ، مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق**

**" إن الله كتب الإحسان على كل شيء فإذا قتلتم فأحسنوا القِتلة وإذا ذبحتم فأحسنوا الذِّبحة ، وليُحدّ أحدكُم شفرته وليُرحْ ذبيحته "** [64]

.

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇنداق دېگەن : «الله ھەر بىر نەرسىگە ياخشىلىقنى يازدى، ئەگەر سىلەر ئۆلتۈرسەڭلار چىرايلىق شەكىلدە ئۆلتۈرۈڭلار، ماڭ بوغۇزلىساڭلار چىرايلىق شەكىلدە بوغۇزلاڭلار، سىلەرنىڭ بىرسى مال بوغۇزلىغاندا پىچىقىنى ئىتتىك قىلسۇن ھەمدە قۇربانلىقنى راھەتلەندۈرسۇن»

---

**ئورۇناشقا دەۋەت قىلىش مەسئۇلىيىتىمىزدىن باش تارتساق ئاشۇ ئاسىي كىشىلەرگە اللەنىڭ جازاسى كەلسە (ئاشۇ كىمدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش) بىزمۇ ئاشۇ ئاسى كىشىلەر بىلەن تەڭ ھالاك بولىمىز.. شۇڭا بىز ھەر دائىم مەسئۇلىيىتىمىزنى ئورۇنداشتىن باشقا كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشىمىز لازىم!!**

**[64] رواه مسلم والنسائي والترمذي وأبو داود وابن ماجة .**

**" ألا إني أتقاكم لله وأخشـاكم له ، ولكني أصـوم وأفطر ، وأقوم وأنام ، وأتزوج النساء فمن رغب عن سنتي فليس مني "** [65] .

پەيغەمبەر **(صلى الله عليه وسلم)**مۇنداق دېگەن :

«بىلىڭلاركى، مەن اللەغا سىلەردىنمۇ بەكراق تەقۋالىق قىلىمەن ۋە اللەدىن سىلەردىنمۇ بەكراق قورقىمەن، بىراق، مەن روزىمۇ تۇتىمەن، ئىپتارمۇ قىلىمەن( يەنى؛ بەزىدە روزىمۇ تۇتمايمەن)، كېچىسى قىيامدىمۇ تۇرىمەن ھەم ئۇخلايمەن، ئاياللارغا ئۆيلىنىمەن، كىمكى مىنىڭ (بۇ) سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇ مەندىن ئەمەس»

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** بەرپا قىلغان تايانچ بازا مانا بۇ مىسـلىسـز ئۆلچەملەر ۋە ئەڭ ئالى دەرىجىلەر بىلەن بەرپا بولدى، بۇ بازا زىمىندا نېمىلەرنى قىلدى؟

ھەقىقەتەن، دەسلەپتە بۇ بازا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىدىغان مەركەز ھەمدە دەۋەتنىڭ تۇنجى

---

[65] **رواه الشيخان .**

قورغىنى بولغان ئىدى. ياكى هازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا: بۇ بازا ئومومى خەلق بازىسى ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان هەمدە ئۇنىڭ ياردىمىدە دەۋەت پۈتكۈل زېمىن ئەهلىگە تارقالغان مەركەزگە ئايلانغان ئىدى..

زىمىندا تەسىر كۆرسىتىدىغان هەرقانداق دۆۋەتنىڭ چوقۇم «ئومومى خەلق بازىسى» بولۇشى كېرەك . لېكىن ، بۇ «ئومومى خەلق بازىسى» پەقەتلا تەلەپ قىلىنغان هەجىمدە تەربىيچى قوماندان ۋە «ئومومى خەلق»نى توپلىنىشقا قىزىقتۇرالايدىغان كۈچلۈك نۇرغا ئىگە پۇختا مۇستەهكەم مەركەزنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشى كېرەك . لېكىن ، بۇ «ئومومى خەلق بازىسى» — ئەمەلىيەتتە —قوماندان بۇ بازىنى ئەڭ ياخشى سەۋىيەگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ.. بىراق، بىر پۈتۈن ئەڭ ياخشى سەۋىيەگە ئىگە بولمايدۇ.

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ جەمئىيتىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ خىل سەۋىيەگە ئىگە بولالمىغان ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر (

**صلى الله عليه وسلم )** نىڭ جەمئىيىتىدىمۇ اللەنىڭ كىتابىدا كەلگىنىدەك ھاياتى دۇنياغا بېرىلىدىغانلار، ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار ، ئىمانى ئاجىزلار، قورقۇنچاق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مۇناپىقلار بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى!

**( يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ انْفِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الْأَرْضِ )** [ التوبة : 38 ] .

(ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟)

**( وَإِنَّ مِنْكُمْ لَمَنْ لَيُبَطِّئَنَّ فَإِنْ أَصَابَتْكُمْ مُصِيبَةٌ قَالَ قَدْ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيَّ إِذْ لَمْ أَكُنْ مَعَهُمْ شَهِيداً ، وَلَئِنْ أَصَابَكُمْ فَضْلٌ مِنَ اللَّهِ لَيَقُولَنَّ كَأَنْ لَمْ تَكُنْ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُ مَوَدَّةٌ يَا لَيْتَنِي كُنْتُ مَعَهُمْ فَأَفُوزَ فَوْزاً عَظِيماً )** [ النساء : 72 – 73 ] .

(شۈبھىسىزكى، ئاراڭلاردا ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) بار، ئەگەر سىلەرگە بىرەر مۇسىبەت (يەنى مەغلۇبىيەت ياكى قىرغىنلىق) كەلسە، (ئۇ مۇناپىق) «اﷲ ماڭا ھەقىقەتەن مەرھەمەت قىلدى، چۈنكى مەن ئۇلار بىلەن (ئۇرۇشتا) بىللە بولمىدىم (بولمىسا ئۆلتۈرۈلگەنلەر قاتارىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتىم)» دەيدۇ. ئەگەر سىلەرگە اﷲ نىڭ پەزلى (يەنى غەلىبە ۋە غەنىيمەت) يەتسە، گويا سىلەر بىلەن ئۇ (يەنى مۇناپىق) نىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق دوستلۇق يوقتەك، «كاشكى مەن (ئۇرۇشتا) ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسام، چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە (يەنى غەنىيمەتتىن زور نېسىۋىگە) ئېرىشكەن بولاتتىم» دەيدۇ.)

( أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ قِيلَ لَهُمْ كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُوا الصَّـــلاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقِتَالُ إِذَا فَرِيقٌ مِنْهُمْ يَخْشَوْنَ النَّاسَ كَخَشْيَةِ اللَّهِ أَوْ أَشَدَّ خَشْيَةً وَقَالُوا رَبَّنَا لِمَ كَتَبْتَ عَلَيْنَا الْقِتَالَ لَوْلا أَخَّرْتَنَا إِلَى أَجَلٍ قَرِيبٍ

**قُلْ مَتَاعُ الدُّنْيَا قَلِيلٌ وَالْآخِرَةُ خَيْرٌ لِمَنِ اتَّقَى وَلا تُظْلَمُونَ فَتِيلاً** ) [ النساء : 77 ]

((ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى مەككىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلغانلارغا): «(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار» دېگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (يەنى ئۇلاردىن ئەجەبلەنمەمسەن؟) بۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا الله (نىڭ ئازابى) دىن قورققاندەك بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ. ئۇلار (ئۆلۈمدىن قورقۇپ): «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىھادنى پەرز قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە تەخىر قىلمىدىڭ؟ (يەنى ئەجىلىمىز يەتكۈچە تەخىر قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلمىسەك بولماسمىدى؟)» دېيدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېمىتى پانىيدۇر)، (الله تىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك

زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ئەمىلىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)».)

﴿ وَإِذَا جَاءَهُمْ أَمْرٌ مِنَ الْأَمْنِ أَوِ الْخَوْفِ أَذَاعُوا بِهِ وَلَوْ رَدُّوهُ إِلَى الرَّسُولِ وَإِلَى أُولِي الْأَمْرِ مِنْهُمْ لَعَلِمَهُ الَّذِينَ يَسْتَنْبِطُونَهُ مِنْهُمْ وَلَوْلَا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ لَاتَّبَعْتُمُ الشَّيْطَانَ إِلَّا قَلِيلاً ﴾ [ النساء : 83 ] .

((مۆمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۇستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى. (ئى مۆمىنلەر!) ئەگەر سىلەرگە الله نىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئازغىنە كىشىدىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە، شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار.)

ئەمما، مۇناپىقلارغا كەلسەك ئۇلار توغرىسىدا سىقىلماستىن سۆزلىگىن (يەنى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ جەمئىيىتىدىكى مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ئېنىق ئىدى)..

ئەگەر پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بار بولغان، ۋەھيي ئارقىمۇ-ئارقا چۈشۈپ ھەربىر قەدەمدە ئۇلارغا يوليورۇق بېرىۋاتقان ھەمدە ئۇلارنىڭ ھېس -تۇيغۇلىرى ۋە ئىش ھەرىكەتلىرىنى توغرىلاۋاتقان مانا مۇشۇنداق ھالەتتىمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى (يەنى ھاياتى دۇنياغا بېرىلىدىغانلار، ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار ، ئىمانى ئاجىزلار، قورقۇنچاق كىشىلەر، مۇناپىقلار.. قاتارلىق كىشىلەر) پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ جەمئىيىتىدە بار بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئېنىقكى «ئومومى خەلق بازىسى» نىڭ ھەممىسى بىر خىل سەۋىيەگە يېتىشى مۇمكىن بولمايدۇ ھەمدە ھەممىسىنىڭ بىر پۈتۈن ئەڭ ياخشى دەرىجىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس... لېكىن ، تارىخى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى: پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئۆز قولى بىلەن

تەربىيەلىگەن ۋە ئۇنىڭغا قان-تەرىنى سىڭدۈرگەن بۇ تايانچ بازا ناھايىتى پۇختا، ئىمان ناھايىتى چوڭقۇر ئورۇنلاشقان، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز نىشانىغا يەتكۈزەلەيدىغان دەرىجىدە نىشانى ناھايىتى ئېنىق تەۋرەنمەس بازا ئىدىكى، بۇ بازىنى ھاياتى دۇنياغا بېرىلىدىغانلار، ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار ، ئىمانى ئاجىزلار، قورقۇنچاق كىشىلەر، مۇناپىقلار، ھەتتاكى ئاشكارا دۈشمەنلەرمۇ يىقىتالمىغان ياكى نىشانىدىن ئاداشتۇرالمىغان ئىدى!! مانا بۇلار ئىمانى مۇستەھكەم، يۈكسەك سەۋىيەدىكى تايانچ بازىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ نەمۇنىسىدۇر، چۈنكى، «ئومومى خەلق» بۇنداق تايانچ بازا بولماي تۇرۇپ چۈشكۈنلەشكەندە ئۆزىنى چۈشكۈنلۈكتىن قۇتقۇزۇپ، يۈكسەك دەرىجىگە كۆتىرەيدىغان ياكى ئېغىپ كەتكەندە قەدەملىرىنى توغۇرلاپ قويىدىغان ياكى توغرا يولدىن ئېزىپ كەتسە، ئۆزىنى توغرا يولغا باشلاپ قويىدىغان كىشىنى تاپالمايدۇ.

ئۇنداق، ئىمانى مۇستەھكەم، يۈكسەك سەۋىيەدىكى تايانچ بازىنى بارلىققا كەلتۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر ئىشكى ھەرگىزمۇ تايانچ بازىنى بارلىققا كەلتۈرۈش قوشۇمچە ئىش ياكى ئېھتىياجدىن ئارتۇق ئىش ياكى تايانچ بازا بولمىسىمۇ توغرا يولنى تېپىپ ماڭغىلى بولىدىغان ئارتۇقچە ئىش ئەمەس.

بۇ يەردە پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** تەربىيەلىگەن ھەمدە «ئومومى خەلق»كە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئۇنىڭغا تايىنىدىغان يەنى: مەيلى ئۇرۇشتىكى ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىشتا بولسۇن ياكى كىشىلىك مۇئامىلە ئىشلىرىدا كىشىلەرگە ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىشتا بولسۇن ياكى جەمئىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتا بولسۇن ياكى ئەمەلى ئۈلگە بولۇش ھەمدە ئىسلام ئەھكاملىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈشتە كىشىلەرنىڭ ئاڭ-ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشتا بولسۇن ...

بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭغا تايىنىدىغان تايانچ بازا (يەنى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** تەربىيەلىگەن دەۋەتنىڭ بازىسى بولغان ساھابىلار) بار ئىدى. مانا بۇ بازا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى جاھىلىيەتكە قارشى تۇرۇپ ، ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ بىناسىنى يىقىتىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر بىنانى ( يەنى ئىسلام بىناسىنى) قۇرۇپ چىقتى.

ھەقىقەتەن، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى جاھىلىيەتكە قارشى تۇرۇپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ بىناسىنى يىقىتىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر بىنانى ( يەنى ئىسلام بىناسىنى) قۇرۇپ چىقىش ئاسان ئىش ئەمەس.

تارىخ ئەمەلىيىتىنى تەكشۈرىدىغان ۋە ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى سۈپەتلەپ بېرىدىغان قۇرئان ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغان كىشى ئىشلار ھەق دىنىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولغانغا قەدەر غايەت زور ئۇرۇشتا – مەيلى ئۇ ئۇرۇشنىڭ

قىينچىلىقلىرىغا سەبىر قىلىشتىكى روھى تىرىشچانلىق بولسۇن ياكى جىسمانىي ياكى  ماددىي تىرىشچانلىق بولسۇن- زادى قانچىلىك تىرىشچانلىقنىڭ سەرپ قىلىنغانلىقىنى ھەمدە قانچىلىك قۇربانلىق  بەرگەنلىكىنى، قانچىلىك باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكىنى، رېئال دۇنيادا قانچىلىك گۈزەل نەمۇنىلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى .. ۋە  پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )**  نىڭ ئاشۇ ساپ بولغان ئەڭ ياخشى كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىدە « ئومومى خەلق» كە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ھەقىقىي ئورنىنى بىلىدۇ ، ھەمدە بۇ تايانچ بازىنىڭ ئەرەب يىرىم ئارىلىنىڭ رېئاللىقىنى ئاندىن كېيىن پۈتكۈل زېمىن رېئاللىقىنى ئۆزگەرتكەن بۇ جىھادتىكى ئورنىنى بىلىدۇ.

بۇ ئۇرۇش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەستى. بۇ ئۇرۇش بۇزۇق ئەقىدىلەرگە، بۇزۇق قىممەت قاراشلارغا، بۇزۇق ئۆرۈپ ئادەتلەرگە، ھەرخىل بۇزۇق ئىش-ھەرىكەتلەرگە، ھەمدە بۇزۇق ئەقىدىلەر، بۇزۇق قىممەت قاراشلار، بۇزۇق ئۆرۈپ ئادەتلەر ، بۇزۇق ئىش-

ھەرىكەتلەر بۇزۇۋەتكەن ئاندىن ئۆزىنىڭ ئازغۇنلىقى ئىچىدە ئۇخلاپ قالغان ۋە ئۆزى يېتىپ كەتكەن ئازغۇنلىقنى ھەق، بۇ توغرا، بۇنى مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش كېرەك .. دەپ ھېسابلايدىغان ئازغۇن روھلارغا قارشى تۇراتتى.

مەلۇم سەۋەبتىن الله **( سبحانه وتعالى )** ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىكى كۈرەشنى كىشىلەر ئوتتا كۆيدۈرگەن نەرسىگە ئوخشاتتى:

**( أَنْزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَسَالَتْ أَوْدِيَةٌ بِقَدَرِهَا فَاحْتَمَلَ السَّيْلُ زَبَداً رَابِياً وَمِمَّا يُوقِدُونَ عَلَيْهِ فِي النَّارِ ابْتِغَاءَ حِلْيَةٍ أَوْ مَتَاعٍ زَبَدٌ مِثْلُهُ كَذَلِكَ يَضْـــرِبُ اللَّهُ الْحَقَّ وَالْبَاطِلَ فَأَمَّا الزَّبَدُ فَيَذْهَبُ جُفَاءً وَأَمَّا مَا يَنْفَعُ النَّاسَ فَيَمْكُثُ فِي الْأَرْضِ كَذَلِكَ يَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ )** [ الرعد : 17 ] .

(االله ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردى، (يامغۇر سۈيى) جىلغىلاردا لىپمۇ لىق ئاقتى، كەلكۈن سۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە كۆپۈكلەرنى لەيلىتىپ ئاقتى، كىشلەرنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ، ياكى ئەسۋاب ياساش

ئۇچۇن ئوتقا سېلىپ ئېرىتكەن مەدەنلەرنىڭمۇ[66] (يەنى كۆپۈكمۇ خۇددى كەلكۈن سۇنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشاش پايدىسىزدۇر). الله ھەق بىلەن باتىلنى بۇ مىسال بىلەن ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ، الله مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ)

شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەقىقي ئوت! كۆيدۈرىدىغان ئوت! كۆيدۈرۈپ كاۋاپ قىلىدىغان ئوت! كۆيدۈرۈپ ئېرىتىۋېتىدىغان ئوت! ... مۇئمىنلەر سەۋرچانلىق، كەسكىن ئىرادە، اللەغا تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىش بىلەن ئۇ ئوتقا بەرداشلىق بېرىدۇ. ئاندىن بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئالدى بىلەن سەبىر قىلىپ جىھاد قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ قەلبى پاكلىنىپ اللەغا ئىخلاسمەن بولغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ قەلبىدىن رەزىللىك يوقىلىدۇ، ئاندىن كىيىن باتىل ۋە ئۇنىڭ

[66] بۇ مىسالدىكى سۇ بولسا زېمىندا قالىدىغان ھەقتىن، كۆپۈك بولسا ساباتى يوق باتىلدىن ئىبارەت.

چوڭچىلىقى ۋە ئۇنىڭ زۇلۇمى يوقىلىپ ھەق ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا زېمىندىكى رەزىللىك يوقىلىدۇ..

ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىسلامنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگەندە قەدەر، بۇ تايانچ بازا ئاشۇ ۋاقىتتا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى.

ئاندىن كېيىن بۇ بازا تېخىمۇ كېڭىيىش رولىنى جارى قىلدۇردى..

ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىسلامنىڭ بازىسى، قورغىنى، مەركىزىگە ئايلاندى، لېكىن ، بۇ بازىنىڭ نىشانى پۈتكۈل زېمىننى ئىسلام قوينىغا كىرگۈزۈش ئىدى!

ھەقىقەتەن، بۇ دىن يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق نازىل بولغان ئىدى، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۆئمىنلەر پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ قوماندانلىقىدا ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلايدىغان يولباشچىلار ۋە ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىدىغان دەۋەتچىلەر ۋە ئۇلارغا دىنىنىڭ ماھىيىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدىغان مۇئەللىملەر ئىدى:

**( وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطاً لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيداً )** [ البقرة : 143 ] .

(شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق.)

**( وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ) [ آل عمران : 104 ]**

(سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر)

ئۇ ئۈنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

شۇبھىسىزكى، تارىخ قوشۇنلار ئارىسىدىكى داۋام قىلغان ئۇرۇشقا مەركەزلىشىدۇ.

ھەقىقەتەن، قوشۇنلارنىڭ ئۇرۇشى ئاخىردا كۆرەشنىڭ نەتىجىسىنى بېكىتىپ بېرىدۇ، لېكىن ، بۇ ئىشقا پەقەت قوشۇنلار ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بەلگىلەيدىغان ھەربىي كۈرەش دەپ نەزەر سېلىش كۆرەشنىڭ ھەقىقىي مۇھىم بىر تەرىپىنى يوشۇرىدۇ ھەمدە ئۇنى تار دائىرىگە چەكلەپ قويىدۇ ۋە چوڭ تەرەپتىن ئىشلارنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى يوققا چىقىرىدۇ ياكى ئىشنىڭ دەرىجىسىنى كىچىكلىتىۋىتىدۇ، ئۇ كۈرەش ئۇنىڭ ئۈچۈن داۋام قىلىدىغان ئەقىدىلەر ۋە قىممەت-قاراشلارنىڭ ئىشىدۇر.

شۇبھىسىزكى، - زامان تىلى بىلەن – كۈرەش ماھىيەتتە مەدەنىيەت كۆرىشىدۇر، يەنى ساغلام مەدەنىيەت بىلەن بۇزۇق مەدەنىيەت ، ئىسلام مەدەنىيتى بىلەن جاھىلىيەت مەدەنىيتى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتۇر. گەرچە ھەربىي كۈرەش نەتىجىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئەڭ يۇقىرى چوققا بولسىمۇ، بۇ كۈرەش قەلبنىڭ

ھەممە تەرەپلىرىنى ۋە ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومومى كۆرەشتۇر.!

تاتارلار تارىختا بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق سەلتەنىتىگە ئىگە بولۇپ زېمىننى تالان-تاراج قىلدى، لېكىن ، ئۇلار مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرەلمىدى بەلكى، تېخىمۇ ئىنقراق قىلىپ ئىيتقىنىمىزدا : الله ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىنى تەقدىر قىلغان ۋاقىتقىچە ئۇلار زېمىندىكى مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تاجاۋۇزچىلىق ۋە كۆپرىلىقنى پەيدا قىلدى..

ھازىرقى زامان تارىخىدا غەرب ھۆكۈمرانلىق سەلتەنىتىگە ئىگە بولۇپ زېمىننى تالان-تاراج قىلدى، بىراق، ئۇلاردا ماددىي ، ئىلمى، ئۇلار ئىگە بولغان تېخنىكا تەرەققىياتلىرىنىڭ ھەممىسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار مەۋجۇت بولۇشقا تىگىشلىك بولغان، ياشاشقا تىگىشلىك بولغان ھەقىقىي مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرەلمىدى. بەلكى، ئۇلار زىمىندا كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدىغان ياكى ھايات يولىدىن يوقىتىدىغان ئورمان قانۇنىنى تارقاتتى ھەمدە ئەقىدە

بۇزۇقچىلىقى ۋە بۇزۇق –خۇنۇك ئەخلاقلارنى تارىختا جاھىلىيەت تونۇغان ئەڭ قەبىھ سۈرەتتە تارقاتتى.

ھەربىي كۈرەش كۆرەشنىڭ ھەقىقىي ماھىيتى ئەمەس، ياكى دېگەن – ئەڭ ئاددىيسى- ھەربىي كۆرەشنىڭ ئۆزىلا كۆرەشنىڭ ھەقىقىي ماھىيتى ئەمەس،، بەلكى، كۆرەشنىڭ ھەقىقىي ماھىيتى بولسا قوشۇنلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغان ۋە قوشۇن غەلىبە قىلغاندا تارقىتىدىغان قىممەت –قاراشلاردۇر!

بۇ مەسىلىدە ئىسلامى پەتھى تارىختىكى بارلىق كېڭىيىش ھەرىكەتلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

زېمىننى كېڭەيتىش ئارزۇسى، زىمىندا ھۆكۈمران بولۇش ئارزۇسى، باشقىلارنى بېسىش ۋە بويسۇندۇرۇش ئارزۇسى زېمىننى پەتھى قىلىشقا ئاتلانغان ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ نىشانى ئەمەس ئىدى، بەلكى، ئۇلارنىڭ نىشانى بولسا – اللەنىڭ ئەمرى بىلەن- اللەنىڭ سۆزىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ۋە دىنىنىڭ الله ئۈچۈن بولۇشى

ئۇچۇن زىمىندا تەۋھىدنى تارقىتىش ۋە جاھىلىيەتنى ۋە ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى يوقىتىش ئىدى:

( **وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ** ) [ الأنفال : 39 ] .

(پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛)

ئۇ خۇددى رەبئىي ئىبنى ئامىر **(ربعي بن عامر رضي الله عنه)** پارسلارنىڭ قوماندانى روستەمگە دېگەن سۆزىدىكىگە ئوخشايدۇ: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز كىشىلەرنى بەندىلەرگە ئىبادەت قىلىشتىن يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىشقا، ھەرقايسى دىنلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئادىللىقىغا، دۇنيانىڭ تارچىلىقىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ كەڭچىلىكىگە چىقىرىش ئۈچۈن كەلدۇق...

ئالى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئىنساننى تاغۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن يېگانە اللهغا ئىبادەت قىلىشقا، گۇمانغا ئەگىشىشتىن ھەقىقەتكە ئەگىشىشكە، ئېزىلىش ۋە زۇلۇمدىن ئادىللىق ۋە باراۋەرلىككە، نادانلىقتىن ئىلىم -مەرىپەتكە، قاراڭغۇ-زۇلمەتتىن نۇرغا .. چىقىرىدۇ.

تارىختىكى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئىسلامى پەتھى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىشلارنى قىلالىغان ئەمەس.

ئىسلامى پەتھىدىكى گۈزەللىك پەقەتلا رۇملۇقلار ۋە پارىسلاردىن سان ۋە تەييارلىق، ئۇرۇش قىلىش تالانتى، ماددىي كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە نەچچە ھەسسە ئاجىز بولغان سان ۋە تەييارلىق جەھەتتە چەكلىك بولغان كىشىلەر غەلىبە قىلغان ئۇرۇش قىلىش تالانتىغىلا چەكلەنگەن ئەمەس، بۇ پەقەت - الله ياردەم قىلغان ۋە مەدەت بەرگەندىن كىيىن– الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان توغرا ئەقىدىنىڭ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەلبىدىكى تەسىرى ھەمدە توغرا ئەقىدىنىڭ ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە تەربىيەلەنگەنلىكىنىڭ

تەسىرى بولۇپ ، بۇ ئەقىدە سان ۋە تەييارلىق جەھەتتە چەكلىك بولغان كىشىلەرنى يىرىم ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە غەربتە دېڭىز -ئوكيانغا، شەرقتە ھىندىستانغا يېتىپ بىرىپ، ئۇ يەرنى پەتھى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى دەپلا چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ، ھەقىقەتەن بۇ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن تىز سۈرەتتە ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلامى پەتھىدىكى گۈزەللىك پەقەتلا ئۇرۇش قىلىش تالانتىغىلا چەكلەنگەن ئەمەس، شۈبھىسىزكى، ئىسلامى پەتھىدىكى گۈزەللىكى تارىخ مىزانىدا ناھايىتى چوڭ ئىشتۇر، لېكىن ، ئىسلامى پەتھىنىڭ ئەڭ چوڭ گۈزەللىكى بولسا قەلبلەرنىڭ ئىسلامغا مايىل بولۇشى ۋە نەچچە مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ مەجبۇرلانماستىن ئىسلامغا كىرىشىدۇر!!

ئىسلام تارىخىدىكى ئۇرۇش قەتئىي كىشىلەرنى ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن بولغان ئەمەس:

( **لا إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ قَدْ تَبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ** ) [ البقرة : 256 ] ..

(دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر)

بەلكى، ئىسلام تارىخىدىكى ئۇرۇش جاھىلىيەتنى ۋە جاھىلىيەت قوشۇنلىرى ھىمايە قىلىۋاتقان جاھىلىيەت نىزاملىرى ئۇنىڭغا ئاساسلىنىدىغان جاھىلىيەت ئەقىدىلىرىدىكى جاھىلىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن بولغان ئىدى، ئەگەر بۇلار يوقىتىلسا ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئەركىن بولۇپ ئۆزلىرى خالىغان يولنى تاللايدۇ:

( **قَدْ تَبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِنْ بِاللَّهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى لا انْفِصَامَ لَهَا وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ** ) [ البقرة : 256 ] .

(ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى اﷲ تىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، اﷲ قا ئىمان ئېيتىدىكەن،

ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر)

ئەمما، روشەن ئازغۇنلۇقتا تۇرۇپ ئۆز دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان يەنە بىر كىشىگە كەلسەك، ئۇ مۇئمىنلەرگە ئەرزىيەت يەتكۈزمىگەن ھەمدە ئۇلارغا ئۇرۇش قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ئۆزى ۋە دىنى ۋە مەۋجۇدىيىتى ساقلاپ قالسا بولىدۇ:

**( لا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ أَنْ تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ )** [ الممتحنة : 8 ] .

((كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ)

مەجبۇرلانماستىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىسلامغا كىرگەن مانا بۇ مىليونلىغان كىشىلەر ئىسلامنىڭ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلدىغان ۋە بۇ دىنىنىڭ يوليورىقى بويىچە ياشايدىغان ۋە ئىسلام ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە تەربىيەلەنگەن ھەمدە ئۇنى قارىغۇچىلارنى ئەجەپلەندۈرگىدەك ۋە ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ، ئۇنىڭغا كىرىدىغان دەرىجىدە رېئاللىقتا ئايلاندۇرغان كىشىلەر ئىچىدە ئەكس - ئەتكەنلىكىنى كۆرگەن ۋاقىتتا، ئۇلار بۇ دىنغا كىردى. ئەگەر ئىسلامغا كىرگەن بۇ كىشىلەر بۇ خىل گۈزەل سۈرەتتە بولمىغان بولسا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇنچىلىك كۆپ كىشى بۇ يېڭى دىنغا كىرمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇش مەيدانىدا مەغلۇپ بولسا زېمىن پەتھى قىلىنىشى مۇمكىن ، لېكىن ، قەلبلەر پەتھى بولمايدۇ! الله **(سبحانه وتعالى )** پەيغەمبىرى**( صلى الله عليه وسلم )** گە مۇنداق دەيدۇ:

( **وَلَوْ كُنْتَ فَظّاً غَلِيظَ الْقَلْبِ لاَنْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ** ) [ آل عمران : 159 ]

(اﷲ نىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى)

ئۇ بولسا الله **(سبحانه وتعالى )** نىڭ پەيغەمبىرى**( صلى الله عليه وسلم )** دۇر. ئەگەر پەتھى قىلغۇچى كىشىلەر مۇكەممەل ئەخلاققا ئىگە بولمىسا قانداق بولىدۇ؟!

ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە خەلقنى بىر پۈتۈن ئىسلامغا كىرگۈزۈش بولسا پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ كۆڭۈل بۆلىشى ئۇنى تېخىمۇ ئالى ماقامغا ئېرىشتۈرگەن، ئۇنىڭ بىلەن خالىغىنىنى قىلىدىغان اللەنىڭ تەقدىرىنىڭ پەردىسى بولۇشى ئۈچۈن ئاشۇ تايانچ بازىنى ئۇنىڭ بىلەن تەربىيەلىگەن ئاشۇ مىسلىسىز تەربىيەنىڭ نەتىجىسىدۇر.

**( هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ** )[الصف: 9 ]

(اﷲ ھەق دىننى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى)

ئىسلامى پەتھىنىڭ گۈزەللىكى پەقەتلا ئاشۇ ئۈممەتلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگىلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى، ئىسلامى پەتھىنىڭ گۈزەللىكى شۇنىڭدەك - پەيغەمبەر ( **صلى الله عليه وسلم** ) ئىسلام بىلەن تەربىيەلىگەن – مۇسۇلمانلار پەتھى قىلىنغان شەھەرلەر ۋە ئۇ شەھەرلەردىكى ئۆز دىنىدا قىلىپ قالغان كىشىلەرگە قىلغان ئادىل مۇئامىلىرىدە ھەم ئاشكارا بولغان ئىدى.

ئۆمەر (**رضي الله عنه** ) نىڭ ئەمر ئىبنى ئاس (**رضي الله عنه** ) نىڭ ئوغلى ئۇرغان مىسىرلىق خرىستىيان ياشنىڭ دادىسى بىلەن بولغان قىسسىسى تارىختا مەشھۇر بولغان ھەمدە ئۆمەر (**رضي الله عنه** ) نىڭ ئەمر ئىبنى ئاس (**رضي الله عنه** ) غا : « ئى ئەمر! سىلەر قاچاندىن باشلاپ كىشىلەرنى قۇل قىلدىڭلار، ھالبۇكى،

ئۇلارنى ئانىلىرى ئەركىن ھالەتتە تۇغقان ئىدى› دېگەن سۆزىمۇ ھەم تارىختا مەشھۇر ۋە مىسلىسىز بولغان ئىدى.

بۇلار ئىسلامى پەتھىدىكى ئاشۇ گۈزەللىكلەرنىڭ چەكلەپ قويالمايدۇ، مەسىلەن: بۇ ئۇممەتلەرنىڭ –مەجبۇرلانماستىن - بىر پۈتۈن ئەرەب تىلىغا كىرىشى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاجايىپ ئىشتۇر! چۈنكى، ئاشۇ خەلقلەر ئۆز تىللىرىنى ئۇنتۇغان ئىدى، ھەتتاكى، ئۆز دىنىدا قىلىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تىللىرىمۇ ئەرەب تىلىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇلار ئەرەب تىلىدا سۆزلىشەتتى، ئەرەب تىلىدا تەپەككۇر قىلاتتى، ھەمدە ئۆز ئىبادەتلىرىنىمۇ ئەرەب تىلىدا قىلاتتى!

ئىسلامى پەتھىدىكى ئاشۇ گۈزەللىكلەر تۈگەپ كەتمەيدۇ، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ تايانچ بازىنى تەربىيەلەشكە كۆڭۈل بۆلىشى بۇ بازىنىڭ قۇرغۇچىسى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** اللەنىڭ دەرگاھىغا كەتكەندىن كېيىنمۇ پىرىنسىپىنىڭ دائىم داۋاملىششىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلىك – ئۆزىدىكى ھاياتىنىڭ ھەربىر مەيدانىدىكى يۈكسەك ئۈلگىلىرى بىلەن- بۇ ھەقىقەتنىڭ راستلىقىنىڭ دەلىلىدۇر، چۈنكى، ۋەھيي ئۈزۈلگەن ۋە ئەڭ چوڭ تەربىيچى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئۆز ئوبرازى بىلەن بۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كىيىن توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلىك پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ پىرىنسىپلىرىنىڭ ئەمىلى داۋاملىشىشى بولدى.

ئېنىقكى، مانا بۇ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىگە يەتكەن گۈزەل دەۋر ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمىدى، لېكىن بىر قىسىم شەرىقشۇناسلار ۋە بۇ دىنىنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرى پىتنە پاسات تېرىغاندەك ئۇنىڭدىن تۆۋەنگە چۈشۈش ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلىك بولماستىن، بەلكى، بۇ دەۋر ئەڭ ئېگىز يۈكسەك ئۇپۇقلاردا پەرۋاز قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ دەۋرىمدىكى كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەمەللىرى الله **(سبحانه وتعالى )** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى**( صلى الله عليه وسلم )** تەرىپىدىن پەرز قىلىنغان ئەمەللەرنى قىلىشتىن باشقا يەنە

ئىختىيارى نەپلە ئەمەللەرنى قىلىشقا مەركەزلەشكەن ئىدى. ئەگەر ئۇلار ئاشۇ يۈكسەك ئۇپۇقلاردىن زىمىنغا چۈشسە ( يەنى نەپلە ئەمەلنى قىلىشتىن چېكىنىپ پەرز ئەمەلنى قىلىشقا چۈشۈپ قالسا) ماھىيەتتە ئىسلامنىڭ چېگراسىدىن چىقىپ كەتمەيتتى، بەلكى، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئۇپۇقنى قورشاپ تۇرغان قاناتلىرى سەل بوشاپ قالاتتى، ئاندىن ئۇلار زىمىنغا چۈشۈپ مۇستەھكەم قەدەملىرى بىلەن ماڭاتتى! – ئۇلار ئاشۇ يۈكسەك چوققىلاردا پەرۋاز قىلىشتىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن – ئۇلارنىڭ زىمىندا تەۋھىدنى تارقىتىشى ۋە ئىنسانىيەتكە ياۋروپا مىلادى 17-ئەسىرگىچە ئۇنىڭدىن نۇر قوبۇل قىلغان ئالى مەدەنىيەت قىممەتلىرىنى تەقدىم قىلىشى ئۇلارغا يېتەرلىك ئىدى!

شۇنداق بولسىمۇ، ئاشۇ دەۋر پەقەتلا بىر ئاز لاپپىدە يورۇپ يوقاپ كەتكەن چاقماقتا ئوخشىمايتتى، چۈنكى، ئۇنىڭ پارلاپ تۇرغان نۇرى ھېلىمۇ-ھەم ھازىرغىچە يولنى يورۇتماقتا ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ الله خالىغان ۋاقىتقىچە يولنى يورىتىدۇ! بۇ دەۋر – ئۆزىنىڭ ئەملى

ئۇلگىلىرى بىلەن - ئەۋلادلارغا مەدەت بەرمەكتە، ھەر بىر ئەۋلاد شۇ دەۋرنى داۋاملاشتۇردۇ ۋە شۇ يۈكسەك ئۈپۈققا ئۆرلەشكە ئۇرۇنىدۇ. گەرچە ئۇ ئەمەلىيەتتە شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ شۇ ئۈپۈققا ئۆرلەشكە ئىنتىلىشى ئۇنىڭغا يېتەرلىكتۇر.، چۈنكى ئۇنىڭ شۇ ئۈپۈققا ئۆرلەشكە ئىنتىلىشى ھەر دائىم ھاياتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ جەلپ قىلغۇچى زىننەتلىرىنىڭ سەۋەبىدىن چۈشكۈنلىشىشكە ئىلىپ بارىدىغان جىم ئولتۇرۇۋىلىشتىن كۆپ ياخشى.

ئىسلام تارىخىدىكى ھەرقانداق ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى پەقەتلا ئۇنىڭ نۇرى يولنى يورۇتقان ئاشۇ پارلاق دەۋرنىڭ تەسىرلىرىدىن بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىقشۇناسلار ۋە ئىسلامنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرى ئاشۇ پارلاق نۇرنى ئۆچۈرۈش ۋە ئۇنىڭ نۇرنىڭ ئەۋلادلارغا يېتىپ ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۇ نۇردىن نۇر قوبۇل قىلىپ يېڭى چوققىغا ئۆرلەپ قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن، ئاشۇ يۈكسەك دەۋرنى سەتلەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قەبىھ

ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تولىمۇ يىراق، چۈنكى، ئۇلار اللەنىڭ تەقدىرىگە سەركەشلىك قىلىۋاتىدۇ:

( **يُرِيــدُونَ لِيُطْفِئُوا نُورَ اللَّــهِ بِــأَفْوَاهِهِمْ وَاللَّــهُ مُتِمُّ نُورِهِ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ** ) [ الصف : 8 ] .

(ئۇلار الله نىڭ نۇرىنى (يەنى الله نىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر)

بۇ يەردە بىزگە پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ ئاشۇ بازىنى تەربىيەلەشتە چەكسىز ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر ئىش ئۇچرايدۇ ، ئۇ ئىش بولسىمۇ پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم )** گە ئىشلارنى مەسلىھەت سىلىشىدۇر.

بىز ئالدى بىلەن شۇنداق سوئالنى سورايمىزكى: پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** گە ۋەھيي چۈشۈۋاتقان ھەمدە مۇسۇلمان جامائەتتىن خاتالىق سادىر بولغاندا ۋەھيي ئۇلارنىڭ يولىنى توغرىلاۋاتقان ھەمدە پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ ئۆزىدىنمۇ : (پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ ئۇممى مەكتۇمنىڭ ئوغلى بىلەن بولغان ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ بەدىر ئۇرۇشىنىڭ ئەسىرلىرى توغرىسىدىكى ئىشلىرىغا ئوخشاش) بەزى بىر ئىش ھەرىكەتلەر سادىر بولغاندا ۋەھيي ئۇنى توغرىلاپ قويۇۋاتقان تۇرسا، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم )** دىن مەسلىھەت سوراشقا مۇھتاجمىدى؟

ياق! پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** دەۋەت يۈكلىرىنى كۆتۈرۈۋاتقان ھەمدە مەككىدىكى ۋە مەدىنىدىكى مۇئمىن جامائەتلەرنىڭ ھاياتىنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان بۇنداق ھالەتتە ئۇ ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم )** دىن مەسلىھەت سوراشقا موھتاج ئەمەستى. بىراق، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )**

ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم )** دىن مەسلىھەت سوراش تەربىيە ۋە ئۇنىڭ تەلپى ئىدى.

شۈبھىسىزكى، كىشىلەرنى پەقەتلا قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بىلەنلا تەربىيەلەش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا چېك ئېسىلىدىغان ئەسكەرلەرنى تەربىيەلەپ چىقىدۇ، بىراق، ئەسكەرلەرگە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان قوماندانىنى تەربىيەلەپ چىقالمايدۇ!

(پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ بۇيرۇقىغا چىڭ ئېسىلىش الله تەرەپتىن پەرز قىلىنغان ئىبادەتتۇر:

( **مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ** ) [ النساء : 80 ] .

(كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ الله قا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر الله نىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ).)

( **وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلَّا لِيُطَاعَ بِإِذْنِ اللَّهِ** ) [ النساء : 64 ] .

(بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق اﷲ قا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ))

( **وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا** ) [ الحشر : 7 ] .

(پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار)

( **يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ** ) [ النساء : 59 ] .

(ئى مۆمىنلەر! اﷲ قا، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار،)

( **فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَنْ تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ** ) [ النور : 63 ] .

(پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن)

**( مَا كَانَ لِأَهْلِ الْمَدِينَةِ وَمَنْ حَوْلَهُمْ مِنَ الْأَعْرَابِ أَنْ يَتَخَلَّفُوا عَنْ رَسُولِ اللَّهِ وَلا يَرْغَبُوا بِأَنْفُسِهِمْ عَنْ نَفْسِهِ )** [ التوبة : 120 ] .

(مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس ئىدى.)

گەرچە ئۆز قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا چىڭ ئېسىلىش الله تەرەپتىن پەرز قىلىنغان ئىبادەت بولۇشتىن سىرت يەنە نىجاتلىققا ئېرىشىش ۋە غەلىبە قىلىش ھېسابلانسىمۇ بىراق، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم )** دىن پەقەتلا ئۇلارنىڭ

ئۆز قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا چىڭ ئېسىلىدىغان ئەسكەرلا بولۇشنى ئىرادە قىلمايدۇ، بەلكى، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم )** دىن ئىنسانىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان يېتەكچى قوماندانلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى ، ئۇلار ئارقىلىق اللەنىڭ تەقدىرى ۋە اللەنىڭ بۇ ئۇممەتنى چىقىرىشتىكى مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئىششىنى ئۈمىد قىلىدۇ:

( **وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطاً لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيداً** ) [ البقرة : 143 ] .

(شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق.)

قوماندانلىق قىلىش ۋە ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش ئۈستىدە تەربىيەلەش پەقەتلا قوماندانىنىڭ تەربىيەلەۋاتقان كىشىلەردىن مەسلىھەت سورىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ ..

قوماندانىنىڭ تەربىيەلەۋاتقان كىشىلەردىن مەسلىھەت سورىشى ئۇلار ئىچىدە ئاڭ پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرىدۇ:

( **قُلْ هَذِهِ سَــبِيلِي أَدْعُو إِلَى اللَّهِ عَلَى بَصِــيرَةٍ أَنَا وَمَنِ اتَّبَعَنِي وَسُبْحَانَ اللَّهِ وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ** ) [ يوسف : 108 ] .

(ئېيتقىنكى، «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) اﷲ قا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. اﷲ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن»)

ئايەتنىڭ سىياقىدىن شۇ روشەن بولدىكى ‹بەسىرەت[67] ›

(67) بەســىرەت-دەۋەت يولىدا هوشــيار، پەم-پاراســەتلىك، چىچەن بولۇشــنى كۆرسىتىدۇ. .

ئەسلى مەۋجۇت بولغان نەرسە بولۇپ (مۇسۇلماندىن ) ئىمان بىلەن بىرگە بەسىيرەت بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، الله بۇ ھەقتە مۇنداق ئىبارەت كەلتۈرىدۇ:

(سُبْحَانَ اللَّهِ وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ)

(الله پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن)

مۇئمىندىن ئىمان ئېيتىش تەلەپ قىلىنىدۇ، لېكىن ، شۇنىڭدەك بۇ دىنىنىڭ رېئال دۇنيادا ھەرىكەت قىلىشى، بەسىيرەتنىڭ ئۆز مېۋىسىنى تولۇق بىرىپ پۈتكۈل تىرىشچانلىقلار ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمى خاتا ھەرىكەت سەۋەبىدىن بىكار بولۇپ كەتمەسلىكى ياكى ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىنماسلىقى ئۈچۈن بەسىيرەتنىڭ بولىشىمۇ ھەم تەلەپ قىلىنىدۇ.

قوماندانىنىڭ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىدىن مەسلىھەت سورىشى ئەگەشكۈچىلەرنى مەسلىلەرگە ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ مۇناسىپ

پوزىتسىيە تۇتۇش ئۈچۈن ئەقلى بىلەن خىلمۇ-خىل مەيدانلار ۋە خىلمۇ-خىل قاراشلار ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈردۇ،

شۇنىڭدەك، قوماندانىنىڭ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىدىن مەسلىھەت سوراش ئەگەشكۈچىلەرنى مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا ئادەتلەندۈردۇ. پىكىر قىلىش ئامانەت بولغانلىق تەرەپتىن بىر مەسئۇلىيەتتۇر..

مەسلىھەت سوراش تەكرارلانغان، تەپەككۇر قىلىش ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بىلەن سىنىلىش تەكرارلانغان ۋاقىتتا، ئىنسان ئەمىلى مەيدانلارغا قارشى تۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ-دە ئۇنىڭ ھېس -تۇيغۇلىرى قارشى تۇرۇشتىن قاچمايدۇ ھەمدە مەسئۇلىيەتتىن باش تارتمايدۇ، بۇ نەتىجە قازانغان قوماندانىدىن تەلەپ قىلىنىدىغان سۈپەتلەردۇر. مۇقەررەركى، بارلىق ئىنسانىنىڭ ماھىر قوماندان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ، ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلىنغان مەشقنى قوبۇل قىلىپ، دەرىجىلىرى ئاشكارىلىنىپ

سالاھىيتى توشمىغان كىشىنىڭ ئاشكارا بولۇشى ئۈچۈن سەن تەربىيەلەۋاتقان كىشىلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بەرمىگۈچە ماھىر قوماندان بولۇشقا سالاھىتى توشمىغان كىشىنى ھەرگىز بىلەلمەيسەن.. ئەمما، سەن ئۇلارنى بارلىق ئىشلاردا بۇيرۇقنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش پرىنسىپى بىلەنلا تەربىيەلىسەڭ بىرەر كىشىگە تەلەپ قىلىنغان تەجرىبە -سىناقلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ، سەن مەسئۇلىيەتنى ئۇنىڭغا يۈكلىگەن ۋاقىتتا ئۇ زەربىگە ئۇچراپ ئارقىدىنلا مەغلۇپ بولىدۇ، گەرچە ئۇلار قوماندان ھايات ۋاقتىدا ئىخلاسمەن ئەسكەرلەر بولسىمۇ، بىراق، تەجرىبىلىك قوماندان كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قولىدا بارلىق ئىشلار مەغلۇپ بولىدۇ!

مانا بۇ يەردىن پەيغەمبەر ( **صلى الله عليه وسلم** ) نىڭ مەسلىھەت سوراشتىن بىھاجەت تۇرۇپ، ساھابىلىرى (**رضوان الله عليهم** ) دىن مەسلىھەت سوراشقا ھېرىسمەن بولۇشى ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ( **صلى الله عليه وسلم** ) ساھابىلىرى

**(رضوان الله عليهم )** نى ئۆزىدىن كېيىنكى تەجرىبىلىك قوماندانلار بولۇشقا ياكى ئەڭ ئاددىيسى ئىشلارنىڭ توختاپ قالماي داۋاملىشىشى ۋە ئەڭ چوڭ قوماندان كەتكەندىن كېيىن ۋەيران بولماسلىقى ئۈچۈن توغرا پىكىر قىلالايدىغان مەسلىھەتچىلەر بولۇشقا تەييارلىغان ئىدى.

ئەنە ئاشۇ پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** تەربىيەلىگەن تايانچ بازىدۇر، مانا بۇ ئۇ بازىنىڭ تارىختىكى رولىدۇر.

بۇ بازىنى بارلىققا كەلتۈرۈش قوشۇمچە ئېھتىياج بولغان ئەمەس ھەمدە پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئاشۇ بازىنى تەربىيەلەشتە سەرپ قىلغان غايەت زور تىرىشچانلىقلار ئارتۇقچە ئىش بولماستىن، بەلكى، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ ئاشۇ بازىنى تەربىيىلىشى اللەنىڭ ئىلھامى ۋە ئۇنىڭ ياردىمى ۋە ئۇنىڭ توغرا يول كۆرسىتىشى بولغان بولۇپ، ئۇ بازا بۇ دىنغا نىسبەتەن ئەڭ زۆرۈر ئىش ئىدى.

هازىر بىز مۇسۇلمانلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنىڭ ھەقىقىي سۈرىتىنى ۋە پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ ئەڭ ئاۋۋال بۇ دىنىنىڭ يۈكلىرىنى كۆتۈرىدىغان ئاشۇ بازىنى تەربىيەلەشتىكى پىرىنسىپىدىن نەمۇنىلىك ئورۇننى بىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالىغا يۈتكىلىمىز.

بۇ كۈندە جاھىلىيەتنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟

ئىبنى تەيمىيە (**ابن تيمية رحمه الله**) مۇنداق دەيدۇ: « پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا كەلسەك ئەركىن جاھىلىيەت خۇددى ئۇ شەھەرلەر كاپىرلار دىيارىدەك، ھەربىر شەھەردە ۋە ھەربىر شەخستە بولۇشى مۇمكىن ، بىر كىشى مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى گەرچە ئۇ ئىسلام دىيارىدا بولسىمۇ جاھىلىيەتتە بولغىنىغا ئوخشاش.

ئەمما ئەركىن زاماندا: يەنى مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )** پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن بولسا ئەركىن جاھىلىيەت مەۋجۇت بولمايدۇ، چۈنكى، مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )**

نىڭ ئۈممىتىدىن قىيامەتكىچە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدىغان بىر بۆلۈك جامائەت مەۋجۇت بولىدۇ. لېكىن ، كىشەنلەنگەن جاھىلىيەت بىر قىسىم مۇسۇلمانلار دىيارلىرىدا ۋە نۇرغۇن مۇسۇلمان شەخسلەردە بولۇشى مۇمكىن »

ئەگەر بۇ مۇسۇلمانلار گەرچە دىنىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىغا سەل قاراۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان دىنى ئىشلىرىغا چىڭ ئېسىلىۋاتقان ھىجرىيە سەككىزىنچى ئەسىردىكى ئەھۋاللار بولسا .. بۈگۈنكىدەك اللە چۈشۈرگەن نەرسىلەرنىڭ غەيرى بىلەن قانۇن چىقىرىش ھەمدە اللە چۈشۈرگەن نەرسىلەرنىڭ غەيرى بىلەن ئىشلارنى يولغا قويۇش ۋە چەكلەش بىدئەتلىرى يامراپ كېتىۋاتقان، اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈم قىلىشى تۈرلۈك قانۇن تۈزۈملەر بىلەن چەكلىنىۋاتقان، اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلىش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىنىدىغان جىنايەتلەرگە ئايلىنىپ قىلىۋاتقان ھەمدە نەچچە يۈز مىڭلىغان كىشىلەر شۇ سەۋەبتىن تۈرمىلەردە ئازابلىنىۋاتقان...ئاياللارنىڭ

يالىڭاچلىنىشى جەمئىيەتنىڭ ئەسلى ئىقىمغا ئايلىنىپ، ئاياللارنىڭ –الله بۇيرۇغاندەك – ھىجابلىنىشى ئىنكار قىلىنىدىغان بىدئەت ئىشقا ئايلىنىپ پۇتكۇل ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تۇرلۇك ۋاستىلار بىلەن ھۇجۇم قىلىش نىشانىغا ئايلىنىپ قىلىۋاتقان.. «قانۇن» ئىككى تەرەپ (يەنى ئەر-ئايال) رازى بولسىلا زىنا-پاھىشە ئىشلىرىنى ھىمايە قىلىۋاتقان، خۇددى ئىككى تەرەپ (يەنى ئەر-ئايال) بۇ ئىشنىڭ ئىگىسىدەكلا، الله **( سبحانه وتعالى )** نىڭ بۇنىڭغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوقتەكدەك ھەمدە الله **( سبحانه وتعالى )** نىڭ جاھىلىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشىسا دۇرۇس بولمايدىغاندەكدەك ۋە الله **( سبحانه وتعالى )** ئىشلارنى يولغا قويۇش ۋە چەكلەش ھوقۇقى يوقتەكدەك.. الله يولىدا ۋە الله ئۇچۇن ياخشى كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈش زامان ئېقىمى قوبۇل قىلمايدىغان ئۆچ كۆرۈلىدىغان مۇتەئەسسىپلىك تەمسىللىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغان.. ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ ئەۋزەل شارائىتلىرى بىلەن ئالەم بىر شەھەرگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ ئۇنىڭ ئۆرۈپ-ئادەتلىرى،

ئەنئەنىلىرى، ئىدىيەلىرىنى ھەرقانداق پاكىت بىلەن ھەمدە قاتتىق ئۆچ كۆرىلىدىغان ۋە مۇتەئەسسىپلىك پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتقان دىن بىلەن بۇزۇشقا بولمايدىغان بولۇپ قالغان... ۋە يەنە... ۋە يەنە... ۋە يەنە... !!!

ئەگەر ئىبنى تەيمىيە **(ابن تيمية رحمه الله)** مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقىدەك مۇشۇنداق ئەھۋالىنى كۆرگەن بولسا قانداق بولاتتى.. ئۇ بۇ توغرىسىدا نېمىلەرنى دەيتتى؟!

ئەگەر ئىبنى تەيمىيە **(ابن تيمية رحمه الله)** غەربنىڭ ۋە نۇرغۇنلىغان ئىسلام دىيارلىرىنىڭ ھازىرقىدەك ئەھۋالىنى كۆرگەن بولسا قانداق بولاتتى.. ئۇ بۇ توغرىسىدا نېمىلەرنى دەيتتى؟!

**" بدأ الإسلامُ غريباً ، وسيعود غريباً كما بدأ "** [68] ..

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئىسلام غەرىب ھالەتتە باشلانغان يەنە غەرىب ھالىتىگە قايتىدۇ..»دېگەن .

---

[68] **أخرجه مسلم .**

بۈگۈن بۇ غەرب كىشىلەردىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى نېمە ؟

ئۇلار اللەنىڭ دەرگاھىدىكى بۇ كارامەتنى ئۇنىڭ بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇدىغان ئۇلۇغ نەرسە نېمە ؟

ئىسلامنىڭ ئىككىنچى غۇربەتچىلىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاشۇ غەرىبىلەر كۆرستىۋاتقان بارلىق تىرىشچانلىقلارغا اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەجىر بېرىلىدۇ :

**( ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ لا يُصِيبُهُمْ ظَمَأٌ وَلا نَصَبٌ وَلا مَخْمَصَةٌ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلا يَطَأُونَ مَوْطِئاً يُغِيظُ الْكُفَّارَ وَلا يَنَالُونَ مِنْ عَدُوٍّ نَيْلاً إِلَّا كُتِبَ لَهُمْ بِهِ عَمَلٌ صَالِحٌ إِنَّ اللَّهَ لا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ ، وَلا يُنْفِقُونَ نَفَقَةً صَغِيرَةً وَلا كَبِيرَةً وَلا يَقْطَعُونَ وَادِياً إِلَّا كُتِبَ لَهُمْ لِيَجْزِيَهُمُ اللَّهُ أَحْسَنَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ )** [ التوبة : 120 – 121 ] .

(بۇ (يەنى ئۇلارنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله نىڭ يولدا ئۇچرىغان

ئۇيسىزلۇق، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىقتا سالىدىغان ھەر بىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۇستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەر بىر نەرسىسى ئۈچۈن (اﷲ نىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ، اﷲ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ (اﷲ نىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەر بىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ)

لېكىن ، بۇنداق دېگەنلىك بۇ غەرىبلەرنىڭ ماڭىدىغان يولىنىڭ بارلىقىنى ھەمدە ئۇلارنى ئىسلامنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىدىن غۇربەتچىلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىلىپ بېرىۋاتقان ئەمەللىرىدە قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ئەۋزەللىكلەرنىڭ بارلىقىنى يوققا چىقارمايدۇ.

ئۇ ئارقىلىق دەۋەت ئومومى خەلقكە يۈزلىنىدىغان تايانچ بازا بولماي تۇرۇپ دەۋەت ئىشلىرى لاياقەتلىك بولامدۇ؟

بىز ئالدى بىلەن شۇنداق دەيمىزكى: بىز بازىنى - يەنى مەيلى ئۇ تايانچ بازا بولسۇن ياكى ئومومى خەلق بازىسى بولسۇن- پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** قۇرۇپ چىققان تايانچ بازىنىڭ سەۋىيەسىدە قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلمايمىز.. شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن ، بۇ يەردە بازا قۇرۇپ چىقىشتا بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر ئۆلچەملەر بار، گەرچە بۇ ئۆلچەملەرنى تولۇق ئورۇنداش بىزدىن يېتەرلىك تىرىشچانلىق، يېتەرلىك ۋاقىت، جاپا مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشنى تەلەپ قىلسىمۇ.. بۇ ئۆلچەملەرنى تولۇق ئورۇنداش كېرەك .

شۈبھىسىزكى، بىز ھەرقانداق بىر كىشىدىن مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم )** پەرۋاز قىلغان ئالى ئۇپۇقلاردا پەرۋاز قىلىشنى تەلەپ قىلمايمىز، گەرچە ئىسلام تارىخى داۋامىدا ئۇلارنىڭ داۋام قىلىشى قەتئىي ئۈزۈلۈپ

قالمايدىغان، ئۆزلىرىنى ئاشۇ يۈكسەك ئۇپۇققا كۆتۈرگەن شەخسلەر بولسىمۇ بۇ ھېچقانداق كىشىگە مەجبۇرى تاڭىدىغان ئىش ئەمەس.

لېكىن ، بىز ئەمىلىمىزنىڭ اللەنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىشى ۋە اللەنىڭ ئىزنى بىلەن نىجاتلىققا ئېرىشىش سالاھىتىنىڭ ھازىرلىنىشى ئۈچۈن زېمىن ئۈستىدە مۇستەھكەم قەدەملەر بىلەن مېڭىشنى تەلەپ قىلىمىز.

ئۇنداقتا، ئومومى خەلق بازىسىنى بىنا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يولىيورۇق بىرىش ۋە ئۇنى تەربىيەلەشتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان تايانچ بازا بەرپا قىلىشتىكى ئۆلچەملەر قايسىلار؟

ئۇ بازا ئۈچۈن پەقەتلا الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، نامازنى ئادا قىلغان، زاكات بەرگەن ۋە اللەغا باش ئىگىدىغان ھەرقانداق ئىنسان لايىق كېلەمدۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى چوڭ ئۆلچەم بولۇپ، دەۋەتنىڭ بازىسى بولماقچى بولغان كىشىلەردىن بۇلارنىڭ ھەممىسى تەلەپ قىلىنىدۇ، لېكىن ، بۇلار قايسى دەرىجىدە تەلەپ قىلىنىدۇ؟

تايانچ بازىدىن پەقەت مۇشۇلا تەلەپ قىلىنامدۇ؟

مەن ئىلگىرى بىر مىسالنى كەلتۈرگەن ئىدىم، مەن بۇيەردە ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمەن... ئەگەر يولدا كېتىۋاتقان بىر ئىنساندىن: ساڭا كىم رىزىق بېرىدۇ؟ دەپ سورىساڭ شۈبھىسىزكى، ئۇ دەرھال: اللە رىزىق بېرىدۇ- دەپ جاۋاب بېرىدۇ! ئەگەر ئۇ رىزىق ئىشىدا ئەزىيەتكە ئۇچرىسا پالانى كىشى مېنىڭ رىزقىمنى ئۈزۈپ قويماقچى بولۇۋاتىدۇ -دەيدۇ.

‹اللە رىزىق بەرگۈچى، كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە كۈچلۈك زات› دېگەن بۇ ھەقىقەتكە ئىمان ئېيتىش ئۇنىڭ ھېس -تۇيغۇسىدا چوڭقۇر ئورۇنلاشقان ھەمدە بۇ ئىمان ئىش ھەرىكەتلەر ئۇنىڭغا ئاساسلىنىدىغان قەلبتىكى چوڭقۇر ئىشەنچ قىلىدىغان كۈچلۈك ئىمانغا ئايلانغان بولامدۇ؟ ياكى بۇ ئىمان قەلبتىكى چوڭقۇر ئىشەنچ قىلىدىغان كۈچلۈك ئىمانغا ئايلانغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئىمانىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا موھتاج بولامدۇ؟ اللە پايدا يەتكۈزگۈچى، زىيان

يەتكۈزگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى، تىرىلدۈرگۈچى دېگەن ھەقىقەتكە ئىمان ئېيتىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ:

**( وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ آمَنَّا بِاللَّهِ فَإِذَا أُوذِيَ فِي اللَّهِ جَعَلَ فِتْنَةَ النَّاسِ كَعَذَابِ اللَّهِ )** [ العنكبوت : 10 ] .

(بەزى كىشىلەر: «االله قا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، االله نىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۈلپەتنى االله نىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ)

مانا بۇنداق كىشى دەۋەت بىناسىنى كۆتۈرىدىغان تايانچ بازىدىكى بىر خىش بولۇشقا يارامدۇ؟ ئۇ دەۋەت يولىدا كەلگەن سىناققا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟ دەۋەت يولىدا كەلگەن سىناق بولسا اللەنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇ:

( **الم ، أَحَسِبَ النَّاسُ أَنْ يُتْرَكُوا أَنْ يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لا يُفْتَنُونَ ، وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ** ) [ العنكبوت : 1 – 3 ] .

(ئەلىف، لام، مىم. ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، الله (ئىمانىدا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىمانىدا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ)

بۇ يەردىكى سىناق پەقەت ئازابلاشلار ئەمەس، چۈنكى، بۇ ئازابلارغا نۇرغۇن كىشىلەر بەرداشلىق بېرەلەيدۇ :

( **وَنَبْلُوكُمْ بِالشَّرِّ وَالْخَيْرِ فِتْنَةً** ) [ الأنبياء : 35 ] .

(سىلەرنى بىز يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز)

كىشىلەرگە ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىناش ناھايىتى خەتەرلىكتۇر، چۈنكى، بۇ نۇرغۇن كىشىلەرنى ھالاك قىلىدۇ، كىشىلەر ئازابلارغا مۇپتىلا بولۇش ئارقىلىق سىناشلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ ، لېكىن ، مال- دۇنيا، يۈز-ئابرۇي، ھوقۇق -مەنسەپ، ئەگەشكۈچىلەر ۋە ياردەمچىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى.. قاتارلىقلارنىڭ قىزىقتۇرىشىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. جاپا- مۇشەققەتلەر ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرغان ھەرقانداق كىشى يېتەكچى قوماندان بولۇش ئۈياقتا تۇرسۇن تايانچ بازىنىڭ بىر خىشى بولۇشقا يارامدۇ؟

مەن بۇ يەردە بۇندىن بۇرۇن ‹ مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى › ناملىق كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن يەنە بىر مىسالنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

ئىسلامى قېرىنداشلىق بولسا ئۇ ھەقتە گۈزەل، تەسىرلىك، شېرىن سۆزلەرنى ياساشقا بولىدىغان گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ بىرىدۇر.

ئىسلامى قېرىنداشلىق بولسا ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەخلاقلىرىنىڭ بىرى ھەمدە پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئۆزى بىنا قىلغان تايانچ بازىدا ئۇنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن ئەڭ ئاساسلىق ئىشلارنىڭ بىردۇر. پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلار ئوتتۇرىسىدا ئىسلامى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتى ئورناتقان ۋاقىتتا، ئىسلامى قېرىنداشلىق ئۇلارنىڭ قەلبىدە قان-قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتىدىنمۇ كۈچلۈك مۇناسىۋەتكە ئايلاندى ھەمدە ئىسلامى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتى ئەرەب جاھىلىيىتى ئېتىراپ قىلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك مۇناسىۋەتكە ئايلاندى.

مەن « مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى » ناملىق كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكىنىمدەك: كىشىلەر ئۆز ئىشلىرىدا ئازادە، كەڭرىچىلىك ئىچىدە ياشاۋاتقاندا ئىسلامى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتى ياخشى بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن ، مەن قېرىندىشىم بىلەن پاراكەندىشىشقا قادىر بولالمىغۇدەك دەرىجىدە ئەھۋال مۇرەككەپلىشىپ سىقىلىش

پەيدا بولغان ھەمدە چوقۇم ئىككىمىزدىن بىرىمىز يەنە بىرىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى تەقدىم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، مەن ئۆزۈمنى قۇربان قىلىمەنمۇ ياكى قېرىندىشىمنى قۇربان قىلىمەنمۇ؟ بىز قاتتىق سىقىلىش بولۇپ ماڭا ياكى قېرىندىشىمغا بىردىن-بىردىن پۇرسەت كېلىدىغان ئەڭ يۇكسەك دەرىجىگە يېتىشكە موھتاج ئەمەسمىز، چۈنكى، ئۇ چوقۇم ھەربىر كىشىگە يېتىش مەجبۇرى بولغان دەرىجە ئەمەس. الله بۇ سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

( **وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ** ) [ الحشر : 9 ] .

(ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ)

موھتاج تۇرۇقلۇق باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىش پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** تەربىيەلىگەن بۇ تايانچ بازىدا ئادەتتىكى ئىش ئىدى.

بىراق، بۈگۈن موھتاج تۇرۇۋاتقان باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىش ئەمەلگە ئېشىشى قىيىن بولغان ئىشقا ئايلىنىپ قالدى.

لېكىن ، مەن بۇ يەردە ئاساسلىق ئىككى ئىش ئۈستىدە توختىلىمەن. بۇ ئىش بولسا بۈگۈن ئىسلام دۇنياسىنى ھەرىكەت ۋە سياسي قاتارلىق بارلىق تەرەپلەردىن قورشاپ تۇرغان ھەددىدىن ئاشقۇچى سەركەش جاھىلىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈنىڭدىن تەلەپ قىلىنىۋاتقان تايانچ بازا موھتاج بولىدىغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

شەيتاننىڭ بولۇپمۇ تالانتى بار قەلبلەرگە كىرىش ئىشكى بولسا ئۆزنى ‹مەن› دېيىش يەنى مەنمەنچىلىك قىلىش پىتنىسىدۇر. ئىنسان سەپتە ئەسكەر بولغان ۋاقىتتا شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىدىن يىراق بولىدۇ. ئۇ ئۆز تالانتىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە ئورنى بولغان ۋاقىتتا شەيتان ئازدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتىنى تاپىدۇ! قاچانكى، ئىنسان شۆھرەت قازانسا شەيتاننىڭ ئۇنى ئازدۇرۇشى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ!

ئىنسان قوماندانلىق ياكى يېتەكچىلىك مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئېرىشىشكە تەييارلىنىۋاتقان ۋاقىتتا پىتنە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا بولغان بولىدۇ.. ئەگەر قەلبلەر دەۋەت ئىشلىرىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان دەۋەت بىلەن مەنمەنچىلىك ئارىسىدا اللهغا ئىخلاسمەن بولۇش خاراكتېرى بىلەن تەربىيلەنمىسە نۇرغۇن كىشىلەرگە ئىش ئارىلىشىپ كېتىدۇ . مەن دەۋەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىمەن! مەندە يېتەكچىدە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر تولۇق هازىرلانغان! ئۇنداقتا، مېنىڭ ئوبرازىمغا تەسىر يەتكۈزىدىغان نەرسىلەر دەۋەتكە تەسىر كەتكۈزىدۇ! مەن خۇشال بولىدىغان ۋە مەن ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولىدىغان ئىشلار دەۋەتكە پايدىلىق!.. شەيتان قەلبلەرگە مانا مۇشۇنداق سۈيىقەستلەرنى قىلىدۇ، ئۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى كۆڭۈل بۆلۈش مەركىزى ۋە هەرىكەت مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

پالانى كىشى مېنىڭ يولۇمنى توسۇۋاتىدۇ ياكى ماڭا قارشى چىقىۋاتىدۇ ياكى كۆڭلۈم ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىدۇ ..

ئۇنداقتا، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى دەۋەت ئىشلىرىغا پايدىلىق ئەمەس، بەلكى، ئۇ دەۋەتكە خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ ! گەرچە ئۇنى جامائەتتىن ئايرىۋېتىش ياخشى ئىش بولمىسىمۇ، دەۋەت ئۆزىنىڭ توغرا يولىدا مېڭىشى: يەنى دەۋەت ئىززەت ھۆرمىتىم، يۈز-ئابرۇيۇم، ھۆكۈمرانلىقىم قەدىرلىنىدىغان يولدا مېڭىشى ئۈچۈن، چوقۇم ئۇنى جامائەتتىن توختىتىپ قويۇش لازىم! ئۇنى جامائەتتىن چەكلەش لازىم!..

ئىسلامى ھەرىكەتتىكى ئەڭ ئېغىر ئاپەت بولسا ئافغان جىھادىدا بىر يېرىم مىليون شەھىدنىڭ قىنىنى تۆكۈشكە ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۇممەتنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى يوقىتىشقا ئېلىپ بارغان ۋە پۈتكۈل زېمىندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرغان ئايەتتۇر. بۇ ئاپەت ھېلىمۇ - ھەم بەزى جامائەتلەرنىڭ بۆلۈنىشى، گۇرۇھلارغا پارچىلىنىشى، ئايرىلىشى، ئاداۋەتلىشىشى، دۈشمەنلىشىشى.. قاتارلىقلارغا سەۋەب بولماقتا! گەرچە بۇ قارشىلىشىش پىرىنسىپلار، پىلانلار، ئۇسلۇبلاردىكى بىر —بىرسىگە

قارشىلىشىش بولسىمۇ! بۇ قارشىلىشىش گۇرۇھلارغا پارچىلىنىش، ئايرىلىش، ئاداۋەتلىشىش، دۈشمەنلىشىش.. قاتارلىقلارغا سەۋەب بولماقتا!

بىز اللەغا خالىس بولغان ۋاقتىمىزدا تەنقىدلەشنى قوبۇل قىلالايمىز، مەيلى ئۇ تەنقىدلەش بىزنىڭ ئوبرازىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ياكى ئىدىيەمىزگە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ياكى ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن بىز بۇنى قوبۇل قىلالايمىز.

بىز الله ئۈچۈن خالىس بولۇش ھەققىدە يۈكسەك چوققىدىكى جامائەتنىڭ بىر مىسالنى بايان قىلىمىز، ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ ھازىرقى زامانىمىزدا الله ئۈچۈن خالىس بولۇش تېپىلمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن ئەمەس بەلكى پەقەت الله ئۈچۈن خالىس بولۇش كىشىلەر قەلبىدە نېمىلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقى ئاندىن ئۇلارنى ئاشۇ يۈكسەك چوققىغا قانداق كۆتۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈشىمىز ئۈچۈندۇر. ۋەھالەنكى، ئۇلار ئىنسان دەرىجىسىدىن ئۆتۈپ پەرىشتىلەرگە ئايلانغان ئەمەستى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى

ھەرقانداق بىر كىشىدىن پەرىشتىلەرگە ئايلىنىش تەلەپ قىلىنمايدۇ!

**قام عمر رضـــي الله عنه على المنبر فخطب الناس فقال : أيها الناس اسمعوا وأطيعوا ! فقال له سلمان الفارسي رضي الله عنه : لا سمع لك اليوم علينا ولا طاعة ! قال عمر : ولمه ؟ قال : حتى تبين لنا من أين لك هذا البُرد الذي ائتزرت به وأنت رجل طوال لا يكفيك بُرد واحد ، كما نال بقية المســلمين ! فنادى عمر ولده عبد الله فقال له : نشـدتك الله ! هذا البُرد الذي ائتزرتُ به أهو بردك ؟ قال عبد الله رضـي الله عنه : نعم ! هو بردي أعطيته لأبي ليأتزر به ، لأنه رجل طوال لا يكفيه البرد الذي ناله كبقية المســلمين ! فيقول ســلمان رضــي الله عنه : الآن مُر ! نسمع ونطع !**

بىر كۈنى ئۆمەر **(رضي الله عنه)** مۇنبەرگە چىقىپ كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلىدى ئاندىن ئۇلارغا: ‹مىنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار! بۇيرۇقۇمغا ئىتائەت قىلىڭلار!›-دېدى .

سەلمان پارسىي **(رضي الله عنه )** ئۇنىڭغا : ‹ بۈگۈن بىز سىنىڭ سۆزىڭنى ئاڭلىمايمىز، بۇيرۇقۇڭغا ئىتائەت قىلمايمىز› دېدى .

ئۆمەر **(رضي الله عنه )** : ‹نېمە ئۈچۈن› —دېدى .

سەلمان پارسىي **(رضي الله عنه )** ئۇنىڭغا : ‹ سەن بىزگە سەن كىيىۋالغان بۇ توننىڭ ساڭا قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگىن! چۈنكى سىنىڭ بويۇڭ ئېگىز ، باشقا مۇسۇلمانلارغا يەتكەن بىر قۇر تون ساڭا يەتمەيدۇ!› -دېدى .

ئۆمەر **(رضي الله عنه )** ئوغلى ئابدۇللاھ **(رضي الله عنه )** نى چاقىرىپ ئۇنىڭغا : ‹ الله بىلەن قەسەم قىلىپ سەندىن سورايمەنكى، مەن كىيگەن بۇ تون سىنىڭ تونىڭمۇ؟›-دېدى .

ئابدۇللاھ **(رضي الله عنه )** : ‹شۇنداق، ئۇ مىنىڭ تونۇم، چۈنكى دادامنىڭ بويى ئېگىز بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا مۇسۇلمانلارغا يەتكەن تون ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ! شۇڭا دادام مىنىڭ تونۇمنى كىيدۇ!›-دېدى .

سەلمان پارسىي **(رضي الله عنه )** : ‹ئىش ئايدىڭلاشتى، ئەمدى بۇيرۇغىن، سۆزىڭنى ئاڭلايمىز! بۇيرۇقۇڭغا ئىتائەت قىلىمىز!› – دېدى .

مانا بۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئەمرى ئۆمەر **(رضي الله عنه)** ئىسلامىي جامائەتلەردىن بىر جامائەتنىڭ ئەمرى بولماستىن، بەلكى، پۈتكۈل دۇنيادىكى بارلىق مۇئمىنلەرنىڭ ئەمرى ئىدى! ( ما شاء الله!!!)

سەن ئىسلام جامائەتلىرىنىڭ ئەمرلىرىدىن قانچە ئەمرنىڭ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىرىنىڭ تەنقىدلىشىگە تاقەت قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسەن؟ سەن ئىسلام جامائەتلىرىنىڭ ئەمرلىرىدىن قانچە ئەمرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىدىن بىرەر ئەسكەر ئۇ ياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن الله يولىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ بىرى ئۇنى تەنقىدلىگەن ۋاقتتا ھەقكە قايتقانلىقىنى كۆرسەن ؟!

بىز اللهغا ئىخلاسمەن بولغان ۋاقتىمىزدا بىزنىڭ ئۆزىمىز كۆڭۈل بۆلۈش مەركىزىمىز ۋە ھەرىكەت قىلىش نىشانىمىز بولمايدۇ، ھەممە بىز باشقا كىشىنىڭ – شۆھرەت قازىنىشقا تىگىشلىك بولغان ۋاقتتا

- شۆھرەت قازانغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئەجەپلەنگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنغانلىقىدىن كۈنلەش ھېس قىلمايمىز. ھەمدە بىز بۇنى بىزنىڭ ئورنىمىزنى كەمسىتىش ياكى بىزگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان دۈشمەنلىك قىلىش ھەرىكىتى دەپ ئېتىبارغا ئالمايمىز، ھەمدە ئەگەشكۈچىلىمىزنىڭ بىزدىن يۈز ئۆرۈپ كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋالغان «مۇسابىقىلەشكۈچى» تەرەپكە كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىزدىن باشقا كىشىنىڭ شۆھرەت قازانغانلىقى بىزنى ئەگەشكۈچىلىرىمىز ئالدىدا ئۇنى كەمسىتىشكە ئۇرۇشۇشقا ئېلىپ بارالمايدۇ!

بىز الله غا ئىخلاسمەن بولغان ۋاقتىمىزدا، بىزنىڭ ئوبرازىمىز ياكى جامائىتىمىز –ئىنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا «بىزنىڭ پارتىيمىز» - نىڭ مۇھەببىتى باشقىلارنىڭ سالاھىيەت ۋە ئىقتىدارىغا قارشى ھۆكۈم قىلىدىغان پرىنسىپ بويىچە ئەمەس، بەلكى، ئىلاھىي پرىنسىپ بويىچە بولىدۇ:

( **إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ** ) [ الحجرات : 13 ] ..

(ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اﷲ نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)

باشقىلارغا ھۆكۈم قىلىش يولى الله بۇيرۇغان يول بويىچە بولىدۇ:

( **يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاءَ لِلَّهِ وَلَوْ عَلَى أَنْفُسِكُمْ أَوِ الْوَالِدَيْنِ وَالْأَقْرَبِينَ** ) [ النساء : 135 ] ..

(ئى مۆمىنلەر! الله ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار)

**( يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ لِلَّهِ شُهَدَاءَ بِالْقِسْطِ وَلا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلَّا تَعْدِلُوا اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى )** [ المائدة : 8 ] .

(ئى مۆمىنلەر! اﷲ نىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر)

بىز الله غا يېتەرلىك دەرىجىدە ئىخلاسمەن بولمىغان ۋاقتىمىزدا ھازىرقى رىئاللىقىمىزدا يۈزبىرىۋاتقان ئىشلاردىنمۇ نەچچە ھەسسە كۆپ قاباھەتلىك ئىشلار يۈز بىرىدۇ!!!

بىز بۇيەردە ئاساسلىق ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان ئىككىنچى ئىش بولسا ئاتاك-چۈشەنچە مەسىلىسى بولۇپ ئۇ ئىلگىرىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «بەسىرەت» دۇر:

( **قُلْ هَذِهِ سَــبِيلِي أَدْعُو إِلَى اللَّهِ عَلَى بَصِــيرَةٍ أَنَا وَمَنِ اتَّبَعَنِي وَسُبْحَانَ اللَّهِ وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ** ) [ يوسف : 108 ] .

(ئېيتقىنكى، «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) االله قا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. االله پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن»)

تايانچ بازىغا نىسبەتەن «بەسىرەت» تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ بولمىسا زادى بولمايدۇ، چۈنكى، «بەسىرەت» ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ يولىنى بېكىتىپ بېرىدۇ، بىز قاچان يوشۇرۇنىمىز؟ قاچان ھەرىكەت قىلىمىز؟ قانداق ھەرىكەت قىلىمىز؟ بىز ھاكىمىيەت بىلەن توقۇنۇشىمىزمۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزىمىزمۇ؟ ياكى بىز

ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق ئۆتىمىزمۇ؟ بىز بازا بىنا قىلىشنى باشلايمىزمۇ ياكى ئومومى خەلقكە دەۋەت قىلىشقا يۈزلىنىمىزمۇ؟ بىز ئومومى خەلقكە دەۋەت قىلىشقا يۈزلەنگەن ۋاقتىمىزدا ئۇلارغا نېمە دەيمىز؟ بىز «ئومومى مەسىلەر»دىن، يېمەكلىك ۋە ئىشسىزلىق مەسىلىرى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى قاتارلىق مەسىلەردىن بايدىلىنىمىزمۇ ياكى بىز تەربىيە ۋە ئەقىدە مەسىلىرىگە ئاساسلىق ئەھمىيەت بېرىمىزمۇ؟ بىز دۈشمەنلىرىمىز ئالدىدا كۈچىمىزنى كۆرسىتىپ قويىمىزمۇ ياكى ئۇلاردىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئالىمىزمۇ؟ بىزنىڭ ئاساسلىق دۈشمەنلىرىمىز كىملەر؟ بىزنىڭ ئاساسلىق دۈشمەنلىرىمىز بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان يەرلىك كىشىلەرمۇ ياكى خەلقئارالىق جاھىلىيەت: يەنى پۈتكۈل زېمىندىكى يەھۇدىيلار، ناسارالار، مۇشرىكلار، مۇناپىقلارمۇ؟ ... — تاقىتىمىزنىڭ يېتىشىچە — ھەممە تەرەپنى قورشاپ تۇرغان مۇشۇنداق شارائىتلاردا ئەڭ ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ھەرىكەتنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىشىمىز ئۈچۈن يۇقارقىلارغا

ئوخشاش نەچچە ئونلىغان، يۈزلىگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتە سىياسىي ئاڭ ۋە ھەرىكەت ئېڭى ۋە بەسىرەت بولۇشى لازىم.

بىز ئالدى بىلەن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى : ھەرىكەتنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىشتىن بولغان مەقسەت ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنى ئەزىيەتلەردىن قوغداش ئەمەس، چۈنكى، جاھىلىيەت ھەرقاچان ئەرزىيەت يەتكۈزۈشتىن قولىنى يىغمايدۇ ھەمدە «**لا إله إلا الله**» غا دەۋەت قىلىشقا سەبىر قىلالمايدۇ! بەلكى، بىز ئىش- ھەرىكەتلىرىمىز ئارقىلىق دەۋەتنى ئەرزىيەتلەرگە ئۇچراتماسلىققا ئۇرۇنىمىز!

ھەرىكەتنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىشتىن بولغان مەقسەت ھەرگىزمۇ « شارائىتقا ماسلىشىش» ياكى ئۇ دەۋەتكە پايدىلىق دېگەن سەۋەب بىلەن دىنىمىز ۋە ئەقىدىمىزنىڭ بىر قىسمى بولغان پىرىنسىپلىرىمىز ۋە قىممەت –قاراشلىرىمىزدىن چۈشۈپ بېرىش بەدىلىگە ھاكىمىيەت ۋە ئۈنىڭدىن بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش ئەمەس!

بىز باشتىن- ئاخىرغىچە شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى اللەنىڭ قانۇنلىرى ئۆزگەرمەيدۇ، ئالمىشىپ قالمايدۇ، ئېغىپ كەتمەيدۇ، ئەگەر بىز اللەنىڭ قانۇنلىرىنى يېڭەلەيمىز دەپ گۇمان قىلىپ قالساق ھەرگىزمۇ ھەرىكىتىمىزدە بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز!

« بەسىرەت»نىڭ بىر قىسمى بىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ ، يەنى الله (**سبحانه وتعالى** ) نىڭ كىتابى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى( **صلى الله عليه وسلم** ) نىڭ سۈننىتى، تارىخنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش ئارقىلىق ئىلاھى قانۇنىيەتنى بىلىش .. ئۇممەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە ئۇممەتنى ھازىرقى ۋاقىتتا ياشاۋاتقان رېئاللىققا ئېلىپ بارغان سەۋەبلەرنى بىلىش .. دۈشمەنلەرنىڭ پىلانلىرىنى ۋە ئىسلامغا قارشى تۇرۇش ھەمدە ئىسلامى ھەرىكەتلەرنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستىلارنى بىلىش ئارقىلىق « بەسىرەت»نىڭ بىر قىسمى قولغا كېلىدۇ

« بەسىيرەت»نىڭ يەنە بىر قىسمى تەربىيە ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ ، يەنى قوماندان بىلەن ئەگەشكۈچىلەر ئوتتۇرسىدىكى كېڭىشىش يولى ئارقىلىق ۋە بۇ كېڭەشتە پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىشنىڭ الله ئۈچۈن خالىس بولۇشى ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ ، ھەرگىزمۇ بۇ بەسىيرەت بۇيرۇقنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان، ئۆزىگە قارشى چىققان كىشىلەرنى جامائەتتىن چىقىرىۋېتىمىز دەپ تەھدىت سالىدىغان چەكلىك ساندىكى كىشىلەر ئارىسىدا قولغا كەلمەيدۇ!

بۇ بەسىيرەت تېپىلمىغان ياكى تېپىلسىمۇ تولۇق بولمىغان ۋاقىتتا ھازىرقى رىئاللىقىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان قايمۇقىشلاردىنمۇ نەچچە ھەسسە كۆپ قايمۇقۇش-گاڭگىراشلار پەيدا بولىدۇ!

مانا بۇ بازا بىنا قىلىشتا زۆرۈر بولغان بىر قىسىم ئۆلچەملەردۇر، ھەقىقەتەن بىز مانا بۇ ئۆلچەملەرنى تولۇق قىلدۇقمۇ؟

ئەڭ ئاۋۋال بىزنىڭ ھېس -تۇيغۇمىزدا شۇ ئېنىق بولۇشى كېرەككى، بىز پەقەتلا الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان، ئىبادەت

شوئارلىرىنى ئادا قىلىدىغان، ئاندىن دەۋەت قىلىدىغان جامەئەتلا بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلمايمىز.. ھەقىقەتەن بۇ الله خالىسا قىيامەت كۈنى ئەجرى بېرىدىغان ياخشى ئىشتۇر، لېكىن ، بۇنىڭ ئۆزىلا ئىسلام ئۈممىتىنى چۈشۈپ قالغان پاتقاقتىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ ھەمدە جاھىلىيەتنى ئۆلارنىڭ ھازىرقى ئورنىدىن يىقىتالمايدۇ!

ئىسلام ھەرىكىتىدىن ھەقىقي تەلەپ قىلىنىدىغىنى بولسا مۇقەررەركى، ئىسلام ئۈممىتىنى ئۇلار چۈشۈپ قالغان پاتقاقتىن قۇتقۇزۇش، ھەمدە جاھىلىيەتنى ئۆلارنىڭ ھازىرقى ئورنىدىن يىقىتىپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇشتۇر.

مانا بۇ نىشان پەقەتلا ئەڭ چوڭ تەربىيەچى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ قولىدا تۈنجى جامائەت ۋۇجۇدقا كەلگەن تەرتىپتىكى يۇكسەك سەۋىيەدىكى جامائەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. گەرچە بۇ جامائەتنىڭ سەۋىيەسى تۈنجى جامائەتنىڭ سەۋىيەسىگە يېتەلمىسىمۇ..

مانا بۇ ئالدى بىلەن تايانچ بازا بەرپا قىلىشنى ۋە بۇ بازىنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە تەربىيەلەشنى ۋە ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە بارلىق ۋاستىلارنى قوللىنىپ ئەيىب -نۇقسانلاردىن پاكلاشنى ئاندىن كېيىن ئومومى خەلققە دەۋەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىزنىڭ تەربىيەدە قوللىنىدىغان ۋاستىمىز ئەڭ چوڭ تەربىيەچى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** قوللانغان ۋاستىلەرنىڭ ئۆزىدۇر: يەنى ئۇ ۋاستە بولسا الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش، الله بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قەلبلەرنى اللەنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ياشاشقا ئادەتلەندۈرۈش ھەمدە ئۇنى رېئال دۇنيادا ئىمانى ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشقا كۆندۈرۈش .. بىز تەربىيە ھەرىكىتىدە «ئۈلگە بولۇش»نى تۈنجى -ۋە ئەڭ چوڭ- ۋاستە قىلىشىمىز ئۈچۈن ئاڭ-چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىلار بىلەن ئاڭ-چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاندىن كېيىن قەلبنىڭ دەۋەتكە

ئاۋاز قوشۇپ ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشى ئۈچۈن قەلبلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى ياخشىلىققا ئادەتلەندۈرۈش ۋە ئەرزىيەتلەرگە سەبىر قىلىش بىلەن بىرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىش، دەرس بىرىش.. قاتارلىقلار ۋاستىلاردۇر.

ماھىيەتتە بازا قۇرۇپ چىقىش ناھايىتى چوڭ ئىش بولۇپ بىركىچە-كۈندۈزدە نەتىجىسى كۆرۈلمەيدۇ. گەرچە بىز ئىسلام ئۇممىتىنى ئۇلار چۈشۈپ قالغان پاتقاقتىن قۇتقۇزۇشقا ھەمدە جاھىلىيەتنى ھازىرقى ئورنىدىن يىقىتىپ تاشلاشقا ئالدىراساقمۇ، لېكىن ، بازا قۇرۇپ چىقىشنى ئالدىرىتىشقا ۋە ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كىتىشكە بولمايدۇ!

## بازىنى كېڭەيتىش

دەۋەت مۇساپىسى باسقۇچلىرىنىڭ بىرىدە دەۋەتنى ئومومى خەلقكە يۈزلەندۈرۈش يولى ئارقىلىق بازىنى كېڭەيتىشنىڭ دەۋرى كېلىدۇ . تۈنجى جامائەت : يەنى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ

جامائىتىنىڭ ھاياتىدا بۇ باسقۇچنى (يەنى بازىنى كىڭەيتىش باسقۇچىنى)مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلار **(رضوان الله عليهم )**ئارقىلىق تايانچ بازىنىڭ بىناسى بىنا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن مەدىنە ئەھلى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشى سۈرەتلەپ بەرگەن ئىدى. الله **( سبحانه وتعالى )** ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

**( مَا كَانَ لِأَهْلِ الْمَدِينَةِ وَمَنْ حَوْلَهُمْ مِنَ الْأَعْرَابِ أَنْ يَتَخَلَّفُوا عَنْ رَسُولِ اللَّهِ وَلا يَرْغَبُوا بِأَنْفُسِهِمْ عَنْ نَفْسِهِ )** [ التوبة : 120 ] .

(مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس ئىدى)

مانا بۇلار ئەسكەرلەر ۋە ياردەمچىلەردۇر، دەۋەت ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ئۇلار دەۋەت سىڭىپ كىردى، ئۇلار دەۋەتكە ئىخلاسمەن بولدى ۋە ئۆزلىرىنى دەۋەتنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى دەۋەتنى قوغدايدىغان ئەسكەر قىلدى ، بۇ كىشىلەر پەقەتلا خۇددى ئۇلارنى ھازىرقى زامان جاھىلىيتى «ئاددىي پۇقرا» دەپ ئاتىغاندەك ھېچقانداق قائىدە پىرىنسىپقا رىئايە قىلمايدىغان ئەركىن كىشىلەر ئىدى، بۇ توغرا ئاتاشتۇر. ئۇلار مەقسەتلىك كەلدىمۇ ياكى مەقسەتسىز كەلدىمۇ ؟! مەن بۇنى بىلمەيمەن، چۈنكى، «ئاددىي پۇقرا» دېگەن شۇنداق بىر ئىنسانكى، ئۇنىڭ مۇئەييەن بەلگىلىرى، مۇئەييەن مەيدانى، ئۆزگەرمەس ئىدىيەۋى نىشانى يوقتۇر. ياكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ھەدىستە سۈپەتلىگەن شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمچى كىشىدۇر:

**" لا تكونوا إمّعة ، تقولوا : إن أحسن الناس أحسنّا ، وإن أساءوا أسأنا ! ولكن وطّنوا أنفسكم إن أحسن الناس أو أساءوا ألا تظالموا "** [69] ..

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم ) :** « سىلەر شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمچى بولماڭلار! سىلەر: ئەگەر كىشىلەر بىزگە ياخشىلىق قىلسا بىزمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىمىز، ئەگەر كىشىلەر بىزگە يامانلىق قىلسا بىزمۇ ئۇلارغا يامانلىق قىلىمىز دەيسىلەر! لېكىن ، كىشىلەر ياخشىلىق قىلسۇن ياكى يامانلىق قىلسۇن سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۇلارغا زۇلۇم قىلماسلىققا ئادەتلەندۈرۈڭلار»..

«ئاددىي پۇقرا» دېگەن شۇنداق بىر كىشىكى، ئۇنى ئاخبارات ۋاستىلىرى ياسايدۇ ھەمدە ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇنى ياساپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى كۆندۈرىدۇ،[70] سەن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ

---

[69] رواه الترمذي .

[70] گېزىت ـ ژورنال،، رادىئو، تېلېۋىزور قاتارلىق ۋاستىلار تەسىرى كۈچلۈك ۋاستىلار بولۇپ بۇلارنىڭ ھەممىسى « ئاددى پۇقرا»نىڭ ئەقلى ئىقتدارىنى

مەيدانى توغرىسىدا سورىساڭ ئۇنىڭ مەيدانى دەل ئاخبارات ۋاستىلىرى ئىرادە قىلغان ئىشلار بولىدۇ!

بازا تۈنجى باسقۇچتا ۋە ھەرقانداق باسقۇچتا بۇنداق شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەر ئارقىلىق كېڭەيمەيدۇ، بەلكى، بازا ئىخلاسمەن ئەسكەرلەر بىلەن كېڭىيىدۇ. ئۇلار دەۋەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدۇ ھەمدە اللەغا خالىس بولغان ھالەتتە دەۋەتنى قوغدايدۇ.

ئەگەر بىر كىشى : ئۇنداقتا، بىز ئۇ توغرىسىدا بۇندىن بۇرۇن سۆزلەپ ئۆتكەن تايانچ بازا بىلەن بۇ كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بار؟ -دەپ سورىسا بىز قىسقىچە قىلىپ دەيمىزكى: تايانچ بازا بولسا دەۋەتنىڭ ئۇل ۋە تۈۋرۈكلىرى يەنى قوماندانلىرى بولۇش ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ، ئۇلار كىشلەرگە يوليورۇق بىرىدۇ ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەيدۇ . ئەمما، بۇ كىشىلەر بولسا دەۋەتكە ئاۋاز قوشقان، دەۋەتكە چىڭ ئېسىلغان، دەۋەت بايرىقى ئاستىغا قوشۇلغان ئاندىن

شەكىللەندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلىرىنى كۆرستىپ بىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

دەۋەتچىلەرگە ئايلانغان كىشىلەر بولۇپ ئۇلار دەۋەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ۋە دەۋەتنىڭ ياردىمىدە هەرىكەتلىنىدۇ. هەرگىزمۇ ئۇلار كىم غەلىبە قىلسا شۇنىڭغا ئەگىشىش ئۈچۈن قاراپ تۇرمايدۇ!

ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر قېتىم : تەربىيە پىرىنسىپىدىكى ۋە تايانچ بازا تەييارلاش بىلەن بازا ئۇلارنىڭ ياردىمىدە تېخىمۇ كېڭىيىدىغان كىشىلەرنى تەييارلاشقا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئەهمىيەت بېرىشتىكى پەرق نېمە ؟ - دەپ سورىسا بىز قىسقىچە قىلىپ دەيمىزكى: بۇ پەرق تۇردىكى پەرق ئەمەس بەلكى دەرىجىدىكى پەرقتۇر. مەسىلەن: بىر ئوقۇتقۇچى پىرىنسىپ جەھەتتىن ئۆز ئىلمىنى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىدۇ، لېكىن ، ئۇ ئوقۇتقۇچى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارغا ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ قابىلىيەت-ئىقتىدارلىرى باشقىلارغا قارىغاندا چوڭ هەمدە ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغان تەلەپمۇ يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئىقتىدارى چەكلىك بولغان ئادەتتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن قوبۇل قىلغان نەتىجىنى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن قوبۇل قىلمايدۇ. هەمدە ئۇلاردىن

تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى تەلەپمۇ قىلمايدۇ، گەرچە بارلىق ئۇقۇغۇچىلاردىن يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشىش تەلەپ قىلىنسىمۇ، لېكىن ، ھەممىسى ئۆزىنىڭ دەرىجىسى بويىچە نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى : بۇ يەردە قوماندان بولىدىغان كىشىلەرنى بۇلاردىن پەرقلەندۇرىدىغان پاسىل چېگرا بارمۇ؟ ئەجەبا كېڭەيگەن بازا ئىچىدە يولىيورۇق بېرىدىغان قوماندانلاردىن بولۇشقا ئۇنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئىقتىدارى لايىق كېلىدىغان كىشىلەر يوقمۇ؟ ھەمدە تايانچ بازىدا ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداشقا ئۇنىڭ تاقىتى ۋە ئىقتىدارى يەتمەيدىغان كىشىلەر تېپىلماسمۇ؟ - دەپ سورىسا بىز دەيمىزكى: شۇنداق، بۇنداق ئىشلار بولۇشى مۇمكىن ، بۇ ۋاقىتتا تالانتى بار كىشىلەر دەۋەتچى، تەربىيچى قوماندانلىق ئورنىغا ئۆستۈرۈلىدۇ ياكى بۇنداق تالانتلىق كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئورۇنغا ئۆستۈرۈلۈشى ۋاجىپ بولىدۇ ھەمدە بازىدا ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداشقا ئۇنىڭ تاقىتى ۋە ئىقتىدارى يەتمەيدىغان كىشىلەر ۋەزىپىسىدىن قالدۇرلۇپ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئايلىنىدۇ. بۇلار

هەربىكەتكە مەسئۇل بولغان قوماندانلار ئۆز ئىجتىھادى بىلەن بىكىتىدىغان مەسىلىدۇر. ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ئىجتىھادىنىڭ توغرا بولۇشمۇ ۋە بەزىدە خاتالىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن .. بەلكى، پىرىنسىپ جەھەتتىن مۇھىم بولغىنى شۇكى، تاياڭچ بازا بىنا قىلىشقا غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ھەمدە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىرىپ پۇتكۈل زېھنىي سەرپ قىلىش لازىم. گەرچە بىنانى مۇستەھكەم – پۇختا قىلىش ئۇچۇن تۈۋرۈك ۋە خىشلارنىڭ ھەممىسى تۇرغۇزۇش تەلەپ قىلىنىسمۇ، لېكىن ، ئاساسلىق تۈۋرۈكنى تۇرغۇزۇش بولسا بىنا ئۇنىڭدىن شەكىللىنىدىغان خىشلارنى تۇرغۇزۇشقا ئوخشمايدۇ (بۇنىڭدا قىلچىلىك شەك يوقتۇر). مانا بۇلار دەسلەپكى قەدەمدىن باشلاپلا روشەنلەشتۈرۈشكە موھتاج بولىدىغان ئىشلاردۇر.

بەلكى، بىز بۇيەردە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىشقا مەركەزلىشىمىز: يەنى بازىنىڭ ئۆزلىرىنى دەۋەتنىڭ ئەسكەرلىرى دەپ ئويلايدىغان دەۋەتكە چىڭ ئېسىلىدىغان ياردەمچىلەر بىلەن

كېڭىيىشى تايانچ بازا شەكىللىنىپ بولغاندىن كېيىن كېلىدۇ ، چۈنكى دەۋەتنى قوبۇل قىلغۇچىلار ئېنىقكى دىنىي يولىيورۇق بېرىدىغان كىشىلەرگە موھتاج بولىدۇ! ئەگەر بىز ئۇلارغا يولىيورۇق بېرىدىغان كىشىلەرنى تەييارلىماي تۇرۇپ ئۇلارغا دەۋەت قىلغىلى كەلسەك ئۇلارغا كىم دىنىي يولىيورۇق بېرىدۇ؟!

بىز يەنە بىر ئىشنى بىلدۇرۇپ قويماقچىمىزكى : - ۋاقتى كەلگەندە – بازىنى كېڭەيتىشتە قوللىنىدىغان ئاشكارا ۋاستىمىز بولسا ھازىرقى زامان تىلى بىلەن «ئومومى خەلق» دەپ ئاتىلىدىغان بارلىق كىشىلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك دەۋەت قىلىشتۇر.

لېكىن «ئومومى خەلق» نىڭ دەۋەتكە ئاۋاز قوشۇشى بىر خىل دەرىجىدە بولمايدۇ.. مەسلەن:

ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇنداق بىر گۇرۇھ كىشىلەر باركى، ئۇلار – ئۆزلىرىگە دەۋەت ئۆزىنىڭ سۆزۈك ماھىيىتى بىلەن يەتكەندە – ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئىمان ئېيتىدۇ، ئۆزىنى دەۋەتنىڭ ئەسكىرى

قىلىدۇ، الله رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ، اللەنى رازى قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ..

ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە شۇنداق بىر گۇرۇھ كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار پايدا زىياننى مۆلچەرلەيدۇ.. يەنى ئۇلار دەۋەتكە ئاۋاز قوشقاندا ئېرىشىدىغان پايدا-مەنپەئەت قايسىلار؟ دەۋەتكە قوشۇلۇش سەۋەبىدىن كېلىدىغان زىيانلار قايسىلار؟ دېگەننى ئوبدان مۆلچەرلەيدۇ..

ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە شۇنداق بىر گۇرۇھ كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار پەقەت كىمنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ئېنىق مۇقىملاشسا شۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇرۇشنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىدىن يىراق تۇرۇپ، ياكى بۇلارغا ياكى ئۇلارغا قوشۇلمايدۇ، ئۇلار غەلىبىنىڭ مۇقىملىشىشىنى كۈتۈپ، خاتىرجەم يۈرىدۇ، ئۇرۇشنىڭ خەۋەرلىرىنى تىڭتىڭلايدۇ، ھەتتاكى، ئىككى گۇرۇھنىڭ بىرىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ئېنىق مۇقىملاشسا دەرھال غەلىبە قىلغان تەرەپكە قوشىلىدۇ. ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلغان تەرەپكە قوشۇلۇشى ھەرگىزمۇ

ئۇنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئىشلەنگەنلىكتىن ھەمدە ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ ھېس -تۇيغۇسىدا رېئال ئىشلارنىڭ ناھايىتى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن غەلىبە قىلغان تەرەپكە قوشۇلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ روھى قۇرۇلمىلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن مەڭگۈ تېخى يۈز بەرمىگەن ھەمدە ئەمەلىيلىششى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە موھتاج بولىدىغان، ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇسىدا ناھايىتى ئورۇننى ئىگىلىگەن رېئال ئىشلارغا بويسۇنۇشقا تەييارلانغان، لېكىن ، ئۇلار بويسۇنىدىغان رېئال ئىش بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە مېڭىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە موھتاج بولمايدۇ. بۇ گۇرۇھتىكى كىشىلەر بولۇپمۇ بۇ ئىشلار ئۆزىنى خەتەرگە ئىلىپ بارغاندا  روھى قۇرۇلمىلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە تەييارلانمىغان. شۇڭا ئۇلار ھەتتاكى دەۋەتنىڭ غەلىبىسى ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە مېڭىش تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە موھتاج بولمايدىغان ھەمدە  خەتەرلەرگە ئىلىپ

بارمايدىغان دەرىجىدە « رىئال ئىش»قا ئايلانمىغىچە دەۋەتكە ئاۋاز قوشمايدۇ.

مانا بۇ ئۈچ گۇرۇھ كىشىلەر ھەربىر جەمئىيەتتە تېپىلىدۇ، ھەقىقەتەن، يۇقىرىدىكى ئۈچ گۇرۇھ كىشىلەر پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ جەمئىيىتىدىمۇ بار ئىدى.

تۇنجى گۇرۇھ ( دەۋەتكە ھەقىقىي ئاۋاز قوشقۇچى) نى مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن تەشكىل قىلىنغان تايانچ بازىنىڭ سەۋەبى بىلەن ھىدايەت تاپقان، ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان، دەۋەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئەسكەر قىلغان مەدىنە جەمئىيىتى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بۇ گۇرۇھ ھەققىدە الله مۇنداق دەيدۇ:

**( وَالسَّــابِقُونَ الْأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَــارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُمْ بِإِحْسَانٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَداً ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ )** [ التوبة : 100 ] .

(ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن الله رازى بولدى، ئۇلارمۇ الله تىن مەمنۇن بولدى. الله ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر)

ئۇلارنىڭ ئىچىگە ھەقىقي ئىمان ئېيتقان ئەئرابىلار ۋە ئىلگىرىكى ئايەت ئىشارەت قىلغان كىشىلەرمۇ كىرىدۇ:

**( وَمِنَ الْأَعْرَابِ مَنْ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَيَتَّخِذُ مَا يُنْفِقُ قُرُبَاتٍ عِنْدَ اللَّهِ وَصَلَوَاتِ الرَّسُولِ أَلا إِنَّهَا قُرْبَةٌ لَهُمْ سَيُدْخِلُهُمُ اللَّهُ فِي رَحْمَتِهِ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ )** [ التوبة : 99 ] .

(ئەئرابىلارنىڭ بەزىلىرى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدۇ، (الله يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى الله قا يېقىن بولۇشنىڭ ۋە

پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستلا الله قا بولغان يېقىنچىلىققا ئېرىشىدۇ، الله ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، الله ھەقىقەتەن (مۆمىن بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) تولىمۇ مېھرىباندۇر)

ئىككىنچى گوروھنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان ئايەتلىرى كۆرسەتكەن سۇغا- ھەدىيەلەر بىرىش ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئارقىلىق تەشكىللىگەن:

**( إِنَّمَا الصَّـــدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَــــاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ )** [ التوبة : 60 ] .

(زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا ... بېرىلىدۇ،)

ئەمما، ئۇچىنچى گورۇھقا كەلسەك، ئۇنى ئىسلامنىڭ مەككە پەتھىسىدىكى غەلىبىسى مۇقىملاشقان ۋاقىتتا مۇسۇلمان بولغان مۇسۇلمانلار سۈرەتلەپ بىردۇ. ئۇلار پەيغەمبەر **(صلى الله عليه وسلم)** نىڭ ھەق يولدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، لېكىن ، ئۇلار: قۇرئان ئۇلار توغرىسىدا ھېكايە قىلغاندەك –دەيتتى:

( **وَقَالُوا إِنْ نَتَّبِعِ الْهُدَى مَعَكَ نُتَخَطَّفْ مِنْ أَرْضِنَا** ) [ القصص : 57 ] ..

(ئۇلار: «ئەگەر بىز سەن بىلەن توغرا يولغا ئەگەشسەك بولساق، زېمىنىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلىمىز» دېدى.)

ئىسلام زېمىندا كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولغان ۋاقىتتا، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى، اللهنىڭ دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىردى. سۈرە نەسىردە كەلگەندەك:

( **إِذَا جَاءَ نَصْــرُ اللَّهِ وَالْفَتْحُ ، وَرَأَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللَّهِ أَفْوَاجاً ، فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّاباً** ) [ سورة النصر ] .

(الله نىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە الله نىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇ-سانا ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. الله ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر.)

بۇنىڭدىن باشقا ھاكىمىيەت مۇقىملاشقاندىن كېيىن ئاشكارا بولىدىغان مۇناپىقلارمۇ بار بولۇپ ئۇلار ئىلگىرى غەلىبىنىڭ مۇقىملىشىشىنى كۈتۈپ خاتىرجەم يۈرگەن كىشىلەر ئارىسىدا بولغان ئىدى. لېكىن ، ئۇلار شۇنىڭغا مەجبۇرى بولۇپ ئىسلامغا كىرىشكە قىزىقمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئوچۇق ئاشكارا قارشى تۇرۇشتىن قورقىدۇ، شۇڭا ئۇلار مۇناپىقلىق قىلىدۇ.

ئەگەر بۇلار جەمئىيەت – بارلىق جەمئىيەت –تە مەۋجۇت بولىدىغان گۇرۇھلار بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، بىز بازىنى

كېڭەيتىشتە بۇ گۇرۇھلارنىڭ قايسىسىغا تۇنجى باسقۇچتا دەۋەت قىلىمىز؟ بىز نەزەرىيە جەھەتتە بارلىق كىشىلەرگە دەۋەت قىلىمىز، لېكىن ، بىز ماھىيەتتە مۇئەييەن گۇرۇھتىكى كىشىلەرنىڭ دەۋەتكە ئاۋاز قوشۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا دەۋەت ئېلىپ بېرىشقا مەركەزلىشىمىز ياكى بىز دەۋەتنىڭ زەپەر قۇچىشى ۋە ئۇنىڭ قۇدرەت تېپىشىنىڭ مۇئەييەن گۇرۇھتىكى كىشىلەرنىڭ قولى بىلەن روياپقا چىقىشىغا ئىشىنىمىز ئاندىن ئۇنىڭغا دەۋەت ئېلىپ بېرىشقا مەركەزلىشىمىز.

ئەگەر بىز تۇنجى جامائەت - پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ جامائىتى- نى تەكشۈرۈپ باقىدىغان بولساق شۇنى ھېس قىلىمىزكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشكارا دەۋەت [71] قىلىشقا بۇيرۇلغاندىن باشلاپ دەۋەت قىلىش بارلىق كىشىلەرگە يۈزلەندى، لېكىن ، –ھىجرەتتىن كېيىن- دەۋەت قىلىش مەدىنە ئەھلىگە

**[71] الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاپ قىلىپ مۇنداق دىدى:: ( فَاصْدَعْ بِمَا تُؤْمَرُ وَأَعْرِضْ عَنِ الْمُشْرِكِينَ ) [ الحجر : 94 ] . (ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار (نىڭ مەسخىرەلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن)**

مەركەزلەشتى، چۈنكى، مەدىنە ئەھلى دەۋەتكە ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن تەشكىللەنگەن تايانچ بازىنىڭ ياردىمىدە ئۇلارنى تەربىيەلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىدىغان دەۋەتچىلەر، كىشىلەرگە دىنى يوليورۇق بەرگۈچىلەر، كىشىلەرنى تەربىيەلىگۈچىلەرنىڭ ئايلاندى. مەدىنە ئەھلى جىھاد قىلدى، جىھاد مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇردى ھەمدە جىھادنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بەردى. ئۇلار - مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلار بىلەن – دەۋەتنىڭ كەلگۈسى باسقۇچلىرىنىڭ ھەممىسىدە دەۋەتنىڭ ھەقىقىي مەركىزىگە ئايلاندى. لېكىن ، ئاخىرقى ئىككى گۇرۇھتىكى (يەنى پايدا مەنپەئەت قوغلىشىدىغان گۇرۇھ بىلەن مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان گۇرۇھتىكى ) كىشىلەرگە دەۋەت قىلىش كېيىنكى باسقۇچقا

كېچىكتۈرۈلدى.. مانا بۇ دەۋەت يولىغا، ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتى ، كۆرەشنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشتۇر.

ھەقكە ئىمان ئېيتىدىغان ۋە ئۇنى تارقىتىش ۋە ئۇنى زېمىندا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان كىشىلەر مەۋجۇت بولغاندىن باشلاپلا ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ـ اللەنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە-چوقۇم يۈز بېرىدۇ. چۈنكى، جاھىلىيەت –ھەرقانداق ھالەتتە – ھەقكە دەۋەت قىلىشقا، ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشكە چىداپ تۇرالمايدۇ، گەرچە جاھىلىيەتكە مۇتلەق دەۋەت يۈزلەنمىگەن بولسىمۇ، كىشىلەرنى ھەقكە دەۋەت قىلىشقا قەتئىي چىداپ تۇرالمايدۇ. [72]

---

**[72].جاھىلىيەت مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقكە دەۋەت قىلىش ۋە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشىغا چىداپ تۇرالمىغاندىن سىرت يەنە جاھىلىيەت ئىسلامنىڭ ئادەتتىكى بەلگىسىنى كۆرسىمۇ ھەرگىز چىداپ تۇرالمايدۇ...مەسىلەن ختايلار مۇسۇلمان ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھىجاپلىنىپ نامەھرەملەردىن ئەۋرەتلىرىنى يۆگىشىگىمۇ چىداپ تۇرالماي ئۇلارنى تۇتۇپ سولاپ ھايۋانلارچە كېيمىگىنى سىلىۋېتىپ بىزدەك ھايۋانلارچە ياشا دەپ مەجبۇرلاۋاتىدۇ، ساقال قويغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى تۇتۇپ سولاپ ساقاللىرىنى چۈشۈرىۋاتىدۇ، مەسجىدلەرنىڭ مۇنارلىرىنى يىقىتىپ تاشلاپ ئادەتتىكى ئۆيدىن پەرىقلەنمەيدىغان قىلىۋاتىدۇ، يولدا ماڭغان**

﴿ وَإِنْ كَانَ طَائِفَةٌ مِنْكُمْ آمَنُوا بِالَّذِي أُرْسِلْتُ بِهِ وَطَائِفَةٌ لَمْ يُؤْمِنُوا فَاصْبِرُوا حَتَّى يَحْكُمَ اللَّهُ بَيْنَنَا وَهُوَ خَيْرُ الْحَاكِمِينَ ، قَالَ الْمَلَأُ الَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا مِنْ قَوْمِهِ لَنُخْرِجَنَّكَ يَا شُعَيْبُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَكَ مِنْ قَرْيَتِنَا أَوْ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَا ﴾ [ الأعراف : 87 - 88 ] .

(ئەگەر سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنگەن، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم ئىشەنمىگەن بولسا، الله بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارغۇچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار. الله ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر». شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھەرلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى سىلەر چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. شۇئەيب: «بىز

**كىشــى مەســجىتمۇ ياكى ئۆيمۇ بۇنى پەرىلەندۈرەلمەيدۇ... بۇ پەقەت يوشۇرۇن قوقتىشتىن ئاشكارە يوقتىشقا ئىكتىكەنلىكىنىڭ بىر بەلگىسى خالاس.**

(بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى يامان كۆرۈدىغان تۇرساق (بىزنى يەنىلا شۇنىڭغا مەجبۇر قىلامسىلەر؟)» دېدى)

جاھىلىيەت مانا مۇشۇنداق دەۋەت بىلەن چىقىشىپمۇ ئۆتەلمەيدۇ ھەمدە الله خالىغان ۋاقىتتا ھۆكۈم چىقارغۇچە چىداپمۇ تۇرالمايدۇ! بەلكى، جاھىلىيەت دەۋەتكە تاجاۋۇز قىلىپ، دەۋەت ئەھلىنى يۇرت – ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، دەۋەت ئەھلىگە قاتتىق ئەرزىيەت يەتكۈزىدۇ! شۇڭا مانا مۇشۇنداق ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدا كۈرەش يۈز بېرىۋاتقان تۇنجى باسقۇچتا دەۋەتكە زادى قايسى گۇرۇھ كىشىلەر ئاۋاز قوشىدۇ؟

دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى ئىزدەيدىغان پايدا-زىياننى مەنپەئەت ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەيدىغان كىشىلەر دەۋەتكە ئاۋاز قوشامدۇ؟ ياكى ئۆزىنىڭ روھى خاراكتېرى بويىچە، گەرچە ئۇنىڭدا يامانلىق بارلىقىنى بىلسىمۇ «رېئال ئىشلار»غا بويسۇنىدىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان رېئاللىقىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ ئۇ

تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە موهتاج بولغانلىقى ۋە خەتەرگە ئىلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۈلەنمەيدىغان كىشلەر(بۇنداق كىشلەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىمۇ ۋە ئۆزىنى خەتەرگە ئۇچرىتىشنىمۇ خالىمايدۇ) دەۋەتكە ئاۋاز قوشامدۇ؟!

شۈبهىسىزكى، كۆرەشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدا الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان .. پايدا زىياننى ئىلاهى ئۆلچەم بويىچە ئۆلچەيدىغان، ھەرگىزمۇ پايدا زىياننى جاھىلىيەت ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچىمەيدىغان ھەمدە ئىلاهى ئۆلچەمدىن باشقا ئۆلچەمنىمۇ بىلمەيدىغان كىشلەر دەۋەتكە ئاۋاز قوشىدۇ.

( **لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ** ) [ الحديد : 25 ] .

(بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، ميزان (قانۇن) نى چۈشۈردۇق.)

الله دەۋاتقان ميزان بولسا : دۇنيانىڭ مەنپەئىتى ئازدۇر. اﷲتىن قورققان ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقان كىشى ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر-دېگەن ميزاندۇر.

( **قُلْ مَتَاعُ الدُّنْيَا قَلِيلٌ وَالْآخِرَةُ خَيْرٌ لِمَنِ اتَّقَى وَلا تُظْلَمُونَ فَتِيلاً** ) [ النساء : 77 ] .

((ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «دۇنيانىڭ مەنپەئىتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېمىتى پانىيدۇر)، (اﷲ تىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)»)

الله دەۋاتقان ميزان بولسا: زېمىندىكى بارلىق پايدا -مەنپەئەت، مال-دۇنيا، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەممىسى الله ۋە

ئۆنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرۈشكە ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىشقا يەتمەيدۇ- دېگەن ميزاندۇر.

**( قُلْ إِنْ كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُمْ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ )** [ التوبة : 24 ] .

(ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتا-ئانائىلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرۈدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللە تىن، اللە نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، اللە نىڭ پەيغەمبىرگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللە

نىڭ ئەمر (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈشلار، ﷲ پاسىق قەۋمنى (يەنى ﷲ نىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگراسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ»)

ﷲ دەۋاتقان مىزان بولسا : باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر ھاياتى دۇنيانىڭ بارلىق زىبۇ –زىننەتلىرىدىن ياخشى- دېگەن مىزاندۇر.

( **الْمَالُ وَالْبَنُونَ زِينَةُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَالْبَاقِيَاتُ الصَّالِحَاتُ خَيْرٌ عِنْدَ رَبِّكَ ثَوَاباً وَخَيْرٌ أَمَلاً** ) [ الكهف : 46 ] .

(ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر)

الله دەۋاتقان ميزان بولسا : اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان پايدىلىق تىجارەت الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىش ۋە الله يولىدا جىهاد قىلىش- دېگەن ميزاندۇر.

( **يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنْجِيكُمْ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ، تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ ، يَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَيُدْخِلْكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ ، وَأُخْرَى تُحِبُّونَهَا نَصْرٌ مِنَ اللَّهِ وَفَتْحٌ قَرِيبٌ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ** ) [ الصف : 10 – 13 ] .

(ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟. الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىهاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر. (شۇنداق قىلساڭلار) الله سىلەرنىڭ

گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر. سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېمەت ﷲ تىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبە (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى) دۇر، (ئى مۇھەممەد!) مۆمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن)

دەۋەتنىڭ تۇنجى باسقۇچى بولسا كۈچ-قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىش ۋە دەۋەت ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىش باسقۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى زېمىننىڭ مەنپەئەتلىرى مال-دۇنيا، بايلىق، ھېسسىي لەززەت بولسۇن ياكى يۈز-ئابرۇي ، شۆھرەت قازىنىش، ئەگەشكۈچى ۋە ياردەمچىلەر بولسۇن زېمىننىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئىزدەيدىغان كىشىلەر بۇ دەۋەتكە لايىق كەلمەيدۇ.. بۇلار تايانچ بازىنى قۇرۇشقا

يارىمايدۇ ھەمدە بازىنىڭ كېڭىيىش دەۋرى يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا بۇنداق كىشىلەر بىلەن بازا ھەرگىز كېڭەيمەيدۇ!

ئەگەر بىز ھازىرقى رىئاللىقىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق مەيلى تايانچ بازىغا نىسبەتەن بولسۇن ياكى كېڭەيگەن بازىغا نىسبەتەن بولسۇن ھەمدە كىشىلەر ئاللەنىڭ دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىرىدىغان « ئومومى خەلق بازىسى»غا نىسبەتەن بولسۇن، بىز نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىمىز. لېكىن ، بۇلارنىڭ ئىسلامىنىمۇ ھەم توغرىلاش كېرەك ھەمدە ئۇلارنى خۇددى ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى « ئاددىي پۇقرا » نىڭ ئادىمىيلىكنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى «قانۇن-نىزاملار ئۇنىڭغا تايىنىدىغان تۇۋرۈكلەرنىڭ بىرى» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىۋاتقاندىكىدەك، بۇنداق قائىدە-پىرىنسىپسىز ھالەتتە تاشلاپ قويماسلىق لازىم!

ئىسلامدا ئاددىي پۇقرا ئەر ۋە ئايال مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى، بۇ يەردە مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ

ھەممىسى ئىسلام ئەھكاملىرىغا  چىڭ ئېسىلىدۇ ياكى ئەڭ ئاددىيسى ئۇلار اللهنىڭ ميزانىدا ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان قىلىدىغان ئىسلامنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىگە چىڭ ئېسىلىشى كېرەك . مانا بۇ ئىسلام دۆلىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا باشلامچىلىق قىلىدىغان كىشىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر. كىمكى ئۆزلۈكىدىن ئىسلام ئەھكاملىرىغا چىڭ ئېسىلسا رەببى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان بولىدۇ. كىمكى ئىسلام ئەھكاملىرىغا ئۆزىنى مەجبۇرلىمىسا سۇلتان ئۇنى مەجبۇرلايدۇ. ئوسمان **(رضي الله عنه )** دېگەندەك :

**قال عثمان رضي الله عنه : " يزع الله بالسلطان ما لا يزع بالقرآن "** .

ئوسمان **(رضي الله عنه )** مۇنداق دېدى : « الله قۇرئاننىڭ جىنايەتلەرنى توسقۇچى ئايەتلىرى بىلەن (كىشىلەر ئىماننىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن قىلىشتىن) توختاتمىغان بەزى جىنايەتلەرنى سۇلتان (ھاكىم) نىڭ كۈچى ئارقىلىق توختىتىدۇ»

شۇنىڭ بىلەن بارلىق كىشىلەر دەۋەت ساھەسىگە كىرىدۇ، لېكىن ، تۈنجى جامائەتنىڭ ئىشىغا ئوخشاش، قاچانكى، ئۇنىڭ شارائىت ۋە تەلەپلىرى تەكرارلانسا تەكرارلىنىدىغان ئىلاھى قانۇنىيەت بويىچە ئاستا-ئاستا ، قەدەممۇ-قەدەم داۋام قىلىدۇ.

ئەگەر بىز ھازىرقى رىئاللىقىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئۇممەتنىڭ – رەببىڭ رەھىم قىلغان كىشى بۇنىڭ سىرتىدا- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون تۆت ئەسىر ئىلگىرى سۈپەتلىگەن « كۆپۈك» ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز:

**حدثنا عبد الرحمن بن إبراهيم الدمشقي حدثنا بشر بن بكر حدثنا ابن جابر حدثني أبو عبد السلام عن ثوبان قال قال رسول الله صلى الله عليه وسـلم " يُوشـكُ أن تَدَاعى عليكم الأُمم كما تَدَاعى الأَكَلَةُ عَلَى**

**قَصْعَتِها** " . قالوا : أمن قِلَّة نحن يومئذ يا رسولَ الله ؟ قال : " **بل أنتم يومئذ كثير ، ولكنكم غُثاءٌ كغُثاء السَــــيل ، ولَيَنْزَعَنَّ الله المَهابَةَ من صُــــدور أعدائكم ، ولَيَقْذفن في قلوبكم الوَهْن** " . قالوا : وما الوَهْن يا رسول الله ؟ قال : " **حُبُّ الدنيا وكراهية الموت** " [73] .

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** : «سىلەرگە قارشى بارلىق ئۇممەتلەر(يەنى پۇتكۇل كاپىرلار ۋە ئازغۇن مىللەتلەر) خۇددى تاماق يېگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى قاچىسىغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ ( يەنى : پۇتكۇل كاپىرلار ۋە ئازغۇن مىللەتلەر سىلەرگە ئۇرۇش قىلىش ۋە شانۇ-شەۋكىتىڭلارنى سۇندۇرۇش ھەمدە سىلەر ئىگە بولغان يۇرت-ماكان ۋە مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاش ئۈچۈن بىر-بىرىنى چاقىرىشىپ سىلەرنى باستۇرۇپ كېلىدۇ )»دېدى .

-ساھابىلەر: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ كۈندە بىزنىڭ سانىمىز ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىزگە يوپۇرۇلۇپ كېلەمدۇ؟ دېيىشتى.

---

[73] **أخرجه أحمد وأبو داود .**

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بۇ كۈندە سىلەرنىڭ سانىڭلار بەك كۆپ، لېكىن ، سىلەر سەلنىڭ كۆپىكىگە ئوخشاپ قالىسىلەر( يەنى سىلەرنىڭ شىجائىتىڭلار يوق، ئۇلارغا قارشى تۇرغىدەك قۇدرىتىڭلار يوق)، الله دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەردىن قورقۇش ئەندىشىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ، قەلبىڭلارغا ۋەھنىنى تاشلايدۇ »دېدى .

-ساھابىلەر: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ۋەھنى دېگەن نېمە ؟ دېيىشتى.

-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ۋەھنى دېگەن ھاياتى دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، ئۆلۈمدىن قورقۇش »دېدى .

مەيلى تـايـانچ بـازا بەرپـا قىلىش ئۈچۈن بولســـۇن يـاكى كېڭەيگەن بازا بەرپا قىلىش ئۈچۈن بولســـۇن ياكى ئومومى خەلق بازىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن بولسۇن، ئەگەر بۇ دەۋەت يۈزلەنگەن ئۈممەتنىڭ ئەھۋالى بولىدىغان بولســـا ئۇنداقتا بىز خۇددى دوختۇر

كېسەلنى داۋالاشقا تەكلىپ قىلىنغاندا، كېسەلنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنى تەكشۈرۈپ ئاندىن كىيىن دورا بەرگىنىدەك، ئۈممەتنىڭ كېسەلگە پايدىلىق دورا بېرىشىمىز ئۈچۈن، ئۈممەتنى مۇشۇنداق ھالەتكە ئىلىپ بارغان سەۋەبلەرنى بىلىشىمىز كېرەك ،

ھېچقانداق بىر كىشى : دەۋەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان تايانچ بازا ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن، ئەيىب -نۇقسانلاردىن پاكتۇر-دەپ ئويلاپ قالمىسۇن! ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىسۇن، شۈبھىسىزكى، بۇ بازا ئۈممەت ئۇنىڭ مۇھىتىدا ياشاۋاتقان ۋە ئۇنىڭ كىسەللىرىگە دۇچ كېلىۋاتقان بۇ ئۈممەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. لېكىن ، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇنداق دېدى :

**" خياركم في الجاهلية خياركم في الإسلام إذا فَقُهُوا "** (74) ..

---

(74) **أخرجه البخاري .**

« سىلەرنىڭ جاھىلىيەتتە ئەڭ ياخشى بولغىنىڭلار ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىنمۇ ئەڭ ياخشى كىشىلەر ھېسابلىنىسىلەر. ئەگەر سىلەر اللەنىڭ دىنىنى ئۆگەنسەڭلار.»

بىز دەيمىزكى، بۇ قىسمەن جاھىلىيەت بولۇپ ئىبنى تەيمىيە **(ابن تيمية رحمه الله)** مۇنداق دەيدۇ: شۈبھىسىزكى بۇ جاھىلىيەت ئىسلام رايۇنلىرىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا تېپىلىدۇ، ھەرىكەتنىڭ يادروسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ياخشى كىشىلەرمۇ تېپىلىدۇ، ئاندىن شۇ مەركەز ئەتراپىدا شەكىللىنىدىغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئۇلگە قىلىدىغان كېڭەيگەن بازىنى شەكىللەندۈرىدىغان باشقا ياخشى كىشىلەرمۇ تىكىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئومومى خەلقنىڭ دەۋرى كېلىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ياخشى كىشىلەر بولۇپ ئۇلار دەۋەتكە ئاۋاز قوشىدۇ، دەۋەتكە چىڭ ئىسىلىدۇ، بۇندىن باشقا قۇرئاننىڭ يوليورۇقى بىلەن شەرىئەت چەكلىگەن ئىشلاردىن

چەكلەنمىگەن كىشىلەرنى الله سۇلتان ئارقىلىق شەرىئەت چەكلىگەن ئىشلاردىن چەكلەيدۇ.

بۇ ئەۋلادنى ئۇلار ياشاۋاتقان كۆپۈك ھالەتكە ئىلىپ بارغان نەرسە زادى نېمە ؟ بىز بۇ ئەۋلادنى قەيەردىن داۋالاشنى بىلىشىمىز ۋە داۋالاشتا زۆرۈر بولغان پىلانلارنى ئايدىڭلاشتۇرىۋىلىشىمىز ئۈچۈن ھازىر بىز دەۋەت يۈزلەنگەن بۇ ئەۋلادلارنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر تاشلاپ ئۆتىمىز..

بۇ يەردە ئۈممەتكە تارىخى يولدا يەتكەن نۇرغۇنلىغان كىسەللەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ئۈممەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىن كەلگەن، يەنە بىر قىسمى بولسا ئۈممەتنىڭ دۈشمەنلىرى تەرەپتىن كەلگەن. ئېھتىمال ، بۇ كىسەللەرنى تەپسىلىي ستاستىكلاپ چىقىش تولىمۇ قىيىن بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن ، بىز بۇيەردە تەكشۈرگۈچىنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئاشكارا كىسەللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ئىرجائىزىم ئىدىيىسى **(الفكر الإرجائي)** بولۇپ ئۇ ئىمان دېگەن « قەلبتە تەستىقلاش، تىل بىلەن ئىقرار قىلىشتۇر، ئىسلامنىڭ يوليورۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش ئىمان دائىرىسىگە كىرمەيدۇ› دەپ بىلجىرلايدۇ!

شۈبھىسىزكى، قەلبتە تەستىقلاش، تىل بىلەن ئىقرار قىلىش ئىماننى ئىسپاتلاشتا تولىمۇ زۆرۈر . ئەمما، ‹ئىسلامنىڭ يوليورۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش ئىمان دائىرىسىگە كىرمەيدۇ› دېگەن سۆز تولىمۇ خەتەرلىك بولۇپ، بۇ دىنىنىڭ ماھىيىتىدىن تولىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ دىن ئەمەل قىلماي تۇرۇپ ۋە زېمىندا سەرپ قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى سەرپ قىلماي تۇرۇپ ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەمەس – ئۇنداق بولۇشىمۇ قەتئىي مۇمكىن ئەمەس-. ئىسلامنىڭ تۇنجى غېرىبلىقىنى يوقىتىش [75] پەقەتلا قەلبتە تەستىقلاش، تىل بىلەن

---

[75] قال عليه الصلاة والسلام : " بدأ الإسلام غريبا وسيعود غريبا كما بدأ " . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئىسلام غەرىيب ھالەتتە باشلانغان يەنە غەرىيب ھالىتگە قايتىدۇ..»دېگەن.

ئىقرار قىلىش ئارقىلىقلا بارلىققا كەلگەن ئەمەس، بەلكى، بۇ دىنىدىن باشقا ھەرقانداق بىر قانۇن-نىزامنىڭمۇ بۇ قەلبتە تەستىقلاش، تىل بىلەن ئىقرار قىلىشنى ئەملى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن كۈچ سەرپ قىلماي تۇرۇپ پەقەتلا قەلبتە تەستىقلاش، تىل بىلەن ئىقرار قىلىش ئارقىلىقلا بارلىققا كېلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس!

ئىرجائىزىم ئىدىيەسىنىڭ تارقىلىشىغا ئىلىپ بارغان تارىخى سەۋەبلەر قانداق بولسا-بولسۇن ئۇممەت دىنىنىڭ تەكلىپلىرىدىن قېچىشقا باشلىغاندىن باشلاپ ئۇممەت ئىچىدە غايەت زور بۇزۇقچىلىقلار پەيدا بولدى، ئاندىن ئىرجائىزىم ئىدىيسى ئۇممەتنى : ‹قاچانكى ئىمان بىلەن ياشىسا، ئىسلامنىڭ بۇنچىلىك تەكلىپلىدىن قاچقانغا ھېچنېمە بولمايدۇ› دېگەن گۇمانغا كەلتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇممەت دىنىنىڭ تەكلىپلىرىدىن ئاستا-ئاستا قېچىشقا باشلىدى، ئاخىرى بىرىپ اللەغا ئوچۇق - ئاشكارا شېرىك كەلتۇردى، مەيلى ئېتىقادتىكى شېرىك بولسۇن ياكى ئىبادەتتىكى شېرىك بولسۇن ياكى ھاكىمىيەتتىكى شېرىك بولسۇن بىردەك شىرىككە

چۈشۈپ قالدى، ئاندىن ئىرجائىزىم ئىدىيىسى كىشىلەرنى ھېلىمۇ - ھەم ياخشىلىق قىلىۋاتىدۇ ھەمدە ئۇلار ھېلىمۇ - ھەم ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى!

بىز بىر مەكتەپنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى: ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە ئوقۇش ئۈچۈن كېلىدۇ ، ئاندىن كېيىن ئۇلار دەرسكە قاتناشمايدىغان ئاندىن كېيىن مەكتەپكىمۇ كەلمەيدىغان بولىۋالىدۇ، ئاشۇنداق تۇرسىمۇ ئۇلارغا شۇنداق دېيىلىدۇكى : سىلەرنىڭ نىيىتىڭلاردا مەكتەپكە كېلىش بولسىلا بولدى، بەلكى، سىلەر مەكتەپكە كىلىشنى ئىنكار قىلماستىن ھۇرۇنلۇق قىلىپ مەكتەپكە كەلمىسەڭلارمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ! سىلەرنىڭ ئىسمىڭلار مەكتەپنىڭ تىزىملىكىدە بولسىلا ھەمدە سىلەر ئىسمىڭلارنى مەكتەپنىڭ تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلمىساڭلار بولدى! (ئىرجائىزىم ئىدىيەسىنىڭ دېگىنى مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ)

مانا مۇشۇنداق خام-خىيالنىڭ زەھەرلىرى ئىچىدە ياشاۋاتقان ھەمدە ئۇنى ھەقىقەت دەپ ئويلاۋاتقان تىرىك-تاپ، ھۇرۇن روھ بىلەن زېمىن رېئاللىقىدا قانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ؟

ئەگەر بۇنداق روھ بىلەن بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمىسا، ئىسلام دېگەن ھاياتنىڭ پۈتكۈل تەرەپلىرىنى ۋە ھەر قايسى ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تىرىشچانلىقنىڭ دەرىجىسى ۋە اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن پۈتكۈل زېمىننى ۋە بارلىق ئىنسانىيەتنى ئۆزئىچىگە ئالىدىغان ئالەمشۇمۇل ھەرىكەت بولۇش ئۈچۈن نازىل بولغان تۇرسا ئۇنداقتا، ئىسلامنىڭ بۇنداق روھ بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟

بۇزۇق ئەقىدىلەر ۋە بۇزۇق قانۇن-نىزاملارنى ھەمدە بۇزۇق ئەقىدىلەر ۋە بۇزۇق قانۇن-نىزاملارنى ھىمايە قىلىدىغان قوشۇنلارنى پەقەتلا قەلب بىلەن تەستىقلاش ۋە تىل بىلەن ئىقرار قىلىش ئارقىلىقلا يوقاتقىلى بولامدۇ؟ جاھىلىيەتنىڭ سەۋەبى بىلەن

جاھىلىيەتتىكى ئىنسانىيەتكە چۈشكەن بۇ پىتنە – پاساتلارنى زېمىن رېئاللىقىدا جىھاد قىلماي تۇرۇپ يوقىتىش مۇمكىن بولامدۇ؟

( **وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ** ) [ الأنفال : 39 ] .

(پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛)

مانا بۇ كىسەل - ئىرجائىزىم ئىدىيىسىنىڭ كېسىلى - زېمىندىكى ھەرقانداق بىر ئۈممەتكە يەتسە ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە گۇۋاھچى بولىدىغان ئىسلام ئۈممىتىگە يېتىشنى ئارزۇ قىلغان بولىدۇ:

( **وَجَاهِدُوا فِي اللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِ هُوَ اجْتَبَاكُمْ وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ مِلَّةَ أَبِيكُمْ إِبْرَاهِيمَ هُوَ سَمَّاكُمُ الْمُسْلِمِينَ مِنْ قَبْلُ وَفِي هَذَا**

**لِيَكُونَ الرَّسُولُ شَهِيداً عَلَيْكُمْ وَتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ** ) [ الحج : 78 ] .

(اللە نىڭ يولىدا (پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىهاد قىلىڭلار، اللە (دىنىغا پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىنىدا هېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار)، اللە سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. (اللە) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى))

سوپىزم ئىدىيىسى **(الفكر الصوفي)** گەرچە يەنە بىر تەرەپتە بولسىمۇ بىراق، ئىرجائىزىم ئىدىيىسى **(الفكر الإرجائي)** غا ئوخشاش يول بىلەن كەلدى..

ئىرجائىزىم ئىدىيىسى **(الفكر الإرجائي)** بارلىق ئىماننىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىشنى ئىمان دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتتى.

ئەمما سوپىزم ئىدىيىسى **(الفكر الصوفي)** بولسا پەقەت بىرلا ئەمەلگە مەركەزلىشىپ ئۇنىڭدىن باشقا پۈتكۈل ئەمەلنى ئىماننىڭ تەلەپلىرى دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتتى. سوپىزم ئىدىيىسى **(الفكر الصوفي)** پەقەتلا ئىبادەت شوئارلىرى ۋە اللەنى ئەسلەشتىن ئىبارەت تار، چەكلىك دائىرىدىكى ئىبادەتكە مەركەزلەشتى ھەمدە ئىلاھى پىرىنسىپنىڭ تەلىپى بويىچە زېمىننى گۈللەندۈرۈشنى ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، الله يولىدا جىھاد قىلىشنى ئىبادەت دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتتى. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا الله **(سبحانه وتعالى )** نىڭ كىتابى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى(

**صلى الله عليه وسلم )** نىڭ سۈننىتىدە ئېنىق دەلىل-پاكىت كەلگەن ئىدى.

( **الَّذِينَ إِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ** ) [ الحج : 41 ] .

(الله نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى الله قا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە الله قا قايتىدۇ))

( **فَلْيُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ الَّذِينَ يَشْرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا بِالْآخِرَةِ** ) [ النساء : 74 ] .

(دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار الله يولىدا (جېنىنى، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن)

( **وَلِيُمَحِّصَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَيَمْحَقَ الْكَافِرِينَ ، أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَعْلَمِ اللَّهُ الَّذِينَ جَاهَدُوا مِنْكُمْ وَيَعْلَمَ الصَّابِرِينَ** ) [ آل عمران : 141 – 142 ] .

(مۆمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ئۈچۈندۇر، كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر. (ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) الله سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟)

( **هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولاً فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ** ) [ الملك : 15 ] .

(الله سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. الله نىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر)

( **هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا** ) [ هود : 61 ] .

(الله سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى،)

اللەنى ئەسلەش مۇسۇلمان ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بولغان تەلەپتۇر، لېكىن ، ئىبادەتنىڭ ھەممىسى پەقەتلا اللەنى ئەسلەشلا ئەمەس. بىراق، اللەنى ئەسلەش دېگەن الله **(سبحانه وتعالى )** كىتابىدا سۈپەتلىگەن ھەمدە ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** نى سۈپەتلىگەندەك مۇنداق بولىدۇ:

( **الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَاماً وَقُعُوداً وَعَلَى جُنُوبِهِمْ** ) [ آل عمران : 191 ] .

(ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ﷲ نى ئەسلەپ تۇرىدۇ)

بۇ يەردە سوپىزمنىڭ روھ بىلەن بىرلىشىش **(الاتحاد)**، هۇلۇل (الحلول)، ۋەهدەتۇل ۋۇجۇد (وحدة الوجود) ئەقىدىسىدە پەيدا بولغان ئاشكارا شېرىك باشقا يەنە سوپىزم پەيدا قىلغان ۋە ئىبادەتنى ئۇنىڭغا چەكلەپ قويغان يۇقىرىقى ئايەتتە بايان قىلىنغان بۇ زىكرى قىلىشقا (اللەنى ئەسلەشكە) تامامەن ئوخشىمايدىغان يەنە بىر نەرسە بار بولۇپ، سوپىزم بۇنى‹ ئۇ بىزنى الله رازىلىقىغا يەتكۈزىدۇ› دەپ داۋا قىلىدۇ.

سوپىزم ئىدىيسى **(الفكر الصوفي)** نىڭ تارقىلىشىغا ئىلىپ بارغان هەمدە ئۇنى خەلقنىڭ دىنغا كىرىشىنىڭ بىردىن- بىر ياكى ئەڭ مۇهىم ئىشكى قىلىۋالغان سەۋەبلەر قايسى بولسا-بولسۇن، سوپىزم ئىدىيسى **(الفكر الصوفي)** ئۇممەت ئىچىدە نۇرغۇنلىغان بۇزۇقچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. ئۇ بۇزۇقچىلىقلار تۆۋەندىكىچە:

اللهغا يۈلىنىۋېلىش، سەۋەبلەرنى تۇتماسلىق، زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە سەل قاراش، قازايى –قەدەر ئەقىدىسىدە ئېغىپ كېتىش ، ئىنسانغا خاتالىشىپ كەتكەندە مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلدۇرماسلىق، جىھاد قىلىشتىن ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ – يامانلىقتىن توسۇشتىن يۈز ئۆرۈش، مۇسۇلماننىڭ ھېس – تۇيغۇسىدا دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى ۋە دۇنيالىق ئەمەل بىلەن ئاخىرەتلىك ئەمەلنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋېتىش، ئىسلام قەلبلەردە پەيدا قىلىدىغان ئاندىن كىيىن ئىنسان پۈتكۈل تىرىشچانلىقى بىلەن زېمىن رېئاللىقىدا قەلبى اللهغا باغلانغان ھالدا ئەمەل قىلىدىغان ناھايىتى گۈزەل بولغان ئىنچىكە تەڭپۇڭلۇقنى، باشقىچە ئىبارەت بىلەن ئېيتقاندا : غەيب دۇنياسى بىلەن رېئال دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇش... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

************

شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئىسلامنى پەقەت بىر شەخسنىڭ دۇنياسىغا چەكلەپ قويۇش ۋە الله مۇسۇلمان جامائەتنى ئۇزۇن تارىخى يول داۋامىدا ئۇممەتكە يەتكەن كىشىلەردىن قۇتقۇزۇشقا تەكلىپ قىلغان «ئۇمۇمنىڭ ئىشلىرى»نى تەرك ئېتىش پەيدا بولدى.

شۈبھىسىزكى، گەرچە بۇ بىنا ئۇنىڭسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغان ئاساس بولسىمۇ، بۇ دىن پەقەتلا شەخسلەرنىلا ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن چۈشمىگەن، لېكىن ، پەقەت بىر شەخسنىلا ئىسلاھ قىلىش ياراملىق بىر جەمئىيەتنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭ ھەربىر خىشلىرى ساغلام بولغان بىر بىنانى تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭدا بۇ توغرىدەك كۆرۈنىدۇ ، لېكىن ، بۇ بىنادا خىشلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان لاي يوق، شۇڭا ئۇ ھەرگىزمۇ تەۋرىنىشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ھەقىقىي مۇستەھكەم بىنا بولالمايدۇ. بۇنداق تەۋرىنىشلەر ئۇممەتلەرنىڭ بەلكى، شەخسلەرنىڭ ھاياتىدا نېمىدېگەن كۆپ-ھە! بەلكى، بۇ بىنا تېخى شامالغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇممەتلەرنىڭ بەلكى،

شەخسلەرنىڭ ھاياتىدا ۋەيران قىلغۇچى قاتتىق بوران-چاپقۇن ئېمىدىغەن كۆپ-ھە!

ھەقىقەتەن، بۇ دىن مۇسۇلمان جامائەتكە بەلكى، بىر- بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، بىر-بىرىگە باغلانغان ئىسلام ئۈممىتىگە ناھايىتى ئېنىق مەركەزلەشكەن، ھەرگىزمۇ بۇ دىن پەقەتلا ۋىجدانى ھېس -تۇيغۇلارغا مەركەزلەشكەن ئەمەس. بۇ دىن يەنە ئەمەل ۋە تەكلىپلەرگە مەركەزلەشكەن. مۇئمىنلەرگە يۈزلەنگەن خىتابنىڭ كۆپىنچىسى اللەنىڭ ( **يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا** ... « ئى مۇئمىنلەر...» ) دىگەن سۆزى بىلەن باشلىنىدۇ. ( **يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا** ... « ئى مۇئمىنلەر...» )بۇ سۆزدىن پەقەتلا شەخسلەر مەقسەت قىلىنمايدۇ، بەلكى، ئۇنىڭدىن مەسئۇلىيىتى ئورتاق بولغان جامائەت مەقسەت قىلىدۇ:

( **يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ** ) [ المائدة : 51 ] .

(ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. )

**( يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَنْ يَرْتَدَّ مِنْكُمْ عَنْ دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللَّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لائِمٍ ذَلِكَ فَضْلُ اللَّهِ يُؤْتِيهِ مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ ، إِنَّمَا وَلِيُّكُمُ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَالَّذِينَ آمَنُوا الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَهُمْ رَاكِعُونَ )** [ المائدة : 54 – 55 ] .

(ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، اﷲ (ئۇنىڭ ئورنىغا) اﷲ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ اﷲ نى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، اﷲ نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) اﷲ نىڭ پەزلىدۇركى، (اﷲ) ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، اﷲ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (اﷲ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار

ﷲ دۇر، ﷲ نىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۆمىنلەردۇركى، مۆمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن ناماز ئۆتەيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار (ﷲ نىڭ ئەمرىگە كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇچىلاردۇر)

( **يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاءَ لِلَّهِ وَلَوْ عَلَى أَنْفُسِكُمْ أَوِ الْوَالِدَيْنِ وَالْأَقْرَبِينَ إِنْ يَكُنْ غَنِيّاً أَوْ فَقِيراً فَاللَّهُ أَوْلَى بِهِمَا فَلا تَتَّبِعُوا الْهَوَى أَنْ تَعْدِلُوا وَإِنْ تَلْوُوا أَوْ تُعْرِضُوا فَإِنَّ اللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيراً** ) [ النساء : 135 ] .

(ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، ﷲ سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى

خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا الله ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر)

( **لا يَتَّخِذِ الْمُؤْمِنُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ الْمُؤْمِنِينَ** ) [ آل عمران : 28 ] .

(مۇئمىنلەر مۇئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن)

( **وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ** ) [ آل عمران : 104 ] .

(سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر)

( **وَأَمْرُهُمْ شُورَى بَيْنَهُمْ** ) [ الشورى : 38 ] .

(..ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا..)

( **وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَيُطِيعُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ** ) [ التوبة : 71 ] .

(مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، االله قا ۋە االله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ،)

( **إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِهِ صَفّاً كَأَنَّهُمْ بُنْيَانٌ مَرْصُوصٌ** ) [ الصف : 4 ] .

(شۈبھىسىزكى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ)

**عن النعمان بن بشير رضي الله عنهما عن النبي صلى الله عليه وسلم، قال: (مَثَلُ الْقَائِمِ عَلَى حُدُودِ اللَّهِ وَالْوَاقِعِ فِيهَا؛ كَمَثَلِ قَوْمٍ اسْتَهَمُوا عَلَى سَفِينَةٍ, فَأَصَابَ بَعْضُهُمْ أَعْلَاهَا, وَبَعْضُهُمْ أَسْفَلَهَا, فَكَانَ الَّذِينَ فِي أَسْفَلِهَا إِذَا اسْتَقَوْا مِن الْمَاءِ مَرُّوا عَلَى مَنْ فَوْقَهُمْ, فَقَالُوا: لَوْ أَنَّا خَرَقْنَا فِي نَصِيبِنَا خَرْقًا وَلَمْ نُؤْذِ مَنْ فَوْقَنَا, فَإِنْ يَتْرُكُوهُمْ وَمَا أَرَادُوا هَلَكُوا جَمِيعًا, وَإِنْ أَخَذُوا عَلَى أَيْدِيهِمْ نَجَوْا وَنَجَوْا جَمِيعًا) رواه البخاري.** ( ) .

نۇئمان (**النعمان بن بشير ـ رضي الله عنهما**) ئارقىلىق پەيغەمبەر ( **صلى الله عليه وسلم** ) دىن نەقلى قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ( **صلى الله عليه وسلم** ) مۇنداق دىگەن : « اللهنىڭ بەلگىلىملىرى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغۇچى (يەنى اللهنىڭ دىنى

ئۇستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ ، ياخشىلىقنا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان، ھارام ئىشلارنى تەرك ئەتكەن، مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئورۇندىغان كىشى) بىلەن اللەنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە چۆشۈپ قالغۇچى ( يەنى ھارام ئىشلارنى قىلىدىغان، الله بۇيرۇغان مەجبۇرىيەتلەرنى تەرك ئەتكەن كىشى) خۇددى شۇنداق بىر كىشىلەرگە ئوخشايدۇكى ئۇلار بىر كېمىگە (ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ شۇ كېمىنىڭ ئۈستىدىكى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ) چەك تاشلاپ ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىسى كېمىنىڭ ئۈستىدىكى ئورۇندا، بەزىسى ئاستىدىكى ئورۇندا ئولتۇرىدۇ. كېمىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان كىشىلەر سۇ ئىچمەكچى بولسا كېمىنىڭ ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىن ( ئاتلاپ )ئۆتىدۇ. كېمىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان كىشىلەر: ئەگەر بىز سۇ ئىچىش ئۈچۈن كېمىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ ئۈستىمىزدىكى كىشىلەرگە ئەرزىيەت يەتكۈزمىگەن بولساق ( ئەلۋەتتە بىز بۇنى قىلىشقا قادىر ئىدۇق) دېيىشتى. ئەگەر كېمىنىڭ ئۈستىدىكى كىشىلەر ئۇلارنى ۋە ئۇلار قىلماقچى ئىشلارنى ئۆز ھالىغا

قويۇپ بىرىپ ئۇلار بىلەن كارى بولمىسا ( ئۇلار تەشكەن تۆشۈكتىن كېمىگە سۇ كىرىپ كېتىپ ) ئۇلارنىڭ ھەممىسى ( يەنى كېمىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان كىشىلەر ھەمدە كېمىنىڭ ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سۇغا غەرق بولۇپ) ھالاك بولىدۇ. ئەگەر كېمىنىڭ ئۈستىدىكى كىشىلەر كېمىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ كېمىدىن تۆشۈك ئىچىشىنى چەكلىسە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ( يەنى كېمىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان كىشىلەر ھەمدە كېمىنىڭ ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى) ھالاكەتتىن [76] قۇتۇلۇپ قالىدۇ»

(76) **مانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە جەمىيەتتىكى كىشىلەرنى دېڭىزدا كېتىۋاتقان بىر كېمىگە ئوخشىتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ اللەنىڭ دىنى ئۈستىدە مۇسەھكەم تۇرۇپ ، ھارام ئىشلارنى تەرىك ئەتكەن، مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئورۇندىغاندىن باشقا يەنە كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ، ھارام ئىشلارنى تەرىك ئېتىشكە ، مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئورۇنداشقا دەۋەت قىلىشى لازىملىقىنى بىز مۇسۇلمانلارغا ئەسكەرتكەن .. ئەگەر بىز مۇسۇلمانلار ئۇنداق قىلماي اللەنىڭ دۈشمەنلىرى ئويدۇرۇپ چىققان « ئۆزىڭنى بىل، يولىڭنى ماڭ، غىت قىسىۋال، سەن بىلەن مىنى بىر گوغا كۆمەمتى...» دىگەندەك شەخسىيەتچىلىك شۇئارلىرىغا ئالدىنىپ ئۆزىمىزنىڭ ئىمان ئېتىقادىلىقىغا قانائەتلىنىپ، اللە ئالدىدىكى كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ، ھارام ئىشلارنى تەرىك ئېتىشكە ، مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق**

**" كلكم راع وكلكم مسئول عن رعيته "** [77] .

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇنداق دېگەن : «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پادىڭلار ھەققىدە سوئال - سوراققا تارتىلىسىلەر.»

مانا بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلار مۇسۇلمان جامائەتنىڭ ئۈممەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى كۈچلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەر بىر شەخس الله **( سبحانه وتعالى )** ئالدىدىكى اللهنى ئەسلەش، اللهدىن قورقۇش ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت شەخسى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئورۇندايدۇ ھەمدە

**ئورۇناشقا دەۋەت قىلىش مەسئۇلىيىتىمىزدىن باش تارتساق ئاشۇ ئاسى كىشىلەرگە اللهنىڭ جازاسى كەلسە (ئاشۇ كىمدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش) بىزمۇ ئاشۇ ئاسى كىشىلەر بىلەن تەڭ ھالاك بولىمىز.. شۇڭا بىز ھەر دائىم مەسئۇلىيىتىمىزنى ئورۇنداشتىن باشقا كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشىمىز لازىم!!**

[77] أخرجه الشيخان .

ناماز، زاكات، روزا، ھەجدىن ئىبارەت پەرز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئورۇندايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر بىر شەخس ئورۇنداشقا تېگىشلىك زۆرۈر ئەمەللەر بولسىمۇ، لېكىن ، مۇشۇ ئەمەللەرنىڭ ئۆزىلا بۇ دىنغا خىزمەت قىلىدىغان، بىرلەشكەن بىر ئۇممەتنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ، چۈنكى، الله نازىل قىلغان ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سۈرىتىدىكى ۋە الله ئىرادە قىلغان نىشانىدىكى بۇ دىن بىلەن پارچىلىنىپ كەتكەن شەخسلەر مەشغۇل بولمايدۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەۋلىيالاردەك دەپ پاك بولۇپ كەتسىمۇ، مۇشۇ ئەمەللەرنىڭ ئۆزىلا بۇ دىنغا خىزمەت قىلىدىغان، بىرلەشكەن بىر ئۇممەتنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ رېئاللىقتا ئەمەلگە ئاشمايدىغان پەرەزدۇر. ئىنسان ئىنسانلا بولىدىكەن ئۇلاردا تۈرلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچلەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى تۈرلۈك ئارزۇ-ئارمانلار ھەرىكەتلىنىدۇ. ئۇلارنى بىرەر چەكلىگۈچى توسمىغاندا الله ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشلىرى ئۈچۈن ھەر بىر شەھەرنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلىدۇ.

**( وَكَذَلِكَ جَعَلْنَا فِي كُلِّ قَرْيَةٍ أَكَابِرَ مُجْرِمِيهَا لِيَمْكُرُوا فِيهَا وَمَا يَمْكُرُونَ إِلَّا بِأَنْفُسِهِمْ وَمَا يَشْعُرُونَ )** [ الأنعام : 123 ] .

(هىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشلىرى ئۈچۈن (مەككىدە قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلغىنىمىزدەك)، ھەر بىر شەھەرنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن ھىيلە ـ مىكىرلىرى ئۆزلىرىگە ياندۇ (يەنى ئۇلار شۇ ھىيلە ـ مىكىرلەرنىڭ ۋابالىغا قالىدۇ)، ئۇلار (بۇنى) سەزمەيدۇ)

ئەگەر جىنايەتچىلەرنىڭ كاتتىباشلىرى جاھلىيەتكە خاس بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇلار ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمىدە ئالەم خەلقئارالىق بىر شەھەرگە ئايلاندى دەپ داۋا قىلىشىۋاتقان « خەلقئارالىق بىر شەھەر» بولسا ئىسلامغا ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ كاتتىباشلىرى بىلەن توشۇپ كەتتى. شۇڭا بىر قانچە شەخسلەر – ياكى ئۇلارنىڭ

ھەممىسى- نىڭ نامازنى ئادا قىلىشى، زاكات بېرىشى، روزا تۇتۇشى، ھەج قىلىشى، اللەغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىبادەت قىلىشى، تەقۋالىق قىلىشى.. قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىلا بۇ جىنايەتچىلەرنىڭ كاتتىباشلىرىنى يوقىتىشقا ۋە جاھىلىيەت تەرەپتىن مۇسۇلمانلارغا كېلىۋاتقان پىتنە-پاساتلارغا رەدىيە بېرىشكە قادىر بولالامدۇ ياكى بۇلارنى يوقىتىش ئۆزلىرىنىڭ بارلىق مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىدىغان ھەمدە ئاشۇ مەسئۇلىيەتنىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان ۋە ھەربىر شەخس ئۇز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغان ئۆز ئارا ئىتتىپاقلاشقان بىر ئۇممەتكە موھتاج بولامدۇ؟ ھەر بىر شەخس ئۆزى بىلەن بولۇپ كېتىپ بارلىق كىشىلەرنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىدىن باش تارتسا، بۇ ئۇممەت ھەرگىزمۇ ئىتتىپاقلىشالمايدۇ.

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم )** نى يالغۇز-يالغۇز ھالەتتە تەربىيەلەپ ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسى دۇنياسىغا قويۇپ بېرىپ: «

ئۆزۈڭنى بىل، باشقىلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن دېگەنمۇ؟ ياكى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم )** نىڭ ھەممىسنى بىر بىنادىكى بىر – بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، بىرگەۋدىگە ئايلانغان خىش بولۇش ئۈچۈن تەربىيەلەپ ئاندىن ھەربىر خىشنىڭ ئارىلىقىغا ئۇنى باشقا خىش بىلەن چاپلاشتۇرىدىغان لاي قويۇپ، ئۇلاردا باشقىلار بىلەن چاپلىشالايدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىغانمۇ؟

بىرلەشكەن ھېس -تۇيغۇلار لېيى ۋە ئورتاق مەسئۇلىيەت لېيى بىر تۇغقان قوشكېزەك ئىككى قېرىنداشقا ئوخشاش بولۇپ بىرى يەنە بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ئۆز ئارا بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلىشىش ئۆز مەسئۇلىيتىنى ئورۇنداشقا قادىر بولغان ھەربىر كىشىگە پەرزدۇر. ئەگەر ئۇممەت بىر بىرى بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلاشقان ۋاقتتا، ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈدىغان ، ئىتتىپاقلاشقان ئۇممەتكە ئايلىنىدۇ . ئۇممەت بىر -بىرى بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلىشىشتىن يۈز ئۆرگەن ۋاقتتا،

ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىنى يامان كۆرۈدىغان ، ئاداۋەت تۇتىدىغان ئۇممەتكە ئايلىنىدۇ..

الله يولىدا جىهاد قىلىش ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئورۇنداشقا قادىر بولغان ھەربىر كىشىگە پەرزدۇر. ئەگەر ئۇممەت جىهاد قىلسا ئۆز مەۋجۇدىيىتى ساقلاپ قالىدۇ ھەمدە زىمىندا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇممەت جىهادتىن يۈز ئۆرىسە دۈشمەنلىرى ئۇنى يەۋېتىدۇ.

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئورۇنداشقا قادىر بولغان ھەربىر كىشىگە پەرزدۇر. ئەگەر ئۇممەت ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسسا ئەڭ ياخشى ئۇممەت بولىدۇ. ئەگەر ئۇممەت ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشتىن يۈز ئۆرىسە اللەنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان ئۇممەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ:.

(**كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ**) [ آل عمران : 110 ] .

((ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللّٰه قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.)

( **لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ بَنِي إِسْرائِيلَ عَلَى لِسَانِ دَاوُدَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ ذَلِكَ بِمَا عَصَوْا وَكَانُوا يَعْتَدُونَ ، كَانُوا لا يَتَنَاهَوْنَ عَنْ مُنْكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُوا يَفْعَلُونَ** ) [ المائدة : 78 – 79 ] .

(بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى؛ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!)

ئومومى تەكلىپلەردىن ۋە كۆپچىلىك ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلىشتىن يىراق ئۆرۈپدىغان بۇنداق شەخسىيەتچى روھنىڭ تارقىلىشىغا ئىلىپ بارغان سەۋەبلەر قانداق بولسا- بولسۇن بۇنداق شەخسىيەتچى روھ ئۇممەت ئىچىدە نۇرغۇنلىغان بۇزۇقچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. ئۇلار: ھاكىملارغا نەسىھەت قىلىشتىن يىراق ئۆرۈش، پەيغەمبەر **(صلى الله عليه وسلم)** ئۇنى دىنىنىڭ بىر قىسمى دەپ كۆرسەتتى:

قال عليه الصلاة والسلام على سبيل التأكيد : " الدين النصيحة " قيل : لِمَنْ يا رسول الله ؟ قال : **" لله ورسوله ولكتابه ولعامة المسلمين وخاصتهم "** (78)

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** تەكىتلەپ: « دىن دىگەن نەسىھەت » دىدى . ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! دىن دىگەن

**[78] متفق عليه .: بۇيەردىكى " النصيحة " دىگەن سۆزنىڭ لوغەت مەنىسى ؛ خالىس، سەممىي بولۇش دىگەن مەنىنى بۇلدۇرىدۇ . ئىستىلاھى مەناسى بولسا ن«ەسىھەت قىلىش »دىگەن مەنىنى بۇلدۇرىدۇ.**

كىملەرگە نەسىھەت؟ دېيىلگەندە. پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** : « دىن دېگەن الله ئۈچۈن[79] ، اللەنىڭ پەيغەمبىرى [80] ۋە الله نىڭ كىتابى[81] ئۈچۈن، پۈتكۈل مۇسۇلمانلار [82] ۋە ئۇلارنىڭ ئىماملىرى[83]غا نەسىھەت » دېدى .

ئۇ بۇزۇقچىلىقلارنىڭ يەنە بىرى: سىياسەت بىلەن مەشغۇل بولۇشنى تەرك ئېتىش ، ھاكىمنىڭ ھۆكۈم ئىشلىرىنى تەرك ئېتىش ؛ ئەگەر ھاكىم ئادىل بولسا ئۇ الله تەرەپتىن كەلگەن ياخشىلىق ۋە

---

**[79] الله ئۈچۈن ـ يەنى: اللەنىڭ بۇيرىغان پەرىزلەرنى ئادا قىلىش، الله چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراقلىشىش.. قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.**

**[80] اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن ـ يەنى: اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇالله تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن بارلىق ئەھكاملارغا ئىمان ئېيتىشنى ۋە پەيغەمبەر بۇيرىغاننى تۇتۇش ۋە ئۇ چەكلىگەن ئىشلاردىن چەكلىنىش.. قاتارلىقلار كۆرسىتىدۇ.**

**[81] الله نىڭ كىتابى ـ يەنى: قۇرئاننىڭ الله پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەن اللەنىڭ ھەقىقى سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.**

**[82] پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ـ يەنى: پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ئۇلارغا دىني ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى ئۆگىتىش، ئۇلارغا نادان ۋە غاپىل قالغان ۋاقىتلىرىنى ئەسلىتىپ قويۇش.. قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.**

**[83] مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرى ـ يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش ئىگىلىرىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ھەمدە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش... قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.**

بەرىكەتتۇر. ئەگەر ھاكىم مۇستەبىت بولسا ئۇممەت ئىچىدىن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ ئۇنىڭ مۇستەبىتلىكى ۋە زۇلۇمىغا رەدىيە بېرىدىغان كىشى چىقمايدۇ. بەلكى، ئۇنىڭ ئەتراپىنى مۇناپىقلار ئورۇۋالىدۇ، ئۇلار ھاكىمغا ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاكىمنىڭ قۇلىقىغا ھەقنىڭ ئاۋازى يەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ھەقنىڭ ئاۋازى يەتسە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇناپىقلار ھاكىمنى ھەق ۋە ئۇنى دېگەن كىشىگە قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتىدۇ.

شۇنىڭدەك ئۇممەتكە يەتكەن كىسەللــەردىن يەنە شۇلار باركى ئۇلار: باشباشتاقلىق، ئىشلانى ھېچقانداق ئويلانماستىنلا قىلىش، ئىرادىسىزلىك .. قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھىت كىسەللىرىدىن بولۇپ، ئىسلام ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن كەلگەن ھەمدە قەلبنى تۈزۈمگە، تەپەككۇر قىلىشقا، ھەرىكەت قىلىشتىن بۇرۇن ۋە ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا ئويلىنىشقا ئادەتلەندۈرۈش، قىزغىن

بولغان تۈنجى قەدەملەردىن كېيىن بوشاپ قالمايدىغان تەۋرەنمەس ئىرادىگە ئىگە قىلىش بىلەن ئۇلارنى تۈزدى ۋە يولىنى توغرىلىدى.

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** بۇنداق ئىشلارغا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى. پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** بۇ ئىشلارنى ئىككىنچى قەدەمدە قىلىدىغان ئىشلار ياكى كېيىن قىلىدىغان قوشۇمچە ئىشلار دەپ ئويلىمايتتى. ۋەھيي قىلىنىپ تۇرغان پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** بۇ ئاپەتلەر مەۋجۇت بولغاندا ھەقىقىي دەۋەت بىناسىنىڭ بارلىققا كېلەلمەيدىغانلىقى ھەمدە داۋاملىق چوڭقۇر يىلتىز تارتالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** نىڭ تىلى بىلەن شۇنداق كەلدىكى« پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** بىزنى نامازغا - خۇددى بىزنى ئۇرۇشقا سەپكە تىزغاندەك- سەپكە تىزاتتى،»..

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نامازنى خۇشۇئ (پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىبادەت قىلىش) ۋە سەكىنەت (ناماز ئارقىلىق

قەلبى خاتىرجەم بولۇش) بىلەن ئورۇنداشقا بۇيرىدۇ. نامازدىكى خۇشۇئ (پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىبادەت قىلىش) بولسا بەندە بىلەن رەببى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدىغان نامازنىڭ روھى ئاملىدۇر. ئۇنىڭغا بۇيرۇش ناھايىتى ئېنىق ئىش. لېكىن ، ۋەھيي قىلىنىپ تۇرغان پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئۇممەتنى بىنا قىلىشتا الله بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە يەنە بىر خىل ئاملىنىڭ بولىشىنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئامىل بولسا قائىدە تۈزۈمدۇر. قائىدە تۈزۈم بولسا قەلبنى قائىدە تۈزۈمگە ئادەتلەندۈرۈپ تەربىيەلەشكە موھتاج بولىدىغان ھېسسىي، روھى ئادەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سېپىنى مۇبارەك قولى بىلەن تۈزەيتتى، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** قائىدە –تۈزۈمنىڭ ئەھمىيتىنى ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن سەپ تولۇق رۇسلانمىغىچە نامازنى باشلىمايتتى.

ئېنىقكى، قائىدە –تۈزۈم بولسا دىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر. مەسىلەن: مەيلى ۋاقتىنى بەلگىلەشتە بولسۇن ياكى سەپنى تۈزەشتە بولسۇن ياكى ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىدە ئىمامغا ئەگىشىشتە بولسۇن نامازنىڭ قائىدە –تۈزۈملىرى بار. روزا تۇتۇشنىڭمۇ قائىدە –تۈزۈملىرى ۋە تۇتىدىغان ۋاقىتلىرى بار. زاكاتنىڭمۇ قائىدە –تۈزۈملىرى

ۋە بېرىدىغان ۋاقىتلىرى بار. ھەجنىڭمۇ قائىدە –تۈزۈملىرى ۋە ھەج قىلىدىغان ۋاقىتلىرى بار. بۇندىن باشقا ئۇرۇشتا سەپلەرنى تۈزەشنىڭمۇ قائىدە تۈزۈملىرى بار.

ئەمما، ئىشلارنى ئۆز مەيلىچە، ئويلانماستىن قىلىش بولسا ئېھتىمال مۇھىتنىڭ ئاپەتلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن . لېكىن ئىسلام ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ ۋە ئۇنى تۈزەيدۇ. ئىسلام نەزەرنى ئۆزگەرمەيدىغان، ئالەمنى قالمايدىغان ئىلاھى قانۇنىيەتكە بۇرايدۇ ۋە بارلىق ئىشلاردا ئويلىنىش ، تەپەككۇر قىلىش، قەتئىي ئىشەنچ تۇرغۇزۇشقا چاقىرىدۇ ھەمدە نەزەرنى ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىگە بۇرايدۇ

ۋە بىر ئەمەلنىڭ توغرا ياكى خاتا بولىدىغانلىقىغا نەزەر سېلىشنىڭ كۆپايە قىلمايدىغانلىقىغا بۇرايدۇ. مەسىلەن: بىر ئىش دۇرۇس بولۇشى ھەم مۇستەھەپ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان نەتىجىلەرنى توسالمايدۇ، خۇددى بۇتلارنى تىللاش مۇشرىكلارنىڭ الله **( سبحانه وتعالى )** نى تىللاشقا ئىلىپ بارغان ۋاقىتتا الله بۇتلارنى تىللىماسلىقىقا بۇيرۇغىنىغا ئوخشاش.،

**( وَلاَ تَسُبُّوا الَّذِينَ يَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ فَيَسُبُّوا اللَّهَ عَدْواً بِغَيْرِ عِلْمٍ )** [ الأنعام : 108 ] .

(مۇشرىكلارنىڭ خۇدانى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ الله نى تىللايدۇ.)

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** كىشىلەرنىڭ ‹مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )** ئۆز ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ› دەپ

بىلجىرلىماسلىقى ئۇچۇن ئاشكارا مۇناپىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي **(عبد الله بن أبَيّ)** نى ئۆلتۈرۈشتىن توستى. ئۇ ۋاقىتتا ياكى كىشىلەر ئىسلامغا كىرگەن، ئىمانى تېخى چوڭقۇر يىلتىز تارتمىغان، ياكى ئۇلار ئىسلامغا كىرىشكە پۇرسەت كۈتۈۋاتقان تېخى ئىسلامغا كىرمىگەن. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇلار ئارىسىدا ‹مۇھەممەد **( صلى الله عليه وسلم )** ئۆز ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ› دېگەن سۆزنىڭ تارقىلىشى دەۋەتنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ ۋە ئىككىلىنىپ تۇرغان كىشىلەرنى ئىسلامغا كىرىشتىن توسۇپ قويىدۇ!

ئىرادىسىزلىك ۋە ئۆتتەك قىزىغاندىن كېيىن ئىرادىسى بوشاپ كېتىش بولسا بۇمۇ مۇھىتنىڭ ئاپەتلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن ، ئىسلام بۇ ئاپەتلەرنى بارلىق تەرەپلەردىن داۋالىدى. مەسىلەن: بىر تەرەپتىن، ئىسلام ئۇلارنىڭ نەزەرلىرىنى ۋە قەلبلىرىنى پۈتكۈل ھاياتى دۇنيادىن ۋە پۈتكۈل زېمىندىن ۋە پۈتكۈل زاماندىن ھالقىپ ئۆتىدىغان ۋە تەڭداشسىز بىر ئىرادىگە يەتكۈزىدىغان نىشانغا يۈزلەندۈردى. ئۇ نىشان بولسىمۇ ئاخىرەت كۈنى ۋە ئۇ كۈندىكى

تىرىلىش، اللەنىڭ ھۇزۇرىغا توپلىنىش، ھېساب ، جازا-مۇكاپات، جەننەت دوزاخ.. قاتارلىقلار. ئاندىن ئىسلام بۇ دۇنيانى ئاخىرەت دۇنياسىغا تۇتاشتۇردى ھەمدە بۇ دۇنيادىكى ياخشى ئەمەلنى ئاخىرەتتىكى خاتىرجەملىككە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلدى. بۇنىڭ سىرتىدا قەلبلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغان ئىرادە ۋە قەلبلەر ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىغان ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن دائىم تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان غايە-نىشان يوق!

يەنە بىر تەرەپتىن، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** داۋاملىق ئۈلگە-نەمۇنىلەرنى تەقدىم ئېتىدۇ. ئۇ جىھادى ئەمىلىنى بوشاشتۇرماي داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ ئەڭ قىيىن ۋاقىتلاردىمۇ دەۋەت ئىشلىرىنى توختاتماي داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ پۈتكۈل شارائىتلار ئۈمىدسىزلىنىش ۋە دەۋەتنى توختىتىشقا چاقىرغان تەقدىردىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەي دەۋەتنى داۋام قىلىدۇ.

ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ساھابىلەر **(رضوان الله عليهم )** غا ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئۈممەتكە

داۋاملىق يوليورۇق بەردى، گەرچە ئەمەلنىڭ نەتىجىسى تولىمۇ يىراقتا بولسىمۇ:

**فقال لهم صـــلى الله عليه والســـلام :" إن قامت الســـاعة وبيد أحدكم فَسِيلة فليغرسها "** [84] .

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئۇلارغا مۇنداق دېگەن : « ئەگەر سىلەرنىڭ بىرسىنىڭ قولىدا بىر تۈپ كۆچەت بولۇپ، تىكمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، قىيامەت قائىم بولسا ئۇ شۇ كۆچەتنى تىكىۋەتسۇن.»

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئۇلارنى ئاز بولسىمۇ دائىم ياخشى ئەمەلنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا قىزىقتۇردى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن پاناھلىق تىلىدى..

كىتاب ۋە سۈننەتتىكى مانا بۇ بارلىق يوليورۇقلارنىڭ نەتىجىسىدە مۇسۇلمان ئۇممەتنىڭ ھاياتىدا اللەغا دەۋەت قىلىش ھەر زامان داۋام

---

**(84) رواه أحمد .**

قىلماقتا، الله يولىدا جىهاد قىلىش ھەر زامان داۋام قىلماقتا، زېمىن رېئاللىقىدا نۇرغۇن ئەسىر داۋام قىلغان غايەت زور ئىلىم-پەن ھەرىكىتى ۋە غايەت زور مەدەنىيەتلەر بارلىققا كەلدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ئالغا ئىنتىلدۈرگۈچى روھنىڭ يوقىلىشىغا ۋە قائىدە تۈزۈمنى يامان كۆرۈدىغان باشباشتاقلىققا ۋە پىلانلىق ئىش قىلىشنى يامان كۆرۈدىغان ئۆز مەيلىچە قارىسىغا ئىش قىلىشقا ۋە بىر ئىشقا ناھايىتى تېز قىزىپ ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى تېز سوۋۇپ كېتىشكە ئىلىپ بارغان سەۋەبلەر قايسى بولسا بولسۇن بۇ كىسەللــەر ئۇممەت ۋۇجۇدىدا ناھايىتى چوڭ بۇزۇقچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. ئۇلار: ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا «مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىق»، نۇرغۇنلىغان پايدىلىق پىلانلارنىڭ نەتىجىسىنى بېرىشتىن بۇرۇن مەغلۇپ بولۇشى، ھېس -تۇيغۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەقىدە كېسەللىكلىرى، ئىدىيە كېسەللىكلىرى، سىياسىي كېسەللىكلىرى، ئىجتىمائىي كېسەللىكلىرى، ئەخلاق كېسەللىكلىرى ئالدىدا دۆتلىشىپ قىلىشى، بۇلارنى ئۆزگەرتىشكە

جىددىي ھەرىكەت قىلماسلىق.. قاتارلىقلار. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى الله **(سبحانه وتعالى )** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى**( صلى الله عليه وسلم )** ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇغان ۋە ئۇممەتنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغان مۇنكەر ئىشلار بولۇپ، ئەگەر ئۇممەت بۇ ئىشلارنى ئۆزگەرتمىسە الله پۈتكۈل ئۇممەتنى ئومۇمىيۈزلۈك جازالايدۇ..

مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇممەت ۋۇجۇدىدا توپلانغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** خەۋەر بەرگەن ئىسلامنىڭ غېرىبلىقى، بارلىق ئۇممەتلەرنىڭ ئىسلامى ئۇممەتنى يوقىتىش ئۈچۈن يوپۇرۇلۇپ كېلىشىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىش يۈز بېرىدۇ.

مانا ئىسلام تۈنجى قېتىمقى غەرىب ھالىتىگە قايتتى. الله تەرەپتىن چۈشكەن ئىسلامنىڭ بارلىق چۈشەنچىلىرى بۇرمىلىنىپ كەتتى. مەسىلەن:

**«لا إله إلا الله»** تىل بىلەن سۆزلىنىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالدى. قەلب بولسا **«لا إله إلا الله»**نىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىخەۋەردۇر، ئىش

– ھەرىكەتلەر بولسا «**لا إله إلا الله**»نىڭ تەلەپلىرىگە قارمۇ-قارشىدۇر.

ئەمما، ئىبادەت بولسا قۇلچىلىق شۇئارلىرىغا چەكلىنىپ قالدى، مانا بۇ قۇلچىلىق شۇئارلىرىنىڭ ئۆزىمۇ روھتىن خالى بولغان ئۆرۈپ-ئادەت سۈپىتىدە ئادا قىلىنىشقا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاندىن بۇ روھتىن خالى بولغان ئۆرۈپ-ئادەت سۈپىتىدىكى قۇلچىلىق شۇئارلىرىمۇ ئادا قىلىشقا ھۇرۇنلۇق قىلىدىغان، ھەتتا، ئادا قىلىشتىن باش تارتىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى. ئاندىن كېيىن بۇ قۇلچىلىق شوئارلىرىنى ئادا قىلمىسىمۇ نىيىتى ياخشى بولسىلا كۇپايە قىلىدىغان ھالەتكە يەتتى.

ئەمما، قازايى-قەدەر ئەقىدىسى بولسا كەسكىن ئىرادە ۋە سەۋەبلەرنى تۇتۇش بىلەن بولىدىغان توغرا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ئورنىدا، خۇنۇك بولغان اللەنىڭ تەقدىرىگە يۆلىنىۋېلىشقا ئۆزگىرىپ كەتتى ھەمدە كىشىلەر ئۆزلىرىدىن يۈز بېرىۋاتقان بارلىق خاتالىقلار ۋە كەمچىلىكلەرنى اللەنىڭ تەقدىرىگە ئىتتىرىپ قويۇپ ئۆزىنى ئاقلايدىغان ھالەتكە يەتتى!

ئەمما، دۇنيا ۋە ئاخىرەت كىشىلەرنىڭ ھېس -تۇيغۇسىدا بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيالىق ئۈچۈن ئەمەل قىلىش ئاخىرەتلىك ئەمەلنى تەرك ئېتىدىغان ھەمدە ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىش ھاياتى دۇنيانى ۋە زېمىننى گۈللـەندۈرۈشنى تەرك ئىتىدىغان ھالەتكە يەتتى.

ئەمما، جىھاد چۈشەنچىسى بولسا ئاستا-ئاستا يوقىلىشقا باشلىدى. ئاخىردا جىھاد چۈشەنچىسى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىدىغان ھالەتكە چېكىندى، ئاندىن كېيىن ئۆزنى مۇداپىئە قىلىشتىنمۇ باش تارتىپ جىھادنىڭ تەلەپلىرىدىن قاچىدىغان ھالەتكە يەتتى.

ئەمما، تەربىيە چۈشەنچىسى بولسا يېگىچە روھ ۋە ئالى ئىرادىنى پەيدا قىلالمايدىغان ئۆرۈپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىلەرگە كۆنۈپ كەتتى.

ئەمما، سەبىر قىلىش ۋە تەقۋالىق چۈشەنچىسى خار-زەبۇرلىققا رازى بولىدىغان ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمايدىغان تىز پۈككۈچى، پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

ئىسلامى چۈشەنچىلەردە مانا بۇ غايەت زور بۇزۇقچىلىقلار پەيدا بولغان ۋاقىتتا، بارلىق ساھەلەردە « قالاقلىق (ئارقىدا قىلىش) » پەيدا بولدى. يەنى مۇسۇلمانلار ئەسكىرى كۈچ جەھەتتە ئارقىدا قالدى، سىياسىي جەھەتتىن ئارقىدا قالدى، ئىلىم-پەن جەھەتتە ئارقىدا قالدى، ئىدىيە-پىكىر جەھەتتە ئارقىدا قالدى، ئىقتىساد جەھەتتە ئارقىدا قالدى، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقى جەھەتتە ئارقىدا قالدى.. ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆڭۈلدىن كېچىدىغان بارلىق ساھەلەردە ئارقىدا قالدى. مانا بۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىش ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش مەزگىلىدە ئاشۇ چوڭ مەنبەدىن: يەنى الله ۋە ئاخىرەت كۈنى ھەققىدىكى توغرا ئەقىدىدىن كۈچ-قۇۋۋەت قوبۇل قىلاتتى.

كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدىكى بۇلاق قۇرۇپ كەتكەن ۋاقىتتا — رەببىڭ رەھىم قىلغان كىشى بۇنىڭ سىرتىدا- بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدىكى ئىش ھەرىكەتلەرنى غىزالاندۇرىدىغان نەرسە قالمىدى:

**" ألا إن في الجسد مضغةً إذا صلحت صلح الجسد كله ، وإذا فسدت فسد الجسد كله ، ألا وهي القلب "** (85) .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : « بىلىڭلاركى، ئادەم بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بار بولۇپ، ئۇ تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسا قەلبتۇر»

مانا بۇ ۋاقىتتا سەلىنىڭ كۆپىكىگە ئايلىنىپ قالغان (غەيرەت شجائەت ۋە جەسۇرلىقى قالمىغان ) بۇ ئۇممەتنى يوقىتىش ئۈچۈن بارلىق مىللەتلەر (كاپىرلار) يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

پايلاپ تۇرغان دۈشمەنلەر كەلدى. الله ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن :

( **وَلَنْ تَرْضَى عَنْكَ الْيَهُودُ وَلا النَّصَارَى حَتَّى تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ** ) [ البقرة : 120 ] .

---

(85) **أخرجه البخاري .**

(سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ.)

( **وَلا يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّى يَرُدُّوكُمْ عَنْ دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُوا** ) [ البقرة : 217 ] .

(ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ.)

يەھۇدىي-ناسارالار كەلدى، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى پىلانى پەقەتلا مۇسۇلمانلارنىڭ شانۇ-شەۋكىتىنى سۇندۇرۇش ۋە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىشلار بولماستىن، بەلكى، ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇش ئىدى.

ئېھتىمال ، بۇ يېڭى نىشان بولماسلىقى مۇمكىن ، چۈنكى، بۇ نىشان تارىختا تۇنجى قېتىم ھىرقەلنى بۇ دىنىنى تىرىك كۆمۈۋېتىشكە ھەرىكەتلەندۈرگەن ئىدى.. مانا بۇ نىشان ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلىردە ئەھلى سەلب ئۇرۇشىنى قوزغىغان ئىدى.. مانا بۇ

نىشان بۇگۈن ئۇلارنى يەنە ھەربكەتلەندۈرمەكتە، لېكىن — مۇسۇلمانلارنى ئەندەلۇس (ئىسپانىيە) دىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن باشلانغان- ھازىرقى زامان ئەھلى سەلب ھۇجۇمىدىكى يېڭى نىشان شۇكى، ئۇلار بۇ قېتىم ئۆز نىشانلىرىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىشەنچ بىلەن كەلدى، چۈنكى، ئۇلار ئۇممەتنىڭ ۋۇجۇدىغا تارقىلىپ كەتكەن كىسەللەرنى كۆردى ھەمدە ئۇلار قوراللىق توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭدىمۇ خەتەرلىك بولغىنى بولسا «ئىدىيەۋى ھۇجۇم» بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن ئەقىدىنى سۇغۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. ئىدىيەۋى ھۇجۇم قوزغاش ھەققىدە لويىس **(لويس التاسع)** مەنسۇردىكى تۈرمىدىن چىقىپ، قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندا ئۇلارغا مۇنداق نەسىھەت قىلغان:

‹ ئەگەر سىلەر مۇسۇلمانلارنى مەغلۇپ قىلماقچى بولساڭلار پەقەت قورال كۈچىگىلا تايانماڭلار! چۈنكى، سىلەر قۇرال كۈچىگە تايىنىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈۋاتىسىلەر، بەلكى، سىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىگە ھۇجۇم قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇلارنىڭ

ئەقىدىسى ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ مەنبەسى ۋە بىزگە كېلىدىغان خەتەرنىڭ مەنبەسىدۇر..›

مانا بۇلاردىن سىرت يەھۇدىيلار ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۇرۇش مەيدانىغا پۈتكۈل ھىيلە-مىكىر ۋە سۇيىقەستلىرىنى كىرگۈزدى.

بۇندىن بۇرۇن مۇسۇلمانلارغا قوللانغان قوراللىق ھۇجۇم قىلىشقا قادىر بولالمىغان ئىشلارنى ئىدىيەۋى ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى..

تارىختا مۇسۇلمانلار نۇرغۇن قېتىم مەغلۇپ بولغان، لېكىن ، ئەسكىرى مەغلۇبىيەت ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەن، ئۇلارنى ئەقىدىسىدىن ئايرىۋېتەلمىگەن ياكى ئەقىدىسىنىڭ ئورنىغا باشقا بىرنەرسىنى ئالماشتۇرىۋېتەلمىگەن ئىدى.

مۇسۇلمانلار ئەھلى سەلىبلەرنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولدى، تاتارلارنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولدى، لېكىن ، ئىلاھى چاقىرىق ئۇلارنىڭ قەلبىدە تولۇپ تاشقان ئىدى:

( **وَلا تَهِنُوا وَلا تَحْزَنُوا وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ** ) [ آل عمران : 139 ] .

((جىهادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شىپھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر)

( **وَكَأَيِّنْ مِنْ نَبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُوا لِمَا أَصَابَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَمَا ضَعُفُوا وَمَا اسْتَكَانُوا وَاللَّهُ يُحِبُّ الصَّابِرِينَ ، وَمَا كَانَ قَوْلَهُمْ إِلَّا أَنْ قَالُوا رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِي أَمْرِنَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ ، فَآتَاهُمُ اللَّهُ ثَوَابَ الدُّنْيَا وَحُسْنَ ثَوَابِ الْآخِرَةِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ** ) [ آل عمران : 146 – 148 ] .

(نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار الله يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت: «پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا

چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېگەندىن باشقا بولمىدى. الله ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى (يەنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى) ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى) ئاتا قىلدى، الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ)

ئۇلار مۇئمىن ئىدى، ئۇلارنىڭ تۇيغۇسىدا ئۇرۇش الله يولىدىكى جىهاد ئىدى، شۇڭا ئۇلار بۆلۈنگەندىن كېيىن دەرھال بىرلەشتى، ئۇلار جىهادتىن بوشاپ قالغاندىن كېيىن دەرھال كەسكىن ئىرادىگە كەلدى، جىهاد تەييارلىقىغا سەل قارىغاندىن كېيىن دەرھال جىهادقا ھەر تەرەپتىن تەييارلىق قىلدى، شۇڭا الله ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى مۇكاپات ئاتا قىلدى.

ئۇرۇشتا قاتتىق مەغلۇپ بولغان ۋاقىتتىمۇ ئۇلارنىڭ خىيالىدىن «دۈشمەنلەر بىزدىن ياخشى ئىكەن» دېگەن خىيال قەتئىي كېچىپ باقمىغان ئىدى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى كاپىرلاردۇر. ئۇلار بولسا مۆئمىنلەردۇر. ئۇرۇش مەيدانىدىكى نۇسرەت ياكى مەغلۇبىيەتتىن قەتئىي نەزەر ئۇستۇنلۈككە ئېرىشىش مۆئمىنلەرگە خاستۇر.

ئەمما، بۇ قېتىم بۇ يەردە ئىمان ئەھلى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمىدى، بەلكى، ئۇلار دۈشمەنلىرى ئالدىدا روھى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. چۈنكى، ئىدىيەۋى ھۇجۇم كۈچۈلدىن كەچمەيدىغان سۈرەتتە كۈچەيگەن ئىدى.

بىر ئەسىر بەلكى، يىرىم ئەسىر داۋامىدا، ئىسلام ئۈممىتى خۇددى بىرەر كۈنمۇ ئىسلام ئۈممىتى بولۇپ باقمىغاندەك دەرىجىدە بىر پۈتۈن ئۆزگىرىپ كەتتى.

يولىيورۇق قوبۇل قىلىش مەنبەسى ئۆزگەردى. بۇ مەنبە ئىسلاممۇ ، الله **(سبحانه وتعالى )** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى**( صلى الله عليه**

**وسلم )** مۇ بولمىدى. بەلكى، ياۋروپا مەدەنىيىتى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ يولىيورۇق قوبۇل قىلىش مەنبەسىگە ۋە چوقۇم قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك تەلەپ قىلىنغان نەمۇنىگە ئايلاندى. بۇ ۋاقىتتا قەلبلەردە الله **(سبحانه وتعالى )** نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنىڭ ساداسى بولمىدى:

( **أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْماً لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ** ) [ المائدة : 50 ] ..

(ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (الله قا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە الله تىنمۇ ئادىل كىم بار)

بەلكى، غەرب مەدەنىيىتى دېگەن جاھىلىيەت دەپ سۈپەتلەش غەربكە قۇل بولغان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كۇپۇرلۇق ھېسابلاندى، چۈنكى، ئىدىيەۋى ھۇجۇم غەربكە قۇل بولغان كىشىلەرنىڭ

قەلبلىرىنى ۋە چۈشەنچىلىرىنى يەپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېس تۇيغۇسىدا ئىسلام قالاقلىق، قاتماللىق، مەدەنىيەتسىزلىك، بۇزۇقچىلىق ھېسابلاندى. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشى تۇرمە، قاراڭغۇلۇق ھېسابلاندى. ئاياللارنىڭ يوللاردا يالىڭاچ مېڭىشى تەرەققىيات، ئەركىنلىك ھېسابلاندى. دىنسىزلىق، كۇپۇرلۇق ۋە الله **(سبحانه وتعالى )**نىڭ كىتابى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى**( صلى الله عليه وسلم )**نىڭ سۈننىتىنى مەسخىرە قىلىش « پىكىر ئەركىنلىكى» ھېسابلاندى. ئىسلامدىن سۇغۇرلۇپ چىقىپ غەربكە ئىنتىلىش كىشىلەر ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىغان مەرتىۋىگە ئايلاندى.

ئاندىن كىيىن مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىلمانىزىم، سوتسىيالىزم ، دېموكراتىيە.. قاتارلىق ئىدىيەۋى مەزھەپلەر بارلىققا كېلىپ بىر تەرەپتىن ئىسلام ئىدىيەسىگە ۋەكىللىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام ئۈممىتىنى نۇرغۇنلىغان گۇرۇھلارغا پارچىلاپ، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ ئۈممەتنى ئاسانراق يۇتىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

مانا بۇ ئىسلام ئۇممىتى پۈتكۈل تارىخىدا يېتىپ باقمىغان ئەڭ تۆۋەن نۇقتىدۇر، لېكىن ، بۇ نۇقتا سەلنىڭ كۆپۈكىگە ئايلىنىپ قالغان بۇ ئۇممەتكە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ .

مانا بۇ ھازىرقى زامان ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى تاقابىل تۇرىدىغان — ۋە تاقابىل تۇرۇۋاتقان - رېئاللىقتۇر.

ئەمما، ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئۆزى بولسا پۈتكۈل دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلامنى يوقىتىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھىيلە-مىكىرلىرى، سۇيىقەستلىرى ۋە چارا-تەدبىرلىرى، پىلانلىرىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان اللەنىڭ تەقدىرىدۇر.

( **وَاللَّهُ غَالِبٌ عَلَى أَمْرِهِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَعْلَمُونَ** ) [ يوسف : 21 ] .

(الله (خالىغان) ئىشنى ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ)

دۈشمەنلەردىن ۋە مۇسۇلمانلاردىن ھېچقانداق بىر كىشى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى كۈتمىگەن ئىدى.

دىن دۈشمەنلىرى بولسا « كېسەل كىشى» نىڭ ۋاپات بولۇشىغا ئىنتىزار ئىدى. ئۇلار بۇ كېسەل كىشىنى مىراسلىرى بىلەن قوشۇپ يوقىتىش ئۈچۈن ئاخىرقى مەزگىلدىكى ئوسمانىيە خىلاپەتچىلىكىنى « كېسەل كىشى» دەپ ئاتىغان ئىدى. ئۇلار ئوسمانىيە خىلاپەتچىلىكىنى پارچە-پارچە قىلىۋەتتى، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئىسلامنى يوقاتتى.

ئەمما، مۇسۇلمانلارغا كەلسەك ئۇلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر رېئاللىققا تەسلىم بولدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئازراق بولسىمۇ دۈشمەننىڭ گېلىنى بوغۇۋالغان سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇش ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنى خار - زەبۇرلۇقتا بولسىمۇ ياشىغىلى قويىشىنى ئارزۇ قىلىش بولدى.

لېكىن ، اللەنىڭ غالىب تەقدىرى ۋە دائىملىق ۋەدىسى شۇكى، الله بۇ ئۈممەت ئىچىگە ئۇلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى يېڭىلايدىغان

كىشىلەرنى ئەۋەتىدۇ، ھەقىقەتەن بۇ كىشىلەر دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى، سۇيىقەستلىرى ۋە چارا-تەدبىرلىرى، پىلانلىرىدىن قەتئىي نەزەر ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

بىز اللەنىڭ تەقدىرىدىن خۇشال بولىمىز، بىز اللەنىڭ ئىسلام دىنىنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىپ ئاشكارلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز، بىز دۇنيانىڭ كەلگۈسىنىڭ ئىسلامنىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز:

**( هُوَ الَّذِي أَرْسَــلَ رَسُــولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُونَ )** [ الصف : 9 ] .

(مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اﷲ ھەق دىنىنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى)

بىز بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلىدىغان ئىش بولسا ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ئوتتۇرىغا قويۇشى زۆرۈر بولغان ھەرىكەت ئۇسلۇبىدۇر، چۈنكى، اللەنىڭ تەقدىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئىنسانلار ھەرىكەت قىلىشى كېرەك ، بۇ ھەرگىزمۇ الله **( سبحانه وتعالى )** نىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئىجرا قىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكتىن بولماستىن، بەلكى، اللەنىڭ قانۇنى بۇ يەردە ھەرىكەت قىلىدىغان ھەمدە اللەنىڭ تەقدىرىنىڭ پەردىسى بولىدىغان ئىنسانلارنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلدى:

**( ذَلِكَ وَلَوْ يَشَاءُ اللَّهُ لانْتَصَرَ مِنْهُمْ وَلَكِنْ لِيَبْلُوَ بَعْضَكُمْ بِبَعْضٍ )** [ محمد : 4 ] .

(ئەگەر الله خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن الله بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمر قىلدى)،)

( **إِنَّ اللَّهَ لا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ** ) [ الرعد : 11 ] .

(ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى اﷲ نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۈزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆمگۈچە) اﷲ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى اﷲ ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ))

ھەرىكەتنىڭ يولى قانداق بولىدۇ؟

ھەرىكەت قىلغۇچىلارنىڭ خىيالىدىن ئۇرغۇنلىغان ۋاستىلار ۋە ئۇرغۇنلىغان ئۇسلۇبلار كېچىدۇ. بىز بۇيەردە ئۇ ۋاستىلار ۋە ئۇسلۇبلارنىڭ قايسىلار ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە بۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ بىز بۈگۈن بۇرۇن سۆپەتلىگەن ئۈممەتنىڭ ئەھۋالىغا ئەڭ پايدىلىق ۋە ئەڭ مۇناسىپ كېلىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن ئۇلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ياخشى كۆرىمىز.

ئۇ ۋاستىلار ۋە ئۇسلۇبلار: ۋەز-نەسىھەت قىلىش، روھى تەربىيە، قىزغىن (ئاكتىپ، قىزىققان) بولۇش، ئىدىيەۋى ئاڭ چۈشەنچىسىنى يېتىلدۈرۈش، جىھاد تەربىيەسى قاتارلىقلاردۇر.

بىز ئالدى بىلەن شۇنداق دەيمىزكى: شۈبھىسىزكى، بۇ ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى بولمىسا زادى بولمايدۇ، لېكىن ، بىز مۇھاكىمە قىلىدىغان ئىش بولسا مۇشۇ ۋاستىلەردىن قايسىسى ئىشلىتىلسە ئەڭ لايىق كېلىدۇ دېگەننى مۇھاكىمە قىلىشتۇر. چۈنكى، بۇ بىر ۋاستىلار بولماستىن بەلكى، ھەم ۋاستە ، ھەم پىرىنسىپ، ھەم ھەرىكەت يولى بولىدۇ.

بىز ئالدى بىلەن ۋەز-نەسىھەتتىن باشلايمىز، چۈنكى، ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قاتتىق قىزىقتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ۋاستىدۇر. نۇرغۇن كىشىلەر ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچى ۋەز-نەسىھەتكە ئىشتىياق باغلىغان، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭ سۆزلىرى بىلەن زىنىنەتلەنگەن ۋە ۋەز-نەسىھەت قىلىشقا ماھىر بولغان دەرىجىسىگە قاراپ ۋەز-نەسىھەت ئاڭلىغۇچىلارنىڭ

قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ-دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ بىر گۇمان بولۇپ رېئاللىق ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ.!

پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا ھەر بىر ھەپتىدىكى جۈمە كۈنىدە نەچچە تۈمەنلىگەن ۋەز-نەسىھەتلەر قىلىنىۋاتىدۇ، قىنى بۇ ۋەز-نەسىھەتلەر پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ رېئاللىقىنى قانچىلىك ئۆزگەرتتى ؟!

ئەگەر مەن بۇ ۋەز-نەسىھەتلەر پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ رېئاللىقىدىن ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمىدى دېسەم ئۇنداقتا بۇ ھەق بولارمۇ؟!

شۈبھىسىزكى، دەۋەتتە ۋەز-نەسىھەت ۋاستىسىنى قوللىنىش ئىلاھى كۆرسەتمىدۇر.

( **ادْعُ إِلَى سَــبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَــنَةِ** ) [ النحل : 125 ] .

(پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن)

لېكىن ، الله ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۆزىلا دەۋەت قىلىشتىكى بىردىن-بىر ۋاستە دېمىدى، ھەمدە پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلغاندىلا ئۇ ئۆز نەتىجىسىنى بېرىدۇ دېمىدى! بەلكى، ئىلاھى پىرىنسىپ شۇكى: الله پەيغەمبىرىنى ‹ۋەز-نەسىھەت› بىلەن ئەۋەتتى. ئۇلار ئالدى بىلەن ۋەز-نەسىھەت قوبۇل قىلىپ، ئاندىن كېيىن شۇ ۋەز-نەسىھەتنىڭ تەلەپلىرىنى رېئاللىقتا تەتبىقلىشى ئۈچۈن بۇ پەيغەمبەر كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئەمىلى ئىش-ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۈلگە بولىدۇ:

**" كان خُلُقُه القرآن " هكذا وصفت عائشة رضي الله عنها خُلُق رسول الله صلى الله عليه وسلم .**

«ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى.» ئائىشە **(رضي الله عنها )** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى مانا مۇشۇنداق سۈپەتلىگەن ئىدى.

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** پەقەتلا كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە سۆزلەيدىغان خاتىبلا ئەمەستى. بەلكى، ئۇ ئۇنىڭدىن بۇرۇن كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئۈلۈغ ئوبرازىدىكى نەمۇنە بىلەن تەربىيەلىگەن تەربىيىچى ئىدى. ۋەز-نەسىھەت پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )**نىڭ دەۋەتنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشتىكى ۋاستىلىرىنىڭ بىرى ئىدى.. پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ساھابىلىرى **(رضوان الله عليهم )**گە ئۇلارنىڭ ۋەز-نەسىھەتتىن زېرىكىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ۋەز-نەسىھەتنى ئارىلاپ-ئارىلاپ قىلاتتى. پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئۇلارنىڭ نېمىدىن زېرىكىپ قېلىشىدىن قورقاتتى؟ ئۆزىنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىدىن زېرىكىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. كىملەرنىڭ قەلبلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەتتىن زېرىكىپ قېلىشىدىن قورقاتتى؟

ساھابىلەر(**رضوان الله عليهم** )نىڭ قەلبىلىرىنىڭ زېرىكىپ قىلىشىدىن قورققان ئىدى. ساھابىلار (**رضوان الله عليهم** ) بولسا پەيغەمبەر ( **صلى الله عليه وسلم** ) دىگەن ھەرقانداق سۆزنى شەرتسىز قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا تولىمۇ قىزغىن ئىدى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ھەمدە پەيغەمبەر(**صلى الله عليه وسلم** )نىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى جەننەتكە ئىلىپ بارىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى**!** ئەمدى بىز ئادەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممە ئىشى ۋەز-نەسىھەت قىلىشلا بولسا ئاقىۋەت زادى قانداق بولىدۇ**؟!**

پەقەت ۋەز-نەسىھەتنىڭ ئۆزىلا كىشىلەرنىڭ پەرزلەرنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنى ئادا قىلىشتىن زېرىكىپ قالماسلىققا ئىلىپ بارالامدۇ؟.

پەقەت ۋەز-نەسىھەتنىڭ ئۆزىلا بايا بىز ئۇنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ۋە ئاخىرقى ئىدىيەۋى ھۇجۇمدىن بۇرۇن ۋە ئۇنىڭدىن كيىن ئۇممەت ۋۇجۇدىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئاشۇ كىسەللەرنىڭ بىرەرىنى داۋالاشقا قادىر بولالامدۇ؟

پەقەت ۋەز-نەسىھەتنىڭ ئۆزىلا ئەمەلنى ئىمان دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتكەن ۋە ئۇزۇن زامانلاردىن بىرى كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ ئەمەللىرىدىن بىرەر ئەمەلنى قىلمىسىمۇ ئۇلارنىڭ مۇئمىن بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئىرجائىزىم ئىدىيىسى **(الفكر الإرجائي)**نى داۋالاشقا قادىر بولالامدۇ؟

پەقەت ۋەز-نەسىھەتنىڭ ئۆزىلا بۇ كىشىلەرنى ئىماننىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىشقا يەنى: شۇ ئەمەل ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە، ئىماننىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىش يولىدىكى جاپا مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشكە ، شۇ يولدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا ئىلىپ بارالامدۇ؟!

ئەگەر بۇ مۇمكىن بولسا(يەنى: بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن ئىشلار پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلىش بىلەنلا ئۆزگىرىدىغان بولسا) ئۇنداقتا، - بىز ھەر جۈمە كۈنى، ھەر خىل يىغىلىشلار مۇناسىۋەتلىرى بىلەن، رادىيو ، تىلىۋىزورلاردا نۇرغۇنلىغان ۋەز-نەسىھەتلەرنى

قىلىۋاتىمىز- نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ رېئاللىقىدا ئەمىلى ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ؟!

پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۆزىلا سوپىزمغا غەرق بولۇپ كەتكەن، مازار-ماشايىخلاردىن بەرىكەت ۋە ئامانلىق تىلەيدىغان، ئەۋلىيالارنى غەيىپنى بىلىدۇ، -ئۇلار ئۇنى ‹كارامەتلەر› دەپ ئاتىۋالغان- مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ —دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنى بۇ پاتقاقتىن چىقىرىشقا قادىر بولالامدۇ؟ مانا پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۆزىلا بۇ كىشىلەرنى ئۇلار غەرق بولۇپ كەتكەن ئازغۇنلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالامدۇ؟!

پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۆزىلا كىشىلەر ئادەتلىنىپ كەتكەن قائىدە-تۈزۈمنى يامان كۆرۈدىغان باشتۇڭلۇق ۋە پىلان-تەدبىر بىلەن ئىش قىلىشنى يامان كۆرۈدىغان قارىسىغا ئىش قىلىش ۋە بىر ئىشنى قىلىشقا تىز قىزىپ ، تىز سوۋۇپ كېتىدىغان ئىرادىسىزلىك قاتارلىقلار ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالامدۇ؟!

پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۆزىلا خىزمەتچىلەر ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىشلارغا سەل قاراش، ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداشقا سۆرەلمىلىك قىلىش، خىزمەتكە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كەلسۇن ياكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىن كەلسۇن ياكى خىزمەتتىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قايتسۇن ياكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن قايتسۇن ئالدىغان ئىش ھەققىنى ھالال ساناش.. قاتارلىق ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟

پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئۇلار ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ستاستىكىلاپ تۇرىدىغان كۆزەتچىلەر بولمىغان ۋاقىتتا، ئىشچىلار ئادەتلىنىپ كەتكەن خىيانەت قىلىش، خىزمەتتە ئالدامچىلىق قىلىش، خىزمەتنى ئورۇنداشتا سەممىي بولماسلىق، ئۇلار ئىشلىرىنى ئەيىب-نۇقسانسىز تولۇق قىلغان ۋاقىتتا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى ھالال ساناش.. قاتارلىق ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟

پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۆزىلا كىشىلەر ئادەتلىنىپ كەتكەن ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق ھەمدە ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشنى جىنايەت ھېسابلىماسلىق، پەقەت بىرقانچە مىنۇتلا ئەمەس بەلكى بەزى ۋاقىتلاردا بىر قانچە سائەت ياكى بىر قانچە كۈن ياكى بىر قانچە ھەپتە ھەمدە بەزى ۋاقىتلاردا ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشنى جىنايەت ھىسابلىماسلىق.. قاتارلىق ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟!

پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۆزىلا... قاتارلىق ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟! ۋە يەنە ... قاتارلىق ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟! ۋە يەنە... قاتارلىق ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟!

ئېھتىمال ، ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىلار: بىز ۋەز-نەسىھەت قىلىشتىن باشقا نېمە ئىش قىلالايمىز؟ بىز مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىۋاتىمىز، شۈبھىسىزكى، سەن ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن كىشىنى ھىدايەت قىلالمايسەن، ھىدايەت اللهنىڭ قولىدا دېيىشى مۇمكىن !

توغرا، ھىدايەت اللەنىڭ قولىدا! لېكىن ، الله دەۋەتكە پىرىنسىپ بېكىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئاساسى بولسا ئۆلگە بولۇش ۋە تەربىيلەشتۇر، ئۇنىڭ ۋاستىلىرى بولسا ئۆزى كىشىلەرگە ئۆلگە بولۇش ۋە تەربىيەلەشتىن ئىبارەت. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا دەۋەت اللەنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆز مېۋىسىنى بېرىدۇ.

ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ بىز ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۆزىلا مەڭگۈ ئۆز مېۋىسىنى بېرەلمەيدۇ دېمەيمىز، الله ھەممىگە قادىر! بەلكى، بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى: پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۆزىلا گەرچە ئاز بىر قىسىم ئەھۋاللاردا مەلۇم شەخسنى ئىسلاھ قىلسىمۇ بىراق، پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭدا بۇزۇقچىلىق تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە يامراپ كەتكەن بۇ ئۈممەتنى ئىسلاھ قىلالمايدۇ ھەمدە سەلنىڭ كۆپىكىگە ئوخشاش دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ئۈممەتنىڭ بىناسىنى قايتا قۇرۇشنى نىشان قىلىدىغان دەۋەتنى بەرپا قىلالمايدۇ!

************

روھى تەربىيە ئۈممەت بىناسىدا تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ بولمىسا قەتئىي بولمايدۇ.. بەلكى، ئەگەر بىز روھى تەربىيەدىن الله بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قەلبنىڭ الله ( **سبحانه وتعالى** ) غا ئىبادەت قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىشى، ئىنسانغا ئاخىرەتنى ئەسلىتىش، ئىنساننىڭ ھېس -تۇيغۇلىرىنى الله ( **سبحانه وتعالى** ) بىلەن ئۇچرىشىدىغان مەيدانغا باغلاش،.. قاتارلىقلارنى مەقسەت قىلغان ۋاقتىمىزدا روھى تەربىيەسىز دەۋەت خىزمىتىنىڭ داۋام قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، بۇ پەيغەمبەر ( **صلى الله عليه وسلم** ) نىڭ بولۇپمۇ مەككىدە مانا بۇ مۇناسىۋەتلەرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە قىيامدا تۇرۇپ نەپلە نامازلارنى ئوقۇش) پەرز قىلىنغان ۋاقىتتىكى ساھابىلىرى (**رضوان الله عليهم** ) نى تەربىيەلەش خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋە ئەڭ گەۋدىلىك بىر قىسمى ئىدى... لېكىن

، بۇ يەنە بىر ئىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئەڭ ئاخىرقى غايە ئەمەستى!

سۈرە مۇزەممىلنى مۇلاھىزە قىلىش شۇنى بايان قىلىپ بېرىدۇكى: كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە قىيامدا تۇرۇپ نەپلە نامازلارنى ئوقۇش)قا بۇيرۇش بىلەن بىرگە بۇيەردە كېيىنكى تەكلىپلەرگە ئېنىق ئىشارەت قىلىپ ئۆتىدۇ ھەمدە كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە قىيامدا تۇرۇپ نەپلە نامازلارنى ئوقۇش)نى كېيىنكى تەكلىپلەرنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە ئۇ تەكلىپلەرنى ئورۇنداشقا تەييارلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

( **يَا أَيُّهَا الْمُزَّمِّلُ ، قُمِ اللَّيْلَ إِلَّا قَلِيلاً ، نِصْفَهُ أَوِ انْقُصْ مِنْهُ قَلِيلاً ، أَوْ زِدْ عَلَيْهِ وَرَتِّلِ الْقُرْآنَ تَرْتِيلاً ، إِنَّا سَنُلْقِي عَلَيْكَ قَوْلاً ثَقِيلاً** ) [ المزمل : 1 – 5 ] .

(ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن

كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن. ساڭا ھەقىقەتەن تەنتەنىلىك قۇرئاننى نازىل قىلىمىز)

شۇنىڭدەك، بۇ مۇلاھىزە الله **( سبحانه وتعالى )**نىڭ كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە قىيامدا تۇرۇپ نەپلە نامازلارنى ئوقۇش) نى تەلەپ قىلىنغان تەييارلىقنىڭ ۋاستىسى بولۇش ئۈچۈن تاللاشتىكى ھېكمەتنى بايان قىلىپ بىرىدۇ.

( **إِنَّ نَاشِئَةَ اللَّيْلِ هِيَ أَشَدُّ وَطْئاً وَأَقْوَمُ قِيلاً** ) [ المزمل : 6 ]

(شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە كىشىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرۇشى) ئەڭ مۇۋاپىقتۇر، (تىنچ بولغانلىقى ئۈچۈن) كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ)

يەنى كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە قىيامدا تۇرۇپ نەپلە نامازلارنى ئوقۇش) قەلبلەرنىڭ تەكلىپلەرنى كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىشتا تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولىدۇ.

دېمەك ، ئىنسان بۇ دىن پەرز قىلغان تەكلىپلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن چوقۇم الله بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك . مەن بۇ تەكلىپلەرنى ‹جىھاد ۋە مۇسىبەتلەرگە سەبىر قىلىش› دەپ خاسلاشتۇرىمەن.

ئەمما، روھى تەربىيەنىڭ ئۆزى ئەڭ يۇقىرى غايە بولىدىغان ياكى روھى تەربىيەنىڭ ئۆزى تەربىيە ئەمەلىيىتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى نىشان بولىدىغان بولسا ئىشلار زادى قانداق بولۇپ كېتىدۇ ؟!

بۇ ۋاقىتتا، بۇ سىز ئۇنىڭغا ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنى ئۆگەتكەن، بىراق، سىزنىڭ نىيىتىڭىزدە ئۇنى ئۇرۇش ئەۋەتىش قەتئىي بولمىغان ئەسكەرگە ئوخشايدۇ ياكى سىز ناھايىتى مۇستەھكەم ئۇل ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان، بىراق، سىزنىڭ نىيىتىڭىزدە ئۇنىڭ ئۈستىگە

ھېچقانداق بىنانى قۇرۇش قەتئىي بولمىغان بىنانىڭ ئۇلىغا ئوخشايدۇ!

شۈبھىسىزكى، بۇ دىنىنىڭ دەرىجىسى ئۇلۇغدۇر. بۇ دىن پۈتكۈل ھاياتنى ئىسلاھ قىلىدىغان ھەمدە زېمىندا توغرا خىلاپەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغان سالىھ ئىنساننى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئىلاھى پرىنسىپتىن ئىبارەت.. گەرچە بۇلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش زۆرۈر بولسىمۇ، بۇ دىن ھەرگىزمۇ پەقەتلا ‹روھى تەسبىھ ۋە ئىشراق›لا ئەمەس.. بەلكى، بۇ دىن تىرىشچانلىقنى سەرپ قىلىش، جىھاد قىلىش، باتىل بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىش، باتىلنى يىقىتىپ تاشلاش، ھەقنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈش قاتارلىق ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. روھى تەربىيە بولسا مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ روھى ئوزۇقى بولۇپ ھەرگىزمۇ ئۇ ئەڭ يۈكسەك غايە ئەمەس.

ئىنسان كۈرەش مەيدانىدا كۈچ-قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ چارچايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ،

چۈشكۈنلىشىشتىن ساقلايدىغان ھەمدە ئۆزىنى ۋەھنە ( يەنى ھاياتى دۇنياغا بېرىلىپ ، ئۆلۈمنى يامان كۆرۈشتىن ) قوغدايدىغان يۆلەنچۈككە موھتاج بولىدۇ. مانا بۇ ۋاقىتتا ئىنسانىنى ۋەھنە ( يەنى ھاياتى دۇنياغا بېرىلىپ ، ئۆلۈمنى يامان كۆرۈشتىن ) قوغدايدىغان ھەمدە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى نۇرلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان ئاشۇ روھى كۈچ نامايان بولىدۇ.

ئىنسان ئۆزىگە قارشى تۇرىدىغان دۈشمەنلەر كۆپەيگەن ۋاقىتتا ئۇرۇش مەيدانىدا يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ قالىدۇ ياكى ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆزىگە ئوخشاش ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاشۇ روھى كۈچ ئىنسانغا اللەنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ھەمراھ بولىدۇ-دە ئىنسان يالغۇزلۇق ھېس قىلمايدۇ ھەمدە بۇ كۈچ ئىنسانغا ئاخىرەت كۈنىدە جەننەتتىكى مېۋىلەرنى ئەسلىتىدۇ-دە ئىنسان دەرھال ئۇرۇش مەيدانىدا ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ئىنسان ئۇرۇش مەيدانىدا ھېسسىي-لەززىتىنى، ئائىلىسىنى، دوست-يارەنلىرىنى، يۇمشاق كۆرپىلەرنى، مول-لەززەتلىك تائاملارنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇڭا ئىنسان يۇرتىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا روھى كۈچ ئىنساننىڭ ھېس -تۇيغۇسىدىكى زېمىننىڭ تارتىش كۈچىنى تەكشۈرۈپ تاشلايدۇ، ھەمدە ئىنسانغا ئاللاھنىڭ ھەمراھلىقى، ئاللاھنىڭ رازىلىقى، جەننەت.. قاتارلىق ئالى نېئمەتلەر ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۇنى ئۇرۇش مەيدانىغا ئۈندەيدۇ.

شۈبھىسىزكى، روھى كۈچ مۇساپىر سەپەرنى خاتىرجەم قىلىشى ئۈچۈن موھتاج بولىدىغان روھى ئوزۇقتۇر.. ئەمما، مۇساپىر ھەرىكەت قىلماي ئولتۇرۇۋالسا بۇ ئوزۇقنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن!

پەقەت روھى تەربىيەنىڭ ئۆزىلا ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ئۇممەتنىڭ رېئاللىقىنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟

ھەقىقەتەن، روھى تەربىيە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى قاتىلنىڭ ھالاك قىلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ ھەمدە كىشىلەرگە ئۇلارنى ھالاكەتتىن قوغدايدىغان قورغاننى بىنا قىلىپ بېرىدۇ، لېكىن ، ئۇ

ئۈممەتنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالالمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ئەسكەرلەر بىلەن ئۇرۇش مەيدانلىرىغا كىرمەيدۇ ھەمدە الله **( سبحانه وتعالى )** « اللەنىڭ كىشىلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىشى زېمىننى بۇزۇقچىلىقتىن ساقلاشتىكى ئىلاھى قورال» دېگەن مۇداپىئە ئىشلىرىغا شىرىكلەشمەيدۇ:

( **وَلَوْلاَ دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَفَسَدَتِ الأَرْضُ وَلَكِنَّ اللَّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْعَالَمِينَ** ) [ البقرة : 251 ] .

(الله ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن الله (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر)

دەۋەتتە قىزغىن (قىزىققان) بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان ھەقىقەتكە قىزغىن بولۇشى، ھەربىكەت قىلالمايدىغان، ھەربىكەتنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدىغان يۆلىنىپ تۇرىدىغان ياغاچلارغا ئوخشاش بولماسلىقى ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنىدۇ، چۈنكى، بۇنداق ياغاچقا ئوخشايدىغان كىشىلەر گەرچە ئۇلار دەۋەتكە ئاۋاز قوشقان ۋە ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلغان تەقدىردىمۇ، دەۋەت بۇنداق كىشىلەر بىلەن ھەرگىز تارقىلالمايدۇ.. لېكىن ، قىزغىنلىقنىڭ ئۆزىلا بىر نەرسىگە ئېلىپ بارالمايدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن ! چۈنكى، قىزغىنلىق كۆپىنچە ئاڭ-چۈشەنچە، توغرا ئىلىم، تەجرىبە -ساۋاققا ئاساسەن بولىدۇ. بۇ يەردە بۇنداق قىزغىنلىق كۆپىنچە ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان زىيانلار كېلىپ چىقىدۇ، بولۇپمۇ ، بۇنداق قىزىققانلىق بىرەر شەخس ياكى بىرەر جامائەت ياكى بىرەر پارتىيە ياكى بىرەر ئىدىيە ياكى بىرەر مەزھەپنىڭ ئەسەبىيلىشىشىگە ئېلىپ بارسا بۇ ۋاقىتتا بۇ قىزىققانلىق

ئۆز ئىگىسىنىڭ بارلىق پايدىلىق ئىلىم مەرىپەت دەرۋازىلىرىنى تاقىۋېتىدۇ ھەمدە ئۇنى ھەددىدىن ئېشىش ۋە قاتتىق جېدەل - ماجىرا قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ ۋە ئۇنى پايدىسىز تالاش-تارتىش قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

بۈگۈنكى دەۋردە بولۇۋاتقان بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش، جېدەل - ماجىرا، بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ تۈپ مەنبەسى ھەددىدىن زىيادە قىزىققان بولۇشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇنداق قىزىققان كىشى ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى پۈتۈنلەي ھەق، ئۆزىدىن باشقا كىشىلەر قىلغان ئىشلارنى پۈتۈنلەي باتىل دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ!

ئىدىيەۋى ئاڭ-چۈشەنچىنى يېتىلدۈرۈش دەۋەتتە ھەر ۋاقىت بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بولۇپمۇ بىزنىڭ ھازىرقى ۋاقتىمىزدا ئىدىيەۋى ئاڭ-چۈشەنچىنى يېتىلدۈرۈش باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتىنمۇ بەكراق زۆرۈردۇر، چۈنكى، ئىسلامنىڭ

ئىككىنچى غۇربەتچىلىك دەۋرىدە كىشىلەر قەلبلىرىدىكى ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىنى قورشىۋالغان تۇمان ناھايىتى زىچ ۋە بارلىق نەرسىلەرگە يېپىشقان تۇمان بولۇپ، ئۇ تۇمان ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئاڭ-چۈشەنچىنى يېتىلدۈرۈشكە موھتاج بولىدۇ، يەنى دەسلەپتە «**لا إله إلا الله**» چۈشەنچىسىنى، ئاندىن كېيىن «**لا إله إلا الله**»نىڭ تەلەپلىرى ھەمدە «**لا إله إلا الله**»نى بۇزغۇچى ئامىللار ..قاتارلىقلارنى مەركەزلىك چۈشەندۈرۈشكە موھتاج بولىدۇ. چۈنكى، بۇ تۇمان ھەممىدىن بەكراق «**لا إله إلا الله**» چۈشەنچىسىنى، «**لا إله إلا الله**»نىڭ تەلەپلىرى ھەمدە «**لا إله إلا الله**»نى بۇزغۇچى ئامىللارنى قورشىۋالدى. گەرچە ئىدىيەۋى ئاڭ-چۈشەنچىنى يېتىلدۈرۈش بارلىق ئىسلامى چۈشەنچىلەر يەنى: ئىبادەت چۈشەنچىسى، قازايى-قەدەر چۈشەنچىسى، دۇنيا ۋە ئاخىرەت چۈشەنچىسى، زېمىننى گۈللەندۈرۈش چۈشەنچىسى، تەربىيە چۈشەنچىسى، جىھاد چۈشەنچىسى.. قاتارلىق بارلىق چۈشەنچىلەر

ئۇچۇن تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن «**لا إله إلا الله**» چۈشەنچىسىنى ئاندىن كىيىن «**لا إله إلا الله**»نىڭ تەلەپلىرى ھەمدە «**لا إله إلا الله**»نى بۇزغۇچى ئامىللار .. قاتارلىقلارنى مەركەزلىك چۈشەندۈرۈشكە موھتاج بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئۇممەتنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىنى ۋە ئۇممەتنى ئۇنىڭغا ئىلىپ بارغان سەۋەبلەرنى بىلىش ئۈچۈنمۇ ئىدىيەۋى ئاڭ-چۈشەنچىنى يېتىلدۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ، چۈنكى، بىز ئۇممەتنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىنى ۋە ئۇممەتنى ئۇنىڭغا ئىلىپ بارغان سەۋەبلەرنى بىلمەي تۇرۇپ دەۋەتكە مۇناسىپ پىرىنسىپ بەلگىلەشكە ھەمدە ھەل قىلىش چارىسىنى بېكىتىشكە قادىر بولالمايمىز. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇممەتنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىشلىرىنى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن بىلمەيدۇ. گەرچە ئۇلار ئۇممەتنىڭ توغرا يولدىن ئېغىپ كەتكەنلىكىنى ھەمدە ئىسلام ھەقىقەتلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئومۇمى جەھەتتىن بىلسىمۇ، لېكىن ، ئۇممەتنىڭ ئىسلام ھەقىقەتلىرىدىن قانچىلىك يىراقلىشىپ كەتكەنلىكى نۇرغۇن

كىشىلەرگە مەخپىي بولماقتا! نۇرغۇن كىشىلەر ئېغىپ كېتىشنىڭ خەتەرلىرىنى ھەقىقىي مولچەرلىيەلمەيۋاتىدۇ!

ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستىنى بىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامنى يوقىتىش ئۈچۈن تۈزگەن پىلانلىرىنى بىلىش ئۈچۈنمۇ ئىدىيەۋى ئاڭ-چۈشەنچىنى يېتىلدۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. نۇرغۇنلىغان دەۋەتچىلەر دەۋەت ساھەسىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ۋە يەھۇدىي-ناسارالاردىن ئىبارەت خەلقئارالىق دۈشمەنلەرنىڭ يېڭىدىن پىلانلاۋاتقان سۇيىقەستلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامنى يوقىتىش ئۈچۈن سۇيىقەستلەرنى پىلانلاشتىن ھەرگىزمۇ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى تەكشۈرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس! نۇرغۇنلىغان ئىسلام جامائەتلىرىنىڭ تەدرىجىي دەۋەتكە خىزمەت قىلالماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا دۈشمەنلەر پىلانلاۋاتقان سۇيىقەست-ھىيلە مىكىرلەرنى بىلەلمەسلىك سەۋەبىدىن بولغاندۇر. بىراق، دۈشمەنلەر بولسا –بارلىق ۋاستىلىرى بىلەن- مۇسۇلمانلار خۇشال بولىدىغان ۋە ئۇلار ئېلان قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىلەرنى

بىلدۇ ھەمدە ئىسلام دۇنياسىدا يۈزبېرىۋاتقان ھەرىكەتلەر ۋە پىكىرلەرنى ناھايىتى ئىنچىكە تەكشۈرەيدۇ، ئاندىن بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسەن ناھايىتى ئېنىق پىلان تۈزىدۇ، ھالبۇكى، بىز بولساق پەقەت ئۇلار تەرەپتىن كەلگەن زەربىلەرنى قوبۇل قىلىمىز!

ھەقىقەتەن، ئىدىيەۋى ئاق-چۈشەنچىنى يېتىلدۈرۈش بىزنىڭ ھازىرقى ۋاقتىمىزدا دەۋەت ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەتلەرنىڭ بىرىدۇ، لېكىن ، قاچانكى ئىدىيەۋى ئاق-چۈشەنچىنى يېتىلدۈرۈش توغرا ئەقىدە ۋە ئاڭلىق ھەرىكەتنىڭ ئوزۇقى بولمايدىكەن، ئۇنداقتا، ئىدىيەۋى ئاق-چۈشەنچىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۆزىلا ھەرىكەت رېئاللىقىدا ھەقىقىي بىر نەرسىگە ئېلىپ بارالمايدۇ. ئەمما، ئىدىيەۋى ئاق-چۈشەنچىنى يېتىلدۈرۈش پەقەت بىرخىل مەدەنىيەتكىلا ئايلىنىپ قالغان ۋاقىتتا ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئەقلى، قوشۇمچە بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

جىهاد تەربىيەسى ھەرىكەتنىڭ مۇھىم بىر قىسمى، چۈنكى، جىهاد تەكلىپلىرىنى ئورۇنداشقا قادىر بولالمايدىغان پاراۋانلىققا كۆنۈپ كەتكەن روھلار دەۋەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا ۋە قىيىن شارائىتلاردا ھەرىكەت قىلىشقا ۋە دەۋەتنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنلىرىنى چىشلەش ۋە ئۇلارغا ئەلەملىك ئازابنى تېتىتقاندىن كېيىن ئۇلارنى قىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئەگرى قاماقلىرىنى سوزۇپ كېلىۋاتقان ۋەھشىي ھايۋانلارغا ئوخشاش كىشىلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ.

لېكىن ، جىهاد تەربىيەسىنىڭ ئۆزىلا دەۋەتنى بەرپا قىلىشقا يېتەرلىك ئەمەس، بەلكى، ئۇ دەۋەتنى دۈشمەنلەردىن ھىمايە قىلىپ ساقلاپ قالالمايدۇ. بەلكى، سىياسىي تەجربە ، ھەرىكەت تەجرىبىسى، ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىنى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان تىرىشچانلىقنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سەرىپ قىلىنىدىغان تىرىشچانلىقنىڭ تۈرىنى چۈشىنىش كەمچىل بولغان

ۋاقتتا، كۆپىنچە جىھاد تەربىيەسى دۈشمەنلەر تەرەپتىن زەربىگە ئۇچراشنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ.

پەقەت جىھاد تەربىيەسىنىلا مەقسەت قىلىۋاتقان ياكى ئۇنىڭغا باشقا تەربىيەنىڭ تەلەپلىرىدىنمۇ بەكراق مەركەزلىشىۋاتقان ئىسلامى ھەرىكەتلەردە يۈز بېرىۋاتقان ئەڭ چوڭ خەتەر بولسا كىشىلەرگە «**لا إله إلا الله**» مەسىلىسىنى روشەنلەشتۈرۈش ھەمدە اللەنىڭ كىتابىدا بايان قىلىنغاندەك ئاسىي-جىنايەتچىلەرنىڭ يولى ئاشكارا بولۇشتىن ئىلگىرى دۈشمەنلەر بىلەن توقۇنۇشقا ئالدىراش — ياكى تەدرىجىي توقۇنۇشقا ئالدىراپ قىلىش- بولۇپ.، بۇ ھەرىكەتنى ھالاك قىلغۇچى زەربىگە ئۇچرىتىدۇ، تاغۇتلارنىڭ « ئومومى خەلق»نى مازاق قىلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ-دە تاغۇتلار «ئومومى خەلق»كە : بىز ئىسلامغا قارشى تۇرمايمىز، بەلكى بىز تىرورچىلارغا قارشى تۇرىمىز!-دەيدۇ.

*******

بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىز تايانچ بازا بىنا قىلىشقا باشلايدىغان ئاندىن مۇناسىپ پەيتتە كېڭىيىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك ، ئومومى تەربىيەنى چوڭقۇر قانات يايدۇرىمىز. گەرچە بۇ ئاستا خاراكتېرلىك ، ئومومى تەربىيەنىڭ نەتىجىسى نەچچە ئەۋلادتىن كېيىن كۆرۈلسىمۇ!

ئۇممەتكە يەتكەن ۋە ئۇنى سەلىنىڭ كۆپۈكىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان، ئاندىن تاماق يېگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى قاچىسىغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندەك دۈشمەنلەرنى ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە جەلپ قىلغان كىسەللىەرنىڭ ھەممىسى ۋەز-نەسىھەت قىلىش، روھى تەربىيە، قىزغىن (ئاكتىپ، قىزىققان) بولۇش، ئىدىيەۋى ئاڭ چۈشەنچىسىنى يېتىلدۈرۈش، جىھاد تەربىيەسى ..قاتارلىق يۈزەكى داۋالاشتىن تولىمۇ خەتەرلىكتۇر.

ئەگەر بۇلاردىن ھەرقانداق بىر ۋاستە : ‹مانا بۇ ۋاستىنىڭ ئۆزى ئۇممەتنى ھازىرقى رىئاللىقىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھەمدە ئۇنى بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە يۆتكىلەلەيدىغان بىردىن ۋاستە › دەپ

ئىشلىتىلسە، بۇ ۋاستىلەردىن ھەرقانداق ۋاستە ئۆزى يالغۇز ئۇممەتنى بۈگۈنكى رېئاللىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ.

بىز بۇيەردە ھەرگىزمۇ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان ئۇممەت بىناسىدىكى بىر قىسىم رېمونت قىلىش ئىشلىرى ھەققىدە توختالغىنىمىز يوق، بەلكى، بىز يىقىلاي دەپ قالغان ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بىناسىدىكى بىنانىڭ ھۇل-ئاساسىنى يېڭىلاش ھەمدە بىنانىڭ ھۇل-ئاساسىنى يىڭىلىمىغان ۋاقىتتا ئۆز قىممىتىنى، ئۆز پايدىسىنى يوقىتىپ قويىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىش ھەققىدە توختىلىۋاتىمىز.

بۇ دىنىنىڭ ئاساسى بولسا «**لا إله إلا الله**» دۇر**!**

**( أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلاً كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاءِ ، تُؤْتِي أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍ بِإِذْنِ رَبِّهَا وَيَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ** ) [ ابراهيم : 24 - 25 ] .

(الله نىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ.

كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى

يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان. پەرۋەردىگارىنىڭ

ئىزنى بىلەن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە

ئوخشايدۇ. الله كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا

نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ)

‹ رەببىڭ رەھىم قىلغان كىشىلەردىن باشقا كىشىلەر **«لا إله إلا**

**الله»** نىڭ ماھىيتىنى ھەقىقي چۈشەندىمۇ ؟› دېگەن بۇ بىر

سوئالغا جاۋاب بىرىش مەسلىنى ناھايتى ئېنىق ، كەسكىن بايان

قىلىپ بىرىدۇ.

مىنىڭ نەزىرىمدە بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ناھايتى ئېنىق ..

شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن دەۋەتچىلەرنىڭ ئېڭىدا ھېلىمۇ ـ ھەم **«لا**

**إله إلا الله»**نىڭ تەلەپلىرى، بولۇپمۇ **«لا إله إلا الله»**نى بۇزغۇچى

ئامىللار ھەققىدە قويۇق تۇمانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا! چۈنكى،

بۇ دەۋەتچىلەرنىڭ ئۆزىمۇ تېخىچە ئىسلامنىڭ تەكلىپلىرىگە ئەمەل قىلىشنى ئىمان دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتكەن ئىرجائىزىم ئىدىيىسى **(الفكر الإرجائي)** نىڭ تەسىرلىرىدىن قۇتۇلغىنى يوق.

نۇرغۇن دەۋەتچىلەر تېخىچە « ئومومى خەلق» نىڭ ھەقىقىي مەسىلىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام ھەقىقەتلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلگىنى يوق، شۇ سەۋەبتىن بۇ دەۋەتچىلەر كىشىلەرگە ئۇلار دەۋەت قىلىنىۋاتقان «**لا إله إلا الله**» مەسىلىسىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ «**لا إله إلا الله**» ئۈچۈن تۆلىنىش لازىملىقى ئۇلارغا ئېنىق بولۇشتىن بۇرۇن كىشىلەرنى توپلاشقا ۋە ئۇلار بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا ئالدىراپ كەتتى!

شۇڭا بىز تۇنجى باشلاش نۇقتىسىنى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئۆزىنىڭ  تايانچ بازىسىنى بىنا قىلغان پىرىنسىپ بويىچە تايانچ بازىنى بىنا قىلىشقا مەركەزلەشتۈرىشىمىز لازىم. گەرچە بىز بىنا قىلغان تايانچ بازىنىڭ سەۋىيەسى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )**  بىنا قىلغان تايانچ بازىنىڭ سەۋىيەسىگە يېتەلمىسىمۇ

ھەمدە بىز بىنا قىلغان بازىدىكى كىشىلەرنىڭ سەۋىيەسى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** بىنا قىلغان تايانچ بازىدىكى كىشىلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يېتىشى تەلەپ قىلىنمىسىمۇ، بىز چوقۇم پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ پىرىنسىپى بويىچە تايانچ بازا بىنا قىلىشىمىز كېرەك .. ئەمما، پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ تايانچ بازا بىنا قىلىش پىرىنسىپىغا كەلسە، بۇ پىرىنسىپ ئۆزگەرمەيدۇ ھەمدە شۇ پىرىنسىپ بويىچە تەربىيەلەش دائىملىق مەجبۇرىيەت بولۇپ قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. تەربىيەلەنگۈچىلەر ۋە بۇ تەربىيەنى قوبۇل قىلغۇچىلار يەتكەن سەۋىيە ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمىلىنىڭ دەرىجىسى قانداق بولسا بولسۇن شۇ پىرىنسىپ بويىچە تەربىيەلەش لازىم.

دەۋەتنىڭ ئومومى خەلقكە يۈزلىنىش دەۋرى كەلگەن ۋاقىتتا كېڭەيگەن بازىغا يوليورۇق بېرىدىغان دەۋەتچىلەرنى تەييارلاش ئۇچۇن تايانچ بازا بىنا قىلىشتىكى بىرىنچى دەرس بولسا «**لا إله إلا**

**الله»** ۋە ئۇنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرى بويىچە تەربىيەلەش دەرسىدۇر.

***************

# رېئاللىق ۋە ئۈلگە

ئىنىقكى، رېئاللىق ئۈلگىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ.

بىز بۈگۈنكى بۇرۇن ئەمەلىيەتتە پەيدا بولغان رېئاللىق بىلەن ئىشلار ئۈنىڭغا ئاساسلىنىپ داۋام قىلىشى ۋاجىپ بولىدىغان ئۈلگە ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئوخشىماسلىقنىڭ بەزى سەۋەبلىرىنى ھەمدە بۇ ئوخشىماسلىققا ئەگىشىپ كېلىپ چىققان بەزى نەتىجىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق.

بۇ يەردە بىز تايانچ بازا بىنا قىلىش ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ( **صلى الله عليه وسلم** ) نىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا تايانچ بازىنىڭ ياردىمى بىلەن بازىنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى پەيغەمبەر ( **صلى الله عليه وسلم** ) نىڭ پىرىنسىپى ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، يۈز بەرگەن رېئاللىق بىلەن ئۈلگە ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرۈش ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى دەسلەپتىن باشلاپ مەشغۇل بولۇۋاتقان ھەرىكەتنىڭ ئومومى خاراكتىرىدۇ..

بۇ يەردە بازا بىنا قىلىشتىمۇ ھەم ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش مەۋجۇت.

ئەگەر بىز تۈنجى قەدەمدىن باشلاپ ئۈممەت بەدىنىدە پەيدا بولغان بۇزۇلۇشنىڭ تۈرى ھەمدە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئىسلامنىڭ ئۆز ئەھلى ئىچىدە غەرب بولۇپ قېلىشى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ھەممە تەرەپتىن ئىسلام ئۈممىتىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشى ھەققىدە توغرا ئىدىيەگە ئىگە بولغان بولساق.. ھەمدە بىز ئۈممەت بەدىنىدىكى غايەت زور بۇزۇلۇشلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان تىرىشچانلىقنىڭ تۈرى ھەققىدە توغرا ئىدىيەگە ئىگە بولغان بولساق.. ۋە يەنە ئىسلامنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش ئۈچۈن پىلان تۈزۈش ۋە تەييارلىق قىلىشتا دۈشمەنلەر سەرپ قىلغان غايەت زور تىرىشچانلىق ھەققىدە توغرا ئىدىيەگە ئىگە بولغان بولساق چوقۇم بىز ھەرىكەتتە كۆپ تەمكىن بولۇشىمىز ۋە ھەرىكەت يولىدا ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىقىمىز لايىق ئىدى.

بىز دەۋەتنى باشلىغان ۋاقىتتا تايانچ بازىدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئۆلچەملەر بىزنىڭ زېھنىمىزدا ئېنىق بولدىمۇ؟

بازا تەييارلاشتىن بۇرۇن دەۋەتنى «ئومومى خەلق »كە يۈزلەندۈرۈش - «ئوموىمى خەلق» قىزغىنلىق بىلەن ئىتىلىپ چىققان ئاندىن بىز ئاشۇ «ئوموىمى خەلق » كە يولىيورۇق بېرىدىغان ۋە تەربىيەلەيدىغان يېتەكچىلەرنى تېخى تەييارلىمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىگە يولىيورۇق بېرىدىغان ۋە تەربىيەلەيدىغان يېتەكچىلەرنى تاپالمىغان ۋاقىتتا - بىزنى قىيىن شارائىتلارغا دۇچار قىلىدىغانلىقى زېھنىمىزدا روشەن بولدىمۇ؟

«ئوموىمى خەلق»نىڭ ھەققى تەربىيەلەنمەستىن قىزىققانلىق بىلەن توپلىنىشقا دەۋەت يولىدا خەتەرلىك نەتىجىلەرنىڭ ئەگىشىپ كېلىدىغانلىقى بىزنىڭ زېھنىمىزدا روشەن بولدىمۇ؟ ھالبۇكى، كىشىلەر دەۋەت يولىدا كەلگەن زەربىگە بەرداشلىق بېرىشكە تەييارلانماي تۇرۇپ، بەلكى، بازىنىڭ ئۆزىمۇ زەربىلەرنى كۆتۈرۈشكە تېخى تەييارلانماي تۇرۇپ يەرلىك ھاكىمىيەت ۋە خەلقئارالىق

ھاكىمىيەتنى چۆچۈتۈپ قويغان ۋاقىتتا بۇ ھاكىمىيەتلەر غەزەپلىنىپ دەۋەتكە زەربە بىرىدۇ.

مەن تارىخ رېئاللىقىنى كۆرۈش ئارقىلىق شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ ئىشلار تېخى تەلەپ قىلىنغان دەرىجىدە روشەن بولمىدى. بازىنىڭ ئۆزىمۇ ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن ئاشۇ ۋاقىتتا مەۋجۇت بولغان خام- ئەشيالاردىن شەكىللەندى. ھەقىقەتەن ھەرىكەتنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاشۇ ۋاقىتتا مەۋجۇت بولغان خام- ئەشيالاردىن باشلىنىشى مۇمكىن بولمايدۇ. مانا بۇ روشەن ھەقىقەتتۇر. لېكىن ، خام –ئەشيالار ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن پاكلىنىشى لازىم ھەمدە خام –ئەشيالارغا دەۋەت مەيدانىدا خىزمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇشتىن بۇرۇن، بولۇپمۇ، دەۋەت بۇگۈنكىدەك ئىسلامنىڭ غەرىب ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ھەمدە دۈشمەنلەر تەرەپتىن دەۋەتكە كېلىۋاتقان دۈشمەنلىكلەرگە ئۇچراۋاتقان ۋاقىتتا خام –ئەشيالارنى تەييارلاشقا ۋە ئۇنى ناچار ئارىلاشمىلاردىن پاكلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك ..

بىز هازىر بىرەر كىشىگە مالامەت قىلمايمىز. الله يولىدا قىلغان خىزمەتكە اللهنىڭ ئىزنى بىلەن ئەجىر بېرىلىدۇ ، لېكىن ، بىز پەقەتلا مەۋجۇت بولغان ئىشلار بىلەن مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈر بولغان ئىشلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

شۇبهىسىزكى، تۇنجى دەۋەتچى (ئىمام هەسەنۇل بەننا) - الله ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن، الله ئۇنىڭ ئىسلام ئۈچۈن قوشقان تۆهپىسىگە ياخشى مۇكاپاتلارنى ئاتا قىلسۇن- ئاشۇ خام-ئەشيالارنى پۈتكۈل جەمئىيەتتە يامراپ كەتكەن بىر قىسىم ناچار كىشىلەردىن پاكلاشقا ناهايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى سەرپ قىلدى. ئۇ ئۇلارنىڭ قەلبىدىن شەخسىيەتچىلىكنى چىقىرىپ تاشلىدى هەمدە ئۇلارنى بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈدىغان ، هەممىسى بىر سەپ بولىدىغان، بىر-بىرى بىلەن ئۆز-ئارا ياردەملىشىدىغان، بىر بىرى بىلەر هەمكارلىشىدىغان جامائەت روهى بىلەن تەربىيەلىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلام قېرىنداشلىقى بىلەن باغلىدى، ئۇلارنى (ناماز، زاكات، روزا، هەج.. قاتارلىق) ئىبادەت شۇئارلىرىغىلا چەكلىنىپ

قالدىغان شەخسى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن ياخشىلىقنا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، اللەنىڭ شەرىئىتىگە ھۆكۈم قىلدۇرىدىغان مۇسۇلمان جەمئىيەتنى بەرپا قىلىدىغان كەڭ مەنىدىكى ئىبادەتكە يۈزلەندۈردى، شۇنىڭدەك ئۇلارنى گۈزەل ئەخلاقى پىرىنسىپلار ۋە اللەنىڭ دىنى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىدىغان روھ بىلەن تەربىيەلىدى.

لېكىن ، تارىخ رېئاللىقى بىزگە سىياسىي ئاڭدا ۋە ھەرىكەت ئېڭىدا ناھايىتى چوڭ خاتالىقلارنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.. ئۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك بولغىنى مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەسلىك ھەمدە بىز مەقسەت قىلىۋاتقان نىشانىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەسلىكتىكى خاتالىقتۇر.

ھەقىقەتەن، بىز ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان ۋاقتىمىزدا اللەنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلىيالايمىز دېگەن ئاساس بىلەن، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشقا ياردەم بېرىشىمىز ئۈچۈن كەڭ دائىرىدىكى «ئومومى خەلق » بازىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشتۇق..

نىشان ئېنىق ، سىز ھاكىمىيەتكە يېتىش ھەربىر ئىنسانىنىڭ ھوقۇقى دەپ قارايدىغان جاھىلىيەتنىڭ مەيدانىنى قويۇپ تۇرۇڭ.. ئىسلامغا تەۋە بولغان كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا، چۈنكى، پەقەتلا ئىسلامغا تەۋە بولغان كىشىلەر ھاكىمىيەتكە يېتىشكە ھەرىكەت قىلسا ئۇلار جىنايەتچىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ! سىز بۇنى قويۇپ تۇرۇڭ، چۈنكى، بۇ زىمىندا جاھىلىيەت پەيدا بولغان ۋە دەۋەتچىلەر ھەقكە دەۋەت قىلغاندىن باشلاپ جاھىلىيەتنىڭ ھەق دەۋەتكە تۇتقان ئېنىق مەيدانىدۇر. بۇ مەشھۇر ئەرەب ماقال — تەمسىللىرىدىكى ئەھۋالغا ئوخشايدۇ:

**" شنشنة نعرفها من أخزم "**(86)

---

(86) **بۇ ئەبۇ ئەخزەم (أبو أخزم الطائي) نىڭ شېئىرى بولۇپ، ئۇ ئەبۇ ھاتەمنىڭ بوۋىسى ياكى بوۋىسىنىڭ بوۋىسى ئىدى، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى ئەخزەم ئىدى. ئەخزەم نائىنساپ بالا بولۇپ ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتتى، ئۇ ئۆلۈپ قالدى، ئۇنىڭ بىر قانچە بالىلىرى بار ئىدى، بىر كۈنى بۇ بالىلار بوۋىسى ئەبۇ ئەخزەمنى ئۇرۇپ ئۇنى قانغا مىلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ئەخزەم : ‹مېنىڭ بالىلىرىم مېنى ئۇرۇپ قانغا مىلىۋەتتى.. مەن بۇ بۇ ئادەتنى ئەخزەمدىن دەپ بىلىمەن› دېدى. [ مجمع الأمثال ـ أبو الفضل النيسابوري ] ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.**

‹بىز بۇ ئۆرۈپ-ئادەتلەرنى ئەخزەمدىن دەپ بىلىمىز›! ‹ئەخزەم› شەرىقتىن كەلسۇن ياكى غەربتىن كەلسۇن ياكى شەھەرلەرنىڭ ئىچىدىن كەلسۇن ھەممىسى ئوخشاشتۇر!

لېكىن، بۇ يەردىكى مەسىلە نىشاننى پىلانلاش مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى، پەقەت اللەنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلاشنىڭ ئۆزىلا سەلنىڭ كۆپىكىگە ئايلىنىپ قالغان بۇ ئۈممەتنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىشقا قادىر بولالامدۇ؟ ياكى ئۈممەتنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈنىڭدىن بۇرۇن ۋە ئۈنىڭدىن كېيىن ۋە ئارىلىقتا باشقا تەلەپلەرگە موھتاج بولامدۇ؟! دېگەن بىرلا ئاساسى سوئال توغرىسىدىكى مەسىلىدۇر.

ئەگەر تۈنجى دەۋەتچى (ئىمام ھەسەنۇل بەننا) - رحمه الله – 1948-يىلى (يەنى دەۋەت باشلىنىپ يىگرمە يىلدىن كېيىن) «ئومومى خەلق»كە ئېلان قىلغان ئىشلارنى ئۆز جامائىتىنىڭ ئاساسلىق ھەيئىتى بولۇشى ئۈچۈن تاللىغان ئەڭ ياخشى كىشىلەرگە

ئېلان قىلغان بولسا  ئەلۋەتتە دەۋەت يولىدا ئۇرغۇنلىغان ئىشلار ئۆزگەرگەن بولاتتى!

**في عام 1367 هـ ( 1948 م ) ، وتحت عنوان : " معركة المصحف " ، قال الإمام الشهيد : " الإسلام دين ودولة ما في ذلك شك ، ومعنى هذا التعبير بالقول الواضح ان الإسلام شريعة ربانية جاءت بتعاليم إنسانية وأحكام اجتماعية ، وكلت حمايتها ونشرها والإشراف على تنفيذها بين المؤمنين بها ، وتبليغها للذين لم يؤمنوا بها إلى الدولة ، أي إلى الحاكم الذي يرأس جماعة المسلمين ويحكم أمتهم ، وإذا قصر الحاكم في حماية هذه الأحكام لم يعد حاكماً مسلماً ، وإذا أهملت شرائع الدولة هذه المهمة لم تعد دولة إسلامية .. وإذا رضيت الجماعة أو الأمة بهذا الإهمال ووافقت عليه لم تعد هي الأخرى إسلامية ، مهما ادعت ذلك بلسانها . وإن من شرائط الحاكم المسلم أن يكون هو نفسه متمسكاً بفرائض الإسلام ، بعيداً عن محارم الله ، غير مرتكب للكبائر ، وهذا وحده لا يكفي في اعتباره حاكماً مسلماً حتى تكون شرائط دولته ملزمة إياه بحماية أحكام الإسلام**

**بين المسلمين ، وتحديد موقف الدولة منهم بناء على موقفهم هم من دعوة الإسلام "** [87] .

هىجرىيە 1367-يىلدىكى( مىلادى 1948-يىلدىكى) ‹« **معركة المصحف** » قۇرئان ئۇرۇشى› ناملىق ماقالىدا ئىمام شەھىد ھەسەنۇل بەننا مۇنداق دېگەن :

« ئىسلام دىن ۋە دۆلەتتۇر، بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك يوقتۇر. بۇنىڭ روشەن مەنىسى شۇكى، ئىسلام ئىنسانىيەتكە ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئىجتىمائىي ئەھكاملارنى ئېلىپ كەلگەن ئىلاھى شەرىئەتتۇر. ئىسلام ئىلاھى شەرىئەتنى ھىمايە قىلىشقا ۋە ئۇنى زېمىندا تارقىتىشقا ۋە ئۇنى مۇئمىنلەر ئارىسىدا ئىجرا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلاھى شەرىئەتكە ئىمان ئېيتمىغان دۆلەتكە يەنى مۇسۇلمانلار جامائىتىگە باشچىلىق قىلىۋاتقان ۋە

---

[87] **انظر العدد 627 من جريدة ( الإخوان المسلمين ) اليومية ، السنة الثالثة ، بتاريخ الأحد 7 رجب سنة 1367 ، 16 مايو سنة 1948 .**

مۇسۇلمان ئۇممىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھاكىمغا يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئەگەر ھاكىم بۇ ئەھكاملارنى ھىمايە قىلىشقا سەل قارىسا مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر دۆلەت قانۇنى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا سەل قارىسا بۇ دۆلەت ئىسلام دۆلىتى ھېسابلانمايدۇ..

ئەگەر ئۇممەت ياكى جامائەت بۇنىڭغا رازى بولسا ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشسا -گەرچە ئۇلار تىللىرى بىلەن ئىسلامنى داۋا قىلسىمۇ- ئىسلام ئۇممىتى ياكى جامائىتى ھېسابلانمايدۇ.

مۇسۇلمان ھاكىمنىڭ شەرتى شۇكى، ھاكىمنىڭ ئۆزىمۇ ئىسلامنىڭ پەرزلىرىگە مەھكەم ئېسىلىشى ھەمدە الله ھارام قىلغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى ۋە گۇناھى كەبىرلەردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك . ھەتتاكى، ھاكىمنىڭ دۆلىتى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىنى قاتتىق ھىمايە قىلمىغۇچە ۋە دۆلەتنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان پوزىتسىيەسىنى ئۇلارنىڭ ئىسلامغا بولغان پوزىتسىيەسىگە

ئاساسەن بەلگىلىمىگچە مانا بۇلارنىڭ ئۆزىلا ئۇنى مۇسۇلمان ھاكىم دەپ ھېسابلاشقا يېتەرلىك بولمايدۇ.

ئەگەر ئىمام شەھىد ھەسەنۇل بەننا بۇ سۆزلەرنى دەۋەتنىڭ بىشىدىلا دېگەن بولسا ھېسسىياتچانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان، سانى يىرىم مىليونغا يەتكەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشامتى؟ بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياشلار بولۇپ ئاشۇ ۋاقىتتا خەلق ئىچىدىكى ياشلارنى سانى ئون توققۇز مىليوندىن ئېشىپ كەتمەيتتى.

ئۇنىڭ ئەتراپىغا مانا مۇشۇنداق ئاسانلا توپلاشقان بۇ ياخشى كىشىلەر مانا مۇشۇنداق ئالى نىشان ئۇچۇن ھېسسىياتىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭغا ئەتراپىغا توپلىشامتى؟

مەن شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشتتى دەپ قارىمايمەن..

ئەگەر ئىمام شەھىد ھەسەنۇل بەننا بۇ سۆزلەرنى دەۋەتنىڭ بىشىدىلا دېگەن بولسا بازا ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان ئاشۇ

كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىن شەكىللىنەمتى ياكى باشقا كىشىلەردىن شەكىللىنەمتى؟

مەن بۇنى بىلمەيمەن! ھېچقانداق كىشى بۇنىڭغا قەتئىي جەزم قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ.

لېكىن ، شۇ ۋاقىتتا بازا ئۇلاردىن شەكىللەنگەن كىشىلەر قايسى بولسا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ناھايىتى مۇستەھكەم، تولىمۇ ھوشيار ، روھلۇق بولاتتى ھەمدە ئۇلار ھېسسىيات بىلەن ئىش قىلمايتتى ۋە ئۇلار نىشانغا ئاسانلا يەتكىلى بولىدۇ دەپ ئويلىمايتتى، خۇددى ئۇلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر مەلۇم مەزگىل قىلغاندەك، ئۇلار ئۆزىنى پۈتۈنلەي دەۋەتكە بېغىشلىغان بولاتتى .

ئۇلار بۇ سەپەرنىڭ ناھايىتى بەك ئۇزۇن سەپەر ئىكەنلىكىنى، تەلەپ قىلىنغان تىرىشچانلىقنىڭ ناھايىتى بەك چوڭ بولىدىغانلىقىنى، تەلەپ قىلىنغان ۋاستىلەرنىڭ تەييارلانغان ۋاستىلاردىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى... چۈنكى، ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنغىنى پەقەت بار بولغان بىنانى رېمونت قىلىش

بولماستىن، بەلكى، بۇ بىنانىڭ ھۇل-ئاساسىنى قايتىدىن مۇستەھكەملەش ئىدى.

ئەمما، ئۇمومى خەلقكە كەلسەك مەن ئۇلارنى بۇ پىرىنسىپلارنى ئاشكارا قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئويلىمايمەن! چۈنكى ئۇلار بۇ مەسىلىنىڭ تولىمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلار جاھىلىيەت بىلەن بولغان كۆرەشنىڭ ئىنساننى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدىكى خىيىم -خەتەرلەرگە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى:

( **وَقَالُوا إِنْ نَتَّبِعِ الْهُدَى مَعَكَ نُتَخَطَّفْ مِنْ أَرْضِنَا** ) [ القصص : 57 ] .

(ئۇلار: «ئەگەر بىز سەن بىلەن توغرا يولغا ئەگىشىدىغان بولساق، زېمىنىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلىمىز» دېدى.)

بۇ ۋاقىتتا ھەرىكەت ئاستا قەدەم بىلەن داۋام قىلاتتى، لېكىن ، توغرا پىرىنسىپ ئۈستىدە داۋام قىلاتتى! تايانچ بازىمۇ تاللانغان ئەڭ

ياخشى كىشىلەردىن ئاستا-ئاستا شەكىللىنەتتى. تاللانغان كىشىلەرمۇ ئاشۇ ۋاقىتتا مەۋجۇت بولغان ئەڭ ياخشى خام-ئەشيالاردىن تاللىناتتى. ئاندىن كېيىن بۇ كىشىلەرنى ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ياخشى يادروسى بولۇشى ئۈچۈن تەييارلاشتا ئۇلۇغ ئىلاھى پرىنسىپلارنىڭ سايىسى ئاستىدا روھى تەربىيە، ئەخلاقى تەربىيە، ئىدىيەۋى تەربىيە، پىسخىكا تەربىيەسى ھەمدە توغرا شەرئەت ئىلمى بىلەن تەربىيەلەش قاتارلىق زۆرۈر بولغان تىرىشچانلىقلار سەرپ قىلىناتتى.

(كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ ) [ النساء : 77 ] .

(قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار)

تايانچ بازا تەييارلانغاندىن كېيىن، بازىنىڭ كېڭىيىش ۋاقتى كەلگەن ۋاقىتتا مەسلىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى بىلگەن، ئۇممەتنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇنىڭغا يەتكەن كىسەللەرنى

ھەقىقىي چۈشەنگەن، ھەركەتنىڭ ھەربىر باسقۇچىدىكى خىزمەتنىڭ خاراكتېرىنى توغرا مۆلچەرلىگەن ھالدا ئۆزىنى دەۋەتنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئايلاندۇرغان ئەسكەرلەر بىلەن بازا كېڭىيەتتى. مانا بۇ ئىشلار ئومومى خەلقنىڭ دەۋەت سېپىگە قوشۇلۇشى ۋە دەۋەت بايرىقى ئاستىغا توپلىنىشى ئۈچۈن ئۇمومى خەلققە دەۋەت ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن قىلىدىغان زۆرۈر ئىشلار ئىدى..

ۋەتەن مەسىلىلىرى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئالاقىدار بولغان سىياسىي ھەركەتلەر كېيىنكى ۋاقىتلارغا كېچىكتۈرلەتتى، چۈنكى، توغرا ئەقىدىدە ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرى بىلەن تەربىيەلەشتە گەۋدىلەنگەن ھەقىقىي كۈچىيىش دەۋەتكە ئاۋاز قوشقان ۋە ئۆزىنى دەۋەتنىڭ ئەسكىرى قىلغان (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامائىتىدىكى مەدىنە جەمئىيتىگە ئوخشاش) كىشىلەرنىڭ مۇھىتىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئاندىن كېيىن الله ئىنسان ھاياتىغا بېكىتكەن ئىلاھى قانۇنىيەت بويىچە توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ! ئۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان

ھەقىقەتتۇر. بۇ توقۇنۇش دائىم جاھىلىيەت تەرەپتىن باشلىنىدۇ. جاھىلىيەت مۆئمىن جامائەتنىڭ زىمىندا مەۋجۇت بولۇشىدىن خەتەرنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا، گەرچە ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ ھەمدە ئۇلار توقۇنۇشقا قىزىقمىسىمۇ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ.

( **إِنَّ هَؤُلاءِ لَشِرْذِمَةٌ قَلِيلُونَ ، وَإِنَّهُمْ لَنَا لَغَائِظُونَ ، وَإِنَّا لَجَمِيعٌ حَاذِرُونَ** ) [ الشعراء : 54 – 56 ] .

((پىرئەۋن ئېيتتىكى) «بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن بىر ئوچۇم ئادەملەردۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويدى. بىز ھەقىقەتەن ئېھتىياتچان جامائەمىز»)

لېكىن ، تايانچ بازىنى تەربىيەلەشــكە ، ئاندىن تەربىيەلەش يار بەرگەن دەرىجىــدە كېڭەيگەن بازىنى تەربىيەلەشـــكە ئەڭ چوڭ پۇرســەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن توقۇنۇشــنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئاندىن (**كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ**) (قولۇڭلارنى يىغىڭلار) دېگەن كىشىلەر بىلەن توقۇنۇش يۈز بەرگەن ھەمدە ئۇلار «رەببىمىز الله» دېيىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلمىغان ۋە بۇ ئومومى خەلقنىڭ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشىنى تېزلەتكەن ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ زېھنىگە باشقا مەسىلىلەر ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ.

ئايەتنىڭ توغرا ئىلاھى پىرىنسىپ بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىشى نەتىجىسىدە ئاسىي-جىنايەتچىلەرنىڭ يولى ئاشكارا بولغان ۋە كىشىلەر ئۆز مەيدانىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان ئاساسىنى بىلگەن ۋاقىتتا، تاغۇتلارنىڭ ئومومى خەلقنى بەزىدە بېسىم بىلەن، يەنە بەزىدە ھەرخىل ساختا ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۆزىگە بويسۇندۇرىشى قىيىنلىشاتتى:

( **وَكَذَلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ وَلِتَسْتَبِينَ سَبِيلُ الْمُجْرِمِينَ** ) [ الأنعام : 55 ] .

((بۇ سۈرىدە مۇشرىكلارنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى بايان قىلغىنىمىزدەك) گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى روشەن بايان قىلىمىز)

ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ئىشلار بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى.

ئېلان قىلىش تولۇق يىگىرمە يىل كېچىكەتتى، بۇ يىللاردا نۇرغۇنلىغان خەلق ھەرىكەتنى قورشاپ تۇرغان خەتەرلەرنى ھېس قىلماستىن بۇ ھەرىكەتتە قاتناشتى! دەۋەت تېخى «**لا إله إلا الله**» ئۇچۇن خالىس بولماي تۇرۇپ، دەۋەت نۇرغۇنلىغان سىياسىي ، مىللەتچىلىك، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى، دەۋەتچىلەر: مانا بۇ ئىشلار دەۋەتنىڭ ئومومى خەلق بازىسىنى كېڭەيتىشنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ، ئومومى خەلق بۇ ئىشلارغا قاتنىششى كېرەك -دەپ ئويلىغان ئىدى. ئاشۇ ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر ئومومى خەلقنىڭ قەلبىنى مەشغۇل قىلىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مىلادى 1948-يىلى پەلەستىندە بومبا پارتىلاپ پۈتكۈل مەيداننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ ھەرىكەتكە قارشى ئىنساننىڭ خىيالىدىن كېچىشى مۇمكىن بولمايدىغان قاباھەتلىك سۈرەتتىكى ۋەھشىي ھۇجۇم باشلاندى.

توغرا، دەۋەتكە قارشى ئۇرۇش -بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك- اللەنىڭ بىر ئىلاھى قانۇنىيتى بولغانلىقى ئۈچۈن يۈز بېرىدۇ. ئىمام شەھىد ھەسەنۇل بەننا ئۆز ياردەمچىلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىگە مۇنداق دەيتتى:

**" أحب أن أصـــارحكم أن دعوتكم لا زالت مجهولة عند كثير من الناس ، ويوم يعرفونها ويدركون مراميها وأهدافها ســتلقى منهم خصـــومة شـــديدة وعداوة قاســية ، وســتجدون أمامكم كثيراً من المشـــقات ، وسيعترضكم كثير من العقبات ، وفي هذا الوقت وحده تكونون قد بدأتم تسلكون سبيل أصحاب الدعوات "** [88] .

« مەن سىلەرگە شۇنى ئاشكارلاشنى ياخشى كۆرىمەنكى، سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلار ھېلىمۇ -ھەم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئېنىق ئەمەس، كىشىلەر دەۋىتىڭلارنىڭ ھەقىقي ماھىيىتىنى ۋە مەقسىتىنى ئېنىق بىلگەن كۈنى ئۇلاردىن سىلەرگە قاتتىق

---

[88] **مجموعة رسائل الإمام الشهيد حسن البنا ، المؤسسة الإسلامية للطباعة والصحافة والنشر ، بيروت ، ط 3 ، 1403 هـ ، 1983 م ص 108 .**

دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت كېلىشكە باشلايدۇ. سىلەر ئالدىڭلاردا ئۆرغۈنلىغان مۆشەققەتلەرنى ئۆچرىتىسلەر. ئالدىڭلارنى ئۆرغۈنلىغان داۋانلار توسۇۋالىدۇ . بۇ ۋاقىتتا سىلەر ھەقىقىي دەۋەتچىلەرنىڭ يولىدا مېڭىشقا باشلايسىلەر»

ئەڭ ئاخىردا ئۇرۇش كۆڭۈلدىن كېچىپ باقمىغان، ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان قەبىھ سۈرەتتە ئاخىرلاشتى.

ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ دەۋەت ساھەسىدىكىلەرنى قىرغىن قىلىش ئارقىمۇ-ئارقا داۋام قىلدى، ھېلىمۇ -ھەم بۇ قىرغىنچىلىقلار داۋام قىلماقتا..

ھەقىقەتەن خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان غەرب دۇنياسىغا خەتەرنىڭ ئورنى ئېنىق ئاشكارا بولدى. ھەقىقەتەن ئىسلام ئىبادەت شۇئارلىرىغا ۋە قەلبنىڭ ھېس -تۇيغۇلىرىغىلا قانات قىلىپ قالماستىن، بەلكى، ئىسلام زېمىن رېئاللىقىدا تەتبىقلىنىدىغان ھايات پىرىنسىپى بولۇشنى ھەمدە كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا : يەنى سىياسىي ، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي ،

ئىدىيە، ئەخلاق ھەمدە پۈتكۈل ھايات مەيدانلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئىرادە قىلىدۇ! غەربنىڭ نەزىرىدە زېمىن يۈزىدە بۇنىڭدىنمۇ چوڭ خەتەر بارمۇ[89]؟

ئۇنداقتا، ئىسلام بىلەن كۈرەش قىلىش كېرەك .. ئىسلامغا قارشى بارلىق كۈچلەرنى توپلاش كېرەك .. ئىسلام ئەھلىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك .. ئىسلام بۇلاقلىرىنى قورۇتۇپ تاشلاش كېرەك .. ياشلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلماسلىقى

---

(89) **غەرب ئۆزىنى پەقەت ئۆزىگە زوراۋانلىق قىلغان ئىسلامغا (Militant Islam) ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى داۋا قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا « تىرورچى» دەپ نامنى بەردى، ئىسلام ئەسلى زوراۋانلىق قىلمايدۇ. مانا بۇ داۋا پۈتۈنلەي يالغان بولۇپ ، بۇنى غەربنىڭ ئالجىرىيە ھەركىتىگە بولغان مەيدانى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، چۈنكى ئالجىرىيە ئىسلام ھەركىتى زوراۋانلىق قىلمىغان ئىدى ھەمدە ئۇنىڭ پىرىنسىپىدا زوراۋانلىق ۋاستىسى قوللىنىش قەتئى يوق ئىدى، بەلكى بۇ ھەركەت ھاكىمىيەت بېشىغا غەربنىڭ يولى بويىچە سايلام يولى ئارقىلىق چىققان ئىدى، لېكىن غەرب بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىدى... مانا بۇئىسلامغا تەۋە كىشىلەرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش يولىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، غەربنىڭ ئىسلامغا تەۋە كىشىلەرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىنى قەتئى خالىمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىدۇ.**

ۋە ئىسلامغا بولغان خەتەرلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشى ئۈچۈن ئىسلامنىڭ سۈرىتىنى سەت كۆرسىتىش كېرەك !!!

يەھۇدىي-خىرىستىيانلارنىڭ قەلبلىرىدىكى ئاداۋەت ئوتىنى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئىش تۇتاشتۇردى:

بىرىنچىسى، ئىسلامنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىككى يۈز يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق پىلان تۈزۈپ قوزغىغان ئەھلى سەلب ئۇرۇشىدا تۆيۈقسىز قارشىلىقلارنىڭ يۈز بېرىشى بولۇپ، ئۇلار بۇ تۇيۇقسىز زەربىنىڭ سەۋەبى بىلەن شېرىن ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

ئىككىنچىسى، خەلقئارالىق يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلامنى يوقىتىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئىسلام زېمىنىدا ھېچقانداق خەتەرگە ئۇچرىماستىن خاتىرجەم ھالدا ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشى بولۇپ، ئۇلار بۇ تۇيۇقسىز كەلگەن زەربىدىن قاتتىق چۆچىگەن ئىدى!

مانا بۇ ئىككى ئىش يەھۇدىي-ناسارالارغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئورتاق دۈشمىنىنى يوقىتىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويغان ئىدى.

ئىسلام ھەرىكىتى يەھۇدىي-ناسارالارنىڭ دۈشمەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ سۈيىقەستى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇشىدىن قۇتۇلۇپ قالامتى؟!

بىز بۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز!

لېكىن ، بىز يەنە شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئەگەر ئىشلار توغرا پىرىنسىپ ئۈستىدە داۋام قىلغان بولسا، ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن ئۇرۇشقا قاتناشقان «ئومومى خەلق» مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن بولسا بۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ھالەتنىڭ بارلىققا كېلىشى لايىق ئىدى. بۇندىن بۇرۇن تەربىيەلەنمەي تۇرۇپ بۇ خىل چۈشەنچىگە ئىگە «ئومومى خەلق» ھەرگىزمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇلار بازىنى شەكىللەندۈرۈشكە ۋە بازىنى توغرا پىرىنسىپ ئۈستىدە قۇرۇپ

چىقىش ئۈچۈن تەلەپكە لايىق دەرىجىدە تەربىيەلەپ بولالمايدۇ! مانا بۇنىڭغا ئوخشاش تۈنجى باسقۇچتىكى خاتالىق كېيىنكى باشقا باسقۇچلاردا ئىزچىل خاتالىششقا ئېلىپ بارىدۇ!

بىز ئاۋۋالقى قىسىملاردا بايان قىلىپ ئۆتكەن دۈشمەنلەر تەرەپتىن كەلگەن ۋەھشىي زەربىلەرنىڭ ئەكس تەسىرلىرى بازىدىكى ۋە «ئومومى خەلق»نىڭ نەزىرىدىكى تۈمانلارنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋەتكەن. بىز بۇ تۈمانلاردىن بىر قىسىم ئىسلامى ھەرىكەتلەرنىڭ پارلامېنت سايلىمىغا قاتناشقانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن شەرىئەت مەسىلىرىنى ۋە اللهنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا مەجبۇرلاش مەسىلىرىنى بۇرمىلاش ھەمدە يەنە بەزى بىر قىسىم ئىسلامى ھەرىكەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن قوراللىق توقۇنۇشۋاتقانلىقىنى مەقسەت قىلىمىز. مانا بۇلار ئاساسلىق مەسىلىلەرگە سەل قاراشقا ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە دەۋەت ئىشلىرىنى

كىشىلەرنىڭ ھېس -تۇيغۇسىدا « ئۇرۇش ۋە ئۇرۇلۇش، غەلىبە قىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇش مەسىلىسىگە ئۆزگەرتىپ قويىدۇ[90].

يەنە بەزى بىر قىسىم ئىسلامى ھەرىكەتلەر كىشىلەرگە زۇلۇم قىلدى، يەنە ئۇلار «ئومومى خەلق» نى كاپىرلاردۇر، ئۇلار «مۇسۇلمانلار جامائىتى»گە قوشۇلمىسا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش دۇرۇس دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ «ئومومى خەلق» بىلەن قانلىق ئۇرۇش قىلدى!

مانا بۇ ئىشنىڭ پۈتكۈل ئىسلامى ھەرىكەتلەرگە يامان تەسىرى بولدى. ئۇنىڭدىن سىرت ھېچقانداق شەرئى دەلىلى بولمىغان بۇ ھەرىكەتلەردىن كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك نەپرەتلەندى. ئىسلامى ھەرىكەتلەرنى كۆزىتىپ تۇرغان ئاخبارات ۋاستىلىرى مانا بۇ ئىسلامى ھەرىكەت ساھەسىدىكى كىچىككىنە بىر قىسىم ئىشلارنىڭ سەۋەبى بىلەن بارلىق ئىسلامى ھەرىكەت ساھەلىرىنى

---

**[90] سىز كىتابىنىڭ بىشىدىكى «ئىسلامى ھەركەتلەردە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشنىڭ سەۋەپلىرى» دىگەن قىسمىغا قاراپ چىقىڭ. .**

ئاقىقان قانلار بىلەن بۇلغاشنىڭ ياخشى پۇرستىنى تاپتى ھەمدە بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن – ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ تۈرى قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر- بارلىق ئىسلامى ھەرىكەتلەرگە ئۇرۇش قىلىشقا ۋە تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشقا تىگىشلىك تېررورلۇق ھەرىكىتى دەپ تۆھمەت قىلىندى!

شۇنىڭدەك، بۇ ئىشلارنىڭ مەيلى بازىغا نىسبەتەن بولسۇن ياكى «ئومومى خەلق»كە نىسبەتەن بولسۇن «**لا إله إلا الله**» مەسىلىسى قورشاپ تۇرغان تۇمانلارغا نىسبەتەن ناھايىتى يامان ئەكس تەسىرى بولدى. ئۆز ئىدىيەسى ئارقىلىق كۈرەش قىلىۋاتقان ئىرجائىزىم ئىدىيسى (**الفكر الإرجائي**) دىكى كىشىلەر تېخىمۇ قاتتىق بەس-مۇنازىرە قوزغاشقا ھەمدە پۈتكۈل ۋاستىلار بىلەن ئۆز ئىدىيەسىنى تارقىتىشقا باشلىدى. بۇ قايىنامىنىڭ ئىچىگە كىشلەر ئۇلارنى ئۆزلىرى مۇراجىئەت قىلىدىغان ئەھلى زىكرى ھېسابلايدىغان «ئۆلىمالارمۇ» چۈشۈپ قالدى.

ئىرجائىزىم ئىدىيىسى **(الفكر الإرجائي)**دىكى كىشىلەر شىرىككە چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنىڭ شېرىك ئەمىلىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى ھەمدە كىشىلەرگە اللەنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان ‹ اللەنىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا جاھىلىيەت قانۇنلىرىغا ھۆكۈم قىلدۇرۇش › تىن ئىبارەت ئېغىر جىنايەتلەرنى كىچىك كۆرسەتتى.

ھەقىقەتەن ئەڭ لايىق ئىش بولسا، ئۇزۇن مەزگىل تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئالدى بىلەن تايانچ بازا بىنا قىلىش، ئاندىن كېيىن «ئومومى خەلق» بىلەن ئۇرۇش قىلماستىن– ئاستا-ئاستا- بازىنى كېڭەيتىش كېرەك ئىدى.

نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىسلامى ھەرىكەت بۆلۈنۈپ كەتتى.. بۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئىسلامى ھەرىكەتنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان ياكى بىرلەشتۈرىدىغان ياكى ئەڭ ئاددىيسى ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ ھەرخىل يۈزلىنىشىنى بىر نۇقتىغا

يىقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ چوڭ قوماندانلارنىڭ يوقىتىلىشى ھەمدە ھەممىسى ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ پىكرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە پەقەتلا ئۆزىنىڭ پىكرىنى توغرا دەپ ھېسابلاپ، ئۆزىدىن كىشىلەرنىڭ پىكرىنى خاتا ھېسابلايدىغان كىچىك قوماندانلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدۇ.

ئىسلامى ھەرىكەتلەرنىڭ بۆلۈنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى بولسا دەۋەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ياشلارنىڭ قېرىنداشلىق روھى بىلەن تەربىيەلەيدىغان ۋە قېرىنداشلىق روھى بىلەن بىر-بىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان ئىچكىرى بىرلىكنى بارلىققا كەلتۈرەلمىگەن، بەلكى، پىكرى بىرلىكنى بارلىققا كەلتۈرگەن، شۇڭا بۇنداق پىكرى بىرلىك چۈشەندۈرۈش، تەۋىل قىلىش ۋە چۈشەنچىدە ھەرقانداق ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە ناھايىتى ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ -دە جامائەت ناھايىتى تېزلا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ ھەمدە بىر-بىر قارشى چىقىدۇ.

ئىسلامى هەرىكەتلەرنىڭ بۆلۈنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى بولسا پىكىر ۋە هەرىكەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قائىدە – پىرىنسىپلارنى شەكىللەندۈرىدىغان شەرئەت ئىلمى كەمچىل بولغان..

ئىسلامى هەرىكەتلەرنىڭ بۆلۈنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى بولسا كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئىسلامغا قارشى ئورگانلارنىڭ ئىسلامغا قارشى هەرىكەتلىرىنى ئىچىل داۋاملاشتۇرىشىدۇر.

مانا بۇنداق هالەتتە ئىسلاھ قىلىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولامدۇ؟ بارلىق تەرەپتە ئالدىراپ قالغان كىشىلەردىن ئۆز يولىنى تەكشۈرۈپ، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشتىن هەمدە ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ توغرا پىرىنسىپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشلارنى يېڭىدىن باشلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولامدۇ؟

شۈبھىسىزكى، ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ئىشلار اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان.. لېكىن ، بىز الله **(سبحانه وتعالى )** نىڭ كىتابى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى**( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ سۈننىتىدىن شۇنى بىلدۇقكى، اللەنىڭ قازايى-قەدەرلىرىگە ئىمان ئېيتىش ھەرگىزمۇ ئىنسان خاتالاشقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ خاتالاشقاندىكى مەسئۇلىيىتىنى يوققا چىقارمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشىدىن توسمايدۇ.

بۇنداق ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ ئۆز يوللىرىنى تۈزىتىشى ھەمدە توغرا پىرىنسىپ بويىچە يېڭى بىر مەيداندا ئىش باشلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولامدۇ؟!

ھەرقانداق ھالەتتە يولىنى توغرىلاش ۋاجىبتۇر.. لېكىن ، بەزى كىشىلەر: دۈشمەنلەر ھەرگىزمۇ ئىسلامى ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆز يوللىرىنى توغرىلىشىغا يول قويمايدۇ ھەمدە ئۇلار ئىسلامى ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆز يوللىرىنى پۇختا توغرىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى ئىسلامى ھەرىكەتلەرگە ئۇرۇش قىلىشقا

ئالدىرايدۇ دېيىشى مۇمكىن. بىز ئۇلارغا شۇنداق دەيمىزكى، ھەقىقەتەن دۇشمەنلەرنىڭ ئىسلامى ھەرىكەتلەرگە ئۇرۇش قىلىشى ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ، لېكىن بۇ ئۇرۇش ئىسلامى ھەرىكەتلەرنى ھەرگىز يوقىتىۋېتەلمەيدۇ، بەلكى، بۇ ئۇرۇش كىشىلەرنىڭ جاھىلىيەت بىلەن ئىسلام ئوتتۇرسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ھەقىقي ماھىيىتىنى ياخشى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشى مۇمكىن .

بارلىق ئەھۋال ئاستىدا نەسىھەت قىلىش ۋاجىبتۇر:

قال عليه الصلاة والسلام على سبيل التأكيد : " الدين النصيحة " قيل : لِمَنْ يا رسول الله ؟ قال : **" لله ورسوله ولكتابه ولعامة المسلمين وخاصتهم "** (91)

---

**(91) متفق عليه .: بۇيەردىكى " النصيحة " دىگەن سۆزنىڭ لوغەت مەنسى ؛ خالىس، سەممى بولۇش دىگەن مەنىنى بۇلدۇرىدۇ . ئىستىلاھى مەناسى بولسا نەسىھەت قىلىش دىگەن مەنىنى بۇلدۇرىدۇ.**

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** تەكىتلەپ: « دىن دېگەن نەسىھەت » دېدى . ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! دىن دېگەن كىملەرگە نەسىھەت؟ دېيىلۋىدى. پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** : « دىن دېگەن الله ئۈچۈن[92] ، اللەنىڭ پەيغەمبىرى [93] ۋە الله نىڭ كىتابى[94] ئۈچۈن، پۈتكۈل مۇسۇلمانلار [95] ۋە ئۇلارنىڭ ئىماملىرى[96]غا نەسىھەت » دېدى .

---

**[92] الله ئۈچۈن – يەنى: اللەنىڭ بۇيرىغان پەرىزلەرنى ئادا قىلىش، الله چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراقلىشىش.. قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.**

**[93] اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن- يەنى: اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇالله تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن بارلىق ئەھكاملارغا ئىمان ئېيتىشنى ۋە پەيغەمبەر بۇيرىغاننى تۇتۇش ۋە ئۇ چەكلىگەن ئىشلاردىن چەكلىنىش.. قاتارلىقلار كۆرسىتىدۇ.**

**[94]الله نىڭ كىتابى – يەنى: قۇرئاننىڭ الله پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەن اللەنىڭ ھەقىقى سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئاللاقىدار ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.**

**[95]پۈتكۈل مۇسۇلمانلار- يەنى: پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا باشلاش ۋە ئۇلارغا دىنىي ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى ئۆگىتىش، ئۇلارغا نادان ۋە غاپىل قالغان ۋاقىتلىرىنى ئەسلىتىپ قويۇش.. قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.**

**[96]مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرى- يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش ئىگىلىرىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ھەمدە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش... قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.**

# كەلگۈسىگە نەزەر

نۇرغۇن كىشىلەر ھازىرقى رېئاللىققا قارىغان ۋاقىتتا بىئارام بولىدۇ. مەيلى ھەر بىر زېمىندىكى ئىسلام ھەرىكىتىگە كېلىۋاتقان ۋەھشىي ئۇرۇشلارغا نىسبەتەن بولسۇن ياكى يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ يولىدا يۈز بەرگەن — ۋە ھېلىمۇ -ھەم يۈز بېرىۋاتقان- قالايمىقانچىلىقلارغا نىسبەتەن بولسۇن نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭدىن بىئارام بولىدۇ. ئۇلار ‹ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ كەلگۈسى يوقكەن ۋە بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ئىزچىل مۇشۇنداق داۋام قىلىدىكەن ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلىشىدىكەن›- دەپ ئويلاپ قالىدۇ

ئەمما، بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى: « پارلاق كەلگۈسى ئىسلامغا مەنسۇپ».

بىز پىكىر-قاراشلىرىمىزنى گۇمان ۋە شېرىن چۈشكە تايىنىپ ئوتتۇرىغا قويمايمىز، ھەمدە بىز ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ يولىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى توسالغۇلارغا كۆز يۇممايمىز، ۋە يەنە بۇ

توسالغۇلارغا ۋە ئۇنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىگە بولغان يامان تەسىرىنى كىچىك سانىمايمىز.

لېكىن بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ئىنسانلار –مەيلى اللەنىڭ دوستلىرى بولسۇن ياكى دۈشمەنلىرى بولسۇن- اللەنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. شۈبھىسىزكى، الله ھەممىگە قادىر زاتتۇر. الله بۇندىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىشلارنىڭ ئىگىسىدۇر. اللەنىڭ ئىرادىسى قەتئىي ئىجرا بولىدۇ، اللەنىڭ تەقدىرى غالىبتۇر:

( **وَاللَّهُ غَالِبٌ عَلَى أَمْرِهِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَعْلَمُونَ** ) [ يوسف : 21 ]

(الله (خالىغان) ئىشنى ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ)

الله بۇ ئىسلام دىنىغا بۇ دىنىنىڭ زېمىندا باقى بولۇشىنى ھەمدە بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب بولۇشىنى تەقدىر قىلدى:

**( هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُونَ )** [ الصف : 9 ]

(مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اﷲ ھەق دىننى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى)

**" ليبلغن هذا الأمر ما بلغ الليل والنهار "** [97]

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** مۇنداق دېگەن : «مانا بۇ دىننىڭ ئىشى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ۋايىغا يېتىدۇ»

اللەنىڭ تەقدىرى اللەنىڭ ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ئالمىشىپ قالمايدىغان قانۇنىيەتلىرى ۋە اللەنىڭ ۋەدىسى، ئاگاھلاندۇرۇشى، اللەنىڭ بىر نەرسىگە « ۋۇجۇدقا كەل! دەپ بۇيرۇق قىلسا دەرھال

---

[97] **رواه أحمد .**

ۋۇجۇدقا كېلىدىغان » مۇتلەق ئىرادىسى، اللەنىڭ ئۇنىڭغا ھۆججەتتە كېلىشنى تەقدىر قىلغان ۋاقتتا ھەرقانداق شەيئى ۋۇجۇدقا چىقىدىغان سەۋەبلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشى ئارقىلىق ئىجرا بولىدۇ.

ئەگەر بىز ئىلاھى قانۇنىيەت ۋە اللەنىڭ ۋەدىسى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ روھى بىلەن ھەرىكەت مەيدانىغا نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، بىز مەيداندا ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى مىللەتنى يەنى ئىسلام ھەرىكەتلىرى ۋە يەھۇدىي-ناسارالاردىن ئىبارەت ئىسلام دۈشمەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ھەربىرىنى يېقىن ۋە يىراق كەلگۈسىدە نېمىلەر كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ ؟

ئەمما، ئىسلام ھەرىكەتلىرى بولسا شەك-شۈبھىسىزكى، ئىسلام ھەرىكىتىگە ھەسسە قوشىدۇ ھەمدە ئىسلام روھىنى پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا تارقىتىدۇ، بولۇپمۇ، ياشلار ئىچىدە ئىسلامغا قايتىش قىزغىنلىقىنى قوزغايدۇ.

لېكىن ، ئىسلام ھەرىكىتىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان سەلبىي ئامىللار ئاشكارا توسالغۇ بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان ئىنىرگىيەلەرنى خورىتىۋىتىدۇ ۋە ئۇنى زايا قىلىۋېتىدۇ ھەمدە سەرپ قىلىغان تىرىشچانلىقلارنىڭ ئۆز نەتىجىسىنى كۆرسەتكىلى قويمايدۇ.

بۇ خىل ۋەزىيەت ئىزچىل مۇشۇنداق ھالەتتە داۋام قىلامدۇ؟

( **قُلْ لا يَعْلَمُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللَّهُ** ) [ النمل : 65 ]

.

(اللە تىن باشقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ،)

لېكىن ، ئىش ئىككى خىل ئېھتىماللىقنىڭ بىرىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ: يەنى ياكى بۇ خىل ۋەزىيەت ئىزچىل مۇشۇنداق ھالەتتە داۋام قىلىدۇ ياكى بۇ خىل ۋەزىيەت ئۆزگىرىدۇ.

بىز -ئىسلام ھەرىكىتى بېسىپ ئۆتكەن ئاچچىق تەجرىبىلەردىن- بۇ خىل ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ ئۆزىنىڭ توغرا يولىغا قايتىشىنى، ئىسلام

ھەرىكەتنى چۈشۈپ قالغان خاتالىقلار تۈزىتىشنى، توغرا پىرىنسىپ بىلەن توغرا يولدا ھەرىكەت باشلىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

لېكىن ، بىز يامان پەرەزنىمۇ پەرەز قىلىمىز، ئۇ يامان پەرەز بولسا دەۋەتچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھەربىر پىرىنسىپلىرىنى ئەڭ توغرا پىرىنسىپ، ھەمدە ئۆزىدىن باشقىلار دەۋەت قىلىۋاتقان پىرىنسىپلارنى توغرا يولدىن يىراقلىشىپ كەتكەن دەپ ھۆكۈم قىلىپ ئۆز مەيدانلىرىدا چىڭ تۇرىۋېلىشىدۇر.

بۇ ۋاقىتتا نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ ئۇلار اللەنى يېڭەلەمدۇ؟ ياكى كىشىلەر رازى بولسۇن ياكى نارازى بولسۇن  الله ئۆز تەقدىرىنى ئىجرا قىلامدۇ؟

الله **( سبحانه وتعالى )**  نىڭ قانۇنىدا ئۆزگەرتىش ۋاستىسى دائىم مەۋجۇتتۇر:

**( وَإِنْ تَتَوَلَّوْا يَسْتَبْدِلْ قَوْماً غَيْرَكُمْ ثُمَّ لا يَكُونُوا أَمْثَالَكُمْ )** [ محمد : 38 ] .

(ئەگەر سىلەر (اﷲ نىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، اﷲ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى اﷲ قا ئىتائەت قىلىدۇ))

الله **(سبحانه وتعالى )** ئۆزىنىڭ كىتابىدا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى( **صلى الله عليه وسلم )** ئۆزىنىڭ سۈننىتىدە خەۋەر بەرگەندەك، بۇ دىنىنىڭ زېمىندا باقى بولۇشى ھەمدە بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب بولۇشى اللەنىڭ تەقدىردە بولسا، ئۇنداقتا، ھازىرقى ئىسلام ھەرىكىتىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان سەلبىي ئامىللار اللەنىڭ تەقدىرى ۋە ئىرادىسى ئالدىدا ھېچنېمىگە دالدا بولالمايدۇ. الله ئۆز تەقدىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن خالىغان سەۋەبلەرنى يارىتىدۇ:

( **إِنَّ اللَّهَ بَالِغُ أَمْرِهِ قَدْ جَعَلَ اللَّهُ لِكُلِّ شَيْءٍ قَدْراً** ) [ الطلاق : 3 ] .

(اﷲ ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، اﷲ ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى)

**( يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَنْ يَرْتَدَّ مِنْكُمْ عَنْ دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللَّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لائِمٍ ذَلِكَ فَضْلُ اللَّهِ يُؤْتِيهِ مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ )** [ المائدة : 54 ] .

(ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ الله نى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) الله نىڭ پەزلىدۇركى، (الله) ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، الله (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (الله) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر)

ئەمما، ئىسلام دۈشمەنلىرىگە كەلسەك، بىز ئۇلارغا اللەنىڭ قانۇنى، ۋەدىسى، ئاگاھلاندۇرىشىدىن نېمىلەرنىڭ يېتىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى!

ئەمما، خىرىستىيان غەربكە ئىلاھى قانۇنىيەتنىڭ ئەمەللىشىشى نېمىدېگەن لايىق ھە!

( **فَلَمَّا نَسُوا مَا ذُكِّرُوا بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ** ) [ الأنعام : 44 ]

(ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى)

بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار ھاياتى دۇنيانى تاللىدى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى ھەمدە ھاياتى دۇنيا ئۈچۈن

تىرىشتى، شۇڭا الله ئىلاھى قانۇنىيەت بويىچە ئۇلارغا ھاياتى دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى تولۇق بەردى.

( **مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَالَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لا يُبْخَسُونَ** ) [ هود : 15 ] ..

((قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىنىتىنى(يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)

بۇمۇ ھەم اللەنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ. يەنى الله دۇنيادا ئۆزىنىڭ نازۇ نىئمەتلىرىنى مۇئمىن ۋە كاپىرغا تىرىشقىنى بويىچە ئۈلەشتۈرىدۇ ھەمدە الله ئۆزىنىڭ نازۇ- نىئمەتلىرىنى كاپىرلاردىن چەكلىمەيدۇ، بەلكى، كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ تېخىمۇ

ھەددىدىن ئېشىپ ، اللەنىڭ قاتتىق جازاسىغا لايىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نازۇ نىئمەتلىرىنى تېخىمۇ كۆپ بېرىدۇ:

( **كُلاًّ نُمِدُّ هَؤُلاءِ وَهَؤُلاءِ مِنْ عَطَاءِ رَبِّكَ وَمَا كَانَ عَطَاءُ رَبِّكَ مَحْظُوراً** ) [ الإسراء : 20 ] .

(بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ)

( **وَلا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا أَنَّمَا نُمْلِي لَهُمْ خَيْرٌ لِأَنْفُسِهِمْ إِنَّمَا نُمْلِي لَهُمْ لِيَزْدَادُوا إِثْماً وَلَهُمْ عَذَابٌ مُهِينٌ** ) [ آل عمران : 178 ] .

(كاپىرلار ئۆزلىرىگە (جازا بەرمەستىن) مۆھلەت بېرىشىمىزنى (يەنى ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىشىمىزنى) ھەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشىمىز (ۋە ئەجلىنى

كىچىكتۇرۇشىمىز) پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلار (ئاخىرەتتە) خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ)

ئەگەر بۇگۈن غەرب زىمىندا قۇدرەت تاپقان ۋە مانا بۇ ئىلاھى قانۇنىيەت بويىچە زىمىندا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن بولسا، بۇ ئىلاھى قانۇنىيەتلەر شۇنداق دەيدۇكى: مانا بۇ مۆھلەت بېرىش مەڭگۈ داۋام قىلمايدۇ، بەلكى، ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ مۆھلەت اللەنىڭ ئۇلارغا بېكىتكەن تەقدىرى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كەلگەنگە قەدەر ۋاقىتلىق داۋام قىلىدۇ:

**( فَلَمَّا نَسُوا مَا ذُكِّرُوا بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ حَتَّى إِذَا فَرِحُوا بِمَا أُوتُوا أَخَذْنَاهُمْ بَغْتَةً فَإِذَا هُمْ مُبْلِسُونَ ، فَقُطِعَ دَابِرُ الْقَوْمِ الَّذِينَ ظَلَمُوا وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ )** [ الأنعام : 44 – 45 ] .

(ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق،

ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى. زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇسانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ، كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اﷲ قا خاستۇر!)

الله ئۇلارغا پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار الله ئۆز زىكرىدىن يۈز ئۆرىگەن كىشىلەرگە ۋەدە قىلغان خاتىرجەمسىز تۇرمۇشتا ياشايدۇ.

( **وَمَنْ أَعْرَضَ عَنْ ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنْكاً وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْمَى** )

[ طه : 124 ] .

(كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز»)

-الله ئۇلارغا ماددىي كۈچ-قۇۋۋەتتىن ئىبارەت پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشكىلىرىنى ئېچىۋەتكەن- غەرب دۇنياسى ياشاۋاتقان خاتىرجەمسىز بىئارام تۇرمۇش ھازىر بىئاراملىق، ساراڭلىق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، روھى ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرى، ھاراق، زەھەرلىك چېكىملىك ، جىنايەت، ئەيدىز، ھەمدە بۇندىن بۆرۈن مەۋجۇت بولمىغان، ياكى بۇگۈنكىدەك ۋابا سۈرىتىدە تارقىلىپ باقمىغان يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان كېسەللىكلەردە ۋە مەيلى ئىقتىسادى كىرىزىس بولسۇن ياكى سىياسىي كىرىزىس بولسۇن ياكى ھەرىكەت كىرىزىسى بولسۇن ياكى ئىدىيە كىرىزىسى بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا كىرىزىسلەر بولسۇن .. پۈتكۈل دۇنيانى قاپلاپ كەتكەن كىرىزىسلەردە نامايان بولماقتا.. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب بەرىكەت ئىشكىلىرى ۋە خاتىرجەملىك ئىشكىلىرى كاپىرلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا ئېچىپ بېرىلگەن ئىشكىلەردىن ئەمەس. چۈنكى، بەرىكەت ئىشكىلىرى ۋە خاتىرجەملىك

ئىشكىلىرى مۆئمىنلەرگە خاس بولۇپ، الله ئۇنى ئاخىرەت نېئمەتلىرىدىن سىرت ھاياتى دۇنيادا مۆئمىنلەرگە ئىنئام قىلغان:

**( وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْقُرَى آمَنُوا وَاتَّقَوْا لَفَتَحْنَا عَلَيْهِمْ بَرَكَاتٍ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ )** [ الأعراف : 96 ] .

((پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق)

**( الَّذِينَ آمَنُوا وَتَطْمَئِنُّ قُلُوبُهُمْ بِذِكْرِ اللَّهِ أَلا بِذِكْرِ اللَّهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ ، الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ طُوبَى لَهُمْ وَحُسْنُ مَآبٍ )** [ الرعد : 28 – 29 ] .

((تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار خۇشاللىققا، گۈزەل قارارگاھقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ)

دېمەك ، بۈگۈن غەرب ماددىي كۈچ-قۇۋۋەت سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولماقتا، لېكىن ، غەرب بۇلارغا داۋاملىق ئىگە بولالمايدۇ، چۈنكى، غەرب جەمئىيىتىدە بۇ ماددىي كۈچ قۇۋۋەت ئامىللىرىغا دائىم ئىگە قىلىدىغان، اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان ئامىللار يوق.

شۈبھىسىزكى، جاھىلىيەت ئەھلىنىڭمۇ ياخشى ئەمەللىرى بار، مەسىلەن: تىببى داۋالاش ئىشلىرى، ئىنسان ھاياتىنا دۇچ كېلىۋاتقان بىر قىسىم مۇشەققەتلەرنى ئاسانلاشتۇرۇش.. دېگەنگە ئوخشاش. تارىختىن بۇيان ھەرقانداق بىر جاھىلىيەت شۇ جاھىلىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر قىلغان ياخشى ئەمەللەردىن خالى بولغان ئەمەس،

لېكىن ، بىر تەرەپتىن، بۇ جاھىلىيەتتىن جاھىلىيەت سۈپىتىنى يوق قىلىۋەتەلمەيدۇ، چۈنكى، بۇ جاھىلىيەت سۈپىتى ئىنسان پەقەت الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ۋە الله نازىل قىلغان شەرىئەتكە ئەگەشكەندىلا ئاندىن ئىنساندىن يوقاپ كېتىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنە ئاشۇ قاپقارا كىيىمدىكى ئاپئاق چېكىتلەر رەزىللىككە تولغان بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىگىسىگە ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ ھەمدە ئۇنى ئىلاھى قانۇنىيەت بېكىتكەن ھالاكەتتىن ساقلاپ قالالمايدۇ.

غەرب مەدەنىيىتى تارقىتىۋاتقان دىنسىزلىق، غەربنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى تارقىتىۋاتقان ئەخلاقى چۈشكۈنلۈك، روھى ئاچلىق، ھېسسىي لەززەتلەرگە دۇم چۈشۈش، ھاياتى دۇنيانى چىرايلىق كۆرسىتىش، ئاخىرەتنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇش، اللەنىڭ ھەربىر ئىنساننىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى خاتىرىلەپ قويىدىغانلىقى ۋە ئۇ ئەمەللەرگە ئاساسەن ھېساب ئالىدىغانلىقىدىن غاپىل قىلىش.. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى الله ئۇنىڭغا زېمىندا ئىزچىل داۋام قىلىشنى

بىكىتىۋەتكەن ھەقىقىي مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ، گەرچە الله بۇلارغا ئۆزى ئىرادە قىلغان ھېكمەت سەۋەبىدىن بىر زامان مۆھلەت بەرسىمۇ..

بىز بۇنى ھېس -تۇيغۇلىرىمىزنى رازى قىلىش ياكى شېرىن چۈشلىرىمىزنى تەستىقلاش ئۈچۈن دەۋاتقىنىمىز يوق! چۈنكى نۇرغۇن يىل ئىلگىرى بىرەتراند رەسىل **(برتراند رسل)** مۇنداق دېگەن : « ئاق تەنلىكنىڭ مەدەنىيىتى (غەرب مەدەنىيىتى) ئاخىرلاشتى، چۈنكى، ئۇنىڭدا مەدەنىيەتتىن ھېچنېمە قالمىدى»

ۋە يەنە بۇندىن بۇرۇن ئالېكىس كارېل **(ألكسيس كاريل)** مۇنداق دېگەن : « مانا بۇ مەدەنىيەت (غەرب مەدەنىيىتى) زاۋاللىققا يۈزلەندى»

بىز تۈنۈگۈن كومۇنىزىمنىڭ ۋەيران بولغانلىقىغا شاھىت بولدۇق. ھازىر غەرب گېزىتلىرى – ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئامېرىكىلىقلار- ئامېرىكىنىڭ ۋەيران بولۇشى باشلاندىمۇ؟- دەپ ماقالىلەرنى يېزىۋاتىدۇ.

بىز مانا بۇ ئىشلار ئەتە ئەتىگەندىلا يۈز بېرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان دەرىجىدىكى ساددا كىشىلەردىن ئەمەس! چۈنكى، ھېلىمۇ -ھەم مانا بۇ مەدەنىيەتتە ئىلاھى قانۇنىيەت بويىچە بىر زامان داۋام قىلىشى مۇمكىن بولىدىغان ئامىللار مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، مەسىلەن: تەشكىللەش قابىلىيىتى، خىزمەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىش، ئىشلارنى پۇختا قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇش،پىلان تۈزۈشكە ماھىر بولۇش.. قاتارلىقلار.

لېكىن ، بۇنىڭ ھەممىسى ئاقىۋەتنى (يەنى: بۇ مەدەنىيەتنىڭ ۋەيران بولۇش تەقدىرىنى) ئۆزگەرتەلمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ (غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ۋەيران بولۇشى) اللەنىڭ ئىلاھى قانۇنىيىتىنىڭ بىرىدۇ!!!

**********

ئەمما يەھۇدىيلارغا كەلسەك ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ.

ھەقىقەتەن، الله يەھۇدىيلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشى سەۋەبىدىن خارلىق، مىسكىنلىكنى پۈتۈۋەتكەن، لېكىن ، الله ئۇلارغا بىر .. ياكى بىر قانچە قېتىم پۇرسەت بىرىپ كەڭچىلىك قىلدى.

**( وَقَضَيْنَا إِلَى بَنِي إِسْرائيلَ فِي الْكِتَابِ لَتُفْسِدُنَّ فِي الْأَرْضِ مَرَّتَيْنِ وَلَتَعْلُنَّ عُلُوّاً كَبِيراً ، فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ أُولاهُمَا بَعَثْنَا عَلَيْكُمْ عِبَاداً لَنَا أُولِي بَأْسٍ شَدِيدٍ فَجَاسُوا خِلالَ الدِّيَارِ وَكَانَ وَعْداً مَفْعُولاً ، ثُمَّ رَدَدْنَا لَكُمُ الْكَرَّةَ عَلَيْهِمْ وَأَمْدَدْنَاكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَجَعَلْنَاكُمْ أَكْثَرَ نَفِيراً ، إِنْ أَحْسَنْتُمْ أَحْسَنْتُمْ لأَنْفُسِكُمْ وَإِنْ أَسَأْتُمْ فَلَهَا فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ لِيَسُوءُوا وُجُوهَكُمْ وَلِيَدْخُلُوا الْمَسْجِدَ كَمَا دَخَلُوهُ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَلِيُتَبِّرُوا مَا عَلَوْا تَتْبِيراً ، عَسَى رَبُّكُمْ أَنْ يَرْحَمَكُمْ وَإِنْ عُدْتُمْ عُدْنَا )** [ الاسراء : 4 – 8 ] .

(ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتابتا (يەنى تەۋراتتا): «پەلەستىن زېمىنىدا چوقۇم ئىككى قېتىم بۇزغۇنچىلىق قىلىسىلەر ۋە زۇلۇم قىلىش بىلەن، الله چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىش بىلەن تولىمۇ ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كېتىسىلەر» دەپ ۋەھيي قىلدۇق. بىرىنچى قېتىملىق

بۇزغۇنچىلىقنىڭ (جازاسى) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىت كەلگەندە، (سىلەرنى جازالاش ئۈچۈن) سىلەرگە كۈچلۈك بەندىلىرىمىزنى ئەۋەتتۇق، (ئۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن) ئۆيلەرنى ئاختۇردى. (سىلەرگە دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىش) چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغان ۋەدە ئىدى. ئاندىن (يەنى تەۋبە قىلغىنىڭلاردىن) كېيىن سىلەرنىڭ ئۇلاردىن ئۈستۈنلۈكۈڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق (يەنى دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلدۇق، سىلەرنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدۇق)، سىلەرگە نۇرغۇن مال ۋە ئەۋلادلار ئاتا قىلدۇق، سانىڭلارنى كۆپ قىلدۇق. (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى!) ئەگەر ياخشىلىق قىلساڭلار، ياخشىلىقىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، يامانلىق قىلساڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق (جازاسىنىڭ) ۋەدە قىلىنغان ۋاقتى كەلگەندە، (دۈشمەنلەرنىڭ خار قىلىشى بىلەن) يۈزۈڭلاردا قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىپ (ئۇنى خاراب قىلىشى)

ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن (ئۇلارنى بىز ئەۋەتتۇق). (ئەگەر تەۋبە قىلساڭلار) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە رەھىم قىلىشى مۇھەققەق يېقىندۇر، ئەگەر سىلەر قايتساڭلار (يەنى قايتا بۇزغۇنچىلىق قىلساڭلار)، بىز قايتىمىز (يەنى بىز سىلەرنى قايتا جازالايمىز). جەھەننەمنى كاپىرلار ئۈچۈن زىندان قىلدۇق)

( ضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ أَيْنَ مَا ثُقِفُوا إِلَّا بِحَبْلٍ مِنَ اللَّهِ وَحَبْلٍ مِنَ النَّاسِ ) [ آل عمران : 112 ] .

(ئۇلارنىڭ قەيەردە بولمىسۇن اﷲ نىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىدە بولغانلىرىدىن باشقىلىرى خارلىققا پېتىپ قالدى،)

يەھۇدىيلار ھازىر الله ۋەدە قىلغان ئەڭ ئاخىرقى كەڭچىلىك قىلىشى ئاستىدا تۇرماقتا.. ئۇلار -رەببىڭ رەھىم قىلغان جايلاردىن باشقا- زېمىننىڭ ھەممە جايلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار

جۇمھۇرىيەت باشلىقلىرىنى تەيىنلەۋاتىدۇ ھەمدە ئۇلارغا ئۆز سىياسەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىۋالىدۇ، ھەمدە ئۆزىنى غەزەپلەندۈرگەن كىشلەردىن يىراقلىشىپ، ئۇلارنى تەختتىن چۈشۈرىۋاتىدۇ، ئۇلار كىندىي ۋە ئۇلاردىن باشقا كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەندەك، ئۆزىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان كىشىلەرنى ئۆلتۈرىۋاتىدۇ.. لېكىن ، بۇلارنىڭ ھەممىسى (اللەنىڭ بۇلارغا قىيامەتكىچە ئۇلارنى ئازابلايدىغان كىشلەرنى ئەۋەتىشتىن ئىبارەت) قائىدىسىنىڭ سىرتىدىكى ئىشتۇر.

( **وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكَ لَيَبْعَثَنَّ عَلَيْهِمْ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ مَنْ يَسُومُهُمْ سُوءَ الْعَذَابِ** ) [ الأعراف : 167 ] .

((ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا (يەنى يەھۇدىيلارغا) قىيامەتكىچە چوقۇم قاتتىق ئازابلايدىغان كىشلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.)

اللەنىڭ يەھۇدىيلارغا قىيامەتكىچە چوقۇم قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقى داۋام قىلىۋاتقان قائىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىسى بۇ قائىدىنىڭ سىرتىدىكى ئىشتۇر. تەبىئىيكى، بۇ قائىدىنىڭ سىرتىدىكى ئىش دائىم داۋام قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ قائىدىگە خىلاپتۇر!

بۇ قائىدە اللە ( **سبحانه وتعالى** ) نىڭ تەقدىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇ قائىدىنىڭ سىرتىدىكى ئىشمۇ ھەم اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. لېكىن ، ئىشنىڭ خاراكتېرى شۇكى، بۇ قائىدىنىڭ سىرتىدىكى ئىش ئاخىرلىشىدۇ، ئىشلارمۇ اللەنىڭ ۋەدىسى ۋە بويىچە بېكىتىلگەن قائىدىگە قايتىدۇ.

ئېھتىمال ، بىز ئايەتلەردە سۆزلەنگەن ئاشۇ قائىدىنىڭ سىرتىدا بولۇۋاتقان ئىشلاردىكى ئىلاھى ھېكمەتنى بىلمەسلىكىمىز مومكىن، لېكىن ، مەيلى ئۇنىڭ ھېكمىتىنى بىز چۈشىنەيلى ياكى چۈشەنمەيلى، بۇلارنىڭ يۈز بېرىشى ھەقىقەتتۇر..

مۇھىمى بىز بۇلارنىڭ بۇ قائىدىنىڭ سىرتىدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مۇئەييەن مۇددەت كېچىكتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىمىز.

يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇنى ئوبدان بىلىدۇ! ئۇلار بۇ ئىشلارنى باشقا مەنبەلەردىن ئەمەس، بەلكى، ئۆز كىتابلىرىدىن بىلىدۇ!

*******

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە يامراپ كەتكەن بۇزۇقچىلىقلارنىڭ سەۋەبىدىن ئىلاھى قانۇنىيەتنىڭ تەلىپى بويىچە ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى ۋەيران بولغان ۋاقىتتا ئىنسانىيەت ئۆز بوشلۇقىنى تولدۇرىدىغان ئورۇنباسارغا موھتاج بولىدۇ.

ئىسلام بولسا ئىنسانىيەت موھتاج بولىدىغان ئورۇنباسارنىڭ ئۆزىدۇر، ئۇ زىمىنغا ئۇنىڭ توغرا يولىنى قايتۇرۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ كېسەللىرىنى داۋالايدۇ:

**( يَا أَهْلَ الْكِتَابِ قَدْ جَاءَكُمْ رَسُـــولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمْ كَثِيراً مِمَّا كُنْتُمْ تُخْفُونَ مِنَ الْكِتَابِ وَيَعْفُو عَنْ كَثِيرٍ قَدْ جَاءَكُمْ مِنَ اللَّهِ نُورٌ وَكِتَابٌ مُبِينٌ ،**

**يَهْدِي بِهِ اللَّهُ مَنِ اتَّبَعَ رِضْوَانَهُ سُبُلَ السَّلامِ وَيُخْرِجُهُمْ مِـــنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ بِإِذْنِهِ وَيَهْدِيهِمْ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ** ) [ المائدة : 15 – 16 ] .

(ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سىلەرگە سىلەر كىتابتا (ئىنجىلدا ۋە تەۋراتتا) يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە (يوشۇرغان نەرسىلەردىن) نۇرغۇننى كەچۈرىدىغان (ئاشكارىلاپ سىلەرنى پاش قىلمايدىغان) رەسۇلىمىز كەلدى، سىلەرگە الله تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى. الله شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (الله نىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى) غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ)

ئىسلام بولسا قەتئىي خاتالىق بولمىغان بېجىرىم ، مۇكەممەل پىرىنسىپتۇر.

ئەمما جاھىلىيەتنىڭ قائىدە-پىرىنسىپلىرى بولسا ھەر دائىم خاتالىشىدۇ ۋە قىيسپ كېتىدۇ .

بۈگۈن نەچچە يۈز مىڭلىغان كىشىلەر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان قاراڭغۇ –زۇلمەتلەردىن يىرگىنىپ، ئىسلامنىڭ نۇرى تەرەپكە قاراپ قېچىۋاتىدۇ، ئۇلار ھەرگىزمۇ مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئىسىل نەمۇنىلەرگە ئەگىشىپ ئىسلام نۇرىغا تەلپۈنگەن ئەمەس، چۈنكى، مۇسۇلمانلار ھازىرقى ئەھۋالدا ھەرگىزمۇ كىشىلەر ئۇلارنى ئۈلگە قىلىپ ئەگىشىدىغان نەمۇنىلەرنى ئەكس -ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، بەلكى، مۇسۇلمانلار ئەكس ئەتتۈرىۋاتقان بۇ نەمۇنىلەر كىشىلەرنى ئىسلامدىن توسۇۋاتىدۇ دېسەك بەكراق لايىق بولۇشى مۇمكىن !

لېكىن ، ھالاكەت ئوتى بىر قىسىم كىشىلەرنى بۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇش يولى ئىپىشقا ئۈندىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇش يولىنىڭ ئىسلامدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى!

هالاك بولۇۋاتقان غەرب دۇنياسى ئىلىم-پەن ۋە يۈكسەك مەدەنىيەتلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتىدۇ لېكىن ، ئۇلار روھنى .. يەنى الله تەرەپكە باشلايدىغان روھنى، اللەنىڭ ھىدايىتىگە باشلايدىغان روھنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. ئىسلام ئەنە ئاشۇ روھلارغا ئىگە بولۇپ، ئىسلام بۇ روھلارنى ئىلىم-پەن ۋە ماددىي - مەدەنىيەتلەرنىڭ ئورنىغا قويماستىن، بەلكى بۇ روھلارنى ئىلىم-پەن ۋە ماددىي - مەدەنىيەتلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بىر تۇغقان قېرىنداشتەك كۆرىدۇ:

**( إِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلائِكَةِ إِنِّي خَالِقٌ بَشَراً مِنْ طِينٍ ، فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِنْ رُوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ )** [ صٓ : 71 – 72 ] .

(ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى مەن راۋرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرىنى تولۇق،

مۆكەممەل ئىنسان هالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار»)

بىر ئۇچۇم لاي ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈش بىلەن بۇ ئىككىسىدىن بىر- بىرى بىلەن زىچ بىرلەشكەن، تەڭپۇڭ، بەسىيرەت ۋە هىدايەت بىلەن زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدىغان، توغرا يولدا ماڭغان ئىنسان شەكىللىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئىنسان هاياتى ئۇنىڭدا مۆكەممەلىشىدىغان ئاخىرەت كۈنىگىمۇ ئىنتىلىدۇ:

( **هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولاً فَامْشُــوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ** ) [ الملك : 15 ] .

(الله سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. الله نىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر)

**( وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلا تَنْسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا )** [ القصص : 77 ] .

(الله ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن)

**( وَعَدَ اللَّهُ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ وَرِضْوَانٌ مِنَ اللَّهِ أَكْبَرُ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ )** [ التوبة : 72 ] .

(الله مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) الله نىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر)

ئىسلام بولسا ئىنسانىيەت موھتاج بولۇۋاتقان ۋە تەلپۈنۈۋاتقان نەرسىلەرگە ئىگە بولىدىغان قۇتقازغۇچىدۇر.

ئەنگلىيەنىڭ تەخت ۋارىسى ئەمىر **(تشارلس)** 1966-يىلى 12-ئايدا ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن قىممەتلىك لىكسىيەسىدە، بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن مەزمۇنلارغا نىسبەتەن روشەن دەلىل-پاكىتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

« ھازىرقى زاماندىكى ماددىزىم تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى زىيانلىرى تېخىمۇ چوڭ .. ھەقىقەتەن ئاخىرقى ئۈچ ئەسىر – غەرب دۇنياسىدا- بىزنى قورشاپ تۇرغان ئالەمگە بولغان كۆز قارشىمىزدىكى خەتەرلىك بۆلۈنۈشلەرگە شاھىت بولدى. ئىلىم-پەن ئۆزىنىڭ مۇنوپوللىقىنى كېڭەيتىشكە ھەمدە بىزنىڭ دۇنيانى چۈشىنىش يولىمىزغا قارشى ئۆزىنىڭ مۇستەبىت نوپۇزىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇندى. دىن بىلەن ئىلىم-پەن بىر-بىرىدىن ئايرىلدى، شۇ سەۋەبتىن بىز ھازىر شائىر **(وردزورث)**

دېگەنــدەك بولۇپ قــالــدۇق: " **لا نرى إلا القليل في أمنا الطبيعة التي نملكها** ".›

ئىلىم-پەن تەبىئەتنى ياراتقۇچىدىن تارتىۋېلىشقا تىرىشتى، ھەمدە كائىناتنى نۇرغۇن قىسىملارغا پارچىلىدى، ‹مۇقەددەس ئورۇنلار›نى بىزنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزدىن يىراق بولغان بىر تەرەپكە قوغلاپ چىقاردى، ۋە ئۇنى بىزنىڭ ئەمەلى مەۋجۇدىيىتىمىزدىن يىراقلاشتۇردى. ھازىر بىز پەقەت ھالاك قىلغۇچى ئاقىۋەتنى پەرەز قىلىشقا باشلىدۇق. بىز– خەلقئارالىق غەرب ئەۋلادلىرى-نىڭ شارائىتلىرىمىزنىڭ ئومومى مەناسىنى ۋە الله ياراتقان پۈتكۈل كائىنات ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى يوقاتقانلىقىمىز ئاشكارا بولۇۋاتىدۇ ، مانا بۇ ئىشلار بىزنى مولچەرلەشتە ياكى ئەسىرلەردىن بۇيانقى توپلىنىپ كەتكەن ئاشۇ مىراسلارنى ياكى ئىلگىركىلەرنىڭ ھېكمىتىنى بىلىشتە چوڭ مەغلۇبىيەتكە باشلىدى. ھەقىقەتەن بۇ يەردە ئاشۇ مىراسلارغا

قاتتىق زۇلۇم قىلىش بولۇۋاتىدۇ، خۇددى ئۇ ھەممە كىشى نەپرەتلىنىدىغان جۇزام كېسىلىدەك...›

***********

ئىسلام قۇتقۇزغۇچى، ئۇ -اللەنىڭ ئىزنى بىلەن- كەلگۈسىدىكى ئىزباساردۇر!

اللەنىڭ تەقدىرى غەيبتۇر، لېكىن ، ئۇنىڭ ئالدىدىن بېشارەتلىرى بار.

ئەگەر بۇ دىنىنىڭ زېمىن يۈزىدىن يوقىلىشى اللەنىڭ تەقدىرىدە بولغان بولسا، ئۇنداقتا خرىستىيانلارنىڭ سۈيقەستلىرى ئوسمانىيە دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىسلام خەلىپىلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان كۈندە، بۇ دىننى يوقىتىشقا تامامەن يېتەرلىك ئىدى. يەھۇدىي-ناسارالار ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي كۈچلۈك دۈشمىنىدىن قۇتۇلدۇق ۋە ئۇنى يوقاتتۇق دەپ ئويلىغان ئىدى! لېكىن ، اللەنىڭ

تەقدىرى بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى، ئۇ بولسا ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ئىدى.

يەھۇدىي-ناسارالارنىڭ ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى سەۋەبىدىن ساراسىملىقى تۇتقان ۋاقىتتا، ئۇلار ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىگە تۇرمە، سۈرگۈن قىلىش، ئازابلاش، ئۆلتۈرۈش.. قاتارلىق ئۆزلىرى ئىگە بولۇۋاتقان بارلىق ۋاستىلار بىلەن زەربە بەردى. ئۇلار: مانا بۇ ئىلگىرىكى زەربىلەر يوقىتالمىغان دۈشمەندىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن-بىر يولى دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن ، اللەنىڭ تەقدىرى بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى، مانا بۇ ۋەھشىي زەربىلەر پۈتكۈل زىمىندا ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى!

ئالدىدىن بېرىلگەن بېشارەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەۋاتىدۇكى: ئىسلام جاھىلىيەت زىمىندا بۇزغان نەرسىلەرنى ئىسلاھ قىلىدىغان كەلگۈسى ئىزباساردۇر!!!

**********

ئىسلام ئىككى يول ئارقىلىق مەيدانغا كەلدى. يەنى: بىز ياخشى كۆرۈدىغان ۋە رازى بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىدىغان ئاستا- ئاستا، تەدرىجىي بولىدىغان توغرا يول ئارقىلىق مەيدانغا كەلدى، گەرچە بۇ يول ئارقىلىق ئىسلامنىڭ بارلىققا كېلىشى نۇرغۇن زامانلارنى تەلەپ قىلسىمۇ .. ياكى غەربنىڭ ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ ھاماقەتلىكى ئۇنى غىزالاندۇرىۋاتقان قاتتىق زەربە يولى ئارقىلىق مەيدانغا كەلدى!

بۈگۈن زىمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يەھۇدىي-ناسارالار ھاماقەتلىك بىلەن ئۆز مەنپەئەتىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ!! ئۇلار – ئىسلام ھەرىكىتىگە قارشى ئىلىپ بېرىۋاتقان قاتتىق زەربىلەر بىلەن - ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئىرادىلىك، روھلۇق، ئاڭلىق، بۈگۈن ئۆزلىرىگە ئۇرۇش قىلىۋاتقان كىشىلەردىنمۇ كۈچلۈك ئەۋلادلارنى بارلىققا كەلتۈرىۋاتىدۇ!

يەھۇدىي-ناسارالارنىڭ ئىچىدىكى ئەقىللىك كىشىلەر ئاشۇ ئىشلارنى بىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، لېكىن ،

يەھۇدىي-ناسارالارنىڭ قەلبلىرىدىكى ئۆچمەنلىك ئۇلارنى بۇ ھەقىقەتلەرنى كۆرۈشتىن قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ ۋە گەرچە بۇ نەسىھەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئەقىللىك كىشىلىرى قىلغان بولسىمۇ، بىراق، بۇ ئۆچمەنلىك ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى نەسىھەتكە قۇلاق سېلىشتىن گاس قىلىپ قويىدۇ،!

بۇ ئىشلار اللەنىڭ تەقدىرى ۋە اللەنىڭ ئىلاھى قانۇنىيىتى بويىچە ئاخىرلىشىدۇ:

( **وَسَكَنْتُمْ فِي مَسَاكِنِ الَّذِينَ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ وَتَبَيَّنَ لَكُمْ كَيْفَ فَعَلْنَا بِهِمْ وَضَرَبْنَا لَكُمُ الْأَمْثَالَ ، وَقَدْ مَكَرُوا مَكْرَهُمْ** ) [ ابراهيم : 45 - 46 ] .

(ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنى (ھالاك قىلغىنىمىزدىن كېيىن) سىلەر ئۇلارنىڭ جايلىرىدا تۇردۇڭلار (ئۇلارنىڭ جايلىرىدىن ئىبرەت ئالساڭلارچۇ)، ئۇلارنى قانداق جازالىغانلىقىمىز سىلەرگە ئېنىق مەلۇم بولدى. سىلەرگە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈردۇق (يەنى

پەيغەمبەرلەرگە چىنپۈتمىگەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدۇق). ئۇلار ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۆمىنلەرگە) مىكىر ئىشلەتتى. ئۇلارنىڭ مىكرى تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك (چوڭ) بولسىمۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدۇ)

تارىختىكى ئەڭ چوڭ پارتلاشلار دائىم تاغۇتلارنىڭ بېسىمى ئەڭ يۇقىرى چەكتە كۈچەيگەن ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ! تاغۇتلار ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن بېسىمنى قاتتىق كۈچەيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ بېسىم پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ پارتلاشتا قۇربان بولغۇچىلار تاغۇتلارنىڭ ئۆزى بولىدۇ!

بۈگۈن يەھۇدىي-ناسارالار –ھاماقەتلىك بىلەن- قىلىۋاتقان ئىشلار پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇشۇ بېسىمدۇر.

**********

بىرلا زەربە بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ ئىش ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئالدى بىلەن، اللەنىڭ دىنىدا چىكىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىسلام ئۈممىتىنى جازالاش ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ھەقىقەتەن، الله بۇ ئۈممەتكە تارىختا ئىلگىرىكى ئۈممەتكە يۈكلىمىگەن ئامانەتنى يۈكلىدى، الله بۇ ئۈممەتنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ **(صلوات الله وسلامه عليهم)** ئاخىرقىسى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** نىڭ ئۈممىتى قىلىش بىلەن ھۆرمەتلىدى ھەمدە بۇ ئامانەتنى كۆتۈرۈشكە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن ئەڭ ياخشى ۋە پەزىلەتلىك بولغان ئۈممەتنى تاللىدى:

( **كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ** ) [ آل عمران : 110 ] .

((ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللهقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.)

( **وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَـطاً لِتَكُونُوا شُـهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيداً** ) [ البقرة : 143 ] .

(شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق.)

زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن، بەزىدە بۇ ئۈممەت پەقەت ئىنسانىيەت ئالدىدىكى ۋەزىپىسىنىلا ئەمەس، بەلكى، ئۆزى ئالدىدىكى ۋەزىپىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ.. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا الله بۇ ئۈممەتكە دۈشمەنلىرىنىڭ قولى بىلەن جازالىنىشنى تەقدىر قىلىدۇ، خۇددى پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** ئاگاھلاندۇرغاندەك:

**حدثنا عبد الرحمن بن إبراهيم الدمشقي حدثنا بشر بن بكر حدثنا ابن جابر حدثني أبو عبد السلام عن ثوبان قال قال رسول الله صلى الله**

عليه وسـلم " **يُوشـكُ أن تَدَاعى عليكم الأُمم كما تَدَاعى الأَكَلَةُ عَلَى قَصْعَتِها** " . قالوا : أمن قِلَّة نحن يومئذ يا رسولَ الله ؟ قال : " **بل أنتم يومئذ كثير ، ولكنكم غُثاءٌ كغُثاء السَـيل ، ولَيَنْزَعَنَّ الله المَهابَةَ من صُـدور أعدائكم ، ولَيَقْذفن في قلوبكم الوَهْن** " . قالوا : وما الوَهْن يا رسول الله ؟ قال : " **حُبُّ الدنيا وكراهية الموت** " [98] .

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** : «سىلەرگە قارشى بارلىق ئۇممەتلەر(يەنى پۇتكۇل كاپىرلار ۋە ئازغۇن مىللەتلەر) خۇددى تاماق يىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى قاچىسىغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ ( يەنى : پۇتكۇل كاپىرلار ۋە ئازغۇن مىللەتلەر سىلەرگە ئۇرۇش قىلىش ۋە شانۇ-شەۋكىتىڭلارنى سۇندۇرۇش ھەمدە سىلەر ئىگە بولغان يۇرت-ماكان ۋە مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاش ئۇچۇن بىر-بىرىنى چاقىرىشىپ سىلەرنى باستۇرۇپ كېلىدۇ )»دېدى .

---

(98) **أخرجه أحمد وأبو داود .**

-ساھابىلەر: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ كۈندە بىزنىڭ سانىمىز ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىزگە يوپۇرۇلۇپ كېلەمدۇ؟ دېيىشتى.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بۇ كۈندە سىلەرنىڭ سانىڭلار بەك كۆپ، لېكىن سىلەر سەلنىڭ كۆپىكىگە ئوخشاپ قالىسىلەر( يەنى سىلەرنىڭ شىجائەتىڭلار يوق، ئۇلارغا قارشى تۇرغىدەك قۇدرىتىڭلار يوق)، اللە دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەردىن قورقۇش ئەندىشىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ، قەلبىڭلارغا ۋەھنىنى تاشلايدۇ »دېدى .

-ساھابىلەر: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ۋەھنى دېگەن نېمە ؟ دېيىشتى.

-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ۋەھنى دېگەن ھاياتى دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، ئۆلۈمدىن قورقۇش »دېدى .

اللە بۇ ئۈممەتكە دۈشمەنلىرىنىڭ قولى بىلەن جازالىنىشنى تەقدىر قىلغان ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز-نەسىھەتنى ئۇنتىغان

ۋاقتىتىكى ئىلاھى قانۇنىيەت بويىچە، الله بۇ دۈشمەنلەرنى زىمىندا ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ.. بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئىشلىرى ئارقىلىق اللهنىڭ يەنە بىر تەقدىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئۇ بولسىمۇ بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلامدىن يۈز ئۆرىگەنلىكى، ھەددىدىن ئاشقانلىقى، چوڭچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن اللهنىڭ دەرگاھىدىكى بەلگىلەنگەن تەقدىر بىلەن بۇ دۈشمەنلەرنى ھالاك قىلىشتۇر. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**( لِيَحْمِلُوا أَوْزَارَهُمْ كَامِلَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَمِنْ أَوْزَارِ الَّذِينَ يُضِلُّونَهُمْ بِغَيْرِ عِلْمٍ أَلا سَاءَ مَا يَزِرُونَ )** [ النحل : 25 ] .

(ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇشلىرى ۋە ئۆزلىرى تەرىپىدىن بىلمەستىن ئازدۇرۇلغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىغا ئۆزلىرى جاۋابكار بولۇشلىرى ئۈچۈن (يۇقىرىقى بوھتان سوزلەرنى قىلدى)، ئۇلارنىڭ جاۋابكار بولىدىغىنى نېمىدېگەن يامان!)

( **وَلا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا أَنَّمَا نُمْلِي لَهُمْ خَيْرٌ لِأَنْفُسِهِمْ إِنَّمَا نُمْلِي لَهُمْ لِيَزْدَادُوا إِثْماً وَلَهُمْ عَذَابٌ مُهِينٌ** ) [ آل عمران : 178 ] .

(كاپىرلار ئۆزلىرىگە (جازا بەرمەستىن) مۆھلەت بېرىشىمىزنى (يەنى ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىشىمىزنى) ھەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشىمىز (ۋە ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈشىمىز) پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلار (ئاخىرەتتە) خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ)

شۇنىڭدەك بۇ ۋاقىتتا مۆمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلاش ئەمەلگە ئاشىدۇ:

( **وَلِيُمَحِّصَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَيَمْحَقَ الْكَافِرِينَ** ) [ آل عمران : 141 ] .

(مۆمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ئۈچۈندۇر، كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر)

مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋننىڭ قەسرىدە تەربىيەلەش ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشقانىغا ئوخشاش، بۈگۈن سەلىنىڭ كۆپىگە ئايلانغان بۇ ئەۋلادلاردىن بۇ دىنىغا سۈيقەست قىلىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ قولى بىلەن يېڭى بىر ئەۋلادنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ:

( **وَاللَّهُ غَالِبٌ عَلَى أَمْرِهِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَعْلَمُونَ** ) [ يوسف : 21 ] .

(ئاللاھ (خالىغان) ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ)

بۇ ئىشلار مۆئمىنلەرگە نىسبەتەن ھەرگىزمۇ كۆز ئالدىدىكى سەيلە-ساياھەت ئەمەس.. بەلكى، بۇ ئىشلار نۇرغۇنلىغان قۇربانلىقلارنى بېرىش، نۇرغۇنلىغان ئىسسىق قانلارنى تەقدىم قىلىش، نۇرغۇنلىغان ياش تۆكۈش، نۇرغۇنلىغان ئازابلارغا دۇچار بولۇش، نۇرغۇنلىغان جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈش، نۇرغۇنلىغان بالايى-ئاپەتلەر ۋە مۇشەققەتلەرگە يولۇقۇش، بوشاپ قالماي دائىم تىرىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

( **وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَيَتَّخِذَ مِنْكُمْ شُـــهَدَاءَ** ) [ آل عمران : 140 ] .

((بۇ) الله نىڭ (ھەقىقىي) مۆمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شېھىتلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر،)

چوقۇم مۇسۇلمانلار اللەنىڭ دىنىدا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنىڭ جازاسى ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىشى كېرەك ، ئۇلار توغرا يولغا قايتىش ئۈچۈن چوقۇم تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك .

لېكىن ، مۇسۇلمانلار شەھىدلەرنى تەقدىم قىلىۋاتقان، ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىۋاتقان، قان-ياشلارنى سەرپ قىلىۋاتقان ھالەتتە، يەنە ئۇلار اللەنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ھەمدە ئۇلارنىڭ اللەنىڭ بۇ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىشتىكى تەقدىرىنىڭ پەردىسى بولۇشى ئۈچۈن چوقۇم ئۇلار الله يولىدا جىھاد قىلىشى كېرەك .

ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى بولسا ئاخىرەتتىكى جەننەت ۋە الله رازىلىقىدۇر.

**( وَعَدَ اللَّهُ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ وَرِضْوَانٌ مِنَ اللَّهِ أَكْبَرُ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ )** [ التوبة : 72 ]

(ﷲ مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) ﷲ نىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر)

**(وَاللَّهُ غَالِبٌ عَلَىٰ أَمْرِهِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ)**

(ﷲ (خالىغان) ئىشىنى ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ )

**تَمَّتْ بِعَوْنِ اللهِ تَعَالَى**

**وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين..**